ئوسمان ئىسمايىل تارىم

# ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى



封面设计：艾克拜尔. 沙力
责任印制：王国鸿

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ISBN 7-5631-2044-0
9 787563 120444 >

ISBN 7-5631-2044-0
(维文) 定价：19. 50元

ئوسمان ئىسمايىل تارىم

# ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى : ھەمراجان سونۇر
مەسئۇل كوررېكتورى : قەييۇم تۇرسۇن
ئادالەت ياقۇپ

# ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات

ئوسمان ئىسمايىل تارىم

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14 ، پوچتا نومۇرى :830046 )
ھەرقايسى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
880×1230 مم ، 1/32 ، باسما تاۋىقى : 11.125
2006 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2006 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى : 0001—3000

ISBN 7—5631—2044—0
باھاسى : 19.50 يۈەن

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔魔法故事研究/乌斯曼·斯马义著. —乌鲁木齐:新疆大学出版社，2006.4
ISBN 7—5631—2044—0

Ⅰ.维... Ⅱ.乌... Ⅲ.维吾尔族—民间故事—文学研究—中国—维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I207.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2006）第 034113 号

责任编辑:艾米拉江·苏努尔
责任校对:克尤木·吐尔逊
阿达来提·牙合甫

**维吾尔魔法故事研究**

**乌斯曼·斯马义 著**

新疆大学出版社出版发行
（乌鲁木齐市胜利路 14 号,邮政编码:830046）
各地新华书店经销
新疆新华印刷厂印刷
880×1230 毫米 1/32 印张:11.125
2006 年 5 月第 1 版 2006 年 5 月第 1 次印刷
印数:0001 — 3000 册

ISBN 7—5631—2044—0
定价:19.50 元

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# نەشرىياتتىن

ئوسمان ئىسمايىل تارىم 1958 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شايار ناھىيىسىنىڭ يېڭىمەھەللە بازىرىدا ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1975 - يىل شايار ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملاپ، ناھىيىلىك باغۋەنچىلىك مەيدانىغا «قايتا تەربىيە» گە چۈشكەن. 1977 - يىل 7 - ئايدىن باشلاپ كۇچا خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتىدا ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1978 - يىل 3 - ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى كەسپىگە قوبۇل قىلىنىپ، 1983 - يىل 3 - ئايدا ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتقا ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق ۋە تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. ئۇ 1996 - يىل 9 - ئايدىن 1997 - يىل 7 - ئايغىچە سىچۈەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغانلارنى تەربىيىلەش مەركىزىدە رۇس تىلى ئۆگەنگەن. 1997 - يىل 9 - ئايدىن 2000 - يىل 7 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا فولكلور كەسپى بويىچە ئاسپېرانتلىقتا ئوقۇغان. 2000 - يىل 9 - ئايدىن 2002 - يىل 6 - ئايغىچە قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ فىلولوگىيە پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا ماگىستىر يېتەكچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

ئوسمان ئىسمايىل تارىم خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان، ئاساسىي زېھنىي كۈچىنى ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىگە سەرپ قىلدى. ئۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات كەسپىنىڭ تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «فولكلورشۇناسلىق»، «مۇقامشۇناسلىق»، «لوگىكا»،

«تىلشۇناسلىق» قاتارلىق دەرسلەرنى ، ئاسپىرانتلارغا «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» ، «چۆچەكشۇناسلىق» ، «ئېپوسشۇناسلىق» ، «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ، «خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتشۇناسلىقى» ، «فولكلور مەدەنىيىتى» ، «سېلىشتۇرما ئەدەبىياتشۇناسلىق» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتۈپ كەلدى .

ئوسمان ئىسمايىل تارىم ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىدىمۇ زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى . 1994 - يىل ئۇنىڭ «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ژانىرلار» ناملىق ئىلمىي ئەسەرى ، 1998 - يىل 1 - ئايدا «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ، 3 - ئايدا «ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى» (2) ناملىق كىتابلىرى نەشر قىلىندى . ئۇ يەنە «جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ دىن ۋە ئەپسانىلىرى لۇغىتى» نى يېزىشقا قاتناشتى . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇ باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ يازغان «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» ، «ئالىي مەكتەپ تىل - ئەدەبىياتى» ، «ئۇيغۇر فامىلە تەتقىقاتى» ، «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى» ، «ئەدەبىيات كەسپىي خەنزۇ تىلى» قاتارلىق كىتابلار ئارقا - ئارقىدىن جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى . ئۇ يەنە 12 توملۇق زور ئەسەر — «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» نىڭ «تۆھپىكارلار» قىسمىنى ئىشلىدى . ئوسمان ئىسمايىل تارىم نۇقتىلىق ھالدا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ، 50 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى . بۇلاردىن بىر قىسمى مەملىكىتىمىزدىكى يادرولۇق ژۇرناللاردا ، 18 پارچە ماقالىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەت- لەردە رۇس ۋە قازاق تىللىرىدا ئېلان قىلىندى . ئۇ 2000 - يىل 9 - ئايدا قازاقىستان ئۇيغۇرشۇناسلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا بېغىشلانغان «زامانىۋى ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ مۇھىم مەسىلىلىرى» تېمىسىدى- كى ، 2001 - يىل 5 - ئايدا بىلال نازىم تۇغۇلغانلىقىنىڭ 175 يىللىقىغا بېغىشلانغان «موللا بىلالنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى» تېمى- سىدىكى (قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن) ، 2001 - يىل 10 - ئايدا «قازاق تىلى تارىخى ۋە دىئالېكتولوگىيىسى» تېمىسى- دىكى (قازاقىستان قاينار ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن) خەلقئارا- لىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئۆزىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى

www.uyghurkitap.com

بويىچە دوكلات بېرىپ، يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئوسمان ئىسمايىل تارىمنىڭ «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ژانىرلار» ناملىق ئەسىرى تۆتىنچى قېتىملىق ئىجتىمائىي پەنلەر نەتىجىلىرىنى باھالاشتا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «نادىر ئەسەر» مۇكاپاتىغا، 1999 - يىل ئاپتور ئۆزى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەرىپىدىن «ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىدىكى يۈز نادىر شەخس» مۇكاپاتىغا، 2001 - يىل 8 - ئايدا ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى ھەققىدىكى ماقالىسى «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى. ئۇ يەنە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى بويىچە 12 قېتىم مۇكاپاتلاندى.

ئوسمان ئىسمايىل تارىم قازاقىستاندىكى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى رادىئو - تېلېۋىزىيە، گېزىت - ژۇرناللاردا كۆپ قېتىم تونۇشتۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن بىرنەچچە پارچە ماقالە ئېلان قىلىندى.

ئوسمان ئىسمايىل تارىم ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقات ئورنىنىڭ تەكلىپلىك تەتقىقاتچىسى، ئاپتونوم رايونلۇق «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتى» نىڭ دائىمىي ئىشلار ھەيئىتى، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ - مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق كارىز تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

«ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق بۇ ئەسەر ئاپتورنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر چۆچەكلىرىنىڭ مۇھىم بىر تۈرى بولغان سېھىرلىك چۆچەكلەر ھەققىدە سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان، جۈملىدىن ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ خاراكتېرى، ئەنئەنىۋى ئوبرازلىرى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكى مۇھاكىمە قىلىنغان، ئۇنىڭدىكى ئىپتىدائىي

دىنىي ئېتىقاد ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلەر شەرھلەنگەن ، ئۇنىڭ بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ چۆچەكلىرى سېلىشتۇرۇپ چىقىلغان ، شۇنداقلا ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى تىپ ۋە موتىفلارغا ئاجرىتىلىپ ، ئۇلارنىڭ خەلقئارادىكى ۋارىيانتلىرى كۆرسىتىلگەن . ئومۇمەن ، بۇ ئەسەر بىلىگىلىك ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولۇپ ، ئۇ ئۇيغۇر چۆچەكلىرىنى ئۆگەنگۈچى ۋە تەتقىق قىلغۇچىلار ئۈچۈن ياخشى قوللانما بولالايدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

ئەجدادلىرىمىز ئەسىرلەر مابەينىدە مول خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بايلىقىنى ياراتتى . تارىختىن بېرى نۇرغۇن ئەدىب ۋە ئالىملىرىمىز بۇ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قۇتقۇزۇش ۋە يورۇقلۇققا چىقىرىش جەھەتتە نۇرغۇن ئەجىر سىڭدۈردى . بولۇپمۇ يېقىنقى 50 يىل مابەينىدە بۇ جەھەتتە تارىختىكى ھەرقانداق ۋاقىتتا سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە ھاسىلاتلار قولغا كەلتۈرۈلدى . لېكىن ئەپسۇسلىنارلىقى ، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تەتقىقاتىمىز بۇ قەدەمگە يېتىشەلمەي كەلدى .

«ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش» يولغا قويۇلغاندىن كېيىن خەلقئارادا ئاللىقاچان قوزغالغان فولكلور قىزغىنلىقىنىڭ تەپتى بىزگىمۇ تەگدى ، شۇنداقلا خەلقئارادىكى ئەڭ يېڭى تەتقىقات ئېقىملىرى ۋە ئۇسۇللىرى بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتۇق . بۇ بىزدە تەتقىقات قىزغىنلىقى ، ئىلمىي تەتقىقات روھى ۋە كەسپىي تەتقىقات قوشۇنىنىڭ يېتىلىشى ۋە شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولدى . نەتىجىدە ، بىر قىسىم ئىقتىدارلىق تەتقىقاتچىلار ۋە يىرىك ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى . دوكتور ئوسمان ئىسمايىل ئەنە شۇ قوشۇننىڭ غوللۇق تايانچلىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى جەھەتتە مول نەتىجىلەرنى ياراتتى . ئۇنىڭ «ئۇيغۇر سىھىرلىك چۆچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق بۇ كىتابى نۆۋەتتە ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇلغان يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئەسەرلىرىنىڭ بىرى .

قەدىمدىن بېرى ھەرقايسى مىللەت ۋە رايونلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىر ـ بىرىگە تەسىر قىلىش ، ئۆتۈشۈش ۋە سىڭىشىش ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ كەلدى . ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس . مانا مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە . ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ، بولۇپمۇ خەلق چۆچەكلىرىنى مانا مۇشۇ

بىر پۈتۈنلۈك بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلغاندىلا ، ئۇنىڭ ھەم ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى ، ھەم ئومۇمىيلىق خاراكتېرىنى ، ھەم دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىدە تۇتقان ئورنىنى بىلگىلى بولىدۇ . بۇ مەقسەتكە يېتىشنىڭ ئەڭ ئىلمىي ئۇسۇلى سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۇسۇلى ، ئەلۋەتتە .

ئەپسانىلەرنىڭ راۋاجى بولغان سېھىرلىك چۆچەكلەر چۆچەك ژانىرى ئىچىدىكى ئەڭ قەدىمىي تۈرلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن تېخىمۇ ئومۇمىيلىققا ، تېخىمۇ روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە ، شۇڭا ئۇنىڭ تەتقىقات قىممىتى تېخىمۇ يۇقىرى .

دوكتور ئوسمان ئىسمايىل ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى خەلقئارا چۆچەكشۇناسلىق ئىلمىدە مەيدانغا كەلگەن ، چۆچەك سېلىشتۇرما تەتقىقاتىدىكى ئەڭ ئۇنۇملۇك مېتود بولغان «AT تۈرگە بۆلۈش ئۇسۇلى» نى ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ ، ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ تىپ ۋە موتىفلىرىنى ئېنىقلىدى ھەمدە ئۇنى باشقا مىللەت ۋە رايونلار چۆچەكلىرىنىڭ تىپ ۋە موتىفلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىقتى . ئۇ ، بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى بىلەن ئىچكى ھۆجەيرىلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلىپ ، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات ئىشلىرىمىزنى راۋان يولغا باشلىدى .

بىز ھازىر يۈزلىنىۋاتقان بۇ «ئېچىۋېتىلگەن» دۇنيادا ھەرقايسى مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە ھەر خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆز ئارا تەسىر قىلىشى كۈندىن ـ كۈنگە قويۇقلاشماقتا ۋە كۈچەيمەكتە . بۇ رېئاللىققا توغرا يۈزلىنىش ، پۇرسەت ، رىقابەت ۋە خىرىس بىلەن تولغان دۇنيادا پۇت دەسسەپ تۇرۇش ئۈچۈن ، ئالدى بىلەن ئۆز مەدەنىيىتىمىزنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇشىمىزغا ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ئۇنى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت جەۋھەرلىرى بىلەن بېيىتىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ . مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم ۋە ئالاھىدە بىر تەركىبىي قىسمى بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىر مىللەتنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ، تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى ، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى بىلىملىرى ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش تەج-

رىبىلىرى ، ھەر خىل ئېتىقاد ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ تىندۇرمىسى ،
تىل بايلىقىنىڭ قامۇسى بولۇش سۈپىتى بىلەن شۇ مىللەتنىڭ روھىي
تۇۋرۇكى ، شۇنداقلا مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆزئارا
چۈشىنىشتىكى ئەڭ ئۇنۇملۇك ۋاستە . خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مى-
راسلىرىمىزنى قۇتقۇزۇش ، يورۇقلۇققا چىقىرىش ۋە تەتقىق قىلىش
جەھەتتە قىلىنغان ھەربىر ئەھمىيەتلىك ئىش مىللىي مەدەنىيىتىمىز-
نىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش ۋە بۇ روھىي تۇۋرۇكنىڭ ئۇلىنى
چىڭىتىش رولىنى ئوينايدۇ . مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا ، ئوسمان ئىسما-
يىلنىڭ ئۇشبۇ ئەمگىكى كىشىنى تولىمۇ سۆيۈندۈرىدۇ .

ئابلىمىت سادىق
2006 ـ يىل 21 ـ مارت

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................................................ 1

**مۇقەددىمە** ........................................................ 1

1 . سېھرىلىك چۆچەك ھەققىدە چۈشەنچە.................. 1

2 . ئۇيغۇر سېھرىلىك چۆچەكلىرىنى تەتقىق قىلىش مەسىلىسى ........................................................ 7

3 . مۇھاكىمە قىلىنىدىغان چۆچەكلەر تىزىملىكى ........ 16

**بىرىنچى باب ئۇيغۇر سېھرىلىك چۆچەكلىرىنىڭ سۇژىتلىرى** ........................................ 29

1 . باتۇرلۇق ھەققىدىكى چۆچەكلەر ...................... 29

2 . ئۆيلىنىش ھەققىدىكى چۆچەكلەر........................ 32

3 . خاسىيەتلىك نەرسىلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەر ........ 36

4 . خاسىيەتلىك ئادەملەر ھەققىدىكى چۆچەكلەر ........ 39

5 . سېھرىلىك ھايۋانلار ھەققىدىكى چۆچەكلەر........... 40

6 . سېھىر ـ جادۇگەرلىك ھەققىدىكى چۆچەكلەر......... 45

7 . پەرىزات ھەققىدىكى چۆچەكلەر ........................ 47

8 . يالماۋۇز ، ئالۋاستى ۋە شەيتان ھەققىدىكى چۆچەكلەر... 49

9 . دۆت دىۋە ھەققىدىكى چۆچەكلەر ...................... 51

10 . ئەجداد ۋە ئەرۋاھ ھەققىدىكى چۆچەكلەر ........... 52

11 . خۇدا بىلەن ئىنسانلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى چۆچەكلەر ................................................ 53

12 . ئەقىل ـ پاراسەت ھەققىدىكى چۆچەكلەر ........... 55

13 . تەقدىر ۋە ئامەت ھەققىدىكى چۆچەكلەر............. 56

14 . ياخشى ۋە يامان تۇغقانلار ھەققىدىكى چۆچەكلەر ... 58

15 . ياخشى ۋە يامان ھەمراھ ھەققىدىكى چۆچەكلەر ... 62

16 . ۋاپاسىز ئاياللار ھەققىدىكى چۆچەكلەر ............ 62

ئىككىنچى باب ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى بىلەن باشقا مىللەت چۆچەكلىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسى ............ 64

1 . ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى بىلەن خەلقئارا چۆچەكلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ............ 66

2 . ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى بىلەن قازاق ۋە ئۆزبېك چۆچەكلىرىنى سېلىشتۇرۇش ............ 79

3 . ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى بىلەن خەنزۇ چۆچەكلىرىنى سېلىشتۇرۇش ............ 86

4 . ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ مىللىي خاراكتېرى ... 98

ئۈچىنچى باب ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدىكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد ۋە ئۆرپ - ئادەتلەر ...... 108

1 . ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدىكى ئىپتىدائىي ئېتىقادلار ............ 109

2 . ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدىكى ئىپتىدائىي تۇرمۇش ئىزلىرى ............ 138

تۆتىنچى باب ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدىكى ئەنئەنىۋى ئوبرازلار ............ 141

1 . ئادەتتىكى ئادەملەر ئوبرازى ............ 141

2 . سېھىرلىك ئادەملەر ئوبرازى............ 142

3 . ئىلاھىي خاراكتېرلىك ئوبرازلار ............ 144

4 . سېھىرلىك ھايۋانات ئوبرازلىرى ............ 160

5 . خاسىيەتلىك نەرسىلەر ئوبرازى ............ 163

بەشىنچى باب ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ............ 171

1 . ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدىكى فانتازىيە......... 171

2 . ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ سۇژىت ئالاھىدىلىكى...... 175

3 . ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى........ 179

**ئالتىنچى باب ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ تىپ ۋە موتىفلىرى** ........................ 187
1 . تارىخ ـ جۇغراپىيە ئېقىمى ۋە چۆچەكلەرنىڭ تىپ ئىندېكسى ........................ 187
2 . ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ تىپ ۋە موتىفلىرى ھەققىدە چۈشەنچە ........................ 196
3 . ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ موتىفلىرى ...... 212
4 . ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ تىپلىرى........ 229

**قوشۇمچە :**
1 . ئۇيغۇر خەلق ئاغزاكى ھېكايىلىرىدىكى ھايۋانات ئوبرازلىرى ........................ 317
2 . «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىنىڭ مەنبەسى ........ 329

**ئاخىرقى سۆز** ........................ 339

**پايدىلانغان ماتېرىياللار** ........................ 343

www.uyghurkitap.com

# مۇقەددىمە

خەلق چۆچەكلىرى خەلق مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ، ھەرقايسى مىللەت قەلبىنىڭ دېرىزىسى . ئۇ ئىنسانىيەت بىلىملىرىنىڭ ھەممە تەرەپلىرى بىلەن باغلىنىپ ، كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولغان . شۇڭا ، بىر يېرىم ئەسىردىن بۇيان فولكلورشۇناسلىق ، ئانتروپولوگىيە ، ئېتنوگرافىيە ، سوتسىئولوگىيە ، ئەدەبىياتشۇناسلىق ۋە پسىخولوگىيە پەنلىرىنىڭ ئالىملىرى خەلق چۆچەكلىرىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ ، ئۇنى كۆپلەپ توپلىدى ۋە تەتقىق قىلىپ كەلدى . بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىۋاتقان بارلىق ئالىملار شۇنى ئېنىق كۆرۈپ يەتمەكتىكى ، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ، جەزمەن چۆچەك ماتېرىياللىرىدىن كەڭ تۈردە پايدىلىنىش كېرەك . قارىماققا ئىنتايىن ئاددىي كۆرۈنىدىغان بىر پارچە چۆچەك قانداق قىلىپ زامان ، ماكان ۋە تىل پاسىللىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ ، پۈتۈن دۇنياغا تارقالغانلىقىنى تەتقىق قىلغاندىلا ، ئاندىن دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ پەيدا بولۇش ، يۆتكىلىش ، ئۆزگىرىش تارىخى ۋە ئىنسانىيەت پسىخىكىسىنىڭ سىرىنى ئاچقىلى بولىدۇ .

## 1 . سېھىرلىك چۆچەك ھەققىدە چۈشەنچە

«سېھىرلىك چۆچەكلەر» چۆچەكلەرنىڭ مۇھىم بىر تۈرى . ئۇ ئۆزىنىڭ تارىخىي جەھەتتىكى قەدىمىيلىكى ، مەزمۇن جەھەتتىكى موللىقى ، ئىپادىلەش ۋاسىتىسى جەھەتتىكى خىلمۇخىللىقى ۋە قۇرۇلما جەھەتتىكى مۇكەممەللىكى بىلەن باشقا چۆچەك تۈرلىرىدىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ .

شۇنى ئېيتىش كېرەككى ، ھەرقايسى مىللەت خەلقى ئىچىدە تار-

قىلىپ بۇرگەن خەلق ھېكايىلىرىنىڭ، شۇنداقلا ئاشۇ ھېكايىلەرنى بىلدۈرىدىغان نام - ئاتالغۇلارنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، ھەرقايسى مىللەت ئالىملىرى ئاغزاكى ھېكايىلەرنى خىلمۇ-خىل تۈرلەرگە بۆلىدۇ.

خەنزۇ تىلىدىكى 民间故事 دېگەن ئاتالغۇ «خەلق ھېكايىلىرى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، كەڭ ۋە تار ئىككى خىل مەنىدە قوللىنىلىدۇ. ئۇ كەڭ مەنىدە خەلق ئىچىدە ئاغزاكى تارقىلىپ يۈرگەن بارلىق ھېكايىلەرگە قارىتىلغان بولسا، تار مەنىدە ئەپسانە (神话) ۋە رىۋايەت (传说) لەردىن باشقا خەلق ھېكايىلىرىگە قارىتىلغان. ئىلمىز فولكلورشۇناسلىرى ئادەتتە ئۇنى تار مەنىدە قوللىنىدۇ. ئەمما، ئۇلار يەنە تار مەنىدىكى خەلق ھېكايىلىرىنى كونكرېت تۈرلەر-گە بۆلگەندە، بىر - بىرىگە ئوخشىمىغان كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. «خەلق ھېكايىلىرى» نى تۈرلەرگە بۆلۈشتىكى بىر - بىرىگە ئوخشىمىغان مۇنداق ئۇسۇللارنىڭ گەۋدىلىك ۋەكىللىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

داڭلىق چۆچەكشۇناس ليۇ شۇخۇا ئۆزىنىڭ «خەلق ئېغىز ئەدەبى-ياتىغا مۇقەددىمە» ناملىق ئەسىرىدە خەلق ھېكايىلىرىنى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك ھەققىدىكى ھېكايىلەر، مەسەللەر، باللار ھېكايىلىرى (童话)، تۇرمۇش ھېكايىلىرى ۋە لەتىپىلەر دەپ بەش تۈرگە بۆلىدۇ (1 - ماتېرىيال 245 - بەت). جاڭ زىچېن «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئاساسىي ساۋات» ناملىق كىتابىدىمۇ (2 - ماتېرىيال 35 - بەت) ۋە جۇ يىچۇ «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ناملىق كىتابىدىمۇ (3 - ماتېرى-يال 94 - بەت) خەلق ھېكايىلىرىنى يۇقىرىقىدەك بەش تۈرگە بۆل-دۇ. تاۋ لىفەننىڭ «مىللىي خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيىسى ئاساسلىرى» ناملىق كىتابىدا ھايۋانات ھەققىدىكى ھېكايىلەر، سېھىر-لىك ھېكايىلەر (魔法故事)، تۇرمۇش ھېكايىلىرى، دانىشمەنلەر ھەققىدىكى ھېكايىلەر ۋە لەتىپىلەر دېگەن بەش تۈرگە بۆلۈنىدۇ (4 - ماتېرىيال 226 - بەت). بۇ يەردىكى «سېھىرلىك ھېكايىلەر» يۇقىرىقى ئالىملار ئېيتقان «باللار ھېكايىلىرى» نى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر مەشھۇر فولكلورشۇناس لى خۇيفاڭ ئۆزىنىڭ «جۇڭگو خەلق

ئېغىز ئەدەبىياتى» ناملىق كىتابىدا خەلق ھېكايىلىرىنى فانتازىيىلىك ھېكايىلەر (幻想故事)، تۇرمۇش ھېكايىلىرى، مەسەللەر ۋە لەتىپىلەر دەپ تۆت تۈرگە بۆلىدۇ. ئۇ يەنە فانتازىيىلىك ھېكايىلەرنى ئۆز ئىچىدىن سىرلىق ھېكايىلەر (神奇故事) ۋە ھايۋانات ھەققىدىكى ھېكايىلەر دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىدۇ (5 ـ ماتېرىيال 130 — 134 ـ بەتلەر). ئېلىمىز فولكلورشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى، ئاتاقلىق ئالىم جۇڭ جىڭۋېننىڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئومۇمىي بايان» ناملىق كىتابتا خەلق ھېكايىلىرى فانتازىيىلىك ھېكايىلەر (幻想故事)، تۇرمۇش ھېكايىلىرى، مەسەللەر ۋە لەتىپىلەر دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇ كىتابتا ھايۋانات ھەققىدىكى ھېكايىلەر مەسەللەرگە قوشۇۋېتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا «ھايۋانات ھەققىدىكى ھېكايىلەر» دەپ ئاتىلىدىغان ئايرىم بىر تۈر مەۋجۇت ئەمەس، ئۇ پەقەت مەسەلنىڭ تەركىبىي قىسمى دەپ قارىلىدۇ (6 ـ ماتېرىيال 204 ـ بەت). دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، ۋۇ بىڭئەن ئۆزىنىڭ «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئومۇمىي بايان» ناملىق كىتابىدا خەلق ھېكايىلىرىنى سېھىرلىك ھېكايىلەر (魔法故事)، ھايۋانات ھەققىدىكى ھېكايىلەر، تۇرمۇش ھېكايىلىرى ۋە لەتىپىلەر دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈپ، مەسەللەرنى ھايۋانات ھەققىدىكى ھېكايىلەر بىلەن لەتىپىلەرگە قوشۇۋېتىدۇ، يەنى ئۇ «مەسەل» دەيدىغان ئايرىم تۈر يوق، «مەسەل» دېگىنىمىزنىڭ بىر قىسمى لەتىپىلەرگە، يەنە بىر قىسمى ھايۋانات ھەققىدىكى ھېكايىلەرگە مەنسۇپتۇر دەپ قارايدۇ (7 ـ ماتېرىيال 120 ـ بەت). بۇلاردىن باشقا ۋاڭ فېنلىنىڭ «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئومۇمىي بايان» ناملىق كىتابىدا خەلق ھېكايىلىرىنى «مىللىي ئىشلەپچىقىرىش شەكىللىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ھېكايىلەر»، «ئەخلاقىي كۆزقاراشلارنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ھېكايىلەر»، «لەتىپە» ۋە «مەسەللەر» دېگەن تۆت چوڭ تۈرگە بۆلىدۇ (8 ـ ماتېرىيال 164 — 189 ـ بەتلەر). دۇەن باۋلىن «جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئومۇمىي بايان» ناملىق كىتابىدا خەلق ھېكايىلىرىنى كەڭ مەنىدە قوللىنىپ، ئەپسانە، رىۋايەت، تۇرمۇش ھېكايىلىرى، لەتىپە، مەسەل، ئەنئەنىۋى بالىلار ھېكايىلىرى، سوتسىيالىستىك يېڭى ھېكايىلەر دېگەنگە ئوخشاش تۈرلەرگە بۆلۈپ چىقىد-

دۇ (9 ـ ماتېرىيال 51 ـ بەت)··· ۋەھاكازا.

دېمەك، ئىلىمىز ئالىملىرى خەلق ھېكايىلىرىنى تۈرلەرگە بۆلۈشتە تېخىچە بىرلىككە كەلگەن كۆزقاراشقا ئىگە ئەمەس.

ئۇيغۇر تىلىدىكى «چۆچەك» دېگەن ئاتالغۇغا كەلسەك، ئۇ خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن ھېكايىلەرگە قارىتىلغان. بىراق، ئۇ خەلق ئىچىدىكى بارلىق ھېكايىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالالمايدۇ. مەسىلەن، ئەپسانە، رىۋايەت، مەسەل، لەتىپە، چاقچاق، لاپ قاتارلىقلار چۆچەك دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. شۇڭا، «چۆچەك» نىڭ مەنىسى «خەلق ھېكايىلىرى» (民间故事) دېگەن ئاتالغۇدىن خېلىلا تار بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى «چۆچەك» دېگەن ئاتالغۇغا دەل توغرا كېلىدىغان خەنزۇچە ئاتالغۇ مەۋجۇت ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنى تۈرلەرگە بۆلگەندە ئۇيغۇر تىلىدىكى چۆچەك دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ مەنە دائىرىسىگە ۋە ئۇنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىگە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنى تەتقىق قىلغان ئالىملارمۇ ئۇنى خىلمۇخىل نۇقتىدىن خىلمۇخىل تۈرلەرگە بۆلۈپ كۆرسەتتى. ئەڭ دەسلەپتە پروفېسسور مۇھەممەت زۇنۇن بىلەن پروفېسسور ئابدۇكېرىم راخمان بىرلىكتە يازغان «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى» ناملىق ئىلمىي ئەسەردە چۆچەكلەر تۇرمۇش چۆچەكلىرى ۋە ھايۋانات ھەققىدىكى چۆچەكلەر دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈندى (10 ـ ماتېرىيال)، ئابدۇكېرىم راخماننىڭ يەنە بىر كىتابى «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيىسى» دە بولسا ھايۋانات ھەققىدىكى چۆچەكلەر، سېھىرلىك چۆچەكلەر، تۇرمۇش چۆچەكلىرى ۋە ھەجۋىي چۆچەكلەر دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈندى (11 ـ ماتېرىيال). ئوسمان ئىسمايىل ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ژانىرلار» ناملىق كىتابىدا يۇقىرىقىدەك تۆت تۈرگە بۆلۈش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلدى (12 ـ ماتېرىيال). پروفېسسور مۇھەممەتجان سادىق ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە» ناملىق كىتابىدا چۆچەكلەرنى تۇرمۇش چۆچەكلىرى، بالىلار چۆچەكلىرى، لەتىپىلەر، ھايۋانات ھەققىدىكى چۆچەكلەر، مەسەللەر دەپ بەش تۈرگە بۆلۈپ تونۇشتۇردى (13 ـ ماتېرىيال). كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، مۇھەممەتجان سادىق «چۆچەك»

دېگەن ئاتالغۇنى خەنزۇ تىلىدىكى « 民间故事 » بىلەن ئوخشاش مەنىدە ئىشلەتكەن، يەنى «چۆچەك» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى كېڭەي-تىپ، لەتىپە ۋە مەسەللەرنىمۇ ئۇنىڭغا قوشۇۋەتكەن. شۇنداقلا ئۇ «سېھىرلىك چۆچەك» دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئورنىغا «باللار چۆچەكلە-رى» دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلەتكەن. بۇ ئاتالغۇ ئېھتىمال خەنزۇ تىلىدى-كى « 童话 » نىڭ تەرجىمىسى بولسا كېرەك. «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» ناملىق كىتابنىڭ چۆچەكلەر قىسمىنى تەتقىقاتچى ئابلىمىت سادىق تەييارلىغان بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنى سېھرىي چۆچەكلەر، تۇرمۇش چۆچەكلىرى، چېچەنلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەر، ھەجۋىي چۆچەكلەر، تېپىشماقلىق چۆچەكلەر ۋە ھايۋانات ھەققىدىكى چۆچەكلەر دەپ ئالتە تۈرگە بۆلگەن (14-ماتېرىيال).

دېمەك، مەيلى خەنزۇ چۆچەكلىرى ۋە ئېلىمىزدىكى باشقا مىللەت-لەرنىڭ چۆچەكلىرى بولسۇن، مەيلى ئۇيغۇر چۆچەكلىرى بولسۇن، ئۇنى تۈرگە بۆلۈشتە تېخىچە بىرلىككە كەلگەن كۆزقاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغىنى يوق.

يۇقىرىقى ئالىملارنىڭ تۈرگە بۆلۈش ئۇسۇلىدىن بىز شۇنى ھېس قىلىپ ئالالايمىزكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى چۆچەكلەر ئىچىدە «سېھىر-لىك چۆچەكلەر» دىن ئىبارەت مۇشۇنداق بىر تۈرنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىردەك ئېتىراپ قىلغان. ئەلۋەتتە، «سېھىرلىك چۆچەك» دېگەن بۇ ئاتالغۇ خەنزۇ تىلىدا 民间童话,魔术故事,魔怪故事,魔法故事, 魔法童话,传奇故事,神奇故事,幻想故事 دېگەنگە ئوخشاش خىلمۇخىل ناملار بىلەن ئاتالسا، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئۇ «سېھىرلىك چۆچەكلەر»، «سېھىرگەرلىك چۆچەكلىرى»، «سېھرىي چۆچەكلەر»، «باللار چۆچەكلىرى» دېگەنگە ئوخشاش ناملار بىلەن ئاتالغان. بۇ ئاتالغۇلار قانچىلىك كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ مەنىسى بىرلا، يەنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى خەلق چۆچەكلىرىنىڭ پەقەت بىرلا تۈرىنى كۆرسىتىدۇ. چۆچەكنىڭ بۇ تۈرىنى بىز ئۇشبۇ كىتابىمىزدا «سېھىرلىك چۆچەك» دەپ ئاتىدۇق.

ئۇنداق بولسا، «سېھىرلىك چۆچەك» دېگەن نېمە؟ كۈچلۈك فانتازىيە ۋاسىتىسى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ بەختلىك تۇرمۇشقا بولغان

ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدىغان چۆچەكلەر سېھىر-لىك چۆچەكلەر دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ خىل چۆچەكلەر باشقا تۈردىكى چۆچەكلەرگە قارىغاندا مەزمۇنى مول ، قۇرۇلمىسى پۇختا بولغانلىقى ئۈچۈن بىر قىسىم چەت ئەللىك ئالىملار تەرىپىدىن «مۇكەممەل چۆچەكلەر» ياكى «ھەقىقىي چۆچەكلەر» دەپ ئاتالغان (7 ـ ماتېرد-يال 199 — 120 ـ بەتلەر) . مەشھۇر چۆچەكشۇناس تومپسونمۇ ئۇنى «ئادەتتىكى چۆچەكلەر» دەپ ئاتىغان ، شۇنداقلا ئۆزى قۇراشتۇرغان 2400 تېپنىڭ ئىچىدىكى 900 تىپقا مۇشۇ بىر تۈردىكى چۆچەكلەردىن ئورۇن بەرگەن (15 ـ ماتېرىيال) .

سېھىرلىك چۆچەكلەر ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە پەيدا بولغان . ئەڭ دەسلەپتە مەيدانغا كەلگەن سېھىرلىك چۆچەكلەر قەدىمكى جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئانىمىزملىق ئېتىقادلىرى ۋە سېھىرگەرلىك كۆزقاراش-لىرىنى ئاساس قىلىپ ، تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئىپتىدائىي تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ئەكس ئەتتۇرگەن . ئۇنىڭ ئەپسانىلەر بىلەن بولغان مۇنا-سىۋىتى ناھايىتى زىچ ئىدى . كېيىنكى دەۋردىكى سېھىرلىك چۆچەك-لەردە ئىپتىدائىي جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئېتىقادلىرى قىسمەن ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ ، لېكىن ھېكايىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدا زور ئۆزگىرىش ھاسىل بولغان ، يەنى ئۇنىڭدا فېئودالىزم دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ جاپالىق تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى ، گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىشلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قورال-لىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارزۇلىرى فانتازىيە ۋاسىتىسى ئارقى-لىق ئىپادە قىلىپ بېرىلگەن .

سېھىرلىك چۆچەكلەردىكى پېرسوناژ ، نەرسە ۋە ۋەقەلەردە ئادەت-تىن تاشقىرى سېھىرلىك خۇسۇسىيەت بولىدۇ . پېرسوناژلار جەھەت-تىن ئالساق ، بىز بۇنداق چۆچەكلەردە ئاجايىپ زور ۋە قورقۇنچلۇق دىۋىلەرنى ، ئادەم يەيدىغان يالماۋۇزلارنى ، سېھىرگەرلىك كەسپىگە ماھىر جادۇگەرلەرنى ، گۈزەل پەرىزاتلارنى ، ياخشىلىق ھامىيسى بول-غان خىزىر بوۋاي قاتارلىقلارنى كۆرەلەيمىز . نەرسىلەر جەھەتتىن ئالساق ، گۆھەر تۇغىدىغان توخۇلارنى ، تۇرلۇك مال ـ دۇنيا ۋە نازۇنېمەتلەرنى بەرپا قىلالايدىغان داستىخانلارنى ، بارلىق يامان كىشى-لەرنى سۇر ـ توقاي قىلىدىغان توقماقلارنى ، ئاسماندا ئۇچالايدىغان

گىلەم ۋە ياغاچ ئاتلارنى ، ئادەمنىڭ شەكلىنى يوقىتالايدىغان شەيتان قالپاقلىرىنى ، كىشىلەرنى ياشارتالايدىغان ۋە قېرىتالايدىغان ئالمىلار-نى كۆرەلەيمىز . ۋەقە جەھەتتىن ئالساق ، خېمىردىن ياسالغان باتۇر-نىڭ ئاجايىپ قەھرىمانە كۆرەشلىرى ، مۈشۈك ۋە ئىتلارنىڭ ئەسىر قەھرىمانىغا ياردەملىشىپ مۈشكۈل ۋەزىپىلەرنى ئورۇندىغانلىقى ، بې-لىقنىڭ كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلغانلىقى ... قاتارلىقلارنى كۆرەلەي-مىز . بۇ خىل چۆچەكلەردىكى پېرسوناژ ، نەرسە ۋە ۋەقەلەرنىڭ بىر قىسمى رېئاللىقتا مەۋجۇت ، يەنە بىر قىسمى بولسا رېئاللىقتا يوق بولۇپ ، فانتازىيە ئارقىلىق ئاجايىپ ـ غارايىپلىققا ئىگە قىلىنغانلىقى ئۇلارنىڭ روشەن بىر ئالاھىدىلىكىدۇر .

## 2 . ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنى تەتقىق قىلىش مەسىلىسى

مەلۇمكى ، ئۇيغۇر خەلقى خۇددى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاشلا ، ئۆزىنىڭ ئۇزاق قەدىمىي تارىخىدا نۇرغۇن چۆچەكلەرنى ئىجاد قىلغان . بۇ چۆچەكلەردىن بىر قىسمى ئۆز ۋاقتىدىكى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر تەرىپىدىن توپلاپ رەتلەنگەن . موللا سەنجار ئىبراھىم قەشقەرى تەرى-پىدىن 18 ـ ئەسىردە تۈزۈلگەن «جامىئۇل ھېكايەت» ناملىق توپلام (16 ـ ماتېرىيال ) ۋە موللا تالىپ ھاجى ئوغلى موللا ئابدۇراخمان ئاقسۇيى تەرىپىدىن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تۈزۈلگەن «جامىئىي ھېكايە» ناملىق توپلاملار (17 ـ ماتېرىيال ) ئەنە شۇنىڭ روشەن دەلىلى . ئۇنىڭدىن باشقا ھىندى ، پارس ۋە ئەرەب چۆچەكلىرىنى تەرجىمە قىلىش ۋە ئۇلاردىن تاللانما كىتاب تۈزۈش ئىشلىرىمۇ ناھايە-تى كەڭ ئەۋج ئالغان . بۇلار قاتارىدا ، 1717 ـ يىلى موللا مۇھەممەت تۆمۈر قەشقەرى تەرىپىدىن پارس تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان «كەلىلە ۋە دىمنە» نى (18 ـ ماتېرىيال 880 ـ بەت ) ، 18 ـ ئەسىردە مۇھەممەت بىننى ئابدۇللاخان مەخدۇم ئاقسۇيى تەرىپىدىن ئەرەب تىلى-دىن تەرجىمە قىلىنغان «مىڭ بىر كېچە» نى (18 ـ ماتېرىيال 883 ـ بەت ) ، شۇنداقلا نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن تەرجىمە قىلى-نىپ تارقىتىلغان «چاھار دەرۋىش» (19 ـ ماتېرىيال ) ، «تۇتىنامە»

(20 ـ ماتېرىيال ) ، «باھار دانىش» (21 ـ ماتېرىيال ) قاتارلىقلار-نى ساناپ ئۆتۈش مۇمكىن .

شۇنى ئېيتىش كېرەككى ، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنى ئىلمىي يوسۇندا توپلاش ، نەشر قىلىش ئىشلىرى تۇنجى قېتىم چەت ئەل ئالىملىرى تەرىپىدىن ئىشلەندى . بۇ ئىشتا رۇس ئالىملىرىدىن ۋ • ۋ • رادلوف ، ن • ف • كاتانوف ، ن • ن • پانتوسوف ، س • ئې • مالوف قاتارلىقلارنىڭ تۆھپىسى ئالاھىدە چوڭ بولدى . رادلوف 1862 ـ يىل ئىلى ۋىلايىتىدىن رۇسىيە تەۋەسىگە ئۆتكەن ئۇيغۇرلار-دىن نۇرغۇن چۆچەكلەرنى يىغىۋېلىپ ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ «شىمالىي تۈرك قەبىلىلىرى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئۈلگىلىرى» ناملىق كۆپ توملۇق ئەسىرىدە ئېلان قىلدى . «رادلوف فولكلورىنىڭ ئۈلگىلىرىنى پەقەت يىغقۇچىلا ئەمەس ، بەلكى يەنە ئۇيغۇر چۆچەكلىرىنى دەسلەپ تەتقىق قىلغۇچىدۇر . ئۇ ئۇيغۇر چۆچەكلىرىنىڭ دۇنياۋى چۆچەكلەر خەزىنىسىدىكى ئورنىنى ئېنىقلاشقا ئۇرۇنۇپ كۆرىدۇ… ئۇيغۇر چۆ-چەكلىرىنىڭ ھىندى ـ ياۋروپا توركۇمىگە كىرىدىغان باشقا خەلقلەر چۆچەكلىرى بىلەن كۆپ جەھەتتىن ئوخشاشلىقىنى تەكىتلەيدۇ» (22 ـ ماتېرىيال 121 ـ بەت ) .

پانتوسوف 1871 — 1889 ـ يىللىرى ئىلى رايونىدىن توپلىغان فولكلور ماتېرىياللىرى ئاساسىدا « تارانچى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇ-نىلىرى» ناملىق توپلامنى تۈزۈپ چىقتى . بۇ توپلامغا ئۇيغۇرلارنىڭ «چىن تۆمۈر ۋە مەختۇمسۇلا» ، «تاھىر ـ زۆھرە» قاتارلىق ئىككى پارچە سېھىرلىك چۆچىكى كىرگۈزۈلگەن (22 ـ ماتېرىيال 21 ـ بەت ) .

كاتانوف 1889 — 1892 ـ يىللىرى ئۇيغۇرلارنىڭ قۇمۇل ، تۇرپان ۋە پىچان رايونلىرىغا كېلىپ ، بۇ يەردىن نۇرغۇن ئېغىز ئەدەبىياتى ئۈلگىلىرىنى توپلىغان بولۇپ ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەجمى ناھايىتى چوڭ 24 پارچە چۆچەك بار (22 ـ ماتېربال 21 ـ بەت ) . كاتانوف ئۆز ئەسەرلىرىدە «ئۇيغۇر چۆچەكلىرىگە خاراكتېرىستىكا بەر-دى ، ئۇلارنىڭ سۇژېت ھەم ئوبرازلىرىنى تەكشۈردى ، ئۇيغۇر چۆچەك-لىرىنى رۇس چۆچەكلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ، كۆپلىگەن ئوخشاش-لىقلارنى تاپتى» (22 ـ ماتېربال 122 ـ بەت ) .

مالوف 1912 — 1914 ـ يىللىرى ئۇيغۇرلارنىڭ قۇمۇل، لوپنۇر رايونلىرى ۋە سېرىقئۇيغۇرلار رايونىغا كېلىپ تىل تەكشۈرۈش داۋامىدا نۇرغۇن چۆچەكلەرنى توپلىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئەسەرلىرىدە 60 تىن ئارتۇق چۆچەكنى ئېلان قىلدى (22 ـ ماتېرىيال 122 ـ بەت ) .

ئۇيغۇر چۆچەكلىرىنى توپلاپ ئېلان قىلىش خىزمىتىگە غەربىي ياۋروپا ئالىملىرىمۇ بەلگىلىك تۆھپە قوشتى . بۇلاردىن شۋېتسىيىلىك گۇننار ياررىڭنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ . گۇننار ياررىڭ 1929 ـ يىل دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىگە ماتېرىيال توپلاش ئۈچۈن ئۇيغۇرلار يۇرتىغا كېلىپ ، قەشقەر ، خوتەن ، كۇچا قاتارلىق جايلاردىن ۋە ھىندىستاننىڭ سىرىنگار ، كەشمىر ئۆلكىلىرىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن نۇرغۇن ئېغىز ئەدەبىياتى ئۈلگىلىرىنى توپلىغان . گۇننار ياررىڭ توپلىغان ئۇيغۇر فولكلورىغا ئائىت ئەسەرلەر مەملىكىتىمىزدە «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى» نامىدا نەشر قىلىندى (23 ـ ماتېرىيال ) .

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن قازاقىستان ۋە ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدە ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنى توپلاش ۋە نەشر قىلىش ئىشلىرىغا جىددىي ئەھمىيەت بېرىلدى . نەتىجىدە ئوندىن ئارتۇق چۆچەك توپلىمى نەشر قىلىندى . م • ن • كەبىروف ئۇيغۇر چۆچەكلىرىنى تەرجىمە قىلىپ ، رۇس تىلىدا ئۈچ توپلام نەشر قىلدۇردى . بۇ توپلاملار يەنە گېرمان ، خەنزۇ ۋە ياپون تىللىرىدا بېسىلىپ چىقتى (22 ـ ماتېرىيال 123 ـ بەت ) .

مەملىكىتىمىزدە يېقىنقى 20 يىل ئىچىدە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاپ نەشر قىلىش خىزمەتلىرى بويىچە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر بارلىققا كەلدى . ھۆكۈمىتىمىزنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ، پۈتكۈل مەملىكەتنىڭ ھەممە باھىيىلىرىدە «ئۈچ توپلام» (چۆچەك ، قوشاق ۋە ماقال ـ تەمسىل توپلاملىرى ) تۈزۈش پىلانى غەلىبىلىك ئورۇندالدى . نەتىجىدە ، ھەرقايسى ناھىيىلەر نەردىن ئىشلەنگەن 45 توپلام ئۇيغۇر چۆچەكلىرى نەشر قىلىندى . ئۇنىڭدىن باشقا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1979 ـ يىلدىن 2000 ـ يىلغىچە 20 قىسىم ئۇيغۇر چۆچەكلىرى توپلىمىنى نەشر قىلدى . باشقا

نەشرىياتلار تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئابرىم چۆچەك توپلاملىرىمۇ ئونغا يېتىدۇ .

ئەمدى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنى تەتقىق قىلىش ئەھۋالىغا كەلسەك ، بۇ ساھەدە ئەڭ نەتىجىلىك خىزمەت قىلغان كىشى ماھىنۇر ئەلىيېۋادۇر . ئۇنىڭ ئەمگەكلىرى «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى» (22 ـ ماتېرىيال ) ، «ئۇيغۇر چۆچەكلىرى» (24 ـ ماتېرىيال ) ، «ئۇيغۇر فولكلورىدىكى ژانىرلار» (25 ـ ماتېرىيال ) قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلەردە ئورۇن ئالغان . بولۇپمۇ ئۇنىڭ «ئۇيغۇر چۆچەكلىرى» ناملىق كىتابى مەخسۇس چۆچەكلەرگە بېغىشلانغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ چۆچەكلىرى ھەققىدە ئومۇمىيۈزلۈك مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ ئۆتۈلگەن . مەزكۇر كىتابنىڭ ئىككىنچى بابىدا ئاپتورنىڭ سېھىرلىك چۆچەكلەر ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىسى نامايان قىلىنغان . ماھىنۇر ئەلىيېۋا كۆپرەك ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدىكى ئىپتىدائىي تۇرمۇش ئىزلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن تىرىشقان . ئۇ چۆچەكلەردە ئىپادىلەنگەن ماترىئارخاللىق ۋە پاترىئارخاللىق تۈزۈملىرى ، قەبىلە ئىچىدىن نىكاھلىنىش ۋە قەبىلە سىرتىدىن نىكاھلىنىش قائىدىلىرى ، قانداش نىكاھ ، سېتىۋېلىپ توي قىلىش ، سىناپ توي قىلىش ئادەتلىرى ، قۇرامىغا يېتىش مۇراسىمى ۋە تەبىئەتكە ئادەملەرنى قۇربانلىق قىلىش پائالىيەتلىرى ، تاشقا چوقۇنۇش ، ھايۋانغا چوقۇنۇش ، ئەجدادلارغا چوقۇنۇش ، زىرائەتنى ئۇلۇغلاش ، پەرھىز تۇتۇش قاتارلىق ئانىمىزملىق ۋە توتېمىزملىق قاراشلىرى ، شۇنداقلا ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك ئېتىقادلار ھەققىدە ئومۇمىيۈزلۈك مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ ئۆتىدۇ . ئۇ يەنە ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدىكى ئاياللار ئوبرازى ، ئاكا ـ ئۇكىلار ئوبرازى ، يالماۋۇز ، سېھىرگەر موماي ، خىزىر ، چىلتەن ۋە خاسىيەتلىك نەرسىلەر ئوبرازلىرى ھەققىدە بىر قىسىم مۇھىم كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىدۇ . ماھىنۇر ئەلىيېۋانىڭ بايانلىرىغا قارىغاندا ، ئۇ ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنى خەلقئارا چۆچەكلەرنىڭ سۇژىتلىرىغا سېلىشتۇرۇپ چىققانلىقى مەلۇم . ئۇ «129 داڭلىق ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ ئىچىدە 20 سى ئا • ئارنې ۋە ئا • ئاندرېيېفنىڭ چۆچەك تىپلىرىنىڭ كۆرسەتكۈچىدە يوق» دەيدۇ (24 ـ ماتېرىيال 46 ـ

بەت ) . ماھىنۇر ئەلىيېۋا يەنە ئۇيغۇر سىھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ مورفولوگىيىسى ۋە كومپوزىتسىيە ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ . ئومۇمەن ئالغاندا ، ئۇ بىرىنچى قېتىم ئۇيغۇر سىھىرلىك چۆچەكلىرى ھەققىدە ئومۇمىيۈزلۈك ۋە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بارغان .

مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان كىشىلەر ئابدۇكې-رىم راخمان ، مۇھەممەتجان سادىق ۋە ئوسمان ئىسمايىللاردۇر . پرو-فېسسور ئابدۇكېرىم راخمان ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىيا-تىنىڭ ئاساسلىرى» (10 ـ ماتېريال ) ، «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيىسى» (11 ـ ماتېريال ) قاتارلىق كىتابلىرىدا ئۇيغۇر چۆچەك-لىرى ھەققىدە مۇھىم كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى . ئەڭ مۇھى-مى ، ئۇ سىھىرلىك چۆچەكلەردىكى يالماۋۇز ، دىۋە ، ئەجدىھا ، خى-زىر ، پەرىزات قاتارلىقلارنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە ئىزدىنىش ئېلىپ باردى . پروفېسسور مۇھەممەتجان سادىق بولسا سىھىرلىك چۆچەكلەر-نىڭ ژانىرلىق ئالاھىدىلىكى ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتتى (13 ـ ماتېريال ) . ئوسمان ئىسمايىل ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىدە ئۇي-غۇر سىھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ مەزمۇنى ، ئوبرازلىرى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ھەققىدە ئومۇمىيۈزلۈك مۇلاھىزە ئېلىپ باردى (12 ـ ماتېريال ) . ئۇنىڭدىن باشقا ، ئامېرىكىلىق ئالىم ئېسابېللا خۇرۋارت (26 ـ ماتېريال ) ، قازاقىستانلىق ئالىم يۇدىن (27 ـ ماتېريال ) ، مەملىكىتىمىزدىكى مۇتەخەسسىسلەردىن لىيۇ شۇخۇا (28 ـ ماتېريال ) ، رەيھان قادىر (29 ـ ماتېريال ) ، ئەسئەت سۇلايمان (30 ـ ماتېرى-يال ) ، غەيرەتجان ئوسمان (31 ـ ماتېريال ) ، تـۇرسـۇن قۇربان (32 ـ ماتېريال ) ، قاھار ھامۇت (33 ـ ماتېريال ) ، مۇھەممەت تۇرسۇن (34 ـ ماتېريال ) ، ئابدۇلھەمىت مۇھەممەت (35 ـ ماتې-رىيال ) ، مۇھەممەت تۇرسۇن تۇردى (36 ـ ماتېريال ) ، ئەخمەت ناسىر (37 ـ ماتېريال ) ، گۈلسۈمئاي داۋۇت (38 ـ ماتېريال ) ، خۇرشىدە جۇمەخۇن (39 ـ ماتېريال ) قاتارلىقلار كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ ، ئۇيغۇر سىھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ ئالاھى-دىلىكىنى تەھلىل قىلدى ، شۇنداقلا ئۇنى ھىندى ، پارس ، ئەرەب ،

ۋېنگر ۋە تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ چۆچەكلىرى بىلەن سېلىشتۇ-رۇپ تەتقىق قىلدى .

دىمەك ، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ھەققىدە خېلى تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى . بىراق ، يۇقىرىقىلارنىڭ تەتقىقاتى مەخسۇس سېھىر-لىك چۆچەكلەرگە بېغىشلانغان ئەمەس . شۇڭا ، ئۇلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ سېھىرلىك چۆچەكلىرى ھەققىدە ئومۇمىيۇزلۇك ۋە سىستېمىلىق تەتقى-قات ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتى بولمىغان . ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر چۆچەكلىرىنى توپلاش ۋە نەشر قىلىش ئىشلى-رىدا غايەت زور نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى . يالغۇز شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىلا 80 گە يېقىن چۆچەك توپلىمى نەشر قىلىندى . مانا بۇ يېڭىدىن توپلانغان چۆچەك ماتېرىياللىرى بىزنىڭ جىددىي تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا .

سېھىرلىك چۆچەكلەر ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر تۈر . ئۇ ئەڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولغان ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى ئەڭ روشەن كۆرسىتىپ بېرە-لەيدىغان ۋە باشقا تۈردىكى چۆچەكلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ئۈچۈن خېمىر-تۇرۇچ بولغان چۆچەكلەردۇر . شۇڭا ، سېھىرلىك چۆچەكلەرنى تەتقىق قىلساق ، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى كۆ-رۈۋالالايمىز .

ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدىكى نۇرغۇن ئىپتىدائىي تۇرمۇش ۋە دىنىي ئېتىقادلار تېخى تولۇق شەرھلەپ بېرىلگىنى يوق ، نۇرغۇن ئەنئەنىۋى ئوبرازلارنىڭ تارىخىي يىلتىزى ئېنىقلانغىنى يوق ، ئۇنىڭ بىر پۈتۈن سۇژېت قۇرۇلمىسى ۋە موتىفلىرى ئاجرىتىلغىنى يوق . بولۇپمۇ ئۇنى دۇنيادىكى باشقا مىللەت چۆچەكلىرى بىلەن سېلىشتۇ-رۇپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى مۇپەسسەل ئورۇندالغىنى يوق . بىز مانا شۇنداق زۆرۈرىيەتتە بۇ ئىشنى قولغا ئالدۇق .

چۆچەكلەرنى تەتقىق قىلىشتا مېتود مەسىلىسى ئىنتايىن مۇھىم . چۈنكى ، چۆچەكلەرنى خىلمۇخىل نۇقتىدىن ، خىلمۇخىل ئۇسۇل بى-لەن تەتقىق قىلىش مۇمكىن . چۆچەكلەرنى تەتقىق قىلىشتىكى مېتود ئوخشاش بولمىسا ، ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان نەتىجىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ . ئۆتكەن ئەسىردە گېرمانىيە ئالىملىرىدىن ياكوب گىرىدىم

( Jacob Grimm) ۋە ۋىلھېلم گرىم ( Wilhelm Grimm) لار تۇنجى قېتىم چۆچەكلەرنى تەتقىق قىلىپ، ئۆزىگە خاس مېتود ياراتقانىدى. ئۇلار ئەپسانىلەرنى تەتقىق قىلىش ئېھتىياجىدىن سېھىرلىك چۆچەكلەرنى تەتقىق قىلدى. ئۇلار قەدىمكى ئەپسانىلەر ھازىرغىچە مۇكەممەل ساقلىنىپ كېلەلمىگەن، ئۇلار چۆچەكلەرنىڭ تۇپرىقىغا چېچىلىپ كەتكەن، شۇڭا بىز قەدىمكى ئەپسانىلەرنى چۆچەكلەرنىڭ ئىچىدىن تېپىۋالالايمىز، دەپ قارىدى. كېيىن ئەنگلىيىلىك ماكس مۇللېر ( Max Miiller) ، فرانسىيىلىك چۇئېن شۋارتس ( Quen Schwartz) ۋە مانخارد ( Manhard) قاتارلىقلار گرىمنىڭ كۆزقاراشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ ئەپسانىشۇناسلىق ئېقىمىنى شەكىللەندۈردى. دېمەك، ئەپسانىشۇناس ئالىملارنىڭ چۆچەكلەرنى تەتقىق قىلىش ئۇسۇلى چۆچەكلەرنىڭ ئىچىدىن ئەپسانىلەرنى ئىزدەش، چۆچەكلەرنىڭ ئەسلىي شەكلى (ئەپسانە شەكلى ) نى تېپىشقا ئۇرۇنۇش ۋە ئەپسانىۋى تەپەككۇر ئارقىلىق چۆچەكلەردىكى ھادىسىلەرنى ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى (40 ـ ماتېرىيال ) .

يەنە بىر قىسىم ئانتروپولوگىيە ئالىملىرى سېھىرلىك چۆچەكلەرنى ئىپتىدائىي ئېتىقاد نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلدى. ئامېرىكىلىق مورگان ( Morgan) نىڭ «قەدىمكى جەمئىيەت» (41 ـ ماتېرىيال ) ، ئەنگلىيىلىك تەيلور ( Tylor) نىڭ «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت» (42 ـ ماتېرىيال ) ، «ئانتروپولوگىيە — ئىنسان ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيىتى ھەققىدە تەتقىقات» (43 ـ ماتېرىيال ) ، فرازېر ( Frazer) نىڭ «ئالتۇن شاخ» (44 ـ ماتېرىيال ) ناملىق ئەسەرلىرىدە دەل ئەنە شۇنداق ئەپسانە ۋە چۆچەكلەر تەھلىل قىلىنىش ئارقىلىق ئىپتىدائىي جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشى شەرھلەندى. ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئانتروپولوگىيە ئالىملىرى ئانىمىزملىق، توتېمىزملىق، سېھىرگەرلىك كۆزقاراشلىرى ۋە ئىپتىدائىي جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بويىچە سېھىرلىك چۆچەكلەرنى چۈشەندۈردى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل تەتقىقات ئۇسۇلى سېھىرلىك چۆچەكلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولۇپ، چۆچەكلەردىكى بىر قىسىم سېھىرلىك ھادىسىلەرنى پەقەت ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ئاستىغا قويۇپ تەھلىل قىلغاندىلا، ئاندىن ئېنىقلىغىلى بولىدۇ.

گېرمانىيىدىلىك يەنە بىر مەشھۇر ئالىم تېئودېر بېنفېي (Theoder Benfey) بولسا، پۈتۈن دۇنيادىكى چۆچەكلەر بىر ياكى ئىككى مەنبەدىن كېلىپ چىققان، يەنى ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقا قۇرۇقلۇقىدا تارقىلىپ يۈرگەن چۆچەكلەرنىڭ ھەممىسى ھىندىستاندىن تارقىلىپ كەلگەن دەپ قارىدى. بېنفېينىڭ بۇ كۆزقارىشىنى قوللاپ راۋاجلاندۇرغانلار فرانسىيىلىك كوسكەن (Cos quin) ، رۇسىيىلىك ۋېسېلوۋسكىي (Veselovskiy) قاتارلىقلار بولدى. بۇلار ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ چۆچەكلىرىنى تەتقىق قىلغاندا، دائىم ئۇنى ھىندىستان چۆچەكلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ھىندىستانچە شەكلىنى تېپىشقا ئۇرۇندى ۋە ئۇنىڭ قايسى يول بىلەن ھىندىستاندىن باشقا دۆلەتلەرگە تارقالغانلىقىنى ئىزاھلىدى (28 ـ ماتېرىيال 20 — 26 ـ بەتلەر).

چۆچەكشۇناسلىق ساھەسىدىكى ئەڭ كۆپ مۇنازىرە قوزغىغان ئېقىمنىڭ بىرسى ئاۋستىرىيىلىك داڭلىق پەيلاسوپ فرېئۇد (Freud) نىڭ روھىي ئانالىز ئېقىمى بولدى. فرېئۇد ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى جۇڭ (Jung) چۆچەكلەرگە يوشۇرۇنغان ئىنسان روھىنى ئىزدىدى، ئۇلار چۆچەكلەردىكى ھادىسىلەرنى بىر خىل سىمۋوللۇق بېشارەت، بېسىمغا ئۇچرىغان ئىنسان ئىنتىلىشىنىڭ نىقابلانغان شەكلىدىكى قېنىقۋېلىشى دەپ قارىدى (45 ـ ماتېرىيال).

يەنە بىر قىسىم چۆچەكشۇناسلار چۆچەكلەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلدى. بۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرى فرانسىيىلىك ستىرائۇس (Straus) ، ئامېرىكىلىق ئالان داندېس (Alan Dundes) ۋە رۇسىيىلىك پروپ (Propp) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇلار چۆچەكلەرنى تەتقىق قىلغاندا، ئۇنىڭ ھەرقايسى تەركىبىي قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى قۇرۇلما مۇناسىۋىتىنى ئانالىز قىلىش كېرەك، دەپ قارىدى. شۇڭا، ئۇلار چۆچەكلەرنىڭ سۈژېت قۇرۇلمىسىنى ئېنىقلاشقا ئالاھىدە كۈچ چىقاردى. بۇلاردىن ستىرائۇس «قارىمۇقارشىلىق ئەندىزىسى» بارلىق چۆچەكلەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ دېسە، ئالان داندېس ئىندىئانلارنىڭ چۆچەكلىرى ئالتە موتىفلىق قۇرۇلمىدىن (كەملىك، كەملىكنىڭ تولۇقلىنىشى، مەنئى قىلىش، مەنئىگە خىلاپلىق قىلىش، ئاقىۋەت، ئاقىۋەتتىن قۇتۇلۇش قاتارلىق موتىفلار-

دىن ) تەركىب تاپقان دەپ قارىدى (28 ـ ماتېرىيال 37 — 49 ـ بەتلەر ) . پرووپ بولسا «چۆچەك مورفولوگىيىسى» ناملىق ئەسىرىدە چۆچەكلەردە ئوخشاش بىر خىل رولنى ئوخشاش بولمىغان كىشىلەر ئورۇندايدۇ ، چۆچەكلەر نەچچە ئون «فۇنكسىيە» دىن تەركىب تاپقان دەپ قارىدى ۋە رۇس چۆچەكلىرىنى ئاساس قىلىپ ، 31 فۇنكسىيىنى ئوتتۇرىغا قويىدى (46 ـ ماتېرىيال 23 — 33 ـ بەتلەر ) .

چۆچەكشۇناسلىق ساھەسىدىكى ئەڭ مەشھۇر ، تەسىر دائىرىسى ئەڭ كۈچلۈك بولغان ئېقىم — فىنلاندىيىلىك ئالىملار كەشىپ قىلغان «تارىخ ـ جۇغراپىيە ئېقىمى» دۇر ( Historical — geographical Method) . بۇ ئېقىمنىڭ ئاساسىي ۋەكىللىرى فىنلاندىيىلىك كارل كروخن ( Kaarle krohn) ، ئانتى ئارنې ( Antti Aarne) ۋە ئامېرىكىلىق تومپسون ( Thompson) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت . ئۇلار چۆچەكلەرنىڭ پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدىكى خىلمۇخىل ۋارىيانتلىرى ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ، چۆچەكلەرنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتى ۋە تارقالغان ماكانلىرىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن تىرىشتى ، شۇنداقلا دۇنيا چۆچەكلىرىنى تىپلارغا ئايرىدى ۋە ئۇلارنىڭ موتىفلىرىنى كۆرسىتىپ بەردى (15 ـ ماتېرىيال 496 — 513 ـ بەتلەر ) .

يۇقىرىدا بىر قىسىم تەتقىقات ئۇسۇللىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق . بىز ئۇشبۇ ئەمگىكىمىزدە تارىخ ـ جۇغراپىيىلىك تەتقىقات ئۇسۇلى بىلەن ئانتروپولوگىيىلىك تەتقىقات ئۇسۇلىنى قوللىنىمىز . ئانتروپولوگىيە ئالىملىرى ئىپتىدائىي جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى ، دىنىي ئېتىقادلىرىنى ۋە ئۆرپ ـ ئادەت پائالىيەتلىرىنى جانلىق ۋە روشەن بايان قىلىپ بەردى . مەلۇمكى ، سېھىرلىك چۆچەكلەر ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە پەيدا بولغان . ئۇ ئۇزاق فېئودالىزم دەۋرىدە داۋاملىق تارقىلىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى يەنىلا ئىپتىدائىي جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك . خۇددى ماھىنۇر ئەلىيېۋا ئېيتقاندەك : «خەلقىمىزنىڭ ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇر ئېتىقادلىرى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ سېھىرلىك چۆچەكلەر تۈرىدە كۆپ ساقلانغان» (22 ـ ماتېرىيال 126 ـ بەت ) . شۇڭا ، سېھىرلىك چۆچەكلەردىكى نۇرغۇن تىلسىملىق ـ سېھىرلىك ھادىسىلەرنى پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادلىرى نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندىلا ، ئۇنىڭدىكى غەلىتە تۇرمۇش ھادىسىلىرىنىڭ سىرىنى پەقەت ئىپتىدائىي

كىشىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئىچىگە قويۇپ تەكشۈرگەندىلا ئېنىقلىغىلى بولىدۇ .
تارىخ ـ جۇغراپىيىلىك تەتقىقات ئۇسۇلى بۇگۈنكى دۇنيادا ئەڭ كەڭ قوللىنىلىۋاتقان ، دۇنيا چۆچەكشۇناسلىرى تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنىۋاتقان ئۇسۇلدۇر . بىز بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سېھىرلىك چۆچەكلىرىنى تىپلارغا ئاجرىتىپ چىقىمىز ، ئۇنىڭدىكى مۇھىم موتىفلارنى كۆرسىتىمىز ۋە ئۇلارنى خەلقئارادىكى باشقا مىللەت چۆچەكلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ مۇھاكىمە قىلىمىز .
بىزنىڭ بۇ ئەمگىكىمىزدە ھەل قىلىنىدىغان ئاساسىي مەسىلىلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :
1 . ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى سىستېمىلىق ھالدا تىپلارغا ئاجرىتىلىدۇ ۋە ھەربىر تىپقا تەۋە چۆچەكلەرنىڭ ئاساسىي سۇژىتلىرى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ .
2 . ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى باشقا مىللەتلەرنىڭ چۆچەكلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇلۇپ ، ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەر كۆرسىتىلىدۇ .
3 . ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان ئەنئەنىۋى موتىفلار ۋە ئۇلارنىڭ مەزمۇنى تونۇشتۇرۇلىدۇ .
4 . سېھىرلىك چۆچەكلەردىكى ئەنئەنىۋى ئوبرازلار تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېرى شەرھلىنىدۇ .
5 . سېھىرلىك چۆچەكلەردىكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد ، ئىپتىدائىي ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ئىپتىدائىي قائىدە ـ تۈزۈملەر تەكشۈرۈلىدۇ .
6 . سېھىرلىك چۆچەكلەرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ھەققىدە قىسقىچە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ .

## 3 . مۇھاكىمە قىلىنىدىغان چۆچەكلەر تىزىملىكى

### «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (1 ـ قىسىم)

(نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابلىمىت سادىق . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1979 ـ يىل 8 ـ ئاي نەشرى . بۇ توپلامدا 53 چۆچەك

بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە سېھىرلىك چۆچەك 10.)

1. ئالتۇن كەش
2. تەدبىرلىك پادىشاھ
3. گۆھەر تۇغىدىغان توخۇ
4. ئۇر توقماق
5. قاينا چۆگۈن
6. خاسىيەتلىك تاش
7. كارىزدىكى بۆدۈنە
8. ئۆشنىگەرنىڭ چارىسى
9. سىرىك - تىرىك، كىم ئۇتقاق؟
10. ياغاچ ئات

## «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (2 - قىسىم)

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت سادىق. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىل 1 - ئاي نەشرى. بۇ توپلامدا 37 چۆچەك بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە سېھىرلىك چۆچەك 12.)

11. چىن تۆمۈر باتۇر
12 بۇلبۇلگويا
13. مەستان كەمپىر
14. ئالتۇن كوكۇلىلىق بالا
15. ياساقچى بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى
16. ئالتۇن شەمشەر
17. ھېكمەتلىك ساندۇق
18. قۇتلۇق بىلەن قارلىغاچ
19. كەنجى باتۇر
20. چوكان
21. ئىككى ھورۇننىڭ ئۆلۈمى
22. ھىيلە - مىكىر

## «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (3 - قىسىم)

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: تۇرسۇن لېتىپ، غوجىئەخمەت يۇنۇس، تۇرسۇن زىيەردىن، مىجىت ئوسمان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىل 1 - ئاي نەشرى. بۇ توپلامدا 59 چۆچەك بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە سېھىرلىك چۆچەك 18.)

23. بۇردىقارى بىلەن پادىشاھ
24. مايمۇن قىز
25. ۋەيلۇن دوراخنىڭ تۈۋرۈكى
26. پادىچى بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى
27. بىرىل تېشىم، بىرىل
28. ئالتۇن تاغ

29 . تۆل خوتۇن بىلەن بالا
30 . تايغان بىلەن بۈركۈت
31 . كەمەك ھەييار بىلەن مۇختەر ھەييار
32 . خالبانۇم
33 . ئېيىق باتۇر
34 . خېمىر باتۇر
35 . ياخشىلىق يەردە قالماس
36 . تادان بىلەن نادان
37 . ياخشىلىققا ياخشىلىق
38 . ھۈنەرۋەن بالا
39 . ئاكا ـ ئۇكا
40 . پادىشاھنىڭ ئۈچ قىزى

## «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (4 ـ قىسىم)

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلار : سىيىت زۇنۇن ، ئابدۇراخمان مۆمىن . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1982 ـ يىل 6 ـ ئاي نەشرى . بۇ توپلامغا 34 چۆچەك كىرگۈزۈلگەن ، ئەمما ئۇنىڭ بېشىدىكى بەش چۆچەك بىلەن 3 ـ قىسىمنىڭ ئاخىرىدىكى بەش چۆچەكنىڭ نامىمۇ ، تېكىستىمۇ ئوخشاش ، شۇڭا بۇ توپلامدىكى چۆچەكلەر ئەمەلىيەتتە 29 بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە سېھىرلىك چۆچەك 11 . )

41 . تادان بىلەن گول
42 . تۆلكە بىلەن پوسەكچى
43 . ۋەلى باپكار
44 . جادۇگەرنىڭ ھالاكىتى
45 . ئەجدىھا يىگىت
46 . خاسىيەتلىك قۇش
47 . پادىشاھ بولغان پادىچى
48 . دىيانەتسىز ئۇستاز
49 . بىر پەرىزاتنىڭ سۈرىتى
50 . سەمەندەر
51 . سودىگەرنىڭ ئوغلى

## «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (5 ـ قىسىم)

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلار : نۇرمۇھەممەت زامان ، تۇرغان شاۋدۇن . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1983 ـ يىل 3 ـ ئاي نەشرى . بۇ توپلامدا 27 چۆچەك بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە سېھىرلىك چۆچەك 10 . )

52 . ۋاپادار قۇش
53 . خاسىيەتلىك چۈش
54 . كەنجى باتۇر
55 . نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك
56 . شاھزادە تۇغلۇق
57 . خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەر
58 . زۇلخۇمار
59 . كەنجى ئوغۇل
60 . غايىب نىكاھ
61 . ۋاپادارلىق

## «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (6 ـ قىسىم)

«نەشرگە تەييارلىغۇچىلار : مىركامىل ياقۇپ ، ھەسەن ئەلى . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1982 ـ يىل 1 ـ ئاي نەشرى . بۇ توپلامدىكى چۆچەكلەرنىڭ ئالدىنقى 26 سى 5 ـ قىسمىدىكى شۇ ناملىق چۆچەكلەر بىلەن ، ئاخىرىدىكى 12 سى 8 ـ قىسمىدىكى شۇ ناملىق چۆچەكلەر بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش . دېمەك ، ئاتالمىش 6 ـ قىسىمدىن ئىبارەت بۇ توپلام 5 ـ قىسىم بىلەن 8 ـ قىسىمدىكى بىر قىسىم چۆچەكلەرنىڭ تەكرارلىنىشىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ ، ئۇنىڭ ھېچقانداق مەۋجۇتلۇق قىممىتى يوق . )

## «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (7 ـ قىسىم)

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلار : ئېزىز ساۋۇت ، نۇردۇن مۇسا . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1985 ـ يىل 7 ـ ئاي نەشرى . بۇ توپلامدا 50 چۆچەك بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە سېھىرلىك چۆچەك 14 . )

62 . جۇدالىق ۋە خۇشاللىق
63 . ئاتا ۋەسىيىتى
64 . مەمۇت بىلەن مەلىكە مەھلىيا
65 . قىز كىمگە تەئەللۇق؟
66 . لوقماننىڭ ئوغلىغا نەسىھىتى
67 . كەنجى باتۇر
68 . سۇ پەرىسى دىلئارام
69 . ئاقۇۋەت
70 . شەپقەتلىك پادىشاھ
71 . قان بەدىلىگە كەلگەن ئالتۇن
72 . باتۇر يىگىت
73 . گۈلى رەنا
74 . پولات بىسلىق خەنجەر
75 . خاسىيەتلىك بۇلاق

## «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (8 ـ قىسىم)

(نەشرگە تەييارلىغۇچى : شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاـكۇلتېتى . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1985 ـ يىل 7 ـ ئاي نەشرى . بۇ توپلامدا 55 چۆچەك بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە سېھىرلىك چۆچەك 28 . )

76 . ئالىۋسېلىق
77 . پەملىك دىۋانە
78 . سالىق باي
79 . شاتۇتنىڭ كېلىپ چىقىشى
80 . مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ساياھىتى
81 . پالۋان
82 . پاقا شاھزادە
83 . قارا سىيەتلىك قېرىنداش
84 . ھۇرۇنلۇقنىڭ ساھلىقچە
85 . ياسىرەك
86 . شاھزادىنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتى
87 . ئەحمەن باتۇر
88 . تەحەي بېگىم
89 . نۇر شېھىت
90 . ئوقۇش ئۈچۈن
91 . پادىشاھنىڭ ئۈچ ئوغلى
92 . جاھاننى بەھىلىك كەزگەنلەر
93 . دېدەك قىز
94 . تار بىلەن سېھىرگەر
95 . مەلىكە قانچۇر ھېكايىسى
96 . قادىر ئەۋلىيا
97 . چىۋىن قانداق پەيدا بولغان؟
98 . ئۈچ دوست
99 . پەرىزات
100 . ئىلمۇلۇپ
101 . ساداب ۋە ئادات
102 . پەرىزات قىز
103 . بەڭگىلەر

## «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (9 ـ قىسىم)

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلار : ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر ، تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1986 ـ يىل 4 ـ ئاي نەشرى . بۇ توپلامدا 37 چۆچەك بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە سېھىرلىك چۆچەك 8 . )

104 . تۆت ھەمراھ
105 . چاشقاننىڭ ئاقىۋىتى
106 . گول ئادەم
107 . ئىرادىلىك شاھزادە

108 . قىلىچ ئۆمەر
109 . شىرزات

11[illegible] . خاسىيەتلىك تاش

## «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (10 ـ قىسىم)

(نەشرگە تەييارلىغۇچى : ساتتار توختى . شىنجاڭ خەلق نەشرىيا-
تى ، 1987 ـ يىل 3 ـ ئاي نەشرى . بۇ توپلامدا 59 چۆچەك بولۇپ ،
بۇنىڭ ئىچىدە سېھىرلىك چۆچەك 21 .)

112 . ھېكمەتلىك سۆز
113 . ئالتۇن ئاياغلىق قىز
114 . ۋاپاغا جاپا بارمۇ
115 . نۇرلۇق مەرمەر
116 . غوجا سېلىم
117 .خاسىيەتلىك ئالما
118 . مەككارلىق ئاقىۋىتى
119 . مەلىكە ئايسىللا ـ شاھزادە رەۋەيدۇللا
120 . پادىشاھ بىلەن يوھا
121 . لەئەلشاھ بىلەن ئىپارگۈل
122 . بەھرام ۋە ھەپتە مەنزەر
123 . مۇرۇن
124 . قايسىغا مەنسۇپ بولۇش كېرەك ؟
125 . پەملىك بوۋاي
126 . ئاكا ـ ئۇكا
127 . ھەسەلەتلىك گۈل
128 . شاھزادە بىلەن ئالۋاستى
129 . دانىشمەننىڭ كارامىتى
130 . پاراسەتلىك يىگىتنىڭ كارامىتى
131 . كېسەلنىڭ سىرى
132 . قەمەر بىلەن شەمەر

## «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (11 ـ قىسىم)

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلار : نەجمىدىن سىدىق ، نۇردۇن مۇسا ،
پازىل قادىر ، مەمتىمىن ياسىن . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1988 ـ
يىل 7 ـ ئاي نەشرى . بۇ توپلامدا 32 چۆچەك بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە
سېھىرلىك چۆچەك 8 .)

133 . شاھرادىنىڭ جۇلاسى
134 . شاھزادە بىلەن مامۇن مەلىكە
135 . قىساس مۇئەككىلى
136 . ساڭگاسنۇناش
137 . بەتتە كەپەر سۇرىسى
138 . نىقابلانغان مەلىكە
139 . ھەسەنەم ۋە گولپەرى
140 . سەيتاسنىڭ تىجارىتى

## «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (12 ـ قىسىم)

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلار : پازىل قادىر ، مەمتىمىن ياسىن . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1991 ـ يىل 1 ـ ئاي نەشرى . بۇ توپلامدا 45 چۆچەك بار ، ئەمما ئۇنىڭدىكى «خاسىيەتلىك چۈش» ناملىق چۆچەك 5 ـ قىسىمدىكى شۇ ناملىق چۆچەك بىلەن ئوپمۇئوخشاش . بۇ چۆچەكنى ھېسابلىمىغاندا ئۇنىڭدىكى چۆچەك 44 بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە سېھىرلىك چۆچەك 12 .)

141 . تويدىن كېيىنكى قىزنىقچىلىق
142 . يىگىتكە يەتمىش تۈرلۈك ھۈنەرمۇ ئاز
143 . پاراسەتلىك يىگىت
144 . ئەمەر پالۋان
145 . ئوبۇل دانا ھېكىم بىلەن ئەلقۇش ۋەزىر
146 . بېلىقچى بىلەن پادىشاھ
147 . ھېلىمنىڭ ھىيلىسى
148 . ئۈچ ۋەزىپە
149 . نامەردنىڭ ئۆلۈمى
150 . مەرۇپ ياماقچى
151 . بېخىل بىلەن ئەزرائىل
152 . قازىنىڭ ئاقىۋىتى

## «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (13 ـ قىسىم)

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلار : ئابدۇقېيىيۇم تۇردى ، ئابدۇرېشىت ئىبراھىم ، ئابدۇللا رېشىت . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1991 ـ يىل 1 ـ ئاي نەشرى . بۇ توپلامدا 26 چۆچەك بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە سېھىرلىك چۆچەك 8 .)

153 . خۇش ناقمايدۇ
154 . ۋاپادار يولداخۇن
155 . كىشىلەر ئۆگەنمىگەن ھۈنەر
156 . تاش باتۇر
157 . چىگىت باتۇر
158 . بېلىق كۆلدى
159 . چىلان قورۇق
160 . ئىككى يولۇچى

## «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (14 ـ قىسىم)

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلار : ساتتار توختى ، مۆيدىن سايىت .

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل 11 ـ ئاي نەشرى. بۇ توپلامدا 50 چۆچەك بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە سېھىرلىك چۆچەك 17.)

161 . قۇندۇز بىلەن يۇلتۇز
162 . سېرلىق شاپتۇل
163 . ياتاقچى يىگىت بىلەن يەكچەشمە
164 . ئۆلمەي تۇرۇپ جەننەتنى كۆرۈش
165 . شىپالىق ئوت
166 . ئىگەمبەردى
167 . كۆز پەرىخان
168 . نۇرتاي بىلەن ئىمىنتاي
169 . ئەتىرگۇل پەرى
170 . ئالتۇن ئالما
171 . دىۋىنى قورقۇتقان باتۇر
172 . ئېشەكباش پادىشاھ
173 . ياخشى نىيەت بەختكە ھەمراھ
174 . قارا چاچ قىز
175 . ئەمىتەك پادىشاھ
176 . ئۆسكەك پادىشاھ
177 . رەھىمدىل ئۇكا بىلەن رەھىمسىز ئاكىلار

## «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (15 ـ قىسىم)

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: مىجىت ئوسمان، ئوسمان مۇسا، مۆيدىن سايىت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل 12 ـ ئاي نەشرى. بۇ توپلامدا 21 چۆچەك بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە سېھىرلىك چۆچەك 14.)

178 . لەھەلبانۇم ۋە شېرىنبانۇم
179 . ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا باتۇرلار
180 . ئۈچ ئېگىچە ـ سىڭىل
181 . ئوۋچى يىگىت بىلەن پەرى قىز
182 . شاھزادە
183 . ھەسەن ـ ھۆسەن
184 . قىرىق كۈن يېتىپ بىر كۈن ئىشلىگەن
185 . ئاق كۆكۈل بىلەن ئالا كۆكۈل
186 . ئادىمىي شەيتان
187 . قىزىل گۈل
188 . دىيانەتلىك مەلىكە بىلەن ۋاپادار ئات
189 . قىتىقچىنىڭ كومزىكى
190 . بايۋەچچىنىڭ كەچۈرمىشلىرى
191 . سېرلىق قاپاق

## «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (16 ـ قىسىم)

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: ياسىن زىلال. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،

1996 ـ يىل 2 ـ ئاي نەشرى . بۇ توپلامدا 14 چۆچەك بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە سىھىرلىك چۆچەك 7 . )

192 . مەلىكە گۈلبۇي
193 . ياخشىلىق يەردە قالماس
194 . مېھرىي سقاۋ
195 . ئادىلجان پادىشاھ ۋە ئۈچ دەرۋىش
196 . مەككار
197 . شەمشى بىلەن پەرىزات
198 . كۆكۈلداش

## «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (17 ـ قىسىم)

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلار : ئازاتگۈل ، تۇرسۇنگۈل ئەمەت ، سابىرجان ، ساتتار توختى ، يۇنۇس سەمەت ، تۇرنىسا مامۇت . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1998 ـ يىل 12 ـ ئاي نەشرى . بۇ توپلامدا 45 چۆچەك بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە سىھىرلىك چۆچەك 18 . )

199 . لەئەلشاھ بىلەن ئىپارگۈل
200 . يەتتە كېسىرەك
201 . قىلىچ
202 . ياخشىلىققا ياخشىلىق
203 . نادامەت
204 . ئوتۇنچى بوۋاي
205 . ھاسىيەتلىك ئۇرۇق
206 . قەبرە ئىچىدىكى كىتاب
207 . ۋاپادارلار
208 . ئەقىللىق شاھزادە بىلەن گۆھەر مەلىكە
209 . ۋاپاسىز خوتۇن
210 . ئاكا ـ ئۇكا
211 . ئوغرىلىقنىڭ ئاقىۋىتى
212 . ئىككى تۇپ شاپتۇل
213 . گۈلقەقە
214 . ۋاپاسىز سىڭىل
215 . ئېسىق چىمچىلاق
216 . قارا ياللىق قۇلان ئارغىماق

## «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (18 ـ قىسىم)

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلار : ئابدۇقېيۇم تۇردى تۇرپانى ، ئابدۇرېشىت ئىبراھىم . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2000 ـ يىل 1 ـ ئاي نەشرى . بۇ توپلامدا 20 چۆچەك بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە سىھىرلىك چۆچەك 11 . )

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

217 . ئاق بوز ئايغىر
218 . ئامەتلىك شاھزادە
219 . ئالتۇن بوۋاق
220 . پىش ـ پىش شاپتۇل
221 . كۈنگۈ سۇلۇ
222 . غېرىب بىلەن غوجىنىسكەن
223 . ئەڭگۈشتەر
224 . زېرەك
225 . خىزىر نىياز
226 . باياۋان قىزى
227 . شەمشەرشاھ

## «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (19 ـ قىسىم)

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلار : ئابدۇقېيۇم تۇردى تۇرپانى ، ئابدۇرېشىت ئىبراھىم . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1991 ـ يىلى 11 ـ ئاي نەشرى . بۇ توپلامدا 35 چۆچەك بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە سېھىرلىك چۆچەك 9 . )

228 . خۇرشىد مەرگەن
229 . غايىب شەھەر
230 . ھورۇننىڭ ئاقىۋىتى
231 . كەنجى باتۇر
232 . ئېيىق ئىسلام باتۇر
233 . چار قۇيرۇقلۇق جەدە ئات
234 . ھېزىم بىلەن جادۇگەر
235 . ئېيىق سۇلتان
236 . ئاق تاش ، كۆك تاش

## «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (20 ـ قىسىم)

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلار : ئابدۇقېيۇم تۇردى تۇرپانى ، ئابدۇرېشىت ئىبراھىم . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1991 ـ يىلى 11 ـ ئاي نەشرى . بۇ توپلامدا 26 چۆچەك بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە سېھىرلىك چۆچەك 12 . )

237 . خاسىيەتلىك رەسىم
238 . قانجۇر مەلىكە
239 . يامان خوتۇن
240 . باتۇر قىز
241 . مېيىپ بالا
242 . خىسلەتلىك توقماق
243 . كېسىلگەن قول
244 . قوڭغۇراق توشقان

245 . ئاكا ـ ئۇكا
246 . ھاياتلىق سۇيى
247 . بىر شاھزادىنىڭ مۇھەببەت يولىدىكى كەچۇرمىشلىرى
248 . باتۇر لاچىن

## «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»

(نەشرگە تەييارلىغۇچى : ماھىنۇر ئەلىيېۋا . قازاقىستان «يازغۇچى» نەشرىياتى ، ئالمۇتا ، 1969 ـ يىل نەشرى . بۇ توپلامدا 17 چۆچەك بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە سىھىرلىك چۆچەك 5 . )

249 . مەلىكە پەرى
250 . قورايچىنىڭ قىزى
251 . بېلىقچىنىڭ ئوغلى
252 . ئۇزۇلگەن باش
253 . خال پالۋان

## «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»

(نەشرگە تەييارلىغۇچى : روزى قادىرى . قازاقىستان دۆلەتلىك گۈزەل ئەدەبىيات نەشرىياتى ، ئالمۇتا ، 1958 ـ يىل نەشرى . بۇ توپلامدا 20 چۆچەك بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە سىھىرلىك چۆچەك 12 . )

254 . ئېچىلمىغان قاپاقتىكى سىر
255 . مىس چۆگۈن
256 . موزدۇز
257 . ئالتۇن تاجلىق بېلىق
258 . ھىلال قاسساپ
259 . بۇلبۇلگويا
260 . ژاپاغا جاپا
261 . ئەقىللىق باتۇر
262 . بوز ژاپادار
263 . يېتىم قىز
264 . قوزىچاق
265 . ئىككى قوچقار

## «ئۇيۇل ئالتۇن» (ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى)

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلار : م • ئەلىيېۋا ، ب • ئەرشىدىنوف ، ز • قاھاروف ، ر • سابىتوف ، م • ھەمرايېف . قازاقىستان «پەن»

نەشرىياتى ، ئالمۇتا ، 1976 ـ يىل نەشرى . بۇ توپلامدا 45 چۆچەك بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە سىھىرلىك چۆچەك 13 . )

266 . تەكەببۇر مەلىكە
267 . چوكان
268 . پادىشاھنىڭ ئۈچ قىزى
269 . گۆھەر تۇغىدىغان توخۇ
270 . ياغاچ ئات
271 . كارىزدىكى بۆدۈنە
272 . ياخشىلىققا يامانلىق
273 . ياخشىلىققا ياخشىلىق
274 . تاز ۋە سارايۋەن
275 . بەڭگى خىيال
276 . مايمۇنەك
277 . ئېپىق ئوغلى ئەرقۇربان
278 . ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا

## «ئەدەبىيات 6 ـ سىنىپ ئۈچۈن خرېستوماتىيە»

(تۈزگۈچىلەر : ئا • ئەلاخۇنوۋا ، ھ • نىغمەتوف ، قازاقىستان «مەكتەپ» نەشرىياتى ، ئالمۇتا ، 1981 ـ يىل نەشرى . بۇ كىتابتا ئۈچ پارچە ئۇيغۇر سىھىرلىك چۆچىكى بار . )

279 . چىن تۆمۈر ۋە مەختۇمسۇلا
280 . ئاكا ـ ئۇكا ئۈچ باتۇر
281 . پېرىلى تېشىم ، پېرىلى

## «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى»

(گۈننار ياررىڭ توپلىغان ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، بېيجىڭ 1997 ـ يىل 12 ـ ئاي نەشرى . بۇ كىتابتا 18 چۆچەك بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە سىھىرلىك چۆچەك 7 . )

282 . دادا ۋە قىرىق ئوغۇل
283 . دەردمەن شاھزادە
284 . ئۆلۈك يىگىتنىڭ خوتۇنى
285 . باي ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى
286 . قارا سىيەت پىرىنىڭ ئاقىۋىتى
287 . ئادىلخان
288 . بىنومۇس ئاياللار ھەققىدە ھېكايە

## «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»

(نەشرگە تەييارلىغۇچىلار : مۆمىن ھەمرايېۋ ، ماھىنۇر ئەلىيېۋا . قازاقىستان «يازغۇچى» نەشرىياتى ، ئالمۇتا ، 1977 ـ يىل نەشرى . بۇ توپلامدا 25 چۆچەك بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە سېھىرلىك چۆچەك 8 . )

289 . ئەخمەق دېۋىلەر
290 . ئادەم ئۆزى ئۇچۇن تۇغۇلمايدۇ
291 . كەنجى
292 . قېرىغاندا ئېچىلغان بەخت
293 . قۇتلۇق بىلەن قارلىغاچ
294 . تاي بىلەن بالا
295 . بىلەرمەن
296 . كۆزگە ئىلمىغان پۇتقا چوماق

## «ئۇيغۇر تىلى ـ قومۇل تېكىستلىرى»

(س • ئې • مالوف توپلىغان ، س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى ، موسكۋا ـ لېنىنگراد 1954 ـ يىل نەشرى . مەزكۇر توپلامدا 37 چۆچەك بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە سېھىرلىك چۆچەك 13 . )

297 . توقتۇر بەگكى
298 . مالپاك قۇش
299 . ھەمراجان ۋە قۇش
300 . گۇلقەقە
301 . دۇتارچى
302 . چىن تۆمۈر
303 . گۈزەل ئابال
304 . بوۋاي ۋە ئۇنىڭ قىزلىرى
305 . ئاجايىپ بالا ۋە يەتتە باشلىق يالماۋۇز
306 . ئارپاغان باتۇر
307 . پاقا ئايال
308 . سۇمۇرغ بىلەن ئادەم
309 . ئۈچ يولۋاسلىق ئادەم ۋە يالماۋۇز

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

# بىرىنچى باب ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ سۇژېتلىرى

بىز ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ ئاساسىي سۇژېتلىرىنى تۆۋەندىكى تۈرلەر بويىچە قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز :

## 1 . باتۇرلۇق ھەققىدىكى چۆچەكلەر

ئۇيغۇرلارنىڭ باتۇرلۇق ھەققىدىكى چۆچەكلىرى سېھىرلىك چۆچەكلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئاساسىي چۆچەكلەردۇر . ئۇ ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ مۇھىم قىسمىنى ئىگىلەيدۇ . بۇ خىل چۆچەكلەردە ئادەتتىن تاشقىرى كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە باتۇرلارنىڭ دىۋە ، يالماۋۇز ، ئەجدىھا ، يىرتقۇچ ھايۋان ۋە ئوغرى ـ قاراقچىلارنى يوقىتىپ ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇپ ، بەخت ـ سائادەت ياراتقانلىقى بايان قىلىنىدۇ . سېھىرلىك چۆچەكلەردىكى بۇ باتۇرلار قورقۇنچلۇق دىۋىلەر ماكانى ، تىلسىملىق غارلار ، يەر ئاستى پادىشاھلىقى ۋە سۇ ئاستى شەھەرلىرىگە بېرىپ ئادەم ئىشەنگۈسىز قەھرىمانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ .

باتۇرلۇق ھەققىدىكى بىر قىسىم چۆچەكلەرنىڭ باش پېرسوناژلىرى ئۈچ ئاكا ـ ئۇكىلاردۇر . كۆپ چۆچەكلەردە بايان قىلىنىشىچە ، بۇ ئۈچ ئوغۇل چوڭ بولۇپ ، يىگىتلىك دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن ، ئۆز يۇرتىدىن چىقىپ باشقا شەھەرلەرگە سەپەر قىلىدۇ . ئۇلارنىڭ مەقسىتى جاھان كېزىپ دۇنيانى بىلىش ، ئۆزلىرىنىڭ باتۇرلۇقىنى كۆرسىتىدىغان سورۇن ئىزدەش ، شۇنداقلا بەخت ـ تەلىيىنى سىناپ بېقىشتىن ئىبارەت . ئاز بىر قىسىم چۆچەكلەردە ئۇلار دادىسىغا ئېسىل دورا ياكى قىممەتلىك نەرسە ئىزدەپ يولغا چىقىدۇ . بۇ قەھرىمانلار سەپەر جەريانىدا ئۆزلىرىگە ھۇجۇم قىلغان ياكى باشقىلارغا زۇلۇم سېلىۋاتقان يىرتقۇچ مەخلۇق ۋە قاراقچىلارنى يوقىتىپ ، شە-

رەپ قازىنىدۇ . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەنە شۇ تۆھپىلىرىگە لايىق مۇكاپاتلىنىدۇ : مەلىكىلەرگە ئۆيلىنىدۇ ، ھەتتا پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرىدۇ . چۆچەكلەردە بۇ ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا بىر ـ بىرىگە ئىنتايىن مېھرىبان ۋە ۋاپادار قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ . بەزىدە كەنجى ئوغۇل مەلىكە بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ، مەستان كەمپىرنىڭ سۈيىقەستىگە ئۇچراپ ، جېنىدىن ئايرىلىدۇ . بۇ چاغدا ئاكىلىرى كېلىپ ئۇنى تىرىلدۈرىدۇ ۋە دۈشمەنلىرىنى يوقىتىدۇ . بەزىدە ئاكىلىرى خاسىيەتلىك نەرسىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن يالماۋۇزنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇتۇلۇپ قالىدۇ ياكى پەرھىزلەرگە ئەمەل قىلماي ، پالاكەتكە ئۇچرايدۇ ، بۇ چاغدا كەنجى ئوغۇل كېلىپ ، ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ .

باتۇرلۇق ھەققىدىكى بىر قىسىم چۆچەكلەرنىڭ باش پېرسوناژى يالغۇز بىر يىگىتتۇر . ئۇ دىۋە ـ يالماۋۇزلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ، ئۇ يەردىن خاسىيەتلىك تاش قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىپ ، ئۆز يۇرتىنىڭ خەلقىگە بەختلىك تۇرمۇش ئاتا قىلىدۇ . يەنە بىر قىسىم چۆچەكلەردە ئەجدىھا ، يالماۋۇز قاتارلىق يىرتقۇچ ھايۋانلار مەلۇم شەھەر خەلقىگە ھۇجۇم قىلىپ ، ئۇلارغا زۇلۇم سېلىۋاتقاندا چۆچەكنىڭ باش پېرسوناژى پەيدا بولۇپ ، بۇ يىرتقۇچ مەخلۇقلارنى يوقىتىپ ، شەھەر خەلقىنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ .

باتۇرلۇق ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمىدا ، باش پېرسوناژ غەيرىي تەبىئىي تۇغۇلىدۇ ۋە غەيرىي تەبىئىي چوڭ بولىدۇ . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئېيىقتىن تۇغۇلىدۇ ياكى ئۇلارنى ئېيىق بېقىپ چوڭ قىلىدۇ . بەزىلىرى خېمىردىن ياسىلىدۇ ، يەنە بەزىلىرى خۇدا تەرىپىدىن بىردىنلا پەيدا قىلىنىدۇ . شۇ سەۋەبتىن بۇ قەھرىمانلار ئادەتتىن تاشقىرى كۈچلۈك بولىدۇ . ئۇلار كىشىلەرنى ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇپ ، ھەتتا ئۆلتۈرۈپ قويۇپ ، يۇرتنى پاراكەندە قىلىۋېتىدۇ . ئاخىر ئۇلار سەپەرگە ئاتلىنىپ ، ئورمانلىقتا ئۆزىگە ئوخشاش ئالاھىدە ئىقتىدارى بار باتۇرلار بىلەن تونۇشۇپ ، دوست بولۇپ بىللە ياشايدۇ . شۇ چاغدا ئۇلارغا يالماۋۇز (ياكى ئۆزى بىر غېرىچ ، ساقىلى 40 غېرىچ مەخلۇق ) ھۇجۇم قىلىدۇ . باش پېرسوناژ ئۇنى قوغلاپ ، يەر ئاستىغا چۈشۈپ ، ئۇ يەردىن تۇتقۇن قىلىنغان مەلىكە ۋە باشقا ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ئېلىپ چىقىدۇ .

بىز باتۇرلۇق ھەققىدىكى ئۇيغۇر چۆچەكلىرىنىڭ 13 سۇژىتىنى كۆرسەتتۇق (ئالتىنچى بابتىكى «ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ تىپلىرى» غا قاراڭ ) . بۇ سۇژىتلار گەرچە بىر – بىرىدىن پەرقلەنسە- مۇ ، لېكىن ئۇلارنى تۆۋەندىكى قۇرۇلما ئىچىگە يىغىنچاقلاشقا بولى- دۇ :

I مۇقەددىمە (ئىككى خىل )

1 . ئۈچ ئاكا – ئۇكىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى

2 . قەھرىماننىڭ ئاجايىپ تۇغۇلۇشى ۋە ئاجايىپ چوڭ بولۇشى

A . ئېيىقتىن تۇغۇلۇش

B . خېمىردىن ياسىلىش

C . خۇدا تەرىپىدىن يارىتىلىش

Ⅱ باشلىنىش قىسمى (ئىككى خىل )

1 . جاھان كېزىپ ، بەخت ئىزدەش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىش .

2 . يىراق ماكاندىكى خاسىيەتلىك نەرسىنى ئېلىپ كېلىش ئۈ- چۈن سەپەرگە ئاتلىنىش

Ⅲ ئاساسىي ۋەقەلىكى (ئۈچ باسقۇچ )

بىرىنچى باسقۇچ : سەپەر ئۈستىدە يىرتقۇچ مەخلۇقلار بىلەن ئېلىشىش (تۆت خىل )

1 . ئاكا – ئۇكىلار ئۆزگە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن يىرتقۇچ ھايۋان ياكى قاراقچىنى ئۆلتۈرۈپ ، داڭ چىقىرىپ ، مەلىكىگە ئۆيلە- نىدۇ .

2 . باش پېرسوناژ ئەجدىھانى يوقىتىپ ، مەلىكىنى قۇتقۇزۇۋاله- دۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۆيلىنىدۇ .

3 . ئاكىلار خەتەرگە يولۇقۇپ ، كەنجى ئوغۇل تەرىپىدىن قۇتقۇ- زۇۋېلىنىدۇ .

4 . ئۈچ ھەمراھ يىگىت ئورمانلىقتا يالماۋۇز بىلەن كۈرەش قىلىدۇ .

ئىككىنچى باسقۇچ : باش پېرسوناژنىڭ قىيىنچىلىققا ئۇچرىشى (ئۈچ خىل )

1 . پادىشاھ باش پېرسوناژدىن گۇمانلىنىپ ، ئۇنى سولاپ قويە- دۇ .

2 . مەستان كەمپىر باش پېرسوناژنىڭ سېھىرلىك قىلىچىنى

ئوغرىلاپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ.
3 . باش پېرسوناژ ھەمراھلىرى تەرىپىدىن قۇدۇق ئاستىدا قالدۇرۇلىدۇ.
ئۈچىنچى باسقۇچ: باش پېرسوناژنىڭ غەلىبە قىلىشى (ئۈچ خىل)
1 . پادىشاھ باش پېرسوناژنى ئازاد قىلىپ، مۇكاپاتلايدۇ.
2 . ئاكىلىرى كەنجى ئوغۇلنى تىرىلدۈرىدۇ ۋە مەستان كەمپىرنى يوقىتىدۇ.
3 . باش پېرسوناژ يەر ئاستىدىن چىقىپ، ۋاپاسىز ھەمراھلىرىدىن ئىنتىقام ئالىدۇ.
Ⅳ خاتىمىسى (ئىككى خىل)
1 . ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا ئاياللىرىنى ئېلىپ، يۇرتىغا قايتىپ كېلىدۇ.
2 . باش پېرسوناژ ئەگكۈشتەرنى دادىسىغا (ياكى پادىشاھقا) تاپشۇرىدۇ ۋە ئۆزى قۇتقۇزۇۋالغان مەلىكە بىلەن توي قىلىدۇ.

## 2 . ئۆيلىنىش ھەققىدىكى چۆچەكلەر

ئۆيلىنىش ھەققىدىكى چۆچەكلەرمۇ ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنداق چۆچەكلەر سان جەھەتتىن ئىنتايىن كۆپ. بىز ئۆيلىنىش ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ تەكرار سۇژېتلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، ئۇنى 20 سۇژېتقا يىغىنچاقلىدۇق (ئالتىنچى بابتىكى «ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ تىپلىرى» غا قاراڭ).

ئۆيلىنىش ھەققىدىكى چۆچەكلەردە چۆچەكنىڭ باش پېرسوناژى بولغان يىگىتنىڭ ساھىبجامال قىزلارغا ئۆيلىنىشى بايان قىلىنىدۇ. بۇ يىگىتلەرنىڭ بەزىلىرى پادىشاھنىڭ قىيىن شەرتلىرىنى ئورۇنداپ، مەلىكىگە ئۆيلىنىدۇ، بەزىلىرى دىۋە ئېلىپ قاچقان ساھىبجامالنى قۇتقۇزۇپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ، يەنە بەزىلىرى مەلىكىلەرنىڭ تاسادىپىي تاللىشىغا ئېرىشىدۇ ياكى مەلىكە بىلەن ئېلىشىپ، ئۇنى يېڭىش ئارقىلىق نىكاھىغا ئالىدۇ.

ئۆيلىنىش ھەققىدىكى چۆچەكلەردە ئاساسلىق قىلىپ پادىشاھ ۋە مەلىكىلەرنىڭ قىيىن شەرت ئارقىلىق كۈيئوغۇل تاللاش پائالىيەتلىرى بايان قىلىنىدۇ. پادىشاھ ياكى مەلىكىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان بۇ شەرتلىرىنى نۇرغۇن يىگىتلەر ئورۇندىيالماي، كاللىسىدىن ئايرىلىدۇ. مانا شۇ چاغدا بەخت ئىزدەپ، ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ، بۇ شەھەرگە كېلىپ قالغان يىگىت بۇ شەرتلەرنى تولۇق ئورۇنداپ مەلىكىگە ئۆيلىنىدۇ. مەلىكە ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان شەرتلەر ھەر خىل بولۇپ، ئۇنىڭ بەزىلىرىدە ئوت بىلەن قىزارتىلغان تۆمۈر ئۆيدە بىر كېچە يېتىش، بىر كۆلچەك تاماقنى يەپ بولۇشقا ئوخشاش شەرتلەر ئارقىلىق قەھرىمانىنىڭ ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشىمايدىغان غەيرىي ئىقتىدارى سىنىلىدۇ. بەزىلىرىدە ئات بەيگىسى، چېلىشىش ۋە يۈگۈرۈش مۇسابىقىلىرىدە بىرىنچى بولغان يىگىت تاللىنىدۇ. بەزىلىرىدە كۈيئوغۇل بولغۇچىنى يىراق ماكاندىن قىممەتلىك نەرسىنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. بەزىلىرىدە ئۇنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە ھۈنەر قابىلىيىتى سىنىلىدۇ. بەزىلىرىدە كۈيئوغۇل بولغۇچىغا مەلىكە تاپالمايدىغان جايغا يوشۇرۇنۇش شەرتى قويۇلىدۇ. بەزىلىرىدە مەلىكە يىگىتلەرگە ئۆزىنى ئۈچ قېتىم گەپ قىلدۇرۇش ياكى ئۈچ قېتىم كۈلدۈرۈش شەرتىنى قويىدۇ، بەزىلىرىدە يىگىتلەرگە 41 قەۋەتلىك راۋاق ئۈستىگە ئات بىلەن چىقىش شەرتىنى قويىدۇ، يەنە بەزىلىرىدە ئېغىر كېسەل بولغان مەلىكىنى ساقايتىش تەلەپ قىلىنىدۇ. كۈيئوغۇل بولغۇچىغا قويۇلغان بۇ شەرتلەر چۆچەكنىڭ باش پېرسوناژى تەرىپىدىن تولۇق ئورۇندىلىنىدۇ، چۈنكى باش پېرسوناژ ئۆز سەپىرىنىڭ دەسلىپىدە بىر توپ غەيرىي ئىقتىدارلىق كىشىلەر بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلار بىلەن دوست بولىدۇ ياكى بىر قىسىم ھايۋانلارنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ. مانا شۇ غەيرىي ئىقتىدارلىق دوستلىرى ياكى ھايۋانلار كېيىن ئۇنىڭ قىيىن شەرتلەرنى ئورۇندىشىغا ياردەم بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھېچكىم ئورۇندىيالمىغان قىيىن شەرتلەرنى چۆچەكنىڭ باش پېرسوناژى ئۆزىنىڭ سېھىرلىك ياردەمچىلىرى ئارقىلىق ئورۇنداپ مەلىكە بىلەن توي قىلىدۇ.

ئۆيلىنىش ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ يەنە بىر قىسمىدا چۆچەكنىڭ باش پېرسوناژى دىۋە ئېلىپ قاچقان ساھىبجامال قىزنى قۇتقۇ-

زۇپ قىلىپ ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ . ئۇنىڭ بەزىلىرىدە باش پېرسوناژ ئالتۇنبېلىقنى دەرياغا قويۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن دادىسى تەرىپىدىن ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ . بۇ يىگىت باشقا شەھەرگە كېلىپ ، بۇ شەھەر مەلىكىسىنىڭ دىۋە تەرىپىدىن ئېلىپ قېچىلغانلىقىنى ئاڭلايدۇ ۋە سېھىرلىك ئالتۇنبېلىقنىڭ ياردىمىدە دىۋىلەرنى يوقىتىپ ، مەلىكىنى قۇتۇلدۇرۇپ كېلىدۇ . يەنە بەزىلىرىدە باتۇر يىگىتنىڭ سۆيگۈنىنى دىۋە ئېلىپ قاچىدۇ . بۇ يىگىت خىزىرنىڭ ياردىمى بىلەن دىۋىنى يوقىتىپ ، سېھرىي بەند قىلىنغان سۆيگۈنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئېلىپ كېلىدۇ .

بۇ گۇرۇپپىدىكى چۆچەكلەرنىڭ يەنە بىر قىسمىدا پادىشاھنىڭ ئۈچ قىزى پۈتۈن شەھەردىكى يىگىتلەرنى ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ ، ئۆزىگە لايىق تاللايدۇ . چوڭ ۋە ئوتتۇرانچى مەلىكە شاھزادە ۋە بايۋەچچىلەرنى تاللاپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ . كەنجى مەلىكە بولسا بىر كەمبەغەل مۇساپىر يىگىتنى ئۆزىگە لايىق تاللايدۇ . بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن پادىشاھ كەنجى مەلىكىنى جازالايدۇ ۋە چوڭ كۈيئوغۇللىرىنى ئەتىۋارلاپ ، كىچىك كۈيئوغۇلنى خارلايدۇ . ئەمما ، كېيىن كىچىك كۈيئوغۇل ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى ۋە ئەقىل ـ پاراستى ئارقىلىق ئۇۋچىلىق قىلىش ، يىرتقۇچ ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈش ۋە تاجاۋۇزچى دۈشمەنلەرنى يوقىتىش پائالىيەتلىرىدە چوڭ تۆھپە يارىتىدۇ . ئىككى چوڭ كۈيئوغۇل بولسا ئۇنىڭغا سۇيىقەست قىلىپ ، ئۆزلىرى رەسۋا بولىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، كىچىك كۈيئوغۇل يۈكسەك شان ـ شەرەپكە ئېرىشىدۇ .

ئۆيلىنىش ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ ئىچىدە 40 ئوغلى بار بىر ئادەمنىڭ 40 قىزى بار ئادەم بىلەن قۇدا بولۇشى ھېكايە قىلىنىدىغان چۆچەكلەر ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ . ئۇنىڭدا 40 ئوغۇلنىڭ دادىسى ئوغۇللىرىغا قىز ئىزدەش ئۈچۈن كەنجى ئوغۇلنى ئەۋەتىدۇ . كەنجى ئوغۇل غەيرىي ئىقتىدارلىق باتۇرلار بىلەن تونۇشۇپ دوستلىشىدۇ . بۇ باتۇرلار ئاخىر 40 قىزى بار ئادەمنى تېپىپ ، ئۇ ئادەم ئوتتۇرىغا قويغان قىيىن شەرتلەرنى ئورۇندايدۇ . شۇنداق قىلىپ ، 40 ئوغۇل 40 ئاچا ـ سىڭىلغا ئۆيلىنىدۇ . ئەمما ، تويدىن كېيىن بۇ قىزلارنىڭ ھەممىسى ھايۋانغا ئايلىنىپ قالىدۇ . بەزى چۆچەكلەردە 40 ئوغۇل

39 ئاچا ـ سىڭىللىنى تاپىدۇ . كەنجى ئوغۇلدىن باشقا 39 ئوغۇل ئۇلار بىلەن توي قىلىدۇ . بىراق ئۇلار قىزلارنى ئېلىپ كېلىشۋاتقاندا دىۋە، جادۇگەر ياكى ئەجدىھا ئۇلارنى توسۇۋېلىپ ، قىيىن شەرتلەرنى قويىدۇ . كەنجى ئوغۇل ئۇلارنىڭ شەرتلىرىنى ئورۇنداپ ۋە ئاخىرىدا بۇ يىرتقۇچلارنى يوقىتىپ ، ئۆزى ھەم بىر مەلىكىگە ئېرىشىپ قايتىپ كېلىدۇ . مەزكۇر گۇرۇپپىدىكى چۆچەكلەرنىڭ بىر روشەن ئالاھىدىلىكى شۇكى ، بۇ خىل چۆچەكلەردە قىزلارنىڭ دادىسى ئالدامچى ياكى ئانىسى جادۇگەر بولۇپ چىقىدۇ ۋە ياكى يىگىتلەر قايتىش يولىدا دىۋە ـ جادۇگەرلەرنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرايدۇ . ئومۇمەن ، بۇلارنىڭ توي ئىشى كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ ، ھەتتا كېلىنلەر ھايۋانغا ئايلىنىپ قالىدۇ .

ئۆيلىنىش ھەققىدىكى چۆچەكلەر ئىچىدە تېپىشماق خاراكتېرىدىكى چۆچەكلەرمۇ بار . ئۇنىڭدا بىر قىز ئۆلگەندىن كېيىن ئۈچ يىگىتنىڭ تەڭ ئەجىر سىڭدۈرۈپ ئۇنى تىرىلدۈرگەنلىكى بايان قىلىنىپ ، ئەمدى بۇ قىزنىڭ كىمگە تەئەللۇق بولۇشى كېرەكلىكى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ باھاسىغا قالدۇرۇلىدۇ .

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئىچىدە يەنە بىر قىسىم زالىم مەلىكىلەر توغرىسىدىمۇ ھېكايە قىلىنىدۇ . بۇ قىزلار ئۆزىگە تەلەپ قويۇپ كەلگۈچى يىگىتلەرنى رەھىمسىز تۈردە ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ . چۆچەكنىڭ باش پېرسوناژى ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ياكى پالۋانلىقى ئارقىلىق ئاخىر بۇ مەلىكىنى بويسۇندۇرۇپ ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ .

ئالتۇن كوكۇلىسى بار بىر گۈزەل يىگىتنى ياخشى كۆرگەن مەلىكە ھەققىدىكى چۆچەكلەرمۇ ئۆيلىنىش ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ بىر قىسمىدۇر . ئۇنىڭدا يىگىتلەر ئەمەس ، بەلكى قىزلار ئالدى بىلەن مۇھەببەت تەلىپى قويىدۇ . چۆچەكتىكى مەلىكە گۈزەل يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ ، بۇ يىگىتنىڭ جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشايدىغان بىر بىچارە غېرىب ئىكەنلىكىگە قارىماي ، ئاكتىپلىق بىلەن ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىدۇ ۋە ئۆمۈرۋايەت سادىق بولىدۇ . بۇ مۇھەببەتداشلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى يىگىت ئەمەس ، بەلكى مەلىكە ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى ئارقىلىق مەغلۇپ قىلىدۇ .

ئۆيلىنىش ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغان سۇژىتىدىنى تۆۋەندىكى قۇرۇلما ئارقىلىق كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

**I باشلىنىش قىسمى (ئىككى خىل)**

1. باش پېرسوناژ ئالتۇنپېلىقنى قويۇۋەتكەنلىكى ئۇچۇن، دادىسى ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ.

2. باش پېرسوناژ دېۋە ئېلىپ قاچقان قىزنى قۇتۇلدۇرۇش ئۇچۇن سەپەرگە چىقىدۇ.

**II ئاساسىي ۋەقەلىكى (ئىككى باسقۇچ)**

بىرىنچى باسقۇچ: سېھىرلىك ياردەمگە ئېرىشىش (ئۈچ خىل)

1. باش پېرسوناژ يولدا غەيرىي ئىقتىدارلىق كىشىلەر بىلەن دوست بولىدۇ.

2. باش پېرسوناژ ھەر خىل ھايۋانلارنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ.

3. باش پېرسوناژ خىزىرنىڭ ياردىمىدە سېھىرلىك كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

ئىككىنچى باسقۇچ: سېھىرلىك ياردەم ئارقىلىق مەلىكىگە ئېرىشىش (ئۈچ خىل)

1. باش پېرسوناژ قىيىن شەرتنى ئورۇنداپ مەلىكىنى قايىل قىلىدۇ.

2. باش پېرسوناژ دېۋىنى يوقىتىپ مەلىكىنى قۇتۇلدۇرىدۇ.

3. باش پېرسوناژ كىچىك مەلىكىنىڭ تويۇقسىز تاللىشىغا ئېرىشىدۇ ۋە پادىشاھنىڭ سىنىقىدىن ئۆتىدۇ.

**III خاتىمە (ئىككى خىل)**

1. باش پېرسوناژ ساھىبجامالنى ئېلىپ يۇرتىغا قايتىپ كېلىدۇ.

2. باش پېرسوناژ مەلىكە بىلەن توي قىلىپ، پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرىدۇ.

## 3. خاسىيەتلىك نەرسىلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەر

خاسىيەتلىك نەرسىلەر دېگىنىمىز، چۆچەكلەردە تەسۋىرلىنىدىغان تەبىئەت دۇنياسىدىكى سېھىرلىك كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە نەرسى-

لەر ، ئاجايىپ ئىقتىدارغا ئىگە ئەمگەك قوراللىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇم-لىرىنى كۆرستىدۇ . خاسىيەتلىك نەرسىلەر سېھىرلىك چۆچەكلەر-نىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا ئۇچرايدۇ . ئۇ داۋاملىق باش قەھرىمانغا ياردەم بېرىپ ، ئۇنىڭ مۇشكۇلىنى ئاسانلاشتۇرىدۇ ۋە ئۇنى بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ . بىراق ، خاسىيەتلىك نەرسىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى كۆ-پىنچە چۆچەكلەردە قوشۇمچە ئورۇندا بولۇپ ، ئاساسىي سۇژىتنى ھا-سىل قىلالمايدۇ . شۇڭا ، بۇ خاسىيەتلىك نەرسىلەر ئۇچرايدىغان چۆ-چەكلەر سېھىرلىك چۆچەكلەرنىڭ خىلمۇخىل تۈرىگە تەۋە بولۇپ كې-لىدۇ . بىز پەقەت چۆچەكتە باشتىن - ئاخىر مۇھىم رول ئويناپ ، سۇژىتنىڭ يادروسىنى ھاسىل قىلغان ئاز بىر قىسىم خاسىيەتلىك نەرسىلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىلا ئايرىم بىر تۈر قىلدۇق ۋە بۇ تۈردىكى چۆچەكلەرنى ئالتە سۇژىتقا يىغىنچاقلاپ كۆرسەتتۇق (ئال-تىنچى بابتىكى «ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ تىپلىرى» غا قاراڭ ) .

خاسىيەتلىك نەرسىلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر سۇژىتى — كەمبەغەل كىشىلەرنىڭ خاسىيەتلىك نەرسىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن بەختكە ئېرىشكەنلىكى ھەققىدىكى سۇژىتتۇر . ئۇيغۇرلار ئىچىدە كەڭ تارقالغان ، تەسىرى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان «ئۇر توقماق» ناملىق چۆچەك ئەنە شۇنداق چۆچەكتۇر . ئۇنىڭدا بىر كەمبەغەل بوۋايغا قاغا تاماق چىقىرىدىغان داستىخان ، ئالتۇن تېزەكلەيدىغان ئېشەك ۋە يامان كىشىلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىدىغان سېھىرلىك توقماقلارنى بېرى-دۇ . بىراق ، تۈگمەنچى ئۇنىڭ خاسىيەتلىك داستىخان ۋە ئېشىكىنى ئۆزىنىڭ خاسىيىتى يوق داستىخان ۋە ئېشىكىگە ئالماشتۇرۇۋالىدۇ . ئاخىرىدا توقماق بۇ خوجايىنىنى ئۇرۇپ - قوغلاپ ، بوۋاينىڭ خاسىيەت-لىك نەرسىلىرىنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ . «قايىنا چۆگۈن» ناملىق يەنە بىر چۆچەكتە بىر كەمبەغەل يىگىتكە خىزىر ئەلەيھىسسالام خاسىيەتلىك چۆگۈن بېرىدۇ . بۇ چۆگۈن ئالتۇن - كۈمۈش چىقىرىد-غان چۆگۈن ئىكەن . يىگىت ئۇنىڭ ياردىمى ئارقىلىق كەمبەغەلچىلىك-تىن قۇتۇلسا ، «سىرلىق شاپتۇل» چۆچىكىدىكى كەمبەغەل يىگىت ئادەمنى قېرىتىۋېتەلەيدىغان ، ياشارتىۋېتەلەيدىغان ۋە بوران چىقىرىۋې-تەلەيدىغان ئۈچ خىل شاپتۇلنىڭ كارامەتلىرى ئارقىلىق مەلىكە بىلەن

توي قىلىدۇ .

بەزى چۆچەكلەردە قول بىلەن ياسالغان مەلۇم خاسىيەتلىك نەرسىلەرنىڭ ئاجايىپ ئىقتىدارى بايان قىلىنىپ ، كىشىلەرنىڭ ھۈنەر ـ قابىلىيىتى ۋە ئىجادىيەت كۈچىگە مەدھىيە ئوقۇلىدۇ . بىر چۆچەكتە ياغاچچىنىڭ ئاسماندا ئۇچالايدىغان ياغاچ ئات ، تۆمۈرچىنىڭ دېڭىزدا ئۈزەلەيدىغان تۆمۈر بېلىق ياسىغانلىقى ، شاھزادىنىڭ ياغاچ ئاتنىڭ كارامىتى ئارقىلىق يىراق شەھەرگە بېرىپ ، مەلىكىنى ئېلىپ كەلگەنلىكى سۆزلىنىدۇ .

خاسىيەتلىك نەرسىلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەردە خاسىيەتلىك نەرسىلەرنىڭ سىرلىق كارامەتلىرى مەركىزىي ئورۇنغا قويۇلۇپ ، بايان قىلىنىدۇ . ئۇنىڭدىكى باش قەھرىمان پەقەت خاسىيەتلىك نەرسىلەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىقلا ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ . بۇ خاسىيەتلىك نەرسىلەر ياخشى كىشىلەرنى بەختكە ئېرىشتۈرۈپ ، يامان كىشىلەرنى جازالايدۇ .

خاسىيەتلىك نەرسىلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ سۆژېت لىنىيىسى تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە بولىدۇ :

**I مۇقەددىمە**

باش پېرسوناژ ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىدۇ .

**II باشلىنىش قىسمى**

خىزىر ، ھايۋان ياكى ئەرۋاھلار باش پېرسوناژغا خاسىيەتلىك نەرسىنى بېرىدۇ .

**III ئاساسىي ۋەقەلىكى (ئۈچ باسقۇچ)**

بىرىنچى باسقۇچ : باش پېرسوناژنىڭ خاسىيەتلىك نەرسىنىڭ ياردىمى بىلەن قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشى

ئىككىنچى باسقۇچ : يامان كىشىلەرنىڭ خاسىيەتلىك نەرسىنى ئىگىلىۋېلىشقا ئۇرۇنۇشى

ئۈچىنچى باسقۇچ : خاسىيەتلىك نەرسىلەرنىڭ يامان كىشىلەرنى جازالىشى

**IV خاتىمە**

خاسىيەتلىك نەرسە باش پېرسوناژنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىدۇ ، باش پېرسوناژ بايلىق ، ھوقۇق ۋە ساھىبجامال قىزغا ئېرىشىدۇ .

www.uyghurkitap.com

## 4 . خاسىيەتلىك ئادەملەر ھەققىدىكى چۆچەكلەر

ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدە ئاجايىپ ـ غارايىپ كارامەت كۆرسىتەلەيدىغان ئادەملەر ئوبرازلىرى خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ . مەسىلەن ، سېھىرلىك كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە باتۇرلار ، ئەپسۇن ـ سېھىرگەرلىك ھۈنىرىنى بىلىدىغان ئاياللار ، ھەر خىل غەيرىي ئىقتىدارغا ئىگە يىگىتلەر مانا مۇشۇنداق ئوبرازلاردۇر . ئەمما ، بۇلارنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ ھەرىكەتلىرى پۈتۈن چۆچەكنىڭ بايان قىلىدىغان مەركىزىي نۇقتىسى ئەمەس . ئۇلار كۆپىنچە چۆچەكلەردىكى ئاساسىي سۇژىتنىڭ ئوڭۇشلۇق قانات يېيىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قىستۇرما ئېپىزوتلاردىن ئىبارەت .

لېكىن ، يەنە ئاز بىر قىسىم چۆچەكلەردە سېھىرلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئادەملەرنىڭ پائالىيەتلىرى مۇھىم ئورۇنغا قويۇلۇپ بايان قىلىنىدۇ . بىز مانا شۇنداق چۆچەكلەرنى بىر تۈرگە ئايرىدۇق ۋە ئۇنىڭ ئۈچ سۇژىتىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق (ئالتىنچى بابتىكى «ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ تىپلىرى» غا قاراڭ ) .

خاسىيەتلىك ئادەملەر ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ مۇھىم بىر سۇژىتىنى ئايىغىدىن ئالتۇن تۆكۈلىدىغان ۋە كۆزىدىن مەرۋايىت چېچىلىدىغان قىزلار ھەققىدىكى ھېكايىلەر تەشكىل قىلىدۇ . ماڭسا ئايىغىدىن ئالتۇن تۆكۈلىدىغان قىزنى كۆرگەن شاھزادە ئۇنى نىكاھىغا ئالىدۇ ، بىراق ، بىر جادۇگەر ئۇ قىزنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆز قىزىنى نىقابلاپ ، شاھزادىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىدۇ . كېيىن بۇ قىزنىڭ ئۆلۈكىنى بىر ئوتۇنچى بوۋاي ئۆيىگە ئېلىپ كېلىدۇ . قىز تىرىلىپ ، ئايىغىدىن تۆكۈلىدىغان ئالتۇن بىلەن بوۋاينى باي قىلىۋېتىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بۇ قىز يەنە بىر قېتىم سۇيىقەستكە ئۇچراپ ئۆلتۈرۈلىدۇ . چۆچەكنىڭ ئاخىرىدا بۇ قىز ئىككىنچى قېتىم تىرىلىپ ، شاھزادە بىلەن ئۇچرىشىپ ، ئورنىغا قايتىدۇ . دېمەك ، بۇ قىزنىڭ ئايىغىدىن ئالتۇن تۆكۈلىدىغان خاسىيىتى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇ ئىككى قېتىم باشقىلارنىڭ سۇيىقەستىگە ئۇچرايدۇ . يەنە بىر

چۆچەكتە كۆزىدىن مەرۋايىت چىچىلىدىغان قىز توغرىسىدا ھېكايە قىلىنىدۇ. بۇ قىز كۈلسە ئاغزىدىن گۈل، يىغلىسا كۆزىدىن مەرۋايىت تۆكۈلىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن ئاچ كۆز كىشىلەر بۇ قىزنىڭ كۆزىدىن تۆكۈلىدىغان مەرۋايىتنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنى داۋاملىق ئازابلاپ يىغلىتىدۇ. بۇ بىچارە قىز بىرىنىڭ قولىدىن قۇتۇلسا، يەنە بىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ، جاپا تارتىۋېرىدۇ. ئاخىرىدا پادىشاھ قىزنىڭ داتقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ، ئۇنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدۇ.

خاسىيەتلىك ئادەملەر ھەققىدىكى يەنە بىر مەشھۇر چۆچەك ئۆتكۈر كۆز، چوڭ كاللا، ئۇزۇن قول ياكى ئۇزۇن بۇرۇن قاتارلىق ئالاھىدە ئىقتىدارى بار كىشىلەر ھەققىدىكى چۆچەكتۇر. بۇ چۆچەكتە كۆزى، كاللىسى، قولى ياكى بۇرنى ئالاھىدە ئىقتىدارلىق كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەنە شۇ بەدەن ئەزالىرى بىلەن ئېلىپ بارغان قىزىقارلىق پائالىيەتلىرى بايان قىلىنىدۇ.

## 5. سىھىرلىك ھايۋانلار ھەققىدىكى چۆچەكلەر

بۇ خىل چۆچەكلەردە سىھىرلىك خاراكتېرگە ئىگە بىر قىسىم ھايۋانلارنىڭ ئىنسانلارغا ياردەم قىلىپ، ئۇلارنى ئارزۇ ـ ئارمانىغا يەتكۈزگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ سىھىرلىك ھايۋانلار ھەققىدىكى چۆچەكلىرىنى 13 سۆژىتقا يىغىنچاقلاپ كۆرسەتتۇق (ئالتىنچى بابتىكى «ئۇيغۇر سىھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ تىپلىرى» غا قاراڭ).

بۇ خىل چۆچەكلەردە ئات، بېلىق، يىلان، توخۇ (ياكى قۇش)، قارلىغاچ، تۈلكە، كەپتەر قاتارلىقلارنىڭ ئىنسانلار بىلەن دوست بولۇپ، باشتىن ـ ئاخىر ئۇلارغا باشپاناھ بولغانلىقى ھەققىدە ھېكايە قىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئات چۆچەك باش پېرسوناژىنىڭ ئەڭ سادىق ۋە قۇدرەتلىك ياردەمچىسىدۇر. بۇ ئات چۆچەكلەردە دېۋىگە سوۋغا قىلىنغان مەلىكىنى قۇتۇلدۇرۇپ ئېلىپ قاچىدۇ ۋە ئۇنىڭ شاھزادە بىلەن توي قىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. كېيىن بۇ مەلىكە تۆھمەتكە

www.uyghurkitap.com

ئۇچراپ ، يەنە بىر قېتىم ئىككى بالىسى بىلەن ئوردىدىن قوغلانغاندا ، ئات ئۇلارنى ئېلىپ ، ئورمانلىققا بېرىپ ، بىللە ياشايدۇ . چۆچەكلەردىكى بۇ ئات ئادەمگە ئوخشاش تەپەككۇر قىلالايدۇ ، سۆزلىيەلەيدۇ، ئەمما ئادەمدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ . ئۇ مەلىكىگە زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغان دىۋە (بەزى چۆچەكلەردە جادۇگەر )نى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ . چۆچەكنىڭ ئاخىرىدا بۇ ئات ئۆزىنى قۇربان قىلىپ ، مەلىكە ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىغا ھاياتلىق ماكانى بولغان گۈزەل باغ پەيدا قىلىپ بېرىدۇ .

بىر قىسىم چۆچەكلەردە بۇ ئات ئۆگەي ئانىنىڭ زۇلمى ۋە زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان يىگىتنى قۇتقۇزۇپ قاچىدۇ . شۇنداق قىلىپ ئات بىلەن يىگىتنىڭ باشقا يۇرتلاردىكى كەچۈرمىشلىرى باشلىنىدۇ : يىگىت كەنجى مەلىكە تەرىپىدىن ياخشى كۆرۈلىدۇ ، پادىشاھ بۇ يىگىتنى ياراتماي ، ئۇنى قىيىن سىناقلار بىلەن سىنايدۇ ، چوڭ ئىككى كۈيئوغۇلمۇ ئۇنىڭغا سۈيىقەست قىلىدۇ . مانا مۇشۇ جەرياندا ئات باشتىن ـ ئاخىر يىگىتكە ياردەم بېرىپ ، ئۇنىڭ سىناقتىن ئۆتۈشى ۋە باجىلىرىنىڭ سۈيىقەستىنى تارمار قىلىشىدا چوڭ رول ئوينايدۇ .

بېلىقنىڭ ئىنسانلارغا ياردەم قىلغانلىقى توغرىسىدىكى چۆچەكلەرمۇ ئۇيغۇر چۆچەكلىرىنىڭ بىر گۇرۇپپىسىنى ھاسىل قىلىدۇ . ئۇنىڭدا كۆپ ئۇچرايدىغان سۇژېت — يىگىتنىڭ دادىسى تۇتۇۋالغان بېلىقنى سۇغا قويۇۋەتكەنلىكى بىلەن باشلىنىدىغان سۇژېتتۇر . چۆچەكنىڭ باش قەھرىمانى دادىسى تەرىپىدىن ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن ، بېلىق ئادەمگە ئايلىنىپ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدۇ . بېلىقنىڭ ئاساسلىق ياردىمى يەر ئاستىغا چۈشۈپ بايلىق ئېلىپ چىقىش ، پادىشاھنىڭ قىيىن شەرتلىرىنى ئورۇنداپ ياكى ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ ، مەلىكىنى يىگىتكە ئېلىپ بېرىش ، يىگىتنى قاراقچىلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت . بۇ يەردە چۆچەكنىڭ قەھرىمانى ئىنتايىن پاسسىپ ئورۇندا تۇرىدۇ . ھەممە ئىشنى بېلىق ئۆزىنىڭ سېھىرلىك كۈچ ـ قۇدرىتى ئارقىلىق ئۇنىڭغا بېجىرىپ بېرىدۇ ، ئەڭ ئاخىرىدا بېلىق يەنە مەلىكىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان يىلاننى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ ، ئۇنى سېھرىي بەندىتىن قۇتۇلدۇرىدۇ .

بىر قىسىم ۋارىيانتلاردا بېلىق شاھزادە ئۆزىنىڭ سىڭلىسىنى يىگىتكە نىكاھلاپ بېرىدۇ .

يىلانمۇ خۇددى بېلىققا ئوخشاش چۆچەك قەھرىمانىنىڭ ياردەمچىسى . ئۇ يەر ئاستى پادىشاھلىقىنىڭ شاھزادىسى سۈپىتىدە كۆزگە كۆرۈنىدۇ . چۆچەكلەردە يىلان كەپسىز باللار تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلۈشكە ئاز قالغاندا ، قەھرىمان تەرىپىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىنىدۇ . خۇشال بولغان يىلان يىگىتكە بىر ئەڭگۈشتەر بېرىدۇ . يىگىت مانا شۇ ئەڭگۈشتەرنىڭ خاسىيىتى بىلەن ياردىدار بولغان ھايۋانلارنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ ، چۆلگە شەھەر بىنا قىلىدۇ ، بىر مەلىكە بىلەن توي قىلىدۇ ، ئەسكى پادىشاھ ۋە جادۇگەرنى يوقىتىدۇ··· ۋەھاكازا .

گۆھەر تۇغىدىغان توخۇ (ياكى قۇش ) نىڭ بىر كەمبەغەل ئائىلىنى باياشاتلىققا ئېرىشتۈرگەنلىكى ، ئاخىرىدا يەنە بۇ ئائىلىنىڭ ئىككى ئوغلىنى پادىشاھ ۋە ۋەزىرگە ئايلاندۇرۇۋەتكەنلىكى توغرىسىدىكى ھېكايىمۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدە كەڭ تارقالغان . ئۇنىڭدا بۇ ئائىلىنىڭ ئاكا ـ ئۇكا ئوغۇللىرى ئۆز ئانىسىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ قېچىپ كېتىدۇ . كېيىن بۇلار ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ ئادەملەرنى قۇتقۇزۇش ، قاراقچىلاردىن خاسىيەتلىك نەرسىلەرنى تارتىۋېلىش ، ئەسكى مەلىكىنىڭ ئەدىپىنى بېرىش ۋە ئەڭ ئاخىرىدا بىرى پادىشاھ ، يەنە بىرى ۋەزىر بولۇشقىچە بولغان جەريانلاردا توخۇ ئۇلارغا باشتىن ـ ئاخىر سېھىرلىك كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلىپ تۇرىدۇ .

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە يەنە قارلىغاچنىڭ ئۆز باللىرىنى قۇتقۇزۇۋالغان كىشىلەرگە ئالتۇن ـ كۈمۈش بەرگەنلىكى ، گىگانت قۇشلارنىڭ ئادەملەرنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەنلىكى ، تۈلكىنىڭ ھىيلە ـ مىكرى ئارقىلىق چۆچەك قەھرىمانىنى پادىشاھقا ئايلاندۇرۇۋەتكەنلىكى ، كەپتەرنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋالغان كىشىلەرگە بايلىق ئاتا قىلغانلىقى قاتارلىقلار ھەققىدىمۇ ئايرىم ـ ئايرىم سۈژىتلار بار .

شۇ نەرسىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى ، سېھىرلىك چۆچەكلەردە ھايۋانلارنىڭ ئىنسانلارغا ياردەم بېرىشى ئىنتايىن كۆپ ئۇچرايدىغان ئەھۋالدۇر . يۇقىرىقىلاردىن باشقا يولۋاس ، شىر ، مۈشۈك ، ئىت ، بۆركۈت ، پاقا ، مايمۇن ، سۇمۇرغ ، ھەرە قاتارلىق يەنە نۇرغۇن ھايۋانلارمۇ ئىنسانلار بىلەن دوست بولۇپ ، ئۆزئارا ھەمكارلىشىدۇ .

لېكىن ، بۇلارنىڭ پائالىيىتى مەزكۇر چۆچەكلەرنىڭ ئاساسىي سۇژىتىنى ھاسىل قىلالمايدۇ . ئۇ پەقەت باشقا خاراكتېردىكى سۇژېتلارنىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان كىچىككىنە ئېپىزوت بولۇپ قالىدۇ ، يەنى باش قەھرىمان مەلۇم بىر ۋەزىپىنى ئورۇنداش جەريانىدا قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغاندا ياكى خەتەرگە يولۇققاندا بۇ خىل ھايۋانلار پەيدا بولىدۇ ـ دە ، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ھايۋانلار چۆچەكتە قايتا ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ . شۇڭا ، ئاشۇ ھايۋانلارنىڭ پائالىيەتلىرى چۆچەكلەرنىڭ مەركىزىي سۇژىتىنى ھاسىل قىلالمايدۇ ، بەلكى باشقا سۇژېتلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ۋاسىتە سۈپىتىدىلا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ . ئەمما ، يۇقىرىقى ئات ، بېلىق ، يىلان ، توخۇ قاتارلىقلارنىڭ پائالىيەتلىرى تەسۋىرلىنىدىغان چۆچەكلەردە بولسا ، بۇ خىل ھايۋانلارنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرى مەركىزىي ئورۇنغا قويۇلۇپ بايان قىلىنىدۇ . ئۇلار چۆچەكلەردە باشتىن ـ ئاخىر ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ . بۇ ھايۋانلار چۆچەك باش قەھرىماندىنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىنى كونترول قىلىپ ۋە بەلگىلەپ تۇرىدۇ . باش قەھرىماننىڭ پۈتكۈل پائالىيىتى ئاشۇ ھايۋانلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بولىدۇ ، ھەتتا ئۇنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشى ئەنە شۇ ھايۋانلارغا باغلىق بولىدۇ . كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ، بۇ خىل چۆچەكلەرنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئاشۇ ھايۋانلارنىڭ سىرلىق كۈچ ـ قۇدرىتى ۋە رولىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەت . شۇڭا ، بىز «سېھىرلىك ھايۋانلار ھەققىدىكى چۆچەكلەر» دېگەندە مانا مۇشۇ خىلدىكى چۆچەكلەرنى نەزەردە تۇتتۇق . ئەكسىچە ، ھايۋانلارنىڭ پائالىيەتلىرى قوشۇمچە ئورۇندا تۇرىدىغان ، ھايۋانلار ۋەقەلىكنىڭ مەلۇم جايىدا پەيدا بولۇپ ، يەنە يوقاپ كېتىدىغان چۆچەكلەرنى بولسا مەزكۇر تۈرگە كىرگۈزمىدۇق .

سېھىرلىك ھايۋانلار ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ سۇژېتىنى تۆۋەندىكى قۇرۇلما ئارقىلىق كۆرسىتىشكە بولىدۇ :

I مۇقەددىمە (ئائىلە خىل)

1 . پادىشاھ مەلىكىنى دىۋىگە بەرمەكچى بولىدۇ .

2 . يىگىت ئۆگەي ئانىسى تەرىپىدىن خورلىنىدۇ .

3 . يىگىت بېلىق (يىلان ) نى قۇتۇلدۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن

دادىسىنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ .
4 . يىگىت ھەر خىل ھايۋانلارنى قۇتۇلدۇرۇۋالىدۇ (دادىسى غەزەپلەنمەيدۇ ) .
5 . باش پېرسوناژ توساتتىن سېھىرلىك ھايۋانغا ئېرىشىدۇ .
6 . باش پېرسوناژ ئۆزىگە زىيان يەتكۈزگەن سېھىرلىك ھايۋاننى تۇتۇۋالىدۇ .

Ⅱ باشلىنىش قىسمى (ئالتە خىل )

1 . سېھىرلىك ئات مەلىكە ياكى يىگىتنى قۇتۇلدۇرۇپ ئېلىپ قاچىدۇ .
2 . يىگىت دادىسى تەرىپىدىن ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ .
3 . يىگىت تەلەي سىناپ سەپەرگە ئاتلىنىدۇ .
4 . باش پېرسوناژ تۇغقانلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغاچقا ، ئۆيدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ .
5 . باش پېرسوناژ ئۆز ئۆيىدە تۇرۇپ ، سېھىرلىك ھايۋان تاپىلىغان ئىشنى قىلىدۇ .
6 . باش پېرسوناژ ئۆزىگە زىيان يەتكۈزگەن سېھىرلىك ھايۋاننى قويۇۋېتىدۇ .

Ⅲ ئاساسىي ۋەقەلىكى (ئۈچ باسقۇچ )

بىرىنچى باسقۇچ : باش پېرسوناژنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشى (ئۈچ خىل )
1 . ئات مەلىكىنىڭ شاھزادە بىلەن (ياكى يىگىتنىڭ مەلىكە بىلەن ) توي قىلىشىغا ۋاستە بولىدۇ .
2 . يىگىت ئۆزى قۇتقۇزۇۋالغان ھايۋانلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق مەلىكە بىلەن توي قىلىدۇ .
3 . باش پېرسوناژ سېھىرلىك ھايۋاننىڭ ياردىمى بىلەن بايلىققا ۋە ھوقۇققا ئېرىشىدۇ .
ئىككىنچى باسقۇچ : باش پېرسوناژنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى (ئۈچ خىل )
1 . مەلىكە تۆھمەتكە ئۇچراپ ، شاھزادە تەرىپىدىن ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ .
2 . يىگىت ئىككى باجىسىنىڭ سۇيىقەستىگە ئۇچرايدۇ ۋە پادىشاھ (قېيناتىسى ) تەرىپىدىن ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ .

3 . يىگىت بىلەن مەلىكە باشقىلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراي-دۇ .

ئۈچىنچى باسقۇچ : باش پېرسوناژنىڭ زىيانكەشلىكتىن قۇتۇلۇشى (ئۈچ خىل)

1 . ئات مەلىكىگە تۆھمەت قىلغانلارنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆزىنى قۇربان قىلىپ ، مەلىكىگە ھاياتلىق ماكانى پەيدا قىلىپ بېرىدۇ .

2 . ئات پادىشاھنىڭ زور قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ ، يىگىت-نىڭ شان - شۆھرىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ .

3 . يىگىت بىلەن مەلىكە ھايۋانلارنىڭ ياردىمى بىلەن زىيانكەش-لىكتىن قۇتۇلىدۇ .

Ⅳ خاتىمە (تۆت خىل)

1 . شاھزادە مەلىكىدىن ئەپۇ سوراپ ، ئۇنى ئوردىغا قايتۇرۇپ كېلىدۇ .

2 . پادىشاھ يىگىتتىن (كۈيئوغلىدىن ) ئەپۇ سوراپ ، تەختىنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ .

3 . يىگىت ھايۋانلار بىلەن خوشلىشىدۇ ۋە پادىشاھلىق ئورنىغا ئولتۇرىدۇ .

4 . باش پېرسوناژ يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ ، ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلغان تۇغقانلىرىنى جازالايدۇ .

## 6 . سېھىر - جادۇگەرلىك ھەققىدىكى چۆچەكلەر

سېھىر - جادۇگەرلىك ھەققىدىكى چۆچەكلەر ئۇيغۇر چۆچەكلە-رى ئىچىدە ئىنتايىن كۆپ . بىز بۇنداق چۆچەكلەرنى رەتلەپ ، ئۇنىڭ سەككىز سۇژىتىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق (ئالتىنچى بابتىكى «ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ تىپلىرى» غا قاراڭ ) .

سېھىر - جادۇگەرلىك ھەققىدىكى چۆچەكلەردە ئەپسۇن ئوقۇش ئارقىلىق ئادەمنى ھايۋان ۋە باشقا نەرسىلەرگە ئايلاندۇرۇۋېتىدىغان ئاجايىپ - غارايىپ كارامەتلەر توغرىسىدا ھېكايە قىلىنىدۇ . بىر

چۆچەكتە بايان قىلىنىشىچە ، بىر ئادەمنىڭ ئىككى چوڭ ئوغلى قاساپقا شاگىرتلىققا كىرىپ ، كەينى ـ كەينىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ . كىچىك ئوغلى ئۇ يەرگە بېرىپ ، سىرنى ئېنىقلايدۇ . ئەسلىدە بۇ قاساپ سېھىرگەر ئىكەن . كەنجى ئوغۇل قاساپنىڭ قىزىنىڭ ياردىمى بىلەن ھەممە سېھىرگەرلىكنى ئۆگىنىۋالىدۇ ـ دە ، ھەر خىل ھايۋانلارغا ئايلىنىپ ، دادىسىغا بازاردا ئۆزىنى ساتقۇزۇپ ، ئاتا ـ ئانىسىنى باي قىلىۋېتىدۇ . كېيىن ئۇ يەنە قاساپ بىلەن سېھىر ـ جادۇگەرلىك ئۇسۇلىدا ئېلىشىپ ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ . بۇنداق چۆچەكلەردىكى سېھىرگەرلەر بىرى كەپتەرگە ئايلانسا ، يەنە بىرى لاچىنغا ئايلىنىپ ، بىرى مۈشۈككە ئايلانسا ، يەنە بىرى ئىتقا ئايلىنىپ ، بىرى توخۇغا ئايلانسا ، يەنە بىرى تۈلكىگە ئايلىنىپ بىر ـ بىرى بىلەن كۈرەش قىلىدۇ .

سېھىر ـ جادۇگەرلىك ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ ۋەقەلىكلىرى خىلمۇخىل بولۇپ ، ئۇلاردا يەنە جادۇگەر تەرىپىدىن سېھرىي بەند قىلىنىپ پاقىغا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن شاھزادىنى بىر قىز ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ ؛ قۇرتتىن تۆرەلگەن شاھزادە بىلەن گۈلدىن تۆرەلگەن مەلىكىنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىك مۇھەببەت سەرگۈزەشتلىرى ، مەلىكىنىڭ قويغا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن شاھزادىنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقى سۆزلىنىدۇ ؛ دادىنىڭ ئۆز قىزىنى ھايۋانغا بېرىشكە مەجبۇر بولغانلىقى ، بىراق بۇ ھايۋاننىڭ ئاخىرىدا شاھزادىگە ئۆزگىرىپ قالغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ ؛ يىلان تەرىپىدىن سېھرىي بەند قىلىنغاچقا ، نۇرغۇن يىگىتلەرنى توي كېچىسى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ساھىبجامال قىزنىڭ پائالىيەتلىرى بايان قىلىنىدۇ ؛ ئادەملەرنى تۈلكە ، بۆرە ، ئېشەك ۋە توشقانغا ئايلاندۇرۇپ قويالايدىغان سېھىرلىك سۇنىڭ كارامەتلىرى ئىپادىلىنىدۇ ؛ ئەپسۇن يېزىلغان كىتابنى قولغا چۈشۈرۈش ئارقىلىق يىرتقۇچ دۈشمەنلەرنى مەغلۇپ قىلغان ۋە پادىشاھنىڭ قىيىن شەرتلىرىنى ئورۇنداپ ، مەلىكە بىلەن توي قىلغان يىگىتنىڭ سەرگۈزەشتلىرى سۆزلىنىدۇ ؛ بىر شاھزادىنىڭ ئەپسۇن ئارقىلىق ئادەملەر ، ھايۋانلار ۋە نەرسىلەرنى بىر ـ بىرىگە چاپلاپ قويغانلىقى ھەققىدىكى ئاجايىپ قىزىقارلىق ۋەقەلەر ھېكايە

www.uyghurkitap.com

قىلىنىدۇ . شۇنداقلا كەمەك ھەييار بىلەن مۇختەر ھەييارنىڭ سېھىر ـ جادۇگەرلىك ئۇسۇلى بىلەن ئۆزئارا كەسكىن كۈرەش قىلىشقانلىقى بايان قىلىپ بېرىلىدۇ .

ئومۇمەن ئالغاندا ، سېھىر ـ جادۇگەرلىك ھەققىدىكى چۆچەكلەر-نىڭ سۇژېتلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ۋەقەلىكلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغان ، رەڭگارەڭ شەكىلدە كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلىنىدۇ .

## 7 . پەرىزات ھەققىدىكى چۆچەكلەر

ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە ئەپسانىۋى قىز پەرىزات بىلەن بىر ئاق كۆڭۈل يىگىتنىڭ مۇھەببىتى توغرىسىدا ئىنتايىن كۆپ چۆچەكلەر بار . بىز بۇ خىل چۆچەكلەرنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكلىرىنى ئۈچ چوڭ سۇژېتقا يىغىنچاقلاپ كۆرسەتتۇق (ئالتىنچى بابتىكى «ئۇيغۇر سې-ھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ تىپلىرى» غا قاراڭ ) .

پەرىزات ھەققىدىكى چۆچەكلەرنى ئىككى چوڭ گۇرۇپپىغا ئايرىش مۇمكىن . ئۇنىڭ بىرى ، قىچىپ كەتكەن پەرىزاتنى ئىزدەش توغرىسى-دىكى چۆچەكلەر . مەزكۇر چۆچەكلەردە ئۈچ شاھزادە ئوقيا ئېتىش ئارقىلىق ئۆزىگە لايىق تالлайدۇ . كەنجى شاھزادىنىڭ ئاتقان ئوقى بىر مايمۇن ياكى پاقىنىڭ يېنىغا چۈشكەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئەنە شۇ ھايۋان بىلەن توي قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . بىراق بۇ «ھايۋان» ئەسلىدە پەرىزات ئىكەن . يەنە بىر قىسىم چۆچەكلەردە ئەسەرنىڭ باش پېرسونا-ژى ئېگىز تاغ ئۈستىگە چىقىپ ، ئۇ يەردىكى كۆلدە يۇيۇنۇۋاتقان پەرىزاتنىڭ كىيىمىنى ئېلىۋېلىش ئارقىلىق ئۇنى ئۆزىگە بويسۇندۇر-دۇ . يىگىت پەرىزاتقا ئېرىشكەندىن كېيىن ، پەرىزات ئۇنىڭغا تاپىلى-غان بەزى پەرھىزلەرنى ئورۇندىمايدۇ . شۇنىڭ بىلەن پەرىزات خاپا بولۇپ كېتىپ قالىدۇ . يىگىت بولسا ئۇنى ئىزدەپ ، ناھايىتى كۆپ جاپا ـ مۇشەققەتلەردىن كېيىن ئۇنى ئاران تېپىپ ، ئۆيگە قايتۇرۇپ

كېلىدۇ .

يەنە بىر گۇرۇپپا چۆچەكلەردە پەرىزاتنىڭ زورلۇققا قارشى كۆرەش قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ . پەرىزات يىگىت بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ، پادىشاھنىڭ پەرىزاتقا كۆزى چۈشىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەرىزاتنى يىگىتتىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن ، يىگىتكە قەستەن ئىنسانلار ئورۇندىيالمايدىغان قىيىن شەرتلەرنى قويىدۇ . بەزى چۆچەكلەردە زالىم پادىشاھ ھېچقانداق ۋاستە تاللاپ ئولتۇرماي ، ئاشكارا ھالدا يىگىتنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ . بۇ چاغدا پەرىزات ئۆزىنىڭ سىرلىق كۈچ ـ قۇدرىتى ئارقىلىق پادىشاھنىڭ ھۇجۇملىرىنى تارمار قىلىپ ، ئېرىنى قوغداپ قالىدۇ .

بۇ تۈردىكى چۆچەكلەرنىڭ ئىچىدە باش پېرسوناژنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى ، ئىشچانلىقى ياكى ئەقىللىقلىقىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالىدىغان پەرىزاتلار توغرىسىدىمۇ سۇژىتلار بار . بۇنداق سۇژىتلاردا پەرىزات تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرۇپ ، يىگىتنى تاللايدۇ ۋە ئۇنى بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ .

پەرىزات ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ سۇژىتىنى مۇنداق تەرتىپ بويىچە كۆرسىتىشكە بولىدۇ :

1 . باش قەھرىمان ئوقيا ئېتىپ (ياكى كۆل بويىغا كېلىپ ) پەرىزاتقا ئېرىشىدۇ .

2 . پەرىزات ئۆزىنىڭ سېھىرلىك قابىلىيىتى بىلەن يىگىتنى بەختلىك قىلىدۇ .

3 . يىگىت پەرىزاتنىڭ ھايۋان تېرىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ .

4 . پەرىزات خاپا بولۇپ ، ئۆز ماكانىغا كېتىپ قالىدۇ .

5 . يىگىت پەرىزاتنى قايتۇرۇپ كېلىدۇ .

6 . پادىشاھ پەرىزاتنى تارتىۋالماقچى بولىدۇ .

7 . پەرىزات پادىشاھنىڭ سۇيىقەست ۋە ھۇجۇملىرىنى تارمار قىلىدۇ .

8 . يىگىت قايتىدىن بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىدۇ .

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

# 8 . يالماۋۇز ، ئالۋاستى ۋە شەيتان ھەققىدىكى چۆچەكلەر

ئۇيغۇرلارنىڭ سېھىرلىك چۆچەكلىرىدە يالماۋۇزدىن ئىبارەت بۇ يىرتقۇچ مەخلۇق كۆپ ئۇچرايدۇ . ئەمما ، كۆپىنچە چۆچەكلەردە ئۇ قوشۇمچە ئوبراز سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ، يەنى بۇنداق چۆچەكلەردىكى يالماۋۇز چۆچەكلەرنىڭ ئاساسىي بايان قىلىش ئوبيېكتى بولالمايدۇ ، بەلكى ئۇ باش پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىش ۋە چۆچەك ئاپتورلىرىنىڭ مۇھەببەت - نەپرىتىنى ئىپادە قىلىشىنىڭ بىر خىل فانتازىيىلىك ماتېرىيالى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ . شۇڭا ، يالماۋۇز تەسۋىرلەنگەن بارلىق چۆچەكلەرنى بىر تۈرگە يىغىنچاقلاشقا بولمايدۇ . ئەمما ، ناھايىتى ئاز بىر قىسىم چۆچەكلەردە يالماۋۇزنىڭ پائالىيەتلىرى ئۇقتىلىق بايان قىلىنغان بولۇپ ، يالماۋۇز بۇنداق چۆچەكلەرنىڭ ئاساسىي ئوبرازى قىلىنىدۇ . بىز مانا شۇنداق چۆچەكلەرنىڭ ئىككى سۇژىتىنى كۆرسەتتۇق (ئالتىنچى بابتىكى «ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ تىپلىرى» غا قاراڭ ) .

بىر چۆچەكتە ئادەم شەكلىدە تۇغۇلغان يالماۋۇز توغرىسىدا ھېكايە قىلىنىدۇ . ئۇنىڭدا بايان قىلىنىشىچە ، بىر ئائىلىدە قىز بالا تۇغۇلغان كۈندىن باشلاپ ، ھەر كۈنى بىر قوي يوقاشقا باشلايدۇ . قىزنىڭ ئاكىسى ئۆز سىڭلىسىدىن گۇمانلانغىنى ئۈچۈن ، ئاتا - ئانىسى تەرىپىدىن ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ . بۇ يىگىت باشقا شەھەرلەردە ياشاپ ، بىرنەچچە يىلدىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ كېلىدۇ . بۇ چاغدا ئۇنىڭ سىڭلىسى — يالماۋۇز ئاتا - ئانىسى ۋە پۈتۈن شەھەردىكى ھەممە جانلىقلارنى يەپ تۈگىتىپ ، شەھەرنى خارابىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن ئىكەن . يالماۋۇز يىگىتنىمۇ يېمەكچى بولغاندا ، ئۇ ھايۋانلارنىڭ ياردىمىدە ئاران قېچىپ قۇتۇلىدۇ

يەنە بىر قىسىم چۆچەكلەردە قان شورىغۇچى يالماۋۇز توغرىسىدا ھېكايە قىلىنىدۇ . ئۇنىڭدا بىر باتۇر سىڭلىسى بىلەن ئورمانلىقتا

ياشايدۇ . شۇ چاغدا بىر يالماۋۇز پەيدا بولۇپ ، ئاكىسىنىڭ ئوۋغا كەتكەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ سىڭلىسىنىڭ قېنىنى شوراپ ، ئۇنى قاتتىق ئازابلايدۇ . ئاكىسى بۇنى بىلگەندىن كېيىن ، يالماۋۇز بىلەن باتۇرلارچە كۆرەش قىلىپ ، ئاخىر ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ . بەزى چۆچەكلەردە بايان قىلىنىشىچە ، ئورمانلىقتا ئۈچ باتۇر ياشاۋاتقان بولۇپ ، يالماۋۇز ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ قېنىنى شورايدۇ . يەنە بەزى چۆچەكلەردە يالماۋۇز چىرايلىق قىز قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ، ئەرگە تېگىپ ، ئېرىنىڭ قېنىنى شورايدۇ .

ئومۇمەن ئالغاندا ، يالماۋۇز توغرىسىدىكى چۆچەكلەردە يالماۋۇز- نىڭ ئادەملەرنىڭ گۆشىنى ۋە قېنىنى ئوزۇق قىلغانلىقى بايان قىلىنى- دۇ .

ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئالۋاستى توغرىسىدىمۇ بىر قىسىم چۆچەكلەر تارقالغان . بىز ئالۋاستى توغرىسىدىكى ئىككى چۆچەكنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق (ئالتىنچى بابتىكى «ئۇيغۇر سىھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ تىپ- لىرى» غا قاراڭ ) . ئۇنىڭ بىرىدە بىر چىشى ئالۋاستىنىڭ پادىشاھ بىلەن توي قىلغانلىقى ، ئۇنىڭ ھەر كېچىدە ئوردىدىن چىقىپ شەھەر- دىكى كىشىلەرنى ئوزۇق قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ . ئاخىرىدا ۋەزىر بۇ ئىشنى سېزىپ قېلىپ ، ئۇنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ .

ئالۋاستى چۆچەكلەردە ئىنتايىن سىرلىق ۋە گۈزەل قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ . بەزىدە ئۇ ھەتتا يىگىتلەرنى ئۆزىگە شۇنچە- لىك قارىتىۋالىدۇكى ، بۇ يىگىتلەر ئالۋاستى ئۈچۈن ئۆز ئانىسىنىڭ يۈرىكىنى ئېلىپ كېلىشتىنمۇ يانمايدۇ ( «شاھزادە بىلەن ئالۋاستى» ناملىق چۆچەككە قاراڭ ) .

ئىسلام دىنىدا بايان قىلىنىدىغان شەيتان توغرىسىدىمۇ بىر قىسىم چۆچەكلەر توقۇلغان . بىز ئالتىنچى بابتىكى «ئۇيغۇر سىھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ تىپلىرى» ناملىق كۆرسەتكۈچىمىزدە شەيتان توغرى- سىدىكى ئۈچ پارچە چۆچەكنى تونۇشتۇردۇق . بۇ چۆچەكلەردە شەيتان- نىڭ دائىم ئادەملەر ئارىسىغا ھەر خىل ئەخلاقسىز قىلمىشلارنى ، روھىي ئىللەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ . شەيتان ئىنتايىن ھىيلىگەرلىك بىلەن كىشىلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇپ

تۇرىدۇ ، ئەمما بەزىدە ئۇ ئادەملەرنىڭ فۇۋلۇق ـ شۇملۇقلىرى ئالدىدا ئاجىز ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ («ئادىمي شەيتان» ناملىق چۆچەككە قاراڭ ) .

## 9 . دۆت دىۋە ھەققىدىكى چۆچەكلەر

ئۇيغۇرلار ئىچىدە دۆت دىۋە بىلەن ئادەتتىكى بىر ھىيلىگەر ئادەمنىڭ ئېلىشقانلىقى توغرىسىدا ئىنتايىن نۇرغۇن چۆچەكلەر بار . بىراق ، بۇ چۆچەكلەرنىڭ ۋەقەلىكىدىكى پەرقلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي سۇژىتى ئوخشاش . ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە دىۋە ئاجايىپ ئەخمەق ، دۆت قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ . ئۇنى ئادەتتىكى بىر ئوتۇنچى ، بەڭگى ياكى قىمارۋاز ئالداپ يېڭىۋالىدۇ . بۇ ئادەمنىڭ دىۋە بىلەن ئېلىشىش ئۇسۇلى «كۈچ سىنىشىش» بولۇپ ، ئۇ ئۆزىنى قالتىس كۈچ ـ قۇدرەتلىك قىلىپ كۆرسىتىپ ، دىۋىنى قاتتىق قورقۇتۇۋېتىدۇ . شۇنىڭ بىلەن دىۋە ئۇتتۇرۇۋەتكەن ھېسابلىنىپ ، بارلىق شەرتلەرنى ئورۇنداپ بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ ۋە ھىيلىقى ئادەمگە ئالتۇن ـ كۈمۈش بېرىپ ئاران قۇتۇلىدۇ .

دۆت دىۋە ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ ئاساسىي سۇژىت لىنىيىسى مۇنداق تەرتىپ بويىچە قانات يايىدۇ :

1 . دىۋە ئورمانلىقتا بىر ئادەمگە يولۇقۇپ ، ئۇنى يېمەكچى بولىدۇ .

2 . ئادەم ئۇنىڭ بىلەن كۈچ سىنىشىش شەرتىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ .

3 . دىۋە ئۇنىڭ بىلەن «كۈچ سىنىشىپ» مەغلۇپ بولىدۇ .

4 . دىۋە ئادەمنى ئۆيىگە ئاپىرىپ ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ ، بىراق مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ .

5 . دىۋە ھىيلىقى ئادەمنىڭ ئۆيىگە ئالتۇن ئېلىپ بارىدۇ .

6 . ئادەم ئۆز ئايالى بىلەن بىرلىشىپ ، دىۋىنى يەنە بىر قېتىم قورقۇتۇپ قاچۇرۇۋېتىدۇ .

7 . تۈلكە (ياكى باشقا دىۋىلەر ) ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن دىۋىنى ئېلىپ ، ئادەمنى ئىزدەپ بارىدۇ .

8 . ئادەم دىۋىنى تۆتىنچى قېتىم قاتتىق قورقۇتۇۋېتىدۇ .

# 10 . ئەجداد ۋە ئەرۋاھ ھەققىدىكى چۆچەكلەر

بۇ تۈردىكى چۆچەكلەردە ئەجدادلارنىڭ روھى ئەۋلادلارنى يۆلەپ تۇرىدىغانلىقى ، ئۆلگەن كىشىلەر ھايات كىشىلەرنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىپ تۇرىدىغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ .

تەن ئۆلسىمۇ روھنىڭ ئۆلمەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى كۆزقاراشلار ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى دەۋرلىرىدە پەيدا بولۇپ ، ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ ، بارلىق تارىخىي دەۋرلەردىكى كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىپ ، بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كەلگەن . روھنىڭ ئۆلمەيدىغانلىقى ، ئۇنىڭ بىر خىل سىرلىق كۈچ ئىكەنلىكى ، بۇ خىل سىرلىق كۈچ ئادەمنىڭ تېنىدىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، ئەۋلادلارنىڭ ھاياتىغا ئارىلىشىپ ، ياخشى ئىش قىلغانلارنى مۇكاپاتلاپ ، يامان ئىش قىلغانلارنى جازالاپ تۇرىدىغانلىقى ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىدىيىسىگە كۈچلۈك سىڭىپ كەتكەن . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇلاردا بىر قىسىم ئەجداد ۋە ئەرۋاھلار ھەققىدىكى چۆچەكلەر پەيدا بولغان .

بۇنداق چۆچەكلەر ئىچىدە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ روھى پەرزەنتلەرنى قوللاپ ئۇلارنى بەختكە ئېرىشتۈرگەنلىكى ھەققىدىكى چۆچەكلەر خېلى كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدۇ . بەزى چۆچەكلەردە ئۇ دۇنيادىكى دادا خارلىنىپ قالغان كىچىك ئوغلىغا ھېسداشلىق قىلىپ ، ئۇنىڭ چۈشىدە پەيدا بولىدۇ ۋە قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ ، بالا دادىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىشلەپ ، باي بولۇپ كېتىدۇ . بەزىدە ئۆلگەن ئادەم ئۆزىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ كەلگەن ئوغلىغا بىر خاسىيەتلىك كىتاب سوۋغا قىلىدۇ . ئوغۇل مانا شۇ خاسىيەتلىك كىتابتا يېزىلغان ھېكمەت ـ سىرلارنى بىلىۋېلىپ ، زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىدۇ . بەزىدە ئۆلگەن ئايال ئوغلىنى يوشۇرۇن يوقلاپ كېلىپ ، ئۇنىڭغا ئالتۇن ـ كۈمۈش تاشلاپ قويۇپ كېتىدۇ .

بىر قىسىم چۆچەكلەردە مەلۇم بىر ئۆلۈكنىڭ كاللىسى توغرىسىدا ھېكايە قىلىنىدۇ . بىر چۆچەكتە ئېيتىلىشىچە ، سودىگەر كىشى

يولدا ئادەم بېشىنىڭ سۆڭىكىنى ئۇچرىتىپ ، ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بۇ كاللا سودىگەرنىڭ قىزىنى ھامىلىدار قىلىپ قويىدۇ . كېيىن بۇ كاللا يەنە بىلىققا ئايلىنىپ ، ئوردىغا بېرىپ ، خانىشلارنىڭ تاتلىق ھېسسىياتىنى قوزغىۋېتىدۇ . سودىگەر-نىڭ قىزى بولسا بىر ئوغۇل تۇغىدۇ . كاللىنىڭ پەرزەنتى بولغان بۇ بالا ئاجايىپ دانىشمەن بولۇپ يېتىلىدۇ . يەنە بىر چۆچەكتە ئېيتىلى-شىچە ، ئۆزىنىڭ سۆيگۈنىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن دىۋىلەر ماكانىغا ماڭ-غان شاھزادە يولدا بىر ئادەم بېشىنىڭ سۆڭىكىنى ئۇچرىتىدۇ . بۇ كاللا شاھزادىگە دىۋىلەر ماكانىنى تېپىشنىڭ يولىنى ۋە دىۋىنى ئۆلتۈ-رۈشنىڭ ئۇسۇللىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ . شاھزادە كاللىنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىپ ، سۆيگۈنىنى قۇتقۇزۇپ كېلىدۇ . باشقا بىر چۆچەكتە بايان قىلىنىشىچە ، كەنجى ئوغۇل دىۋىلەر ئېلىپ قاچقان قۇلان ئاتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ قەبرىستانلىقتا بىر ئۆلۈك بىلەن تونۇ-شۇپ قالىدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن بىر ئۆلۈك يىگىت بىلەن بىر تىرىك يىگىت دوست بولۇپ سەپەرگە ئاتلىنىپ ، دىۋىلەرنى يوقىتىپ ، قۇلان ئاتنى قۇتقۇزىدۇ ۋە بىر شەھەرگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن پۈتۈن بىر ئارمىيىنى مەغلۇپ قىلىدۇ . ئۇلار بىر – بىرىگە مەڭگۈ سادىق بولۇپ ياشايدۇ .

## 11 . خۇدا بىلەن ئىنسانلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى چۆچەكلەر

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئىچىدە يەنە شۇنداق بىر قىسىم چۆ-چەكلەر باركى ، ئۇنىڭدا ئىنسان بىلەن خۇدا ئوتتۇرىسىدىكى ھەر خىل توقۇلما (ئويدۇرۇلغان) مۇناسىۋەتلەر بايان قىلىنىدۇ . بۇنداق چۆ-چەكلەردە خۇدانىڭ ئىنسانلارنىڭ تىلىكىنى ئىجابەت قىلىشى (ئارزۇ-سىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى) ، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بېرى-شى ، ئىنسانلارنىڭ خۇدانى رازى قىلىش ئۈچۈن قىلغان خىزمەتلىرى ۋە خۇدانىڭ ياخشى كىشىلەرنى يۆلىگەنلىكىگە ئوخشاش ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ . بىز ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا تارقالغان بۇنداق چۆچەكلەرنى يەتتە سۈژېتقا يىغىنچاقلاپ كۆرسەتتۇق (ئالتىنچى بابتىكى «ئۇيغۇر

سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ تىپلىرى» غا قاراڭ ) .

مەلۇمكى ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئىنتايىن مۇرەككەپ بولىدۇ . ئىنسانلار ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ تەكتىگە يېتەلمەي ئالەمدىن ئۆتىدۇ . ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىغا ، بەخت ـ سائادىتىگە مۇناسىۋەتلىك بۇ خىل قىيىن مەسىلىلەرنىڭ نەدىن پەيدا بولغانلىقىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغان ۋاقىتلىرىدا ، خۇدانى ئېسىگە ئالىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان . شۇ سەۋەبتىن ، كىشىلەر ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن ، خۇدانىڭ يېنىغا ئادەم ئەۋەتكەنلىكى توغرىسىدىكى چۆچەك پەيدا بولغان . ئۇنىڭدا بايان قىلىنىشىچە ، بىر قورقماس يىگىت خۇدانىڭ دەرگاھىغا بېرىپ ، قۇرغاقچىلىق ئاپىتىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبىنى ئېنىقلاپ كەلمەكچى بولىدۇ . ئۇ سەپەرگە چىققاندىن كېيىن ، يول بويى قىيىن ئىشلارغا دۇچ كېلىۋېرىپ ، خۇدادىن سوراپ كېلىدىغان مەسىلىلەر بارغانسېرى كۆپىيىۋېرىدۇ . بۇ خىل قىيىن ئىشلار : بىر قىزنىڭ قارىغۇ بولۇپ قېلىشى ، ئالما دەرىخىنىڭ قۇرۇپ كېتىشى ، بۆرىنىڭ قورسىقى تولغاش ۋە بېلىقنىڭ گېلى ئاغرىش قاتارلىقلارنىڭ سەۋەبلىرىنى ئېنىقلاشتىن ئىبارەت . يىگىت خۇدانىڭ ئالدىغا بېرىپ ، بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ كېلىپ ، ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ ھەل قىلىدۇ . بىر چۆچەكتە كىشىلەر ئۆشرە ـ زاكات بېرىپ ، پېقىر ـ كەمبەغەللەرنى يۆلەپ ، ساۋابلىق ئىش بىلەن شۇغۇللانسا ، ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئۇ دۇنيادا پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئەتىۋارلىنىپ كۈتۈلىدىغانلىقى ، ئەكسىچە بولغاندا ، توختىماي قامچا يەپ ، ئازابلىنىدىغانلىقى ھېكايە قىلىنغان . يەنە بىر چۆچەكتە ئۆمۈر بويى قىلچىلىك يامان ئىش قىلماي خۇداغا ئىبادەت قىلغان ، بەش ۋاخ نامازنى بىر قېتىممۇ قازا قىلمىغان ، نەچچە قېتىم ھەرەمگە بارغان ۋە ئانىسىنىمۇ ھەج قىلدۇرۇپ كەلگەن بىر دىندار كىشىنىڭ ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ باشقىلارغا ياردەم قىلىپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن ، خۇدا ئۇنىڭدىن رازى بولمىغانلىقى بايان قىلىنغان .

بەزى چۆچەكلەردە خۇدانىڭ سوپى ـ موللىلارنى يۆلەپ ، ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بەرگەنلىكى سۆزلەنسە ،

يەنە بىر قىسىم چۆچەكلەردە ئاچ كۆزلۈك قىلىپ، مال ـ دۇنياغا بېرىلىشنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

خۇدا بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى بايان قىلىپ بېرىدىغان يەنە بىر قىسىم چۆچەكلەرمۇ بار. مۇنداق چۆچەكلەردە ئىنتايىن ساددا، ياۋاش ئادەملەرنىڭ ئەخمەقلىقى سەۋەبىدىن خۇدا ئۆزىگە بەرگەن رىزقىنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويغانلىقى، ھەتتا خۇدا ئۇلارنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇپ بەرمەكچى بولغاندا، قانداق نەرسىنى ئارزۇ قىلىشنى بىلمەي، پۇرسەتنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ. بۇنداق چۆچەكلەر كۈچلۈك ھەجۋىيلىك خاراكتېرگە ئىگە.

## 12. ئەقىل ـ پاراسەت ھەققىدىكى چۆچەكلەر

بۇ تۈردىكى چۆچەكلەردە باش پېرسوناژ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ئەقىل ـ پاراسەتلىرى ئارقىلىق قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدۇ ياكى تۇرمۇش تەجرىبىسىگە مول بوۋايلارنىڭ ئاقىلانە نەسىھەتلىرى بويىچە ئىش قىلىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ.

بىز ئەقىل ـ پاراسەت ۋە دانىشمەنلىك مەركەز قىلىنغان بۇ خىل چۆچەكلەرنى ئىككى چوڭ سۇژېتقا يىغىنچاقلاپ كۆرسەتتۇق (ئالتىنچى بابتىكى «ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ تىپلىرى» غا قاراڭ). ئۇنىڭ بىرىنچىسىدە، باش پېرسوناژ دانىشمەن بوۋايلار تەردپىدىن يېزىلغان كىتابنى ئوقۇش ئارقىلىق سېھىرلىك قابىلىيەتكە ئىگە بولىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئاشۇ قابىلىيىتى ئارقىلىق نۇرغۇن قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق دېلولىرىنى پاش قىلىپ، كىشىلەرنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدۇ. ئاخىرىدا يەنە شۇ سىرلىق كىتابنىڭ ياردىمى ئارقىلىق دادىسىنىڭ قاتىلىنى تېپىپ ئىنتىقام ئالىدۇ.

ئىككىنچى تۈركۈمدىكى چۆچەكلەردە، ئەسەرنىڭ باش پېرسوناژى دادىسى سودا قىل دەپ بەرگەن پۇلنى دانىشمەن بوۋايلاردىن ھېكمەتلىك سۆز سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىدۇ. كېيىن يىگىت ئاشۇ ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ كارامىتى بىلەن يىرتقۇچ كۈچلەردىن سالامەت قۇتۇلۇپ چىقىدۇ ۋە يەنە شۇ سۆزلەرنىڭ خىسلىتى بىلەن دۈشمەنلىرىنىڭ سۇيىقەستىنى تارمار قىلىپ، بەختكە ئېرىشىدۇ.

# 13 . تەقدىر ۋە ئادەمنىڭ ھەققىدىكى چۆچەكلەر

تەقدىر ھەققىدىكى چۆچەكلەردە كىشىلەرنىڭ ئۆمۈر پائالىيىتىنىڭ جەريانى مەلۇم سىرلىق كۈچ تەرىپىدىن ئالدىنئالا بەلگىلەپ قويۇلىدىغانلىقى ، كىشىلەرنىڭ مانا شۇ بەلگىلەنگەن قېلىپ ئىچىدە ھەرىكەت قىلىدىغانلىقى ، ئۇنىڭدىن مەڭگۈ قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ . ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە مۇنداق مەزمۇندىكى چۆچەكلەرمۇ خېلى كۆپ . بىز ئۇلارنى توققۇز سۇژىتقا يىغىنچاقلاپ كۆرسەتتۇق (ئالتىنچى بابتىكى «ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ تىپلىرى» غا قاراڭ ) .

بۇ خىل چۆچەكلەر ئىچىدە ئەڭ كۆپ تارقالغىنى پادىشاھ بولۇش تەقدىرىگە پۈتۈلگەن يىگىت بىلەن خانىش بولۇش تەقدىرىگە پۈتۈلگەن قىز توغرىسىدىكى چۆچەكلەردۇر . بىر پالچى پادىشاھقا مۇشۇ شەھەردە بۇ يىل تۇغۇلغان بىر ئوغۇل بالا چوڭ بولغاندا پادىشاھنىڭ تەختىنى تارتىۋالىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ . پادىشاھ قورقۇپ كېتىپ شۇ يىلى تۇغۇلغان بارلىق بالىلارنى ۋە ئېغىر ئاياغ ئاياللارنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ ، ئەمما بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئېغىر ئاياغ ئايالىنى تاغقا ئېلىپ قېچىپ ، قۇتۇلۇپ قالىدۇ . مانا شۇ ئايال تۇغقان بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن ، خەلقنى قوزغاپ ، زالىم پادىشاھنى ئاغدۇرۇپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولىدۇ . يەنە بىر چۆچەكتە بىر پادىشاھقا نىكاھ تەگرىسى ئۇنىڭ ئالتە ياشلىق ئوغلىنىڭ پات يېقىندا تۇغۇلىدىغان بىر تۇل خوتۇننىڭ قىزى بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ . غەزەپلەنگەن پادىشاھ ھېلىقى ئېغىر ئاياغ ئايالنى تاپتۇرۇپ كېلىپ ، ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇيدۇ . جاللاتلار ئۇنى جاڭگالغا ئاپىرىپ ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا بۇ ئايال بىر قىز بوۋاق تۇغىدۇ . جاللاتلار ئايالنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ، بوۋاقنى جاڭگالغا تاشلىۋېتىدۇ . بۇ قىز بوۋاقنى كېيىك بېقىپ چوڭ قىلىدۇ . شاھزادە بالاغەتكە يەتكەندە شىكارغا چىقىپ بۇ قىزنى ئۇچرىتىپ ، ئۇنى نىكاھىغا ئالىدۇ .

يۇقىرىقى ئىككى سۇژىتتىن كۆرىمىزكى ، پادىشاھ ئۆزىنىڭ تەخ-

تىنى تارتقۇزۇپ قويماسلىق ۋە ئوغلىنى تۆل خوتۇنىنىڭ قىزى بىلەن توي قىلدۇرماسلىق ئۈچۈن شۇنچە ۋەھشىي ۋاستىلەرنى ئىشقا سالغان بولسىمۇ، لېكىن بەرىبىر ئالدىنئالا بەلگىلەنگەن تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

بىر چۆچەكتە موللام كىچىككىنە بىر قىزنىڭ كەلگۈسىدە ئۆلۈك يىگىت بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. دېگەندەك، بۇ قىز چوڭ بولغاندا بىر ئۆلۈك يىگىتنى تىرىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ. بىر پادىشاھ دەسلەپتە كەينى ـ كەينىدىن ئاپەتكە ئۇچراپ، پادىشاھلىق تەختىدىن، بارلىق مال ـ مۈلكىدىن، خوتۇنىدىن ۋە ئۈچ بالىسىدىن ئايرىلىپ، سەرگەردانغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا شۇنچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتسىمۇ، بەلگىلەنگەن تەقدىردىن قۇتۇلالماي، ئارقا ـ ئارقىدىن ئاپەتكە ئۇچراۋېرىدۇ. ئاخىرىدا ھەممىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئۆلۈمنى كۈتۈپ ئولتۇرغاندا، بىردىنلا بېشىغا ھۇما قۇشى قونۇپ، يەنە پادىشاھ بولىدۇ. ئارقىدىنلا خوتۇن ۋە بالىلىرىمۇ تېپىلىپ، ئۇنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىدۇ. پادىشاھ تەقدىرنىڭ مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن ھەيران قالىدۇ. يەنە بىر چۆچەكتە بىر تاز كۆرگەن چۈشىنى مۇنەججىمگە ئېيتىپ بېرىدۇ. مۇنەججىم ئۇنىڭ مەلىكە بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان مەلىكە قورقۇپ كېتىپ، ئۆز سۆيگۈنى بىلەن قاچماقچى بولىدۇ، ئەمما كېچىدە خاتا تونۇپ قېلىپ، تام تۈۋىدە ئۇخلاپ ياتقان تازنى ئېلىپ قاچىدۇ. شۇنداق قىلىپ، تاز مەلىكىنىڭ ئېرى بولۇپ قالىدۇ. بىر تەلەيسىز ئادەم تۇيۇقسىز ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، كېسىلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن بارلىق مال ـ مۈلكىنى سەرپ قىلىپ تۈگىتىدۇ، كېيىن ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ، تۈرمىگە سولىنىدۇ، ئون يىلدىن كېيىن ئۇ يەردىن قېچىپ چىقىپ رودۇپايىغا نۇتۇلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە مايمۇن پادىشاھىغا، ئارقىدىنلا دېۋىگە تۇتۇلىدۇ. ئاخىر ئۇنىڭ قولىدىن ناھايىتى تەستە قۇتۇلۇپ، ئۆيىگە كېلىپ، شۇ كۈنى كەچتە قوشنىسىنىڭ تۆھمىتى بىلەن يەنە تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. بۇ ئادەم 90 ياشقا يېقىنلاشقۇچە شۇنچىلىك جاپالىق كۈرەش قىلىپمۇ، ئاپەتتىن قۇتۇلالمايدۇ، بالا ـ قازا داۋاملىق ئۇنى چۆرگىلەپلا يۈرىدۇ. يەنە بىر چۆچەكتىمۇ بىر كەنجى ئوغۇلنىڭ بىر

بالادىن قوتۇلسا، يەنە بىر بالاغا ئۇچراپ، ئۇزۇلمەي داۋاملاشقان كېلىشمەسلىك ئىچىدە ھايات كەچۈرگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

# 14. ياخشى ۋە يامان تۇغقانلار ھەققىدىكى چۆچەكلەر

بىر قىسىم ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدە تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت - كۈرەشلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇلاردا دادا بىلەن قىز، ئانا بىلەن ئوغۇل، ئاكا بىلەن ئىنى، سىڭىللار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلار بايان قىلىنىدۇ. بۇ خىل چۆچەكلەردىكى ئائىلە ئىچىدىكى توقۇنۇشلار، ئاللىقاچان ئائىلە دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ جەمئىيەتتىكى ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەرنىڭ ئىنكاسىغا ئايلىنىپ كەتكەن، يەنى ئۇنىڭدىكى بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ئىككى تۇغقان ئىنسانلار ئارىسىدىكى قارىمۇقارشى ئىككى خىل ئىدىيىۋى خاراكتېرگە ۋەكىللىك قىلىپ، كەڭ ئىجتىمائىي مەزمۇننى ئەكس ئەتتۈرگەن.

تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن چۆچەكلەرنىڭ بىر قىسمىدا پادىشاھ بىلەن ئۇنىڭ قىزى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ بەزىلىرىدە ئوردا ئىچىدىكى ۋەزىر، مىوللا ياكى مۇنەججىملەر (پالچىلار) گۈزەل مەلىكىگە شەھۋانىيەتتە بولۇپ، مەلىكە تەرىپىدىن دەككىسىنى يەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ رەسۋا بولۇشىدىن قورقۇپ مەلىكىنى بۇزۇقچىلىق قىلدى، دەپ تۆھمەت قىلىدۇ. غەزەپلەنگەن پادىشاھ ھەق - ناھەقنى ئايرىمايلا مەلىكىنى شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىپ، چۆل - جەزىرىگە ھەيدىۋېتىدۇ. بەزى چۆچەكلەردە مەلىكە ۋەزىر ياكى ئوردا موللىسىنىڭ خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق ۋە بۇلاڭچىلىق قىلمىشلىرىنى ئېچىپ تاشلىغىنى ئۈچۈن، پادىشاھ تەرىپىدىن ئەنە شۇنداق جازالىنىدۇ. بۇ مەلىكە يىراق جايدىكى دىۋىلەر ماكانىدىن بىر سېھىرلىك كىتابقا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ كارامىتى بىلەن باشقا شەھەرگە پادىشاھ بولىدۇ ياكى يەر ئاستى شەھىرىگە چۈشۈپ، ئۇ يەردىن نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش ئېلىپ چىقىپ، ئىنسانلارغا پايدىلىق زور ئىشلارنى

قىلىدۇ . ۋەزىرنىڭ (ياكى مولللىنىڭ ) يامان قىلمىشلىرى پاش بولـ
غاندىن كېيىن ، پادىشاھ مەلىكىدىن ئەپۇ سوراپ ، ئۇنى ئوردىغا قايتۇ-
رۇپ كېلىدۇ .

ئومۇمەن ، بۇ خىل چۆچەكلەرنىڭ سۇژىتى : مەلىكىنىڭ تۆھمەت-
كە ئۇچرىشى ← پادىشاھنىڭ مەلىكىنى شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىشى ←
مەلىكىنىڭ سېھىرلىك قابىلىيەتكە ئىگە بولۇشى ← مەلىكىنىڭ زور
مۆۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشى ← يامان ۋەزىرنىڭ پاش بولۇشى ←
مەلىكىنىڭ ئۆز شەھىرىگە قايتىپ كېلىشى شەكلىدە يۈز بېرىدۇ .

بىر قىسىم ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە چوڭ خانىش تەرىپىدىن
چۆلگە تاشلىۋېتىلگەن ئاكا ـ سىڭىل توغرىسىدا ھېكايە قىلىنىدۇ .
ئۇنىڭدا بايان قىلىنىشىچە ، كىچىك خانىش قوشكېزەك تۇغقاندىن
كېيىن ، تۇغماس چوڭ خانىش ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىپ ، بوۋاقلارنى
چۆلگە تاشلىۋېتىدۇ ھەمدە كىچىك خانىش كۈچۈك تۇغدى ، دەپ پادى-
شاھنى ئالدايدۇ . بۇ بالىلار چۆلدە ھايۋانلارنىڭ ھىمايىسىدە سالامەت
چوڭ بولىدۇ . چوڭ خانىش بالىلارنىڭ ھايات ئىكەنلىكىدىن خەۋەر
تېپىپ ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن يەنە كۆپ ھەرىكەت قىلىدۇ .
بىراق ، مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ . ئاخىر پادىشاھ شىكارغا
چىقىپ بالىلىرى بىلەن تونۇشۇپ ، ئۇلارنى ئوردىغا قايتۇرۇپ كې-
لىپ ، چوڭ خانىشنى جازالايدۇ . ئۇنىڭ سۇژىتى : بالىلارنىڭ چۆلگە
تاشلىنىشى ← بالىلارنىڭ ھايۋانلارنىڭ غەمخورلۇقىدا ئۆسۈپ يېتىلى-
شى ← مەستان كەمپىرنىڭ بالىلارغا سۇيىقەست قىلىپ مەغلۇپ
بولۇشى ← پادىشاھنىڭ بالىلارنى تېپىۋېلىشى← چوڭ خانىش بىلەن
مەستان كەمپىرنىڭ جازالىنىشى شەكلىدە يۈز بېرىدۇ .

تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ـ توقۇنۇشلارنى ئەكس ئەتتۇ-
رىدىغان چۆچەكلەر ئىچىدە ئاق كۆڭۈل ئۇكا بىلەن رەھىمسىز ئاكىلار
ھەققىدىكى چۆچەكلەر ئەڭ كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ . ئۇنىڭ ئاساسىي
سۇژىتى مۇنداق : پادىشاھ دېۋىلەر ماكانىدىن «بۇلبۇلگويا» دەيدىغان
سېھىرلىك قۇشنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئۈچ ئوغلىنى ئەۋەتىدۇ .
ئۈچ ئوغۇل ئۈچ يولغا ماڭىدۇ . ئىككى چوڭ ئوغۇل ۋەزىپىنى ئورۇن-
دىيالماي مەغلۇپ بولىدۇ . كەنجى ئوغۇل دېۋىلەر ماكانىغا بېرىپ
بۇلبۇلگويانى ۋە مەلىكىنى قولغا چۈشۈرىدۇ . ئاكىلىرى بۇنى بىلگەن-

دىن كېيىن كەنجى ئوغۇلنىڭ ئىككى پۇتىنى چېپىپ ئۈزۈۋېتىپ، ئورمانلىقتا تاشلىۋېتىپ، مەلىكە بىلەن ئاتنى ئېلىپ كېتىپ قالىدۇ. كەنجى ئوغۇل ئورمانلىقتا چولاق ۋە قارىغۇ ئىككى ئادەم بىلەن دوست بولۇپ، بىللە ياشايدۇ. كېيىن بۇلار يالماۋۇزنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى مەجبۇرلاش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ساقايتىدۇ. پۇتى ئەسلىگە كەلگەن كەنجى ئوغۇل ئوردىغا قايتىپ كېلىدۇ، پادىشاھ چوڭ ئوغۇللارنى جازالايدۇ. بۇ خىل چۆچەكلەرنىڭ ئاساسىي سۇژېت لىنىيىسى ئاكا - ئۇكىلارنىڭ قىممەتلىك نەرسە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىقىشى ← كەنجى ئوغۇلنىڭ غەلىبە قىلىپ، ئاكىلىرىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ← ئاكىلىرىنىڭ كەنجى ئوغۇلنىڭ پۇتىنى ئۈزۈۋېتىشى ← كەنجى ئوغۇلنىڭ ئورمانلىقتا دوست تېپىشى ← كەنجى ئوغۇلنىڭ يالماۋۇز ئارقىلىق پۇتىنى ساقايتىشى ← ئاكىلىرىنىڭ جازالىنىشى شەكلىدە يۈز بېرىدۇ.

يەنە بىر قىسىم چۆچەكلەردە ئاكا بىلەن ئۇكىنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان خاراكتېرلىرى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلىدۇ. ئاكىسى ھۇرۇن، قارا نىيەت ۋە ئاچ كۆز، ئۇكىسى ئەمگەكچان، ئاق كۆڭۈل ۋە قانائەتچان. بۇلار چۆچەكلەردە ئوخشاش بىر ئىشقا قاتناشتۇرۇلىدۇ، ئەمما بۇلارنىڭ ئەنە شۇ ئىشقا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاكىسى مەغلۇپ بولۇپ، ئىنىسى غەلىبە قىلىدۇ.

ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى ئىچىدە ئەڭ تەسىرلىك بولغىنى — زالىم ئۆگەي ئانا بىلەن قىز ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى بايان قىلىدىغان چۆچەكلەردۇر. بۇ خىل چۆچەكلەردە ئانا ئۆز قىزىنى ئەتىۋارلاپ، ئۆگەي قىزنى خارلايدۇ. كېيىن بۇ ئۆگەي قىز سېھىرگەر موماينىڭ ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا شاھزادە بىلەن تونۇشۇپ، توي قىلىدۇ. ئەمما، زالىم ئۆگەي ئانا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ، ئورنىغا ئۆزىنىڭ قىزىنى نىقابلاپ، شاھزادىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىدۇ. ئۆگەي قىزنىڭ ئۆلۈكى قۇشقا ۋە گۈلگە ئايلىنىپ، شاھزادىنىڭ يېنىغا بېرىپ، سىرنى ئاشكارىلايدۇ. ئاخىرىدا بۇ قىز تىرىلىپ، ئۆگەي ئانا بىلەن نىقابلانغان قىز جازالىنىدۇ. يەنە بىر قىسىم ئۆگەي ئانىلار ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ سۇژېتىدا خېلى چوڭ پەرق بار. «يېرىل تېشىم، يېرىل» چۆچىكىدە ئاينۇر ئىسىملىك قىزنى ئۆگەي ئانا ئۆز ئوغلىغا

ئېلىپ بەرمەكچى بولىدۇ . ئاينۇر سېھىرلىك تاشنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆيىدىن قېچىپ چىقىپ ، باشقا شەھەرگە بېرىپ ، پادىشاھ بىلەن توي قىلىدۇ . ئەمما ، ئۇ يەردە چوڭ خانىشنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ئېغىر ئازاب تارتىدۇ . «ھېكمەتلىك ساندۇق» ناملىق يەنە بىر چۆچەكتە ئۆگەي ئانا ئۆگەي قىزنى يىرتقۇچ ھايۋانلارغا يەم قىلىۋېتىش ئۈچۈن ئورمانلىقتا تاشلىۋېتىدۇ . بۇ قىز ئورمانلىقتا بىر سېھىرگەر موماينىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ ، ئاخىر سالامەت ئۆيىگە قايتىپ كېلىدۇ . سېھىرگەر موماي ئۆگەي ئانا ۋە ئۇنىڭ ئۆز قىزىنى جازالايدۇ . ئومۇمەن ، بۇ خىلدىكى چۆچەكلەرنىڭ سۇژېت قۇرۇلمىسى : ئۆگەي قىزنىڭ خارلىنىشى ← سېھىرلىك كۈچنىڭ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشى ← پادىشاھ بىلەن توي قىلىش ← ئۆگەي ئانىنىڭ (ياكى چوڭ خانىشنىڭ ) ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى ← قىزنىڭ قايتا تىرىلىشى ← ئۆگەي ئانىنىڭ جازالىنىشى تەرتىپىدە يۈز بېرىدۇ .

تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ـ جېدەل ئەكس ئەتتۇرۇلگەن چۆچەكلەر ئىچىدە ئاكا بىلەن سىڭىل ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشىلىقنى بايان قىلىدىغان چۆچەكلەرمۇ بار . بۇنداق چۆچەكلەردە ئاكىسى بەختسىزلىككە ئۇچرىغان سىڭلىسىنى قۇتقۇزۇپ ، ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق قىلىدۇ . بىراق سىڭلىسى ئاكىسىنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن بىرلىشىپ ، ئاكىسىغا سۇيىقەست قىلىدۇ ، ھەتتا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ . بۇنداق چۆچەكلەردىكى ئاكا بىلەن سىڭىل ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىنتايىن كەسكىن تۈس ئالىدۇ .

يەنە بىر قىسىم چۆچەكلەردە ئانا ئۆز ئوغلىغا ياۋۇزلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ . بۇنداق چۆچەكلەردە ئوغۇل دىۋە بىلەن كۈرەش قىلىدۇ ، ئەمما ئۇنىڭ ئانىسى دىۋە بىلەن يوشۇرۇن ئەر ـ خوتۇن بولۇپ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ ، ئوغلىغا سۇيىقەست قىلىدۇ .

ئومۇمەن ئالغاندا ، تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ـ توقۇنۇشلارنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان چۆچەكلەرنىڭ سۇژېتلىرى كۆپ بولۇپ ، بىز بۇ سۇژېتلارنى توققۇزغا يىغىنچاقلاپ كۆرسەتتۇق (ئالتىنچى بابتىكى «ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ تىپلىرى» غا قاراڭ ) .

# 15 . ياخشى ۋە يامان ھەمراھ ھەققىدىكى چۆچەكلەر

بۇ تۈردىكى چۆچەكلەردە باش قەھرىمان بىللە سەپەر قىلغان ھەمراھىنىڭ ساداقىتى ياكى ۋاپاسىزلىقى بايان قىلىنىدۇ . ئۇنىڭ تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بىر سۈژىتىدا مۇنداق ۋەقە بايان قىلىنغان : شاھزادە يىراق ماكاندىكى مەلىكىنى تېپىش ياكى قىيىن بىر ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن دوستى بىلەن يولغا چىقىدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ دوستى ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى ۋە ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ ، مەلىكىنى قولغا چۈشۈرۈش ، قاراقچىلارنى مەغلۇپ قىلىش ، دىۋە - يالماۋۇزلارنى يوقىتىش ، زالىم پادىشاھنىڭ ئەسكەرلىرىنى تارمار قىلىش قاتارلىقلاردا ئاجايىپ تۆھپە يارىتىدۇ ۋە باشتىن - ئاخىر شاھزادىگە سادىق بولىدۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق روھىي ۋە جىسمانىي كۈچى بىلەن شاھزادىنى قوغدايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇلار قىلچىلىك شەخسىيەتچىلىك ھېسسىياتى ئارىلاشمىغان بۈيۈك دوستلۇقنىڭ ئۈلگىسىنى يارىتىدۇ .

يەنە بىر تۈردىكى چۆچەكلەردە دوستىغا قىلىنغان ۋاپاسىزلىق تەسۋىرلەنگەن . بۇنداق چۆچەكلەردە بىر ئاق كۆكۈل يىگىت بىلەن بىر ئالا كۆكۈل يىگىت بىللە سەپەر قىلىدۇ . ئالا كۆكۈل يىگىت ئاق كۆكۈل يىگىتنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكىنى يەۋېلىپ ۋە ئېتىنى تارتىۋېلىپ ، ئۇنى چۆلدە تاشلىۋېتىپ كېتىپ قالىدۇ . شۇ چاغدا ئاق كۆكۈل يىگىت خاسىيەتلىك ئوت (چۆپ ) نىڭ ياردىمى بىلەن ئالتۇن - كۈمۈشكە ئېرىشىپ ، بېيىپ كېتىدۇ ۋە ئاخىرىدا مەلىكىنىڭ كېسىلىنى ساقايتىپ ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ . بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئالا كۆكۈل ئۇنى دورايمەن دەپ بۆرىگە يەم بولىدۇ .

# 16 . ۋاپاسىز ئاياللار ھەققىدىكى چۆچەكلەر

ئۇيغۇرلارنىڭ سېھرىلىك چۆچەكلىرى ئىچىدە ئەردىن - ئەرگە

يۆتكىلىپ ، شاختىن ـ شاخقا قونۇپ يۈرىدىغان كۆڭلى سۇيۇق ئاياللار توغرىسىدا ھېكايىلەر بار ، شۇنداقلا ئېرىگە ۋاپاسىزلىق قىلىپ ، يات ئەرلەر بىلەن خۇپىيانە ئاشنا ئويناپ ، كۆڭۈل ئاچىدىغان ئاياللار توغرىسىدىمۇ خېلى كۆپ چۆچەكلەر بار . بىز بۇنداق چۆچەكلەرنىڭ تۆت سۇژېتىنى كۆرسەتتۇق (ئالتىنچى بابتىكى «ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ تىپلىرى» غا قاراڭ ) .

بۇ خىل چۆچەكلەرنىڭ ئىچىدە ئاشنا ئوينايدىغان ئاياللار توغرىسىدىكى چۆچەكلەر ئالاھىدە گەۋدىلىك ئورۇننى ئىگىلەيدۇ . ئۇنىڭدا پادىشاھ ئۆز ئايالىنىڭ يوشۇرۇنچە ئاشنا ئويناپ يۈرگەنلىكىنى سېزىپ قېلىپ ، قاتتىق ئازابلىنىپ ، تاج ـ تەختىدىن ۋاز كېچىپ ، دەرۋىش بولۇپ چىقىپ كېتىدۇ . بۇنداق چۆچەكلەردە ئەرلەر ئاياللاردىن گۇمانلىنىپ ، ئۇنى خۇرجۇنغا ياكى ساندۇققا سېلىپ نازارەت ئاستىغا ئالىدۇ . ئەمما ، بۇ ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ ئاشنىلىرىنى كىچىككىنە قۇتىغا سېھرىي بەند قىلىپ ، قويىنىغا سېلىپ ساقلايدۇ . ئاخىر ئاياللارنىڭ بۇ خىل ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىدىن غەزەپلەنگەن پادىشاھ ۋە ۋەزىرلەر بۇ دۇنيانىڭ راھەت ـ پاراغەتلىرىدىن سەسكىنىپ ، دەرۋىشلەرگە قېتىلىپ ، تەركىدۇنيا بولۇپ كېتىدۇ .

بىر قىسىم چۆچەكلەردىكى ئاياللار ئاشنىلىرى بىلەن بىرلىشىپ ، ئەرلىرىنى قاتتىق خارلايدۇ ، ئەرلىرىنىڭ كۆزىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ كۆڭۈل ئاچىدۇ . نەتىجىدە ئۇلار تەڭرىنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ : يەنى ئۇلارنى يىلان چېقىپ ئۆلتۈرىدۇ ياكى ئۇلار ھايۋانغا ئايلىنىپ قالىدۇ . بەزى چۆچەكلەردىكى خانىشلار بۇزۇقچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ، پادىشاھ ئۇلارنى بىر تۆمۈر قەپەسكە سولاپ جازالايدۇ .

# ئىككىنچى باب ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى بىلەن باشقا مىللەت چۆچەكلىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسى

مەلۇمكى، ئەدەبىي ژانىرلار ئىچىدە خەلق چۆچەكلىرىنىڭ دۇنياۋى خاراكتېرى ئەڭ كۈچلۈك بولىدۇ. ئوخشاش بىر چۆچەك ئوخشاشمىغان رايونلاردا ئوخشاشلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، مەلۇم مىللەت ئىچىدە تارقالغان چۆچەكلەرنى پەقەت باشقا مىللەت چۆچەكلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ئېنىقلىغىلى، يىلتىزىنى ئېنىقلىغىلى ۋە ئۇنىڭ تارقىلىش يوللىرىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دۇنيا چۆچەكشۇناسلىرى ھەرقايسى مىللەت چۆچەكلىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشقا باشتىن - ئاخىر جىددىي ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. بۇ خىل سېلىشتۇرما تەتقىقاتنىڭ ئەڭ يۈكسەك نەتىجىسى فىنلاندىيىلىك ئالىم ئارنې بىلەن ئامېرىكىلىق ئالىم تومپسون ئىشلىگەن «چۆچەكلەرنىڭ تىپ ئىندېكسى» دە نامايان بولدى. بىزمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سېھىرلىك چۆچەكلىرىنى ئارنې بىلەن تومپسوننى ئۈلگە قىلغان ئاساستا تىپلارغا ئاجراتتۇق ۋە بۇ تىپلارنى ئۇلارنىڭ ئىندېكسىدە تونۇشتۇرۇلغان خەلقئارا چۆچەكلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىقتۇق (بۇ ئىندېكس ھەققىدىكى چۈشەنچە ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ سېلىشتۇرما نەتىجىسى مۇشۇ كىتابىمىزنىڭ ئالتىنچى بابىدا تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەردە ئۇلارنى تەكرارلاپ ئولتۇرمايمىز). سېلىشتۇرمىدىن مەلۇم بولدىكى، ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ كۆپ قىسمى دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ چۆچەكلىرى بىلەن ئوخشاشلىققا ئىگە ئىكەن.

بىزنىڭچە، مەلۇم بىر مىللەت ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن چۆچەكلەرنى «خەلقئارا چۆچەكلەر»، «كىرمە چۆچەكلەر» ۋە «مىللىي چۆچەكلەر» دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن.

www.uyghurkitap.com

خەلقئارا چۆچەكلەر دېگىنىمىز ، مەزكۇر مىللەت ئىچىدىلا مەۋجۇت بولۇپ قالماي ، بەلكى دۇنيادىكى كۆپلىگەن مىللەتلەر ئىچىدە ئوخشاشلا مەۋجۇت بولغان چۆچەكلەرگە قارىتىلغان . بۇنداق چۆچەكلەر ئۈچ تەرەپتىن خاراكتېرلىنىدۇ : بىرىنچى ، ئۇنىڭ تارقىلىش دائىرىسى نىسبەتەن كەڭ بولىدۇ . ئاز دېگەندە نەچچە ئون مىللەت ، كۆپ دېگەندە دۇنيادىكى ھەممە مىللەت ئىچىدە تارقالغان بولىدۇ . ئىككىنچى ، ئۇنىڭ پەيدا بولغان ماكانى ئېنىق ئەمەس . خەلقئارا چۆچەكلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پەيدا بولغان ماكانى ئېنىقلانغىنى يوق . بەزى ئالىملار بۇنداق چۆچەكلەرنىڭ قەيەردە پەيدا بولۇپ ، كېيىن قانداق يول بىلەن مەزكۇر جايدىن دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا تارقالغانلىقىنى پەرەز ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇشقان بولسىمۇ ، بىراق بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىشەنچلىك پاكىتلار ئاساسىغا قۇرۇلمىغان بولغاچقا ، كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ . ئۈچىنچى ، ئۇ كۆپ ۋارىيانتقا ئىگە بولىدۇ . خەلقئارا چۆچەكلەر ھەرقايسى مىللەتلەر ئىچىگە تارقالغاندا جەزمەن شۇ مىللەتلەرنىڭ پسىخىكىسى ، ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە مەدەنىيىتى تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلىپ تۇرىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بۇنداق چۆچەكلەر چوڭ جەھەتتىن ئوخشاش ، كىچىك جەھەتتىن پەرقلىنىدىغان نۇرغۇن نۇسخىلارغا ئىگە بولىدۇ ، ھەتتا خاراكتېرى جەھەتتىن ئوخشايدىغان نۇرغۇن ۋارىيانت گۇرۇپپىلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ .

كىرمە چۆچەكلەر دېگىنىمىز ، مەلۇم مىللەت ياكى مەلۇم رايوندىن مەزكۇر مىللەتكە كىرىپ ئۆزلەشكەن چۆچەكلەرگە قارىتىلغان . بۇنداق چۆچەكلەرنىڭ تارقىلىش دائىرىسى نىسبەتەن تار بولۇپ ، بىر نەچچە مىللەت بىلەنلا چەكلىنىدۇ . يەنە كېلىپ ئاۋۋال قايسى مىللەتتە پەيدا بولۇپ ، كېيىن قايسى مىللەتكە ئۆتكەنلىكى ئېنىق بولىدۇ .

مىللىي چۆچەكلەر دېگىنىمىز ، مەزكۇر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس چۆچەكلىرىگە قارىتىلغان . بۇنداق چۆچەكلەر باشقا ھەرقانداق مىللەت ئىچىدە مەۋجۇت بولمىغان ، پەقەت مەزكۇر مىللەتنىڭ ئانا تۇپرىقىدا پەيدا بولۇپ ، مۇشۇ مىللەت دائىرىسىدىلا تارقالغان بولىدۇ . ئۇ مەزكۇر مىللەت چۆچەكلىرىنىڭ ئاز بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ .

بىز تۆۋەندە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سىھىرلىك چۆچەكلىرىنى چامە-

مىزنىڭ يېتىشىچە باشقا مىللەتلەرنىڭ چۆچەكلىرى بىلەن سېلىشتۇ-رۇپ ، ئۇلار ئارىسىدىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەرنى تېپىپ چىقىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرىمىز .

## 1 . ئۇيغۇر سىھىرلىك چۆچەكلىرى بىلەن خەلقئارا چۆچەكلەرنىڭ مۇناسىۋىتى

بىزنىڭ ھېس قىلىشىمىزچە ، ئۇيغۇر سىھىرلىك چۆچەكلىرى بىلەن خەلقئارا چۆچەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى يېقىن باغلىنىشتىن تۆۋەن-دىكىدەك ئەھۋاللار كېلىپ چىققان .

(1) بىر قىسىم خەلقئارا سۇژىتلار ئۇيغۇر سىھىرلىك چۆچەكلى-رىنىڭ ئېپىزوتلىرى بولۇپ كەلگەن ، يەنى خەلقئارادىكى بىر مۇستە-قىل چۆچەك مەلۇم بىر ئۇيغۇر چۆچىكىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ، ئۇنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن . بۇ ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ئەھۋالدۇر . مەسىلەن ، «ئۈچ ئاكا - ئۇكا باتۇرلار» (1A - تىپ ) (بۇ يەردىكى چۆچەك نامى ۋە تىپ نومۇرى مۇشۇ كىتابىمىزنىڭ ئالتىنچى بابىدىكى تىپلارنىڭ نامى ۋە نومۇرىنى كۆر-سىتىدۇ ) ناملىق چۆچەكنىڭ سۇژىتى ئوتتۇرا ياۋروپادا كەڭ تارقالغان «مەرگەن» (AT304 )ناملىق چۆچەكنىڭ سۇژىتىنى ئۆز ئىچىگە ئال-غان . «مەرگەن» ناملىق چۆچەكتە بىر باتۇر كېچىدە پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا ئوغرىلىقچە كىرگەن گىگانت ئادەملەرنى بىر - بىرلەپ ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ ۋە ئۇخلاۋاتقان مەلىكىنىڭ ئۈزۈكىنى ئېلىپ چى-قىپ كېتىدۇ . كېيىن مانا شۇ ئۈزۈكنى ئىسپات قىلىپ ، مەلىكە بىلەن توي قىلىدۇ . بۇ چۆچەك ئۇيغۇرلارنىڭ «ئۈچ ئاكا - ئۇكا باتۇرلار» چۆچىكىدە پەقەت كىچىك ئوغۇلنىڭ قەھرىمانلىقىنىلا كۆر-سىتىپ بېرىدىغان ۋەقە بولۇپ كېلىدۇ ، قالغان ئىككى چوڭ ئوغۇل-نىڭ قەھرىمانلىق پائالىيەتلىرى باشقا ۋەقەلەردىن تەركىب تاپىدۇ . دېمەك ، «مەرگەن» ناملىق چۆچەك ئۇيغۇرلارنىڭ «ئۈچ ئاكا - ئۇكا باتۇرلار» چۆچىكىنىڭ ئىچىدىكى بىر ۋەقە سۈپىتىدە بايان قىلىنىپ ، كىچىك ئوغۇلنىڭ ئاكىلىرىدىنمۇ باتۇر ۋە پاراسەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىشكە خىزمەت قىلىدۇ . پۈتكۈل ياۋروپا ، ئاسىيا ۋە

ئافرىقىدا كەڭ تارقالغان «ئەجدىھانى ئۆلتۈرگەن باتۇر» (AT300) ناملىق يەنە بىر چۆچەكمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ «كەنجى باتۇر» (1B ـ تىپ) چۆچىكىنىڭ ئىچىدىكى بىر ئېپىزوت بولۇپ كېلىدۇ. «ئەجدىھانى ئۆلتۈرگەن باتۇر» دا مەلىكىنى ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىن قۇتۇلدۇرۇش سۇژىتى بايان قىلىنىغان. دەل مانا شۇ سۇژىت ئۇيغۇرلارنىڭ چۆچىكىدە كەنجى باتۇرنىڭ ئۈچ خىل قەھرىمانلىق پائالىيىتىنىڭ بىرى سۈپىتىدە بايان قىلىنىغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ «ئېيىق باتۇر» (2 ـ تىپ) ناملىق چۆچىكىمۇ ياۋروپادا كەڭ تارقالغان «ئېيىق ئوغلى جون» (AT301) ناملىق چۆچەكنىڭ سۇژىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «ئېيىق باتۇر» نىڭ سۇژىتى «ئېيىق ئوغلى جون» دىن كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئاخىرىدا پادىشاھنىڭ قىيىن شەرتلىرىنى ئورۇنداپ، مەلىكە بىلەن توي قىلىشتىن ئىبارەت يەنە بىر قاتلام ۋەقەلىك بار. «چويۇن قۇلاقنى يەڭگەن باتۇر» (4 ـ تىپ) (قازاقلارنىڭ «ئېرتۆستىك») ناملىق چۆچەكتىكى كىچىككىنە بىر ئېپىزوت — يەتتە باتۇرنىڭ يەر ئاستى شەھىرىدە كارامەت كۆرسىتىش پائالىيىتىمۇ ياۋروپادىكى «يەتتە سىمون» (ياكى «ئالتەيلەننىڭ دۇنياغا ساياھىتى» AT513A) ناملىق چۆچەكنىڭ ۋەقەلىكىگە خاراكتېر جەھەتتىن ئوخشاپ كېتىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ «دانىشمەن يىگىتلەر» (39 ـ تىپ) چۆچىكىنىڭ سۇژىتى شەرقىي ۋە شىمالىي ياۋروپادا تارقالغان «دانىشمەن ئاكا ـ ئۇكىلار» (AT655) ناملىق چۆچەكنىڭ ۋەقەلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ «بوز ۋاپادار» (A 15 ـ تىپ) ناملىق چۆچىكى ياۋروپادا تارقالغان «پىت تېرىسى» (AT621) ناملىق چۆچەكنى ئۆزىنىڭ مۇقەددىمىسى قىلغان، ۋەھاكازا.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈش تەس ئەمەسكى، خەلقئارادا تارقىلىپ يۈرگەن بىر قىسىم چۆچەكلەر ئۇيغۇر چۆچەكلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ، سۇژىتىنى بېيىتىش ۋە كېڭەيتىش، قەھرىمانلارنىڭ خاراكتېرىنى روشەن ئېچىپ بېرىش، چۆچەكلەردىكى زىددىيەتلەرنى ئۇكۇشلۇق ھەل قىلىش، ھەر قايسى بۆلەكلەرنى بىر ـ بىرىگە ئەپچىل تۇتاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان.

(2) بىر قىسىم ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى بىلەن خەلقئارا

چۆچەكلەرنىڭ ئاساسىي سۇژىتى ئوخشاش ، ئەمما تەپسىلاتلىرىغا روشەن مىللىي ئالاھىدىلىك سىڭگەن . مەلۇمكى ، بىر مىللەت باشقا مىللەتلەرنىڭ چۆچەكلىرىنى قوبۇل قىلغاندا ، كۆپ ھاللاردا ئۇنى ئۆز پېتى قوبۇل قىلمايدۇ ، بەلكى بۇ چۆچەكنى ئۆز مىللىتىنىڭ پسىخىكىسى ۋە تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى بويىچە ئۆزگەرتىپ قوبۇل قىلىدۇ ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئېستېتىك كۆزقاراشلىرى بويىچە قايتىدىن پىششىقلاپ ئىشلەيدۇ . بۇ جەرياندا مەزكۇر چۆچەكنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى ساقلىنىپ قالسىمۇ ، لېكىن كىچىك تەپسىلاتلىرىدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ ، ھەتتا بەزىدە قوبۇل قىلغۇچى مىللەت ئۆز خەلقىنىڭ پسىخىكىسىغا ۋە تۇرمۇش ئادىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان چۆچەك ۋەقەلىكلىرىنى چىقىرىپ تاشلايدۇ ياكى يېڭى بىر ئېپىزوتنى ئۇنىڭغا قوشۇپ قويىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، مەزكۇر چۆچەك ئەنە شۇ مىللەتنىڭ ئۆز ئىجادىيىتىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ .

بىز ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى بىلەن خەلقئارادىكى باشقا مىللەت چۆچەكلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش جەريانىدا مۇنداق ھادىسىنى ئىنتايىن كۆپ ئۇچراتتۇق . مەسىلەن ، ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئەڭ كەڭ تارقالغان «ئالتۇن كەش» (A 34 ـ تىپ ) چۆچىكىنى ئالساق ، ئۇ خەلقئارادىكى «رەڭسىز كېلىن» (AT403 ) ۋە «كۆل قىز» (AT510 ) چۆچەكلىرىگە ئوخشايدۇ . بۇ چۆچەك پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ ، دۇنيانىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدىن ئۇنىڭ ۋارىيانتىنى تاپقىلى بولىدۇ . تومپسون پەقەت ياۋروپادىلا بۇ چۆچەكنىڭ 500 دىن ئارتۇق ۋارىيانتى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ (15 ـ ماتېرىيال 151 ـ ، 152 ـ بەتلەر ) . مەزكۇر چۆچەكتە ئۆگەي ئانىنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىغان بىر قىزنىڭ پادىشاھ بىلەن توي قىلىپ ، ئۆگەي ئانىنى جازالىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ . چۆچەكنىڭ ياۋروپا نۇسخىلىرىدا بۇ قىز كۈندۈزى تاماق ئېتىش ، پول يۇيۇشقا ئوخشاش تۈگىمەس ئۆي ئىشلىرىنى قىلىدۇ . كېچىسى ئوچاقنىڭ ئالدىدا كۈلگە مىلىنىپ ئۇخلايدۇ ، شۇڭا ئۇ «كۈل قىز» دەپ ئاتىلىدۇ . ئەمما ، ئۇيغۇرچە ۋارىيانتىدا بۇ قىز قوي بېقىش ، يىپ ئېگىرىشكە ئوخشاش ئۇيغۇر قىزلىرىغا خاس ئىشلارنى قىلىدۇ ، كەچتە بولسا قوينىڭ قوتىنىدا ياتىدۇ . ياۋروپا ۋارىيانتلىرىدا بۇ قىز سېھىرگەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئاقسۆڭەكلەرچە

ياسىنىپ ، ئوردىغا بېرىپ ئۈچ ئاخشام شاھزادە بىلەن تانسا ئوينايدۇ . ئەمما ، ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن مۇنداق ھەشەمەتلىك تانسا يات ئىشتۇر . شۇڭا ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدە قىز شاھزادە بىلەن بىر باينىڭ توي مۇراسى- مىدا كۆرۈشىدۇ . ياۋروپا ۋارىيانتىدا قىزنىڭ ئۈزۈكى شاھزادىنىڭ ئىستاكانىدا ياكى قىز ياسىغان بولكىنىڭ ئىچىدە قېپقالىدۇ . ئۇيغۇر- چە ۋارىيانتىدا قىز ئورمانلىقتا بىر پاي ئايىغىنى چۈشۈرۈپ قويىدۇ . شاھزادە مانا شۇ ئۈزۈك ياكى ئاياغقا ئاساسەن قىزنى تېپىۋالىدۇ . بەزى ياۋروپا نۇسخىلىرىدا بۇ قىزغا بىر توپ ياخشى نىيەتلىك پەتەكلەر ياردەم قىلىدۇ . سېھىرلىك كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە پەتەك ئوبرازى ياۋروپا چۆچەكلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ ، ئەمما ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ پسىخىكىسىغا ماس كېلىدىغان ئوبراز ئەمەس . ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە ، بىر خىل سېھىرلىك كۈچ ـ قۇدرەت شامان پېرىخونلىرىدا بولىدۇ . پېرىخون- لار ئەپسۇن ئوقۇش ئارقىلىق ھەر خىل كارامەتلەرنى پەيدا قىلالايدۇ . شۇڭا ، چۆچەكتە بىچارە يېتىم قىزغا ئەنە شۇ پېرىخون (سېھىرگەر موماي ) ياردەم قىلىپ ، ئۇنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرىدۇ ۋە مۇرادى- غا يەتكۈزىدۇ . مەزكۇر چۆچەكنىڭ خەلقئارادىكى ۋارىيانتلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە ئۆگەي ئانا بۇ قىزنى سوغا تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ ، شاھزادىمۇ ئاياللىنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋالغان قىزنى كۆۋرۈكتىن دەر- ياغا ئىتتىرىۋېتىدۇ . بەزى ۋارىيانتلاردا شاھزادىنىڭ ئادەملىرى قىزنى تېپىپ ، كېمە بىلەن ئېلىپ كېتىۋاتقاندا ، ئۆگەي ئانا بۇ قىزنى ئۆز قىزىغا ئالماشتۇرۇۋالىدۇ . ئادەملەرنى سوغا تاشلاپ ئۆلتۈرۈش ۋە كېمە ئارقىلىق يۈرۈش ئەھۋاللىرى ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىغا ماس كەلمەي- دۇ . چۈنكى ، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تەكلىماكان قۇملۇ- قىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان قۇرغاق زېمىندا ياشايدىغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇلاردا سۇ يۈزىدىكى قاتناش بولغان ئەمەس . دېڭىزدىن تولىمۇ يىراق بولغان ، دەريا ـ ئۆستەڭلىرىمۇ ئۆزىنىڭ تېغىدىن چۈشۈپ ، ئۆزىنىڭ تۈپرىقىغا سىڭىپ تۈگەيدىغان ، سوغا بولغان تەشنالىقتىن چاك ـ چاك يېرىلىپ كېتىۋاتقان بۇ زېمىندىكى كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ، چەك- سىز كەتكەن كۆپكۆك دېڭىز ۋە يەلكەنلىرىنى كېرىپ يىراقلارغا كېتىۋاتقان كېمىلەر پەقەت ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىلا مەۋجۇت بولۇپ ، ئەتراپىدىكى مۇھىتتىن ئۇنى تاپقىلى بولمايدۇ . شۇڭا ، بىز «ئالتۇن

كەش» چۆچىكىدە قىزنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىش ياكى كېمە سەپىرىدە ئۇنى ئالماشتۇرۇۋېتىشقا ئوخشاش ۋەقەلەرنى ئۇچرىتالماي-مىز ، بەلكى ئۆگەي ئانىنىڭ قىزنى تونۇرغا سولاپ قويۇپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆز قىزىنى ئالماشتۇرۇۋېتىش ، قىزنىڭ چېچىنى يۇيۇپ - تاراپ قويۇشنى باھانە قىلىپ ، ئۇنى كۆيدۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشكە ئوخ-شاش ئۇيغۇرلارغا تونۇش بولغان ئىشلارنى كۆرىمىز .

ئۇيغۇرلارنىڭ «ئۇر توقماق» (25 ـ تىپ) چۆچىكى خەلقئارادا تارقالغان «ئۇستەل ، ئېشەك ۋە توقماق» (AT563) چۆچىكىنىڭ ۋارىيانتىدۇر . خەلقئارادىكى چۆچەكلەردە ئۈچ خىل خاسىيەتلىك نەر-سە — ئالتۇن تېزەكلەيدىغان ئېشەك ، ئۆزلۈكىدىن تاماق چىقىرىدىغان ئۇستەل ۋە يامان كىشىلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىدىغان توقماق ھەققىدە ھېكايە قىلىنىدۇ . ئەمما ، بۇ چۆچەكنىڭ ئۇيغۇرچە ۋارىيانتىدا ئۇس-تەل داستىخانغا ئالماشقان ، چۈنكى بۇرۇنقى ئۇيغۇرلار تاماقنى ئۇس-تەلگە قويۇپ ئەمەس ، داستىخانغا قويۇپ يەيتتى . بۇ چۆچەكنىڭ ياۋروپا نۇسخىسىدا زىددىيەت باش قەھرىمان بىلەن مېھمانخانا خوجاي-نى ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدۇ . ئۇيغۇرچە ۋارىيانتلىرىدا بولسا ، باش قەھرىمان بىلەن تۈگمەنچى ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدۇ . چۈنكى ، ئۆز ۋاقتىدا ئۇيغۇر زېمىنىدا يول يۈرۈپ كەچ قالغان بىر دېھقاننىڭ ئېسىل مېھمانخانىدا ئەمەس ، بەلكى تۈگمەندە قونۇشى رېئاللىققا تولى-مۇ ماس كېلىدۇ .

خەلقئارادا «ئۆتۈك كىيگەن مۈشۈك» (AT545) دەپ ئاتىلىدى-غان چۆچەكتىكى مۈشۈك گىگانت ئادەملەرنى ئالداپ ئۆلتۈرۈپ ، ئۇلارنىڭ شەھىرىگە ئۆز خوجايىنى بولغان يىگىتنى پادىشاھ قىلسا ، دەل شۇ چۆچەكنىڭ ئۇيغۇرچە ۋارىيانتى «ھىيلىگەر تۈلكە» (22 ـ تىپ) دە تۈلكە يالماۋۇزنى ئۆلتۈرۈپ ، ئۇنىڭ شەھىرىنى يىگىتكە تەقدىم قىلىدۇ . مەلۇمكى ، گىگانت ئادەملەر ھەققىدىكى چۈشەنچە ئۇيغۇرلاردا ئەزەلدىن بولغان ئەمەس ، دىۋە ھەققىدىكى چۈشەنچىمۇ ھىندى ۋە ئەرەب چۆچەكلىرىدىن كەلگەن . ئەمما ، يالماۋۇز ھەققىدى-كى چۈشەنچە دەل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە موڭغۇلىيە زېمىنىدا ياشايدىغان ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس تەپەككۇرىدا مەيدانغا كەلگەن . شۇڭا ، بۇ ئوبراز ئۇيغۇرلارغا تولىمۇ چۈشىنىش-

لىك ، ئۇلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىغا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان ئوبرازدۇر . دەل شۇ سەۋەبتىن ، خەلقئارا چۆچەكلەردىكى گىگانت ئادەم ئوبرازلىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ناھايىتى قەبىھ دىۋە ياكى يالماۋۇز ئوبرازىغا ئالمىشىپ كېتىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ، «سېھىرلىك ئۈزۈك» (AT560) ناملىق چۆچەكتىكى ئۈزۈكنىڭ ئۇيغۇرلاردا «خاسىيەتلىك تاش» (17 - تىپ) ياكى يىلان مۇڭگۈزى شەكلىدە ئىپادىلىنىشى ، «باشمالتاق توم» (AT700) چۆچىكىدىكى باشمالتاق بالىنىڭ شەھەردىكى سودا پائالىيىتىنىڭ ئۇيغۇرچە ۋارىيانتلىرىدا بىر تال چېكىتچىلىك بالىنىڭ (3B - تىپ) قوش ھەيدەش ، تۆگە مىنىپ تۈگمەنگە ئۇن تارتقىلى بېرىشىغا ئوخشاش پائالىيەتلەرگە ئۆزگىرىشى ، «شاھزادە ۋە قاشتاش كەمەر» (AT590) ناملىق چۆچەكتىكى ئايالنىڭ ئۆز ئوغلىنى دەريادا تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقى ئۇيغۇرچە ۋارىيانتىدا (36 - تىپ) زەھەر سېلىنغان مانتىنى يېگۈزۈپ ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىغا ئۆزگىرىشى ، «ئۈچ تال دىۋە تۈكى» (AT461) ناملىق چۆچەكتىكى يىگىتنىڭ قىيىن مەسىلىلەرنىڭ جاۋابىنى تېپىش ئۈچۈن دىۋىلەر ماكانىغا بارغانلىقى ئۇيغۇرچە ۋارىيانتىدا (57 - تىپ) خۇدانىڭ دەرگاھىغا بارغانلىقىغا ئۆزگىرىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى خەلقئارا سۇژېتنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ چۆچەكلىرىمۇ بۇ دىنىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىدى ، نەتىجىدە ئەسلىدىكى ئانىمىزملىق ۋە توتېمىزملىق چۈشەنچىلەر ئىسلام دىنى چۈشەنچىسىگە ئالماشتى . مەسىلەن ، خەلقئارادا كەڭ تارقالغان «ئۈچ تال يىلان تېرىسى» (AT612) ناملىق چۆچەكتە ، بىر يىگىت سېھىرلىك يىلانغا يالۋۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ 20 يىللىق ئۆمرىنىڭ بەدىلىگە ياش ئۆلۈپ كەتكەن ئايالىنى تىرىلدۈرىدۇ . بىراق ، بۇ ئايال ئېرىنىڭ قېرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ، باشقا بىر يىگىت بىلەن قېچىپ كېتىدۇ ۋە قوغلاپ كەلگەن ئېرىنى دېڭىزغا تاشلىۋېتىدۇ ، يىلان ئۇنى دېڭىزدىن قۇتقۇزۇۋالىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئايالىنى جازالايدۇ . بۇ چۆچەكنىڭ ئۇيغۇرچە ۋارىيانتى بولغان «ۋاپاسىز ئايال» (38 C - تىپ) ناملىق چۆچەكتە سېھىرلىك يىلان خۇداغا ئۆزگەر-

گەن بولۇپ ، ئايالنى تىرىلدۈرۈش ، يىگىتنى قۇتۇلدۇرۇش ۋە ئايالنى جازالاشلارنىڭ ھەممىسى خۇدا تەرىپىدىن ئورۇندىلىدۇ . ھەتتا يىگىت ئايالنى ئۆزىنىڭ 20 يىللىق ئۆمرىنىڭ بەدىلىگە ئەمەس ، بەلكى 20 يىللىق نامىزىنىڭ (ئىبادىتىنىڭ ) بەدىلىگە تىرىلدۈرىدۇ . دېمەك ، بۇ يەردە ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ ئورنىغا ئىسلام دىنى ئېتىقادى دەسسىتىلگەن .

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر سۇژېتنىڭ ئوخشاشمىغان جاي ۋە ئوخشاشمىغان مىللەتلەر ئارىسىدا تارقالغاندا ئوخشاشمىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان پاكىتلاردۇر .

(3 ) بىر قىسىم ئۇيغۇر سىھىرلىك چۆچەكلىرى بىلەن خەلقئارا چۆچەكلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە سۇژېت قۇرۇلمىسى ئوخشاش ، ئەمما ۋەقەلىكلىرىدە روشەن پەرقلەر ساقلانغان . بۇنداق چۆچەكلەرنى ماكرو جەھەتتىن كۆزەتكەن ۋاقتىمىزدا ، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ، چۆچەكتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدىيە ، ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرى ۋە رولىنىڭ تامامەن ئوخشايدىغانلىقىنى ، ئەمما شۇ مەزمۇننى ۋە ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ۋەقەلىكنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز . مەسىلەن ، ئۇيغۇرلارنىڭ «ياغاچ ئات» (24 - تىپ ) چۆچىكى بىلەن خەلقئارادا تارقالغان «شاھزادىنىڭ قانىتى» (AT575 )ناملىق چۆچەكنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك ، بۇ ئىككى چۆچەكنىڭ ھەر ئىككىسىدە بىر ھۈنەرۋەننىڭ ئاسماندا ئۇچىدىغان ياغاچ ئاتنى ياساپ ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەنلىكى ، شاھزادىنىڭ دەل مانا شۇ ياغاچ ئاتنىڭ ياردىمى بىلەن يىراق بىر شەھەردىكى مەلىكە بىلەن تونۇشۇپ ، توي قىلغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ . ئەمما ، بۇ ئىككى چۆچەكنىڭ تەپسىلىي ۋەقەلىكى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ . تومپسون كۆرسەتكەن ۋارىيانتىدا بايان قىلىنىشىچە ، شاھزادە ياغاچ ئات ئارقىلىق مەلىكىنى ئېلىپ قاچقاندىن كېيىن ، مەلىكىنىڭ دادىسى ئەگەر قىزى قايتىپ كەلسە ، پادىشاھلىق تەختىنى ئۇنىڭغا ئۆتۈنىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ . شۇنىڭ بىلەن شاھزادە ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىپ ، پادىشاھلىقنى ئۆتكۈزۈۋالىدۇ . ئۇيغۇرچە ۋارىيانتىدا ، قاچقان مەلىكە ياغاچ ئات بىلەن بىللە دادىسى تەرىپىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇتۇلۇپ قالىدۇ . دادىسى ئۇنى مەجبۇرىي ھالدا باشقا كىشىگە نىكاھ-لاپ بەرمەكچى بولىدۇ . مەلىكىنى سۆيگەن شاھزادە بولسا ، ياغاچ ئاتتىن ئايرىلىپ ، يىراق دىۋىلەر ماكانىغا بېرىپ ، ئۇ يەردىكى سىرلىق شاپتۇلغا ئىگە بولىدۇ ۋە مانا شۇ سىرلىق شاپتۇلنىڭ كارامىتى بىلەن توي مۇراسىمىنى قالايمىقان قىلىۋېتىپ ، مەلىكىنى ئېلىپ قاچىدۇ .

ئۇيغۇرلارنىڭ «دادىسى تەرىپىدىن قوغلانغان مەلىكە» (30 ـ تىپ ) نامىلىق چۆچىكى بىلەن خەلقئارادا تارقالغان «قولسىز قىزچاق» (AT706 ) نىڭ ئاساسىي مەزمۇنمۇ بىر- بىرىگە ئوخشايدۇ . ئەمما ۋەقەلىكىدە روشەن پەرق بار . «دادىسى تەرىپىدىن قوغلانغان مەلىكە» نامىلىق چۆچەكتىكى مەلىكە دادىسىغا قارشى ھەققانىي سۆز قىلغانلىقى ياكى ۋەزىر ـ قازىلارنىڭ زورلۇقىغا قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن ئوردى-دىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ . بۇ قىز ياقا يۇرتلاردا سەرگەردان بولۇپ ، ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ياكى بىر سېھىرلىك كۈچنىڭ ياردىمى بىلەن زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، ئاخىرىدا دادىسى ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراپ ئوردىغا قايتۇرۇپ كېلىدۇ . «قول-سىز قىزچاق» تا مەلىكە دادىسى ياقتۇرغان ئەر كىشى بىلەن توي قىلىشقا ئۇنىمىغانلىقى ئۈچۈن قولى كېسىلىپ ئورمانلىققا ياكى دې-ڭىزغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ . بۇ قىز باشقا شەھەرنىڭ پادىشاھى تەرىپى-دىن ئېتىبارغا ئېلىنىپ ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ ، ئەمما تۆھمەتكە ئۇچراپ ، بالىسى بىلەن يەنە بىر قېتىم سۈرگۈن قىلىنىدۇ . بۇ مەلىكە ئاخىر سېھىرلىك كۈچنىڭ ياردىمى بىلەن قولىنى ساقايتىپ پادىشاھ بىلەن قايتا جەم بولىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا «تاشلىۋېتىلگەن ئاكا ـ سىڭىل» (31 ـ تىپ ) بىلەن «ئۈچ ئالتۇن بالا» (AT707 ) ، «ياخشىلىققا ياخشىلىق» (7E ـ تىپ ) بىلەن «دېڭىز تـوشقـىنـى» (AT329 ) ، «دىۋە بىلەن كۈچ سىنىشىش» (48 ـ تىپ ) بىلەن «دۆت دىۋە توغرىسىدىكى چۆچەكلەر» (AT1170 ) ، «چاپلاشتۇرۇپ قويۇلغان ئادەملەر» (54 ـ تىپ ) بىلەن «بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ قېلىش» (AT571 ) ، «سادىق دوست» (74 ـ تىپ ) بىلەن «سەمە-مي جون» (AT516 ) قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاساسىي مەزمۇنى ئوخشاش ، ئەمما ئاشۇ مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان كونكرېت ۋەقەلىكى

ئوخشىمايدىغان چۆچەكلەردۇر . بۇنداق چۆچەكلەرنىڭ سۇژىتىدىكى ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىك شۇكى ، ئۇنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىشىشى ئوخشايدۇ . ئۇنىڭ باشلىنىشىدا ئىككى مۇھىم ئوبرازنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن نوقۇنۇشى بايان قىلىنىدۇ . بۇ ئىككى پېرسوناژنىڭ خاراكتېرى ۋە زىددىيەت ـ توقۇنۇشى ئۇيغۇر بىلەن باشقا خەلقلەر چۆچىكىدە ھېچقانداق پەرقلەنمەيدۇ ، ئەمما شۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەقەلىك بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق ھالدا قانات يايىدۇ . چۆچەكنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدىغان بۇ ۋەقەلىك ھەرقايسى ۋارىيانتلاردا خىلمۇخىل ۋە رەڭگارەڭ بولۇپ كېلىدۇ . ئەمما ، چۆچەكنىڭ ئاخىرىدا چوقۇم ئۇنىڭدىكى زىددىيەتلەر ھەل قىلىنىشى ، ئىجابىي باش قەھرىمان غەلىبە قىلىپ ، سەلبىي باش قەھرىمان مەغلۇپ بولۇشى كېرەك . شۇڭا ، خۇلاسە قىسمى يەنە چۆچەكنىڭ باش قىسمىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىگە قايتىپ كېلىدۇ . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، باش قىسمىدا ئوتتۇرىغا تاشلانغان مەسىلە ئاخىرىدا پۈتكۈل چۆچەكنىڭ سۇژىتىنى كونترول قىلىپ ، خىلمۇخىل تەرەپكە كېتىپ قالغان ۋەقەلىكنى يىغىپ ئەپكېلىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، چۆچەكنىڭ ئۇيغۇرچە ۋارىيانتى بىلەن خەلقئارادىكى ۋارىيانتلىرىنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر خىل خاتىمە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ .

(4 ) بىر قىسىم ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى بىلەن خەلقئارا چۆچەكلەرنىڭ قىسمەن ۋەقەلىكى ئوخشاپ قالغان ، يەنى بۇنداق چۆچەكلەرنىڭ بېشى ، ئوتتۇرىسى ياكى ئاخىرىسى ئوخشايدۇ ، بىراق باشقا جايلىرى ئوخشىمايدۇ . ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەلۇم بىر چۆچىكى بىلەن باشقا مىللەتنىڭ مەلۇم بىر چۆچىكىنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم ۋەقەلىكلەر ئوخشاپ كېتىدۇ . مەسىلەن ، «ئاق كۆڭۈل ئۇكا بىلەن رەھىمسىز ئاكىلار» (32 ـ تىپ ) چۆچىكى بىلەن ئەرەب چۆچىكى «قۇش ، ئات ۋە مەلىكە» (AT550 ) نىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ ئىككى ئاكىنىڭ ئىنىسىنى قۇدۇققا تاشلىۋېتىپ ، ئۇنىڭ غەنىيمەتلىرىنى بۇلاپ قاچقانلىقى بايان قىلىنىدۇ . بىراق ، بۇ ئىككى چۆچەكنىڭ مۇشۇ ۋەقەلىكىدىن باشقىسى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ . ئۇيغۇرلارنىڭ «تىرىك ، تىرىك ، كىم ئويغاق ؟ » (10B ـ تىپ ) نامىلىق چۆچىكى بىلەن ياۋروپادىكى «پەتەك ۋە جادۇگەر»

(AT327B) ناملىق چۆچەكنىڭ ھەر ئىككىسىدە بىر توپ ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ يالماۋۇزنى ئالداپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىدىن سالامەت قېچىپ چىققانلىقى توغرىسىدىكى ئېپىزوت بار. «تاي بىلەن بالا» (15B ـ تىپ) ناملىق چۆچەك بىلەن «ئارچا» (AT720) ناملىق چۆچەكنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۆگەي ئانىنىڭ ئوغلىنى خورلىشى توغرىسىدىكى ۋەقە بىلەن باشلىنىدۇ. «كىچىك كۈيئوغۇلنىڭ كارامىتى» (9 ـ تىپ) بىلەن «ئالتۇن باش يىگىت» (AT314) نىڭ ھەر ئىككىلىسى كىچىك كۈيئوغۇلنىڭ زور شان ـ شەرەپكە ئېرىشىپ، چوڭ كۈيئوغۇللىرىنى مەغلۇپ قىلغانلىقى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ... ۋەھاكازا. دېمەك، بۇ چۆچەكلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە غول سۇژىتى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بەزى ۋەقەلىكلىرى ئوخشاپ قالغان.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئىككى مىللەتنىڭ بەزى چۆچەكلىرىدىكى قىسمەن ۋەقەلىكنىڭ ئوخشاپ قېلىش ھادىسىسى كۆپىنچە ھاللاردا مەلۇم بىر موتىفقا باغلىق ھالدا پەيدا بولىدۇ، يەنى بىر موتىف بۇ مىللەتنىڭ بىر چۆچىكىگە قوبۇل قىلىنسا، ئۇ مىللەتنىڭ باشقا بىر چۆچىكىگە قوبۇل قىلىنىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى مىللەتنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى چۆچىكىدىكى بەزى ۋەقەلەر بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ ھال موتىفتىن ئىبارەت بۇ نەرسىنىڭ مۇستەقىللىقىنى، ئۇنىڭ خەلقئارادا كەڭ تۈردە ئېقىپ يۈرۈپ، خالىغان چاغدا خالىغان چۆچەككە كىرىپ كېتەلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چۆچەك سۇژىتلىرىنى تەھلىل قىلغاندا، ئۇنىڭ ئىچىدىكى موتىفلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۆچەكنىڭ ئاساسىي سۇژىت لىنىيەسى بىلەن ئۇنىڭ تەركىبىي قىسىملىرىدىكى موتىفلارنى بىر ـ بىرىدىن ئېنىق پەرقلەندۈرۈش كېرەك. چۈنكى، موتىفنىڭ مىللىي خاراكتېرى سۇژىتتا قارىغاندا تېخىمۇ ئاجىز بولىدۇ. شۇڭا، ئەگەر بىز مەلۇم بىر مىللەتنىڭ چۆچەكلىرىدىكى موتىفلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى شۇ مىللەتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى دەپ چۈشىنىۋالساق، ئاسانلا خاتالىشىپ قالىمىز. پەقەت ئوخشاش بىر موتىفنىڭ ئوخشاشمىغان مىللەتلەر چۆچەكلىرىدە قانداق ئوخشاشمىغان ئامىللارغا ئىگە بولغان-

لىقىنى ئىنقىلاپ چىققاندىلا، ئاندىن بۇ موتىفنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ نەرسىسىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن مىللىي مەدەنىيەت خاسلىقىنى تېپىپ چىققىلى بولىدۇ.

(5) خەلقئارادىكى بىرنەچچە چۆچەك بىرلىشىپ ئۇيغۇرلارنىڭ بىر چۆچىكىنى ھاسىل قىلغان، شۇنداقلا خەلقئارادىكى بىر چۆچەك پارچىلىنىپ ئۇيغۇرلارنىڭ بىرنەچچە چۆچىكىگە ئايلىنىپ كەتكەن. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ «بېلىق شاھزادە» (16A ـ تىپ) ناملىق چۆچىكى تومپسوننىڭ ئىندېكسىدە كۆرسىتىلگەن ئۈچ چۆچەكنىڭ ۋەقەلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ چۆچەكلەر «مىننەتدار ئۆلۈك» (AT506)، «ھۇرۇن بالا» (AT675)، «ھۆجرا ئۆيدىكى ئالۋاستى» (AT507B) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلارنىڭ «قېچىپ كەتكەن پەرىزات» (41 ـ تىپ) ناملىق چۆچىكىمۇ خەلقئارادىكى «قەھرىمانىنىڭ قېچىشىغا ياردەم بەرگەن قىز» (AT313)، «چاشقان، مۈشۈك ۋە پاقا كېلىن» (AT402)، «يوقالغان خوتۇنىنى ئىزدىگەن يىگىت» (AT400) قاتارلىق ئۈچ چۆچەكنىڭ ۋەقەلىكىنى ئۆزىگە يۇغۇرۇۋالغان. دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، خەلقئارادا تارقالغان «ئاكا بىلەن سىڭىل» (AT450) ناملىق بىر چۆچەكنىڭ سۇژىتى ئۇيغۇرلارنىڭ «يېرىلىپ تېشىم، يېرىل» (C 34 ـ تىپ) ۋە «ئالتۇن كەش» (34A ـ تىپ) ناملىق ئىككى چۆچىكىنىڭ سۇژىتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىرنەچچە چۆچەكنىڭ سۇژىتى بىرلىشىپ بىر چۆچەككە ئايلىنىش ياكى بىر چۆچەكنىڭ ۋەقەلىكى بىرنەچچە چۆچەككە پارچىلىنىپ كېتىش ھادىسىلىرى چۆچەكلەردىكى بىر خىل مۇرەككەپ ئەھۋالنى پەيدا قىلغان. مانا شۇنداق ئەھۋال سەۋەبىدىن بىز بەزىدە مەلۇم چۆچەكنىڭ خەلقئارادىكى قايسى چۆچەكنىڭ ۋارىيانتى ئىكەنلىكىنى ئايرىيالماي قالىمىز. چۈنكى، بۇ خىل ئەھۋالدا مەلۇم چۆچەك يەنە بىر مىللەتنىكى ئۇ چۆچەككىمۇ، بۇ چۆچەككىمۇ ئوخشاپ قالىدۇ. سۇژىتلارنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇپ ياكى پارچىلىنىپ كېتىشى بىزنىڭ چۆچەكلەرنىڭ ئىنىق خاراكتېرىنى بېكىتىشىمىزگە توسالغۇ پەيدا قىلىپ، سېلىشتۇرما چۆچەك تەتقىقاتىنى قىيىنلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

چۆچەكلەردىكى بۇ خىل ئەھۋال ئاساسەن چۆچەك ئېيتقۇچىلارنىڭ ئۇنتۇپ قېلىشى ياكى خاتا ئاڭلىۋېلىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولىدۇ. ئۇلار مەلۇم بىر چۆچەكنى كەم ئېيتىپ قويغانلىقتىن، بىر چۆچەك بىرنەچچىگە پارچىلىنىپ كېتىدۇ، شۇنداقلا ئېسىدە ساقلاپ كېلىۋاتقان بىرنەچچە چۆچەكنى ئاڭسىز ھالدا ئۆزئارا بىرىكتۈرىۋېتىشتىن سۇژېتلارنىڭ قوشۇلۇپ كېتىش ھادىسىلىرى كېلىپ چىقىدۇ.

(6) بىر قىسىم ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ چۆچەكلىرى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇپ كېلىدۇ. بۇنداق چۆچەكلەرنىڭ ئايرىم دېتاللىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ سۇژېتلىرىنىڭ ھەممىسى بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ. مەسىلەن، «گۆھەر توخۇ» (18 - تىپ) چۆچىكى بىلەن «سېھىرلىك قۇشنىڭ يۈرىكى» (AT567)، «ۋاپادار ئاكا ۋە قارا نىيەت سىڭىل» (35 - تىپ) چۆچىكى بىلەن «ساداقەتسىز سىڭىل» (AT315)، «ھېكمەتلىك سۆزلەر» (40 -تىپ) بىلەن «دانا نەسىھەت» (AT910)، «زورلۇقتا قارشى تۇرغان پەرىزات» (42 - تىپ) بىلەن «ئايالى چىرايلىق بولغاچقا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئادەم» (AT465)، «جادۇگەر بىلەن ئېلىشىش» (49 - تىپ) بىلەن «سېھىرگەر ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى» (AT325)، «پاقا شاھزادە» (50A - تىپ) بىلەن «پاقا پادىشاھ» (AT440)، «قىزىل گۈل» (50C - تىپ) بىلەن «ساھىبجامال ۋە ياۋايى ھايۋان» (ياكى «يوقالغان ئېرىنى ئىزدەش» AT425)، «سېھىرلەنگەن ساھىبجامال» (51 - تىپ) بىلەن «يەلان قىز» (AT507C)، «قاندۇرۇلغان ئۈچ ئارزۇ» (56 - تىپ) بىلەن «ئىجابەت قىلىنغان ئۈچ ئارزۇ» (AT75A)، «پادىشاھ بولۇش تەقدىرىگە پۈتۈلگەن يىگىت» (65 - تىپ) بىلەن «بېشارەت» (AT930)، «ئاق كۆڭۈل ۋە ئالا كۆڭۈل» (75 - تىپ) بىلەن «ئىككى يولۇچى» (AT613) قاتارلىقلارنىڭ سۇژېتلىرى بىر - بىرىگە تامامەن ئوخشايدۇ.

بىز تومپسوننىڭ «دۇنيا چۆچەكلىرىنىڭ كلاسسىفىكاتسىيىسى» (15 - ماتېرىيال) ناملىق كىتابىدىكى بايانلارنى كۆرۈش ئارقىلىق شۇنداق خۇلاسىگە كەلدۇقكى، ئۇيغۇرلارنىڭ چۆچەكلىرىگە پۈتۈنلەي

ئوخشايدىغان خەلقئارا چۆچەكلەرنىڭ كۆپىنچىسى ھىندىستان ، ئىران ۋە ئەرەبلەردە پەيدا بولغان چۆچەكلەردۇر . بولۇپمۇ بۇنىڭ ئىچىدە ئەرەبلەر ۋە پارسلارنىڭ چۆچەكلىرى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ . بىزنىڭ كۆزقارىشىمىزچە ، ئۇيغۇرلار بىلەن ئەرەب ـ پارسلارنىڭ ئوخشاشلىق تەرەپلىرى ئىنتايىن كۆپ . ئۆز ۋاقتىدا يىپەك يولى قۇمۇل ، تۇرپان ، كۇچا ، قەشقەر ، يەكەن ، خوتەن قاتارلىق ئۇيغۇر شەھەرلىرىنى تېھ-ران ، باغداد ، دەمەشق ، قاھىرە قاتارلىق ئەرەب ـ پارس شەھەرلىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى . مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بېرى بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئورتاق دىنغا ئېتىقاد قىلىپ كەلدى . جۇغراپىيىلىك شارائىت ، دىنىي ئىدېئولوگىيە ، قول ھۇنەرۋەنچىلىك ۋە سودا ـ سېتىق جەھەتتىكى بۇنداق ئوخشاشلىقلار ئەرەب ـ پارسلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ پسىخولوگىيە ۋە ئۆرپ ـ ئادەت ئورتاقلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان . دەل شۇ سەۋەبتىن ئەرەب - پارس چۆچەكلىرى ئۇيغۇرلارغا تارقالغاندا ، ھېچقانداق توسالغۇسىزلا سىڭىپ كەتكەن ، ئۇنى ئۆزگەرتىشنىڭمۇ ھاجىتى بولمىغان . مانا بۇ بىر قىسىم ئۇيغۇر سىھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ ئەرەب ـ پارس چۆچەكلىرى بىلەن پۈتۈن-لەي ئوخشاش بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبتۇر .

يۇقىرىدا بىز ئۇيغۇر سىھىرلىك چۆچەكلىرى بىلەن خەلقئارا چۆچەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن پەيدا بولغان ئالتە تۈرلۈك ئەھۋالنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق . بۇلارنى مۇنداق ئىخچاملاش مۇمكىن : ① خەلقئارادىكى مۇكەممەل بىر سۇژىت ئۇيغۇر چۆچەكلىرىنىڭ بىر ئېپىزوتىغا ئايلىنىپ قېلىش ؛ ② سۇژىت خەلقئاراچە ، تەپسىلاتى ئۇيغۇرچە بولۇش ؛ ③ مەزمۇنى ۋە ئوبرازلىرى ئوخشاش ، ئەمما ۋەقە-لىكى ئوخشىماسلىق ؛ ④ ئومۇمىي سۇژىتى ئوخشىماسلىق ، ئايرىم موتىفلىرى ئوخشاپ قېلىش ؛ ⑤ خەلقئارادىكى بىرنەچچە سۇژىت ئۇي-غۇرلاردا بىر سۇژىت بولۇپ بىرىكىش ياكى ئەسلىدىكى بىر سۇژىت بىرنەچچىگە پارچىلىنىپ كېتىش ؛ ⑥ پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇش . مانا بۇلار ئۇيغۇر سىھىرلىك چۆچەكلىرى بىلەن خەلقئارا چۆچەكلەرنى سېلىشتۇرۇشتىن چىقىرىلغان قانۇنىيەتلىك خۇلاسە .

## 2 . ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى بىلەن قازاق ۋە ئۆزبېك چۆچەكلىرىنى سېلىشتۇرۇش

ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى بىلەن باشقا تۈركىي تىللىق مىللەتلەر چۆچەكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە كەلسەك ، بىز قولىمىزدىكى ماتېرىياللارنىڭ كەملىكى سەۋەبىدىن بارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەر چۆچەكلىرى بىلەن ئۇيغۇر چۆچەكلىرىنى بىر - بىرلەپ سېلىشتۇرۇپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىدۇق . بىز پەقەت قازاق خەلقى بىلەن ئۆزبېك خەلقىنى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئىككى چوڭ گورۇپپىسىغا ۋەكىللىك قىلالايدۇ دەپ ھېسابلاپ ، ئۇلارنىڭ چۆچەكلىرى بىلەن ئۇيغۇر چۆچەكلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆردۇق .

مەلۇمكى ، قازاق خەلقى بىلەن ئۇيغۇر خەلقى قېرىنداش خەلق . ئۇلارنىڭ تىلى ، ئۆرپ - ئادەتلىرى بىر - بىرىگە يېقىن ، تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى ۋە دىنىي ئېتىقادى ئوخشاش . ئۇلار يەنە ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدا ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان . مانا بۇ ھال بۇ ئىككى مىللەتنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالمىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان . بۇ خىل مەدەنىيەت ئالمىشىشى فولكلور بايلىقىدا ، جۈملىدىن چۆچەكلەردىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ .

ئۇيغۇر ۋە قازاق خەلقىنىڭ سېھىرلىك چۆچەكلىرىنى سېلىشتۇرۇشتىن مەلۇم بولدىكى ، ئۇلارنىڭ زور كۆپ ساندىكى چۆچەكلىرى بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ . بۇنداق چۆچەكلەردىن تۆۋەندىكىلەرنى ساناپ ئۆتەلەيمىز . قازاقلارنىڭ «ياخشىلىق بىلەن يامانلىق» (47 - ماتېرىيال) ناملىق چۆچىكى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ «ئاق كۆڭۈل بىلەن ئالا كۆڭۈل» (75 - تىپ) ناملىق چۆچىكى ، قازاقلارنىڭ «ئۈچ مەلىكە» (47 - ماتېرىيال) ناملىق چۆچىكى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ «سېھىرلەنگەن شاھزادە» (51 - تىپ) ناملىق چۆچىكى ، قازاقلارنىڭ «چالا موللا» (47 - ماتېرىيال) ناملىق چۆچىكى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ «جادۇگەر بىلەن ئېلىشىش» (49 - تىپ) ناملىق چۆچىكى ، قازاقلار-

نىڭ «ئەر تاللىغان قىز» (47 ـ ماتېرىيال) ناملىق چۆچىكى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ «تالاشتا قالغان قىز» (11 ـ تىپ) ناملىق چۆچىكى، قازاقلارنىڭ «سېھىرگەرنىڭ سېھرى شۇ» (47 ـ ماتېرىيال) ناملىق چۆچىكى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ «ۋاپاسىز ئايال» (B 38 ـ تىپ) ناملىق چۆچىكى، قازاقلارنىڭ «ئېرتۆستىك» (48 ـ ماتېرىيال) ناملىق چۆچىكى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ «چويۇن قۇلاقنى يەڭگەن باتۇر» (4 ـ تىپ) ناملىق چۆچىكى، قازاقلارنىڭ «ۋاپاسىز قېرىنداش» (48 ـ ماتېرىيال) ناملىق چۆچىكى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ «ئاق كۆ- كۆل ئۇكا بىلەن رەھىمسىز ئاكىلار» (32 ـ تىپ) ناملىق چۆچىكى، قازاقلارنىڭ «يەردىن چىققان يېلىم باتۇر» (48 ـ ماتېرىيال) ناملىق چۆچىكى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ «ياۋۇز ئانا بىلەن ساددا ئوغۇل» (36 ـ تىپ) ناملىق چۆچىكى بىر ـ بىرىگە تامامەن ئوخشايدۇ. بىز ئۇيغۇر سىھىرلىك چۆچەكلىرى بىلەن ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان قازاق خەلق چۆ- چەكلىرىنى يۇقىرىقىلاردىن باشقىمۇ ناھايىتى كۆپ كۆرسىتىپ بېرە- لەيمىز.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان چۆچەكلەر بىر ـ بىرىگە پۈتۈنلەي ئوخ- شايدىغان چۆچەكلەردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قىسىم قازاق خەلق چۆچەكلىرى بىلەن ئۇيغۇر سىھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ چوڭ سۇژېتى ئوخشاش، ئەمما قىسمەن ۋەقەلىكلىرى پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، قازاق خەلقىنىڭ «ياغاچ ئات ھەققىدە» (47 ـ ماتېرىيال) ناملىق چۆچىكى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ «ياغاچ ئات» (24 ـ تىپ) ناملىق چۆچىكى ئەنە شۇنداق چۆچەكتۇر. بۇ چۆچەكنىڭ قازاقچە ۋارىيانتىدا، ئۈچ ھۈنەر- ۋەن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قۇشتەك سايرايدىغان سائەت، دۈشمەن كەلسە جىرىڭلايدىغان قوڭغۇراق ۋە ئاسماندا ئۇچالايدىغان ياغاچ ئاتنى ياساپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇيغۇرچە ۋارىيانتىدا بولسا، تۆمۈرچى بىلەن ياغاچچى دېڭىزدا ئۈزەلەيدىغان تۆمۈر بېلىق ۋە ئاسماندا ئۇچالايدىغان ياغاچ ئاتنى ئېلىپ كېلىدۇ. قازاقچە ۋارىياد- تىدا شاھزادە ياغاچ ئاتقا مىنىپ ئۇچۇپ، باشقا شەھەرگە بېرىپ، بىر مەلىكىنى ئېلىپ كېلىدۇ. بىراق، ياغاچچى ياغاچ ئات بىلەن مەلىكى- نى رۇم شەھىرىگە ئېلىپ قېچىپ كېتىدۇ. رۇم شەھىرى پادىشاھى ياغاچچىنى زىندانغا تاشلاپ، مەلىكىنى ئۆزىگە تېگىشكە زورلايدۇ. مانا

شۇ چاغدا شاھزادە رۇم شەھىرىگە كېلىپ مەلىكىنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ ۋە ياغاچ ئات بىلەن ئۇنى ئېلىپ ئۆز شەھىرىگە قايتىدۇ. چۆچەكنىڭ قازاقچە ۋارىيانتىدىكى بۇ ۋەقەلەر ئۇيغۇرچە ۋارىيانتىغا ئوخشىمايدۇ. ئۇيغۇرچە ۋارىيانتىدا شاھزادە ياغاچ ئاتتىن ئايرىلىپ قېلىپ، چۆل-جەزىرىدە قاتتىق جاپا تارتىدۇ. ئاخىرىدا دىۋىلەر ماكانىغا بېرىپ، سىرلىق شاپتۇلنى قولغا چۈشۈرىدۇ ھەمدە ئەنە شۇ شاپتۇلنىڭ كارامىتى بىلەن قايتىدىن مەلىكە ۋە ياغاچ ئاتنى ئىگىلەپ، يۇرتىغا قايتىپ كېلىدۇ. بىز بۇنداق چوڭ جەھەتتىن ئوخشاش، كىچىك جەھەتتىن پەرقلىنىدىغان چۆچەكلەردىن يەنە قازاقلارنىڭ «ئېيىق بالا» (47 - ماتېرىيال) ناملىق چۆچىكى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ «ئېيىق باتۇر» (2 - تىپ) ناملىق چۆچىكى، قازاقلارنىڭ «ئالتۇن قوش بىلەن كۆك بۆرە» (47 - ماتېرىيال) ناملىق چۆچىكى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ «بۇلبۇلگويا» (32 - تىپ) ناملىق چۆچىكى قاتارلىقلارنى مىسال كەلتۈرەلەيمىز.

چوڭ سۈژىتلاردىن باشقا بىر قىسىم موتىفلار قازاق چۆچەكلىرى بىلەن ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدە ئوخشاشلا مەۋجۇت. مەسىلەن، باتۇرنىڭ يەر ئاستىغا چۈشۈپ، يىرتقۇچ مەخلۇقلارنى يوقىتىپ، مەلىكىنى قۇتقۇزغانلىقى، بىراق ھەمراھلىرىنىڭ ئۇنى يەر ئاستىغا تاشلىۋېتىپ، مەلىكىنى ئېلىپ قاچقانلىقى توغرىسىدىكى موتىف (قازاقلارنىڭ «يوقالغان مەلىكە» ناملىق چۆچىكىگە قاراڭ، 47 - ماتېرىيال)، چۆچەك قەھرىمانىنىڭ سەپەر جەريانىدا غەيرىي ئىقتىدارى بار باتۇرلار بىلەن دوست بولغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ياردىمىدە پادىشاھنىڭ قىيىن شەرتلىرىنى ئورۇنداپ، مەلىكىنى قولغا چۈشۈرگەنلىكى ھەققىدىكى موتىف (قازاقلارنىڭ «ئېرتۆستىك» ناملىق چۆچىكىگە قاراڭ، 48 - ماتېرىيال)، كىچىك مەلىكىنىڭ ھېچكىم ياراتمايدىغان ئادەتتىكى بىر يىگىتنى ئۆزىگە لايىق تاللىغانلىقى، ئەمما بۇ ئادەتتىكى يىگىتنىڭ ئاجايىپ باتۇرلۇق كۆرسىتىپ ۋە ئىككى چوڭ باجىسىنى مەغلۇپ قىلىپ، پادىشاھنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنلىكى ھەققىدىكى موتىف (قازاقلارنىڭ «دىلداش باتۇر» ناملىق چۆچىكىگە قاراڭ، 48 - ماتېرىيال)، قەھرىمانىنىڭ سۇمۇرغنىڭ بالىلىرىنى قۇتقۇزۇپ، ئۇنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەنلىكى ھەققىدىكى موتىف (قازاقلارنىڭ «يېرىم

تۆش» ناملىق چۆچەككە قاراڭ، 48 ـ ماتېرىيال)، ساھىبجامالنىڭ كېچىسى سۆيگۈنىنى تاپالماي، خاتا تونۇپ قالغانلىقتىن باشقا يىگىتلەر بىلەن قاچقانلىقى توغرىسىدىكى موتىف (قازاقلارنىڭ «غېپشا» ناملىق چۆچەككە قاراڭ، 47 ـ ماتېرىيال)، جادۇگەرنىڭ قەھرىمانغا سۇيىقەست قىلىپ، مەلىكىنى ئېلىپ قاچقانلىقى ھەققىدىكى موتىف (قازاقلارنىڭ «ئېيىق بالا» ناملىق چۆچەككە قاراڭ، 47 ـ ماتېرىيال)… قاتارلىقلار ئۇيغۇر ۋە قازاق چۆچەكلىرىنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە ئىنتايىن كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ موتىفلارنىڭ بەزىلىرى ئۇزۇن دەۋرلەردىن بېرى پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەممىلا جايلىرىدا ئېقىپ يۈرگەن بولسا، يەنە بەزىلىرى پەقەت تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تۇپرىقىدا مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن، قان شورىغۇچى يالماۋۇز ھەققىدىكى ۋە يەر ئاستىغا چۈشۈپ يىرتقۇچ مەخلۇقلارنى يوقىتىش ھەققىدىكى موتىفلار تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى شامان دىنى ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا پەيدا بولغان.

يەنە بىر قىسىم قازاق خەلق چۆچەكلىرى پەقەت قازاق مىللىتىگىلا خاس بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەرقانداق ۋارىيانتىنى ئۇيغۇرلاردىن تاپقىلى بولمايدۇ. بۇلاردىن «كەرقۇلا ئاتلىق كېندىباي» (48 ـ ماتېرىيال)، «ئاقجان باتۇر» (48 ـ ماتېرىيال)، «جېز تىرناق» (48 ـ ماتېرىيال)، «يېرىم تۆش» (48 ـ ماتېرىيال)، «ئەلىبەگ باتۇر» (48 ـ ماتېرىيال)، «قارا مەرگەن» (47 ـ ماتېرىيال) قاتارلىقلارنى ساناپ ئۆتۈش مۇمكىن. بۇ چۆچەكلەردە ئۆز ئېلىنى بۇلاڭچى ـ تاجاۋۇزچىلاردىن قۇتۇلدۇرۇش، چارۋىلارغا ھۇجۇم قىلىدىغان يىرتقۇچلار بىلەن كۈرەش قىلىش، قالماق باسقۇنچىلىرىنى يوقىتىش ۋە ئوۋچى، مەرگەنلەرنىڭ باتۇرلۇق پائالىيەتلىرى بايان قىلىنىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ چۆچەكلەر قازاق خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ۋە تارىخى بىلەن زىچ باغلانغان ھالدا، ئۇلارنىڭ ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق ئەمگىكى ۋە موڭغۇل ئىستىبلاچىلىرىغا قارشى كۈرەشلىرى بىلەن باغلانغان ھالدا پەيدا بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇلارنىڭ سۇژېتلىرى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ئۇچرىمايدۇ.

قازاق خەلق چۆچەكلىرى بىلەن ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئىچىدىكى ئۆزئارا ئوخشايدىغان سۇژېتلارنىڭ قايسىسىغا ئۆتكەن-

www.uyghurkitap.com

لىكىنى ئېنىقلاش تەس، يەنى مەلۇم بىر سۇژىت ئاۋۋال ئۇيغۇرلاردا
پەيدا بولۇپ، كېيىن قازاقلارغا ئۆتكەنمۇ ياكى ئاۋۋال قازاقلاردا پەيدا
بولۇپ، ئاندىن ئۇيغۇرلارغا ئۆتكەنمۇ دېگەن مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇ-
رۇش ھەقىقەتەن مۇشكۈل ئىش. شۇنداق بولسىمۇ بىز بەزى چۆچەك-
لەرنىڭ سۇژىتلىرىنى مىللىي تۇرمۇش مۇھىتى ئىچىگە قويۇپ تەھ-
لىل قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ تەۋەلىكى ھەققىدە ئەقىلگە مۇۋاپىق
ھۆكۈم چىقىرالايمىز. مەسىلەن، «چويۇن قولاقنى يەڭگەن باتۇر»
ناملىق ئۇيغۇر چۆچىكىنىڭ سۇژىتى ئۇزۇن، قوشاقلىرى كۆپ بو-
لۇپ، گويا ئېپوسقا ئوخشاپ كېتىدۇ. مەزكۇر چۆچەك ئۇيغۇرلار
ئىچىدە ئەڭ كەڭ تارقالغان، ئۇنىڭ خىلمۇخىل ۋارىيانتلىرى بار.
بىز پەقەت مەتبۇئات يۈزىدە ئېلان قىلىنغان ئۈچ نۇسخىسىنىلا كۆرسى-
تىپ ئۆتتۇق (4 ـ تىپ). مۇشۇ خىل ئەھۋالغا قارىغاندا، مەزكۇر
چۆچەك ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تۇپرىقىدا پەيدا بولۇپ، تەرەققىي قىلغاندەك
كۆرۈنىدۇ. بىراق، بىز مەزكۇر چۆچەكنى ئۇنىڭ قازاقچە نۇسخىسى
بولغان «ئېرتۆستېك» بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش ھەمدە ئۇلارنى
ئۇيغۇر ۋە قازاقلارنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى ئىچىگە قويۇپ مۇھاكىمە
قىلىش ئارقىلىق شۇنداق خۇلاسىگە كەلدۇقكى، مەزكۇر چۆچەك ئاۋ-
ۋال قازاق خەلقى ئىچىدە پەيدا بولۇپ، ئاندىن ئۇيغۇرلارغا تارقالغان،
يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ «چويۇن قولاقنى يەڭگەن باتۇر» ناملىق چۆچىكى
دەل قازاقلارنىڭ «ئېرتۆستېك» ناملىق چۆچىكى ئاساسىدا پەيدا بول-
غان. چۈنكى، بۇ چۆچەكتە باشتىن ـ ئاخىر چارۋىچىلىق تۇرمۇشى
تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، دېھقانچىلىق تۇرمۇشىدىن ئازراقمۇ ئەسەر يوق.
چۆچەكتىكى ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى كەڭ كەتكەن دالا ـ يايلاقتا يۈز
بېرىدۇ. چۆچەكتىكى سەككىز ئاكا ـ ئۇكا مال ـ چارۋىلارنى ئوت ـ
چۆپ مول جايغا ھەيدەپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمەيدۇ. كېيىن كەنجى
ئوغۇل (9 ـ بالا) ئاكىلىرىنى ئىزدەپ، يىراق جايغا بېرىپ، ئوغلاق
تارتىش ئويۇنى قىزىپ كەتكەن يەردىن ئۇلارنى تېپىپ، ئېلىپ كېلى-
دۇ. بالىلارنىڭ دادىسى توققۇز قىزى بار ئادەمگە نۇرغۇن تويلۇق مال
تۆلەپ، ئوغۇللىرىنى ئۆيلەيدۇ. كەنجى كېلىن ئۆيىدىن ئايرىلىدىغان
چاغدا دادىسىدىن قاراگىر ئېتىنى، ئاق باش تۆگىسىنى تەلەپ قىلىپ
ئېلىۋالىدۇ. قېيناتا كېلىنلىرى بىلەن قايتىپ كېلىۋېتىپ، كەچتە

شوربۇلاق دېگەن جايدا قونىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن جادۇگەرنىڭ قىلتىقىغا
چۈشۈپ ، كىچىك ئوغلىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ… ئەڭ ئاخىر-
دا كىچىك ئوغۇل جادۇگەر ۋە چويۇن قۇلاقلارنى يوقىتىپ ، قايتىپ
كېلىۋاتقاندا ئاق باش تۆگە تۇغۇپ ، بۇ خۇشاللىقتىن بەلگە بېرىدۇ .
مۇشۇ بايانلاردىن شۇنى كۆرىمىزكى ، مەزكۇر چۆچەكتە تەسۋىرلىنىد-
ۋاتقىنى پۈتۈنلەي قازاقلارنىڭ تۇرمۇشى ، قازاق يايلىقى ، قازاق ئىگى-
لىكى ، قازاقلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى . گەرچە بۇ چۆچەك ئۇيغۇرلار
ئىچىدە كەڭ تارقالغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭدا بايان قىلىنىۋاتقان
مەزمۇن ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە جۇغراپىيىلىك مۇھىتىدىن تولىمۇ
يىراقتا تۇرىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بىز «چويۇن قۇلاقنى يەڭگەن باتۇر»
ناملىق ئۇيغۇر چۆچىكى قازاقلارنىڭ «ئېرتۆستىك» ناملىق چۆچىكى-
نىڭ ئۇيغۇرلار ئىچىگە تارقالغان نۇسخىسى دەپ قارايمىز .

دېمەك ، ئۇيغۇرلارنىڭ سېھىرلىك چۆچەكلىرى بىلەن قازاق خەل-
قىنىڭ سېھىرلىك چۆچەكلىرىنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇپ كۆر-
سەك ، ئۇلاردا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ھەم ئوخشاشلىق ، ھەم
خاسلىقنى بايقايمىز . ئوخشاشلىق ئاساسەن ھەر ئىككى مىللەتكە تار-
قالغان خەلقئارا چۆچەكلەردە كۆرۈلىدۇ . خاسلىق بولسا ، بۇ ئىككى
مىللەتنىڭ ئۆز تۇپرىقىدا مەيدانغا كەلگەن چۆچەكلەردە كۆرۈلىدۇ .

ئەمدى ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى بىلەن ئۆزبېكلەرنىڭ چۆ-
چەكلىرىگە كەلسەك ، بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق تېخىمۇ كۆپ .
كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى ، ئۇيغۇرلارنىڭ سېھىرلىك چۆچەكلىرى
بارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەرگە قارىغاندا ، ئۆزبېكلەرگە ئەڭ يې-
قىن تۇرىدۇ . بىز بۇ قېتىم ش • سادۇللا تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلا-
نغان «ئۆزبېك خالق چۆچەكلىرى» (49 - ماتېرىيال ) دېگەن كىتاب-
تىكى چۆچەكلەرنى ئۇيغۇر چۆچەكلىرىگە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ ، ئۇ-
نىڭ ئىچىدىن ئۇيغۇر چۆچەكلىرىگە ئوخشىمايدىغان پەقەت بىرلا چۆ-
چەكنى تاپالىدۇق . قالغان چۆچەكلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر چۆچەكلە-
رىگە ئوخشاش ، ئوخشاش بولغاندىمۇ پۈتۈن سۇژېتىنىڭ ھەممە جايى
ئوخشاش بولۇپ چىقتى . بىز ئۆزبېك خەلق چۆچەكلىرى بىلەن ئۇيغۇر
خەلق چۆچەكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقنى ئالدىن پەرەز قىلغان
بولساقمۇ ، لېكىن بۇنچىلىك دەرىجىدە ئوخشاش چىقار دەپ ئويلىمىغا-

www.uyghurkitap.com

نىدۇق ، شۇڭا ئۇ بىزنى ھەيران قالدۇردى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، بۇ ئەھۋال باتۇر راشىدىن ۋە قاسقاباسوفلارنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئېسىمىزگە سالدى .

قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ چوڭ ئىلمىي خادىمى باتۇر راشىدىن «خەلق داستانلىرىنىڭ ژانىرلىق ئاساسلىرى» ناملىق ماقالىسىدە تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ داستانلىق ئەنئەنىسىنى ئوغۇز گۇرۇپپىسى ۋە قىپچاق گۇرۇپپىسى بويىچە تەكشۈرۈپ ، بۇ ئىككى گۇرۇپپىنىڭ داستانلىرىدا روشەن پەرقنىڭ بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى . ئۇ ئۇيغۇر ، ئۆزبېك (خارەزىم ۋە پەرغانە ئۆزبېكلىرى) ، تۈركمەن ، ئەزەربەيجان ، تۈرك قاتارلىق ئوغۇز گۇرۇپپىسىدىكى خەلقلەرنىڭ داستانلىرى شېئىرىي شەكىل ، مەزمۇن ، بايان قىلىش ئۇسۇلى ۋە ئىجراچىلىق ماھارەتلىرى جەھەتتە ئورتاقلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى ، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ، قازاق ، قىرغىز ، قارا قالپاق ، باشقۇرت قاتارلىق قىپچاق گۇرۇپپىسىدىكى خەلقلەرنىڭ داستانلىرى بىر - بىرىگە ئوخشايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى (50 - ماتېرىيال) . پروفېسسور قاسقاباسوفمۇ تۈركىي تىللىق مىللەتلەر چۆچەكلىرىنىڭ باشلىنىش ئەنئەنىسى تەبىئىي ھالدا ئىككى گۇرۇپپىنى ھاسىل قىلىدىغانلىقىنى ، ھەربىر گۇرۇپپا ئىچىدىكى خەلقلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى (51 - ماتېرىيال 240 — 245 - بەتلەر) . گەرچە قاسقاباسوف تۈرك ، ئەزەربەيجان ، ئۆزبېك ، تاتار خەلقلىرىنىڭ چۆچەكلىرى ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن باشلىنىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا ، ئۇيغۇرنى تىلغا ئالمىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چۆچەكلىرىمۇ باشلىنىش ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن مانا شۇ مىللەتلەر چۆچەكلىرى بىلەن پۈتۈنلەي ئورتاقلىققا ئىگە . دېمەك ، بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا بىر قىسىم فولكلورشۇناسلار تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ترادىتسىيە جەھەتتىن ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلگەنىدى . ئۇيغۇر خەلقى بىلەن ئۆزبېك خەلقىنىڭ چۆچەكلىرىدىكى ئوخشاشلىق دەل مانا شۇ ئالىملارنىڭ كۆزقاراشلىرىنىڭ توغرىلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى . ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا ، ئوغۇز گۇرۇپپىسىغا تەۋە بولغان ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېكلەرنىڭ چۆچەكلىرى بىر مەنبەدىن كې-

لىپ چىققان . شۇڭا ئۇلارنىڭ چۆچەكلىرىدە ئىنتايىن يېقىن ئوخشاش-لىق بولىدۇ .

بىز بۇ يەردە شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى ، بىر گۇرۇپپىغا تەۋە تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ چۆچەكلىرى يەنە بىر گۇرۇپپىغا تەۋە تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ چۆچەكلىرىگە قارىغاندا ، ئىنتايىن يې-قىن بولىدۇ . لېكىن ، بۇنداق دېگەنلىك ، ئىككى گۇرۇپپىغا تەۋە خەلقلەرنىڭ چۆچەكلىرى ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق بولمايدۇ ، دېگەن-لىك ئەمەس . بىز بۇ يەردە خەلقئارا چۆچەكلەرگە تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ چۆچەكلىرىنى ، تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ چۆچەك-لىرىگە ئوغۇز ۋە قىپچاق گۇرۇپپىسىدىكى چۆچەكلەرنى نىسبەتلەشتۇ-رۇۋاتىمىز . بىز ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنى دۇنيا چۆچەكلىرى ئىچى-دە تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ چۆچەكلىرىگە يېقىن تۇرىدۇ ، تۈر-كىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ چۆچەكلىرى ئىچىدە ئوغۇز گۇرۇپپىسىغا يېقىن تۇرىدۇ ، دېمەكچىمىز ، خالاس .

## 3 . ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى بىلەن خەنزۇ چۆچەكلىرىنى سېلىشتۇرۇش

بىز ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى بىلەن خەنزۇ چۆچەكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئېنىقلاش مەقسىتىدە ، 40 پارچە خەنزۇ چۆچىكى بىلەن ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆر-دۇق . بۇ 40 پارچە چۆچەك لى ياڭ ئەپەندىنىڭ «جۇڭگو چۆچەكلىر-نىڭ مورفولوگىيىسى ھەققىدە تەتقىقات» (46 ـ ماتېرىيال) ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى . لى ياڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ بۇ كىتابىدا رۇسىيە ئالىمى پروپىنىڭ رۇس چۆچەكلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان فۇنكسىيە-لىك تەتقىقات ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ، جۇڭگو چۆچەكلىرىنىڭ قۇرۇل-مىسىنى تەتقىق قىلغان . ئۇ ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى سۈپىتىدە ، جۇڭگونىڭ 50 پارچە چۆچىكىنى تاللىۋالغان . بۇلارنىڭ ئالدىنقى 40 پارچىسى خەنزۇ خەلق چۆچىكى بولۇپ ، كېيىنكى ئون پارچىسى ياۋزۇ ، دۇڭزۇ ، لىسۇ ، دەيزۇ ۋە چاۋشيەن مىللەتلىرىنىڭ چۆچەكلە-رىدۇر . بىز لى ياڭ ئەپەندى تاللىۋالغان چۆچەكلەرنىڭ مەنبەسىنى

www.uyghurkitap.com

ئىشەنچلىك دەپ قارىدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭدىكى خەنزۇ چۆچەكلىرى جېجياڭ، شەندۇڭ، گۇاڭدۇڭ، خېنەن، خېيلۇڭجياڭ، شەنشى، خېبېي، ئەنخۇي، گەنسۇ، گۇيجۇ، گۇاڭشى، سىچۈەن قاتارلىق جايلارغا تارقالغان بولۇپ، ئورۇن جەھەتتىن ئالغاندىمۇ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان. شۇڭا، بىز لى ياڭ ئەپەندى ئىشلەتكەن ئالدىنقى 40 پارچە خەنزۇ سېھىرلىك چۆچىكىنى ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى بىلەن تەپسىلىي سېلىشتۇرۇپ كۆردۇق. ئۇنىڭ نەتىجىسى تۆۋەندىكىچە:

40 پارچە چۆچەكنىڭ 26 پارچىسى ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە مەۋجۇت ئەمەس (بۇلار لى ياڭ ئەپەندىنىڭ كىتابىدىكى 3 ـ، 5 ـ، 8 ـ، 10 ـ، 11 ـ، 12 ـ، 14 ـ، 15 ـ، 16 ـ، 17 ـ، 20 ـ، 21 ـ، 24 ـ، 25 ـ، 26 ـ، 27 ـ، 28 ـ، 29 ـ، 30 ـ، 32 ـ، 33 ـ، 35 ـ، 36 ـ، 39 ـ، 40 ـ چۆچەكلەرنى كۆرسىتىدۇ). ئۇيغۇر چۆچەكلىرىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان بۇ چۆچەكلەر بىز سېلىشتۇرغان خەنزۇ چۆچەكلىرىنىڭ 65% نى ئىگىلەيدۇ. يەنە 11 پارچە چۆچەك ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى بىلەن بىر تىپتىكى چۆچەكلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەقەلىكى ئۇيغۇر چۆچەكلىرى بىلەن ئوخشاش، ئەمما تەپسىلاتلىرىدا روشەن پەرق ساقلانغان، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇلار ئوخشاش بىر تىپتىكى چۆچەكلەرنىڭ ئىككى مىللەت ئىچىدىكى ۋارىيانتلىرىدىن ئىبارەت (بۇلار لى ياڭ ئەپەندىنىڭ كىتابىدىكى 2 ـ، 4 ـ، 7 ـ، 9 ـ، 13 ـ، 19 ـ، 22 ـ، 23 ـ، 31 ـ، 34 ـ، 37 ـ چۆچەكلەرنى كۆرسىتىدۇ). بۇنداق چۆچەكلەر سېلىشتۇرۇلغان خەنزۇ چۆچەكلىرىنىڭ 27.5% نى ئىگىلەيدۇ. ۋەقەلىكى ئۇيغۇر چۆچەكلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن چۆچەك ئىككى پارچە (6 ـ، 18 ـ چۆچەك) بولۇپ، 5% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇيغۇر چۆچىكى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشايدىغان چۆچەك بىر پارچە بولۇپ (1 ـ چۆچەك)، 2.5% نى تەشكىل قىلىدۇ.

ئۇيغۇر چۆچەكلىرىگە ئوخشىمايدىغان خەنزۇ چۆچەكلىرىنى مۇنداق تۈر بويىچە كۆرسىتىش مۇمكىن:

(1) يەرلىك رىۋايەتلەردىن شەكىللەنگەن چۆچەكلەر («گۆھەر تاغ»، «سۇ ئانىسى»، «قىزىل تاغ ھەققىدە ھېكايە»، «جيۇلىيەنتاڭ

ھەققىدە رىۋايەت» قاتارلىقلارغا ئوخشاش ) .
(2 ) ئاكا بىلەن ئۇكىنىڭ ئوخشاشمىغان خاراكتېرىنى بايان قىلىدىغان چۆچەكلەر ( «ئالتۇن تېرىش» ، «غەلىتە خالتا» ، «تاۋچى بىلەن بىيەنگەنزى» ، «ئۈچ ئوغۇل» ، «ئەينەكتىكى كېلىنچەك» ، «ئۈچ ئوغۇل ۋە ئۈچ كېلىن» ، «قۇياش تاۋۇزى» ، «دېڭىزنى ئاچىدىغان پۇل» قاتارلىقلارغا ئوخشاش ) .
(3 ) كەمبەغەل بىلەن باي ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشىلىقنى بايان قىلىدىغان چۆچەكلەر ( «ئۇزۇن بۇرۇن» ، «ئاسمان قىزىنىڭ گۈل چېچىشى» ، «ئاسمان دوپپىسى ۋە كۈمۈش ئوتىغۇچ» قاتارلىقلارغا ئوخشاش ) .
(4 ) بۇددا دىنىنى مەزمۇن قىلغان چۆچەكلەر ( «ئالتۇن بارماق» ، «قاشتاش قۇتىسى» قاتارلىقلارغا ئوخشاش ) .
(5 ) ئەجدىھا ھەققىدىكى چۆچەكلەر ( «تۆمۈر قۇلۇپنىڭ قۇياشنى قۇتقۇزۇشى» ، «مەرۋايىت» ، «ئەجدىھا كۆزى» قاتارلىقلارغا ئوخشاش ) .
(6 ) ئەنقا ھەققىدىكى چۆچەكلەر ( «ئەنقا تۇخۇمى» غا ئوخشاش ) .
(7 ) خەلقئارا چۆچەكلەرنىڭ خەنزۇ خەلقى ئىچىدىكى ۋارىيانتلىرى (ياۋروپادا «قىزىل بۆك» ، خەنزۇلاردا «بۆرە موما» ۋە «ئاق كۆڭۈل موماي» ، ياۋروپادا «ئالتۇنبېلىق» ، خەنزۇلاردا «تاش ئىشىك ئېچىل» ، ياۋروپادا «باشمالتاق بالا» خەنزۇلاردا «كاۋا بالا» قاتارلىقلارغا ئوخشاش ) .
خەنزۇلارنىڭ يەرلىك رىۋايەتلىرى ئاساسىدا پەيدا بولغان چۆچەكلەر مەلۇم ئورۇن ـ جايدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى ۋاستە قىلىپ توقۇلغان . مەسىلەن ، «گۆھەر تاغ» ناملىق چۆچەكتە شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى شىڭشىڭشەن تېغى ھېكايە قىلىنسا ، «قىزىل تاغ ھەققىدە ھېكايە» ناملىق چۆچەكتە خېبېي ئۆلكىسى ۋۇئەن ناھىيىسىدىكى خۇڭشەن تېغى بايان قىلىنىدۇ . ئوخشاشلا «سۇ ئانىسى» ناملىق چۆچەكتە شەنشى پۇسى ئىبادەتخانىسىدىكى بىر ھەيكەلنىڭ كېلىپ چىقىشى ئىزاھلانسا ، «جيۇلىيەنتاڭ ھەققىدىكى رىۋايەت» ناملىق چۆچەكتە ئەنخۇي ئۆلكىسىدىكى جيۇلىيەنتاڭ ناملىق كۆلنىڭ مەيدانغا كېلىشى چۈشەندۈرۈلىدۇ . كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ، بۇنداق چۆچەكلەر

رىۋايەتلەردىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ كۈچلۈك مىللىي ۋە يەرلىك پۇراققا ئىگە. شۇڭا، بۇ خىلدىكى چۆچەكلەرنىڭ ئۇيغۇرلار ئىچىدە مەۋجۇت بولماسلىقى قىلچە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

بۇددا دىنى 2000 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى خەنزۇلارنىڭ ئاساسىي دىنى بولۇپ كەلدى. بۇددا دىنى ئەھكاملىرى ۋە بۇددا پەلسەپىسى ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە تەپەككۇر پائالىيەتلىرىدە ئىنتايىن روشەن ئىز قالدۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇددا دىنى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان چۆچەكلەر خەنزۇ خەلق چۆچەكلىرىدە خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن، «ئالتۇن بارماق» ناملىق چۆچەكتىكى دىۋانە بىر راھىبنىڭ كارامىتى بىلەن ھەرقانداق كېسەلنى ساقايتالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە بولۇپ، يۈكسەك شان ـ شەرەپ ۋە باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشىدۇ. ئەمما، ئۇ راھىبنىڭ كەمبەغەل كىشىلەرنىڭ كېسىلىنى داۋالىغاندا ئۇلاردىن پۇل ئالماسلىق ھەققىدىكى كۆرسەتمىسىگە رىئايە قىلمىغاچقا، بۇدساتۋا غەزەپلىنىپ، ئۇنى بورۇنقى قەلەندەر ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويىدۇ. «قاشتاش قۇتىسى» دا بىر پادىچى بالا بۇتخانىدا تۇرۇشلۇق زېمىن مۇئەككىلىنىڭ نەزەرىگە ئېلىنىپ، خاسىيەتلىك سۇغا ئېرىشىدۇ. پادىچى بۇ خاسىيەتلىك سۇ ئارقىلىق تاغ ئىلاھى قىزىنىڭ ئەما كۆزىنى ساقايتىدۇ. بىراق، ئۇ كېيىن تاغ ئىلاھى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. شۇ چاغدا يەنە زېمىن مۇئەككىلى پەيدا بولۇپ، ئۇنى تىرىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «ئۈچ تال ئالتۇن چاچ» ناملىق چۆچەكتىكى يىگىت بۇدساتۋانىڭ يېنىغا بېرىپ، كىشىلەر يولۇققان قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى بىلىپ كېلىپ، ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ ھەل قىلىدۇ. «پەي كىيىم» ناملىق چۆچەكتىكى باش قەھرىمان بۇتخانىدا ئارام ئېلىپ ئولتۇرۇپ، بېلىق بىلەن تاش ئادەمنىڭ سۆھبىتىدىن بەزى سىرلارنى بىلىۋېلىپ، شۇ ئارقىلىق بىر باينىڭ قىزىنىڭ كېسىلىنى ساقايتىپ، ئۇنى نىكاھىغا ئالىدۇ ۋە نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈشكە ئىگە بولىدۇ. «چوڭ كاۋا» ناملىق چۆچەكتىكى كىچىك ئوغۇلمۇ بۇتخانىنىڭ ئىچىدە نېمىنى تەلەپ قىلسا، شۇنى چىقىرىپ بېرىدىغان ئەگكۈشتەرنى قولغا چۈشۈرىدۇ. ئوخشاشلا، «لى باۋ بىلەن سۈي سۈي» ناملىق چۆچەكتىكى لى باۋمۇ بۇتخانىدا يېتىپ ـ قوپۇپ يۈرگەندە، بىر پەرىزاتقا ئېرىشىپ، بەخت-

لىك بولىدۇ... دىمەك ، بىز خەنزۇلاردا بۇدساتۋا ، بۇددا دىنى مۇئەك-
كەللىرى ، راھىب ۋە بۇتخانا بىلەن مۇناسىۋەتلىك چۆچەكلەرنى ناھايى-
تى كۆپ ئۇچرىتىمىز . ھالبۇكى ، ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدە بۇ خىل
ئەھۋالنى كۆرگىلى بولمايدۇ . ئۇيغۇرلار بۇرۇنقى دەۋردە گەرچە بۇددا
دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان-
دىن كېيىن ، بۇددا دىنىغا مۇناسىۋەتلىك ئادەت ۋە كۆزقاراشلار يوقى-
لىپ كەتكەن .

خەنزۇ چۆچەكلىرىدىكى ئۇيغۇر چۆچەكلىرىگە ئوخشىمايدىغان يەنە
بىر خىل ھالەت شۇكى ، ئۇنىڭدا ئەجدىھا ئېتىقادىغا مۇناسىۋەتلىك
ئەھۋاللار ناھايىتى كۆپ بايان قىلىنىدۇ . ئەجدىھا خەنزۇلار ئېتىقادى-
دىكى ئەپسانىۋى ھايۋاننىڭ بىرى . ئەڭ دەسلەپ ، مەملىكىتىمىزنىڭ
جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1066 — 221 ـ
يىللاردا ) جۇ ئۇرۇقىدىكىلەر ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ توتېمى قىلغان . شۇ-
نىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە خەنزۇلار ئىزچىل ھالدا ئەجدىھاغا ئېتىقاد
قىلىپ كەلدى . خەنزۇ خەلقىنىڭ نەزەرىدىكى ئەجدىھا بۇغا مۈڭگۈز-
لۈك ، كالا قۇلاقلىق ، تۆگە باشلىق ، توشقان يۈزلۈك ، يىلان بويۇن-
لۇق ، بېلىق قورساقلىق ، لەيلەك پۇتلۇق ، يولۋاس تاپانلىق ، بۈركۈت
تىرناقلىق جەمئىي توققۇز خىل ھايۋاننىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكىدىن
تەركىب تاپقان . ئۇ ھەم ئىنچىكە ، ھەم توم بولالايدىغان ، ھەم قىسقى-
راپ ، ھەم ئۇزىرالايدىغان ، باھار شامىلىدا ئاسمانغا چىقىپ ، كۈز
شامىلىدا يەر يۈزىگە چۈشىدىغان ئىلاھىي ھايۋان . ئۇ شامال چىقى-
رىپ ، يامغۇر ياغدۇرالايدۇ ، خىلمۇخىل نەرسىلەرنى پەيدا قىلىپ ،
ئىنسانلارغا بەخت ئېلىپ كېلەلەيدۇ . مەملىكىتىمىزدە ئەجدىھا پادى-
شاھنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان . شۇڭا ، پادىشاھنىڭ تەختى «ئەجدىھا-
نىڭ ئورنى» پادىشاھقا تەزىم قىلىدىغان جاي «توققۇز ئەجدىھا ئېغى-
زى» ، پادىشاھنىڭ يۈزى «ئەجدىھانىڭ يۈزى» ، پادىشاھنىڭ بەدىنى
«ئەجدىھانىڭ تېنى» دەپ ئاتالغان . پادىشاھنىڭ كىيىمگە ئەجدىھا
كەشتىلەنگەن ، پادىشاھنىڭ نەرسىلىرىمۇ ئەجدىھانىڭ نامى بىلەن ئاتال-
غان . مەسىلەن ، «ئەجدىھا كارىۋات» ، «ئەجدىھا ياستۇق» ، «ئەجدىھا
لۆڭگە» دېگەندەك . پادىشاھنىڭ ئوغلى «ئەجدىھانىڭ ئوغلى» ، نەۋرى-
سى «ئەجدىھانىڭ نەۋرىسى» دەپ ئاتالغان . دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ

بايراقلىرىغا ئەجدىھانىڭ سۈرەتلىرى چۈشۈرۈلگەن، ھەتتا پادىشاھ چۈشكەن مەيگە قېتىلغان ئاتالرمۇ «ئەجدىھا ئات» دەپ ئاتالغان. ئەجدىھا يەنە خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان. ھەر يىلى چاغان يېتىپ كەلگەندە كىشىلەر ئىشىك باشلىرىغا ئەجدىھا ۋە ئەنقانىڭ سۈرىتى ئويۇلغان چيەنما ( 钱马 ) نى چاپلايدۇ. چاغاننىڭ يەتتىنچى كۈنى كىشىلەر پانۇس كۆتۈرۈپ، ئەجدىھا ئۇسۇلى ئوينايدۇ. ئۇلار بىرى كۆك، يەنە بىرى سېرىق ئىككى ئەجدىھانىڭ شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ. كۆك ئەجدىھا يامغۇر ۋە شامالنى باشقۇرىدىغان دېڭىز ئىلاھىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، سېرىق ئەجدىھا دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان پادىشاھقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. خەنزۇلاردا «2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئەجدىھا بېشىنى كۆتۈرىدۇ» دەيدىغان گەپ بار. بەزى رايونلاردا 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئەجدىھاغا ئاتاپ تىلاۋەت قىلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلىدۇ. 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى كەلگۈن ئاپىتىنى يوقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تېخىمۇ داغدۇغىلىق ھالدا ئەجدىھاغا چوقۇنۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. چىڭخەينىڭ ھەممە يېرىدە دېگۈدەك ئەجدىھا ۋە سۇ ئىلاھى ئىبادەتخانىلىرى سېلىنغان... دېمەك، ئەجدىھا بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئېتىقاد ۋە ئۆرپ ـ ئادەت پائالىيەتلىرى خەنزۇ رايونلىرىدا كەڭ ئومۇملاشقان. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ چۆچەكلىرىدىمۇ ئەجدىھا ھەققىدىكى بايانلار ئىنتايىن كۆپ ئۇچرايدۇ. خەنزۇ چۆچەكلىرىدىكى ئەجدىھا كۆپ ھاللاردا يامغۇر ياغدۇرۇپ، قۇرغاقچىلىق ئاپىتىنى يوقىتىدىغان ئىلاھ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مەسىلەن، «نەيچى بالا» چۆچىكىدىكى يىگىت ئەجدىھا بەرگەن كۈنلۈك ئارقىلىق يامغۇر ياغدۇرۇپ، قۇرغاقچىلىقنى تىزگىنلەيدۇ. ئۇ يەنە ئەجدىھا پادىشاھىنىڭ قىزى بىلەن توي قىلىدۇ. بۇ قىز ئەسكى ئادەملەرنى جازالاپ، يىگىتنى قوغداپ قالىدۇ. «مەرۋايىت» ناملىق چۆچەكتىكى يىگىتمۇ ئەجدىھا بەرگەن مەرۋايىت بىلەن قۇرغاقچىلىقنى يوقىتىدۇ. يەنە بەزى چۆچەكلەردە ئەجدىھا ئاق كۆڭۈل، باتۇر ۋە ئەمگەكچان باش قەھرىمانغا ھېسداشلىق قىلىپ، ئۇنى بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ، ئەكسىچە قارا نىيەت كىشىلەرنى جازالايدۇ. مەسىلەن، «دېڭىزنى ئاچىدىغان پۇل» ناملىق چۆچەكتىكى ئەجدىھا ئاق كۆڭۈل بالىغا ئالتۇن چىچىدىغان ھايۋاننى بېرىپ، ئۇنى باياشات

تۇرمۇشقا ئىگە قىلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئالا كۆڭۈل ئاكىسىغا سېسىق پۇرايدىغان ھايۋاننى بېرىپ، ئەخمەق قىلىدۇ. «تاۋچى بىلەن بيەنگەنزى» ناملىق چۆچەكتىكى ئەجدىھا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بالىغا بىر سىرلىق قاپاق بېرىدۇ، بالا مانا شۇ قاپاقنىڭ ياردىمى ئارقىلىق مەلىكە بىلەن توي قىلىدۇ ۋە نۇرغۇن بايلىققا ئېرىشىدۇ. ئەجدىھا يەنە ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلغان ئەسكى ئادەمنى جازالايدۇ. «ئەجدىھا كۆزى» ناملىق چۆچەكتە بىر ئادەم ئەجدىھانىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن قىممەتلىك ئادەمگىياھنى سوراپ ئالىدۇ. ئارقىدىنلا ئەجدىھانىڭ سول كۆزىنى سوراپ ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن خانىشنىڭ قارىغۇ كۆزىنى ساقايتىدۇ. ئۇ يەنە قانائەت قىلماي، ئەجدىھانىڭ ئوڭ كۆزىنىمۇ سورايدۇ. غەزەپلەنگەن ئەجدىھا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ.

دېمەك، خەنزۇ خەلق چۆچەكلىرىدىكى ئەجدىھا بىلەن ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدىكى ئەجدىھا روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغان. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى ئەجدىھا ياۋۇز ھايۋان بولۇپ، ئۇ ئادەم گۆشىنى ئوزۇق قىلىدۇ. چۆچەكتىكى باش قەھرىمان بۇ ۋەھشىي مەخلۇقنى يوقاتقاندىن كېيىنلا پۈتۈن يۇرتتىكى كىشىلەر چوڭ ئاپەتتىن قۇتۇلىدۇ. دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، خەنزۇ خەلق چۆچەكلىرىدىكى ئەجدىھا يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، ئىنسانلارنىڭ باشپاناھى ۋە غەمخورچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

خەنزۇ خەلق چۆچەكلىرىدىكى ئەنقا[①] مۇ ئىلاھىي قۇش سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. خەنزۇلار ئارىسىدا ئەنقا (凤凰) غا ئېتىقاد قىلىش ناھايىتى بۇرۇنلا باشلانغان. شاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1500 — 1066 ـ يىللار) شاڭ ئۇرۇقىدىكىلەر ئەنقانى ئۆزلىرىنىڭ توتېمى قىلغان. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۇلار باشتىن ـ ئاخىر بۇ خىل ئېتىقادقا ۋارىسلىق قىلىپ كەلدى. خەنزۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئەنقاغا ئاجايىپ ـ غارايىپ سۈپەت بېغىشلاپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ھەر خىل قۇش ۋە ھايۋانلارنىڭ شەكلىنى مۇجەسسەملىگەن. ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى ئەنقا توخۇنىڭ بېشى، يىلاننىڭ بوينى، قارلىغاچنىڭ تۇمشۇقى، قولۇلىنىڭ دۈمبىسى ۋە بېلىقنىڭ قۇيرۇقىدىن

① ئەسلى ئۇيغۇر تىلىدا «سۇمۇرغ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ بىز بۇ يەردە ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدىكى سۇمۇرغدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن «ئەنقا» ئاتالغۇسىنى قوللاندۇق

تەركىب تاپقان . ئەنقا رەڭلىك مەخلۇق بولۇپ ، ئېگىزلىكى ئالتە چى كېلىدۇ . ئەنقامۇ مەملىكەتىمىزدىكى پادىشاھ ۋە خانىشلارنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان . مەسىلەن ، پادىشاھ تۇرۇشلۇق شەھەر «ئەنقا شەھىرى» ، پادىشاھ ئولتۇرىدىغان ھارۋا «ئەنقا ھارۋا» ، پادىشاھنىڭ پەرمانى «ئەنقا پەرمان» دەپ ئاتالغان . خانىش ۋە مەلىكىلەرنىڭ بېشىغا كىيىدىغان تاج ئەنقا شەكلىدە ياسالغان . ئاقسۆڭەك ئاياللارنىڭ زىبۇزىننەتلىرىگە ئەنقانى كەشتىلەش ئۆز ۋاقتىدا كەڭ ئومۇملاشقان ئادەت ئىدى . دېمەك ، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئەنقامۇ ئىنسانلارغا بەخت ئېلىپ كېلىدىغان ئىلاھىي قۇش ھېسابلىناتتى . شۇ سەۋەبتىن بۇ ئەپسانىۋى قۇش چۆچەكلەر دۇنياسىغا ئېلىپ كىرىلىپ ، كىشىلەرنى بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرىدىغان ۋاستىگە ئايلاندۇرۇلغان . مەسىلەن ، «ئەنقا تۇخۇمى» ناملىق چۆچەكتىكى ئاچا - سىڭىل ئۈچ مەلىكىنىڭ كېسىلىگە ئەنقانىڭ تۇخۇمى دورا بولۇپ قالىدۇ . بىر يىگىت نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتىپ ، ئاخىر ئەنقانىڭ تۇخۇمىنى قولىغا چۈشۈرىدۇ . ئەمما ، ئاچ كۆز باي ئۇنىڭغا چاڭگال سالىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بۇ تۇخۇم بىر دۆڭگە ئايلىنىپ قالىدۇ . «ئۈچ ئوغۇل» ناملىق چۆچەكتە بىر ئائىلە ئادەملىرىنىڭ ئۈچ ئەۋلادقىچە توختىماي تاغنى تېشىپ ، ئاخىر تاغنىڭ ئىچىگە سولىنىپ قالغان ئەنقانى قۇتقۇزغانلىقى ، ئەنقا ئۈچۈپ ئۆتكەن يەر يېشىل دەرەخلىككە ئايلانغانلىقى ، ئەنقا تۇرغان تاغدىن بۇلدۇقلاپ سۇ ئېقىپ چۈشۈپ ، قۇرغاقچىلىق يوقىتىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ .

روشەنكى ، ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئەنقا ئېتىقادىمۇ ، ئەنقا ھەققىدىكى يۇقىرىقىدەك چۆچەكلەرمۇ مەۋجۇت ئەمەس .

خەنزۇ خەلق چۆچەكلىرىدە ئاسمانغا تۇتىشىدىغان بىر ئۆسۈملۈك توغرىسىدا بايان بار . چۆچەكنىڭ باش قەھرىمانى مەلۇم ئىلاھىي كۈچ تەقدىم قىلغان بىر تال ئۇرۇقنى يەرگە تېرىيدۇ . بۇ ئۇرۇق ناھايىتى تېز سۈرئەتتە كۆكلەپ ، ھەش - پەش دېگۈچە ئاسمانغا تاقىشىدۇ . باش قەھرىمان ئاشۇ ئۆسۈملۈكنىڭ غولىغا يامىشىپ ئاسمانغا ياكى ئېگىز تاغقا چىقىدۇ . ئۇ ئاشۇ ئېگىزلىكتىن ئۆزىگە لازىملىق نەرسىگە ئېرىشىپ ، يەنە شۇ ئۆسۈملۈكنىڭ غولى ئارقىلىق سىيرىلىپ يەرگە چۈشىدۇ . ئاسمان بىلەن يەرنى تۇتاشتۇرىدىغان بۇ خىل ئۆسۈملۈك

ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدە بايان قىلىنمايدۇ.

خەنزۇ سېھىرلىك چۆچەكلىرىدە تاغ ئىلاھى، سۇ ئىلاھى، دېڭىز ئىلاھى، زېمىن ئىلاھى... قاتارلىق ئىلاھلار يان تەرەپتە ھەرىكەت قىلىدۇ، ئەمما ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدە ئۇلارنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ.

خەنزۇلار ئارىسىدا تارقالغان پەرىشتە بىلەن ئىنساننىڭ توي قىلىغانلىقى ھەققىدىكى چۆچەكلەر خاراكتېر جەھەتتىن ئۇيغۇرلارنىڭ پەرىزات ھەققىدىكى چۆچەكلىرى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ. «ۋاڭشياۋ ھەققىدە ھېكايە»، «لى باۋ بىلەن سۆي سۆي» چۆچەكلىرىنىڭ باش قەھرىمانى قۇرت، يىلان قاتارلىق ھايۋانلارنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ. بۇ ھايۋانلار باش قەھرىمانغا سېۋەت، گۈل قاتارلىقلارنى سوۋغا قىلىدۇ. بۇ سوۋغات پەرىزاتقا ئۆزگىرىپ، باش قەھرىمان بىلەن ئەر - خوتۇن بولىدۇ. شۇ يۇرتنىڭ ئامبىلى پەرىزاتنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنىدۇ. پەرىزات ئۆزىنىڭ سىرلىق - كۈچ قۇدرىتى بىلەن ئامبالنى جازالايدۇ. «نەيچى بالا» چۆچىكىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئەمما، ئۇنىڭدىكى باش قەھرىمانغا ئەجدىھا پادىشاھى سوۋغات بېرىدۇ، يەنى يامغۇر ياغدۇرىدىغان كۈنلۈكنى ۋە ئۆزىنىڭ مۈشۈك قىزىنى سوۋغا قىلىدۇ. ئەمەلدار ئۇنىڭ كۈنلۈكىنى تارتىۋالماقچى بولغاندا مۈشۈك قىز ئۇلارنى جازالايدۇ. «يولۋاس ئاغزى ئۆيى»، «ئالتۇن ھالقا» چۆچەكلىرىدىمۇ باش قەھرىمان باشقىلار سوۋغا قىلغان مېكىيان پەرىشتە (ياكى گۈل پەرىشتە) بىلەن توي قىلىدۇ. يۇرت ئاقساقىلى پەرىشتەنى تارتىۋالماقچى بولغاندا، ئۇلار باشقا ماكانغا قېچىپ كېتىدۇ. بۇنداق چۆچەكلەر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان پەرىزات ھەققىدىكى چۆچەكلەر بىلەن ئومۇمىي جەھەتتىن ئوخشاشلىققا ئىگە. ئۇيغۇرلارنىڭ «زورلۇققا قارشى تۇرغان پەرىزات» تېپىدىكى چۆچەكلىرىدىمۇ (ئالتىنچى بابنىڭ «ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ تېپلىرى» ناملىق ماۋزۇسىدىكى 42 - تېپقا قاراڭ) باش قەھرىمان مەلۇم ھايۋاننى قۇتقۇزۇۋالىدۇ، بۇ ھايۋان پەرىزاتقا ئۆزگىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ. پادىشاھ پەرىزاتنى تارتىۋالماقچى بولىدۇ، ئەمما پەرىزاتنىڭ سىرلىق كۈچ - قۇدرىتىگە تەڭ كېلەلمەي يېڭىلىپ قالىدۇ. دېمەك، خەنزۇلارنىڭ پەرىزات ھەققىدىكى چۆچەكلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ پەرىزات ھەققىدىكى چۆچەكلىرىدە ئورتاقلىق بار. ئەم-

ما ، بۇلارنىڭ ۋەقەلىكلىرىدىكى تەپسىلاتلاردا روشەن پەرقلەر ساقلانغان . خەنزۇ خەلق چۆچەكلىرى خۋاشيا مەدەنىيىتىنى ئارقا تىرەك قىلغان بولۇپ ، ئۇنىڭدا خەنزۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ . مەسىلەن ، «يەتتىنچى پەرىشتىنىڭ يەرگە چۈشۈشى» ناملىق چۆچەكتىكى پەرىزات بىر كەمبەغەل يىگىت بىلەن توي قىلىپ ، ئۈچ يىل ئۆي تۇتۇپ ، ئىككى بالىلىق بولغاندىن كېيىن بۇ پەرىزاتنىڭ ئاسماندىكى ئانىسى — بۈزرۈك ئانا ئۇنى ئېلىپ كېتىدۇ . يىگىت ئاقساقال بوۋاينىڭ ياردىمىدە ئىككى بالىسىنى ئېلىپ ، ئاسمانغا چىقىدۇ ۋە بۈزرۈك ئانىنىڭ توسقۇنلۇقلىرىنى يېڭىپ ، پەرىزاتنى ئېلىپ قايتىپ چۈشىدۇ . كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ، بۇ چۆچەك خەنزۇلار ئىچىدە قەدىمدىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن «پادىچى يىگىت بىلەن توقۇمىچى قىز» رىۋايىتىنىڭ قويۇق تەسىرىگە ئۇچرىغان . خەنزۇلارنىڭ «تاتۇق قىز بىلەن چىرايلىق قىز» ناملىق چۆچىكى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ «ئالتۇن كەش» ناملىق چۆچىكى ، خەنزۇلارنىڭ «چوڭ كاۋا» ناملىق چۆچىكى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ «قايىنا چۆگۈن» ناملىق چۆچىكى ، خەنزۇلارنىڭ «خاسىيەتلىك مەرۋايىت» ناملىق چۆچىكى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ «خاسىيەتلىك تاش» ناملىق چۆچەكلىرىمۇ ئومۇمىي خاراكتېرى ئوخشاش ، ئەمما ۋەقەلىك تەپسىلاتلىرى ئوخشىمايدىغان چۆچەكلەر بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن .

يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇر چۆچەكلىرى بىلەن خەنزۇ چۆچەكلىرىنىڭ سۈژېتلىرىدا ئارىلاشما ھالەت شەكىللەنگەن . مەسىلەن ، خەنزۇلارنىڭ «پەي كىيىم» ناملىق چۆچىكىدە بىر يىگىتنىڭ تاش ئادەمنى قولغا چۈشۈرگەنلىكى ، بۇ تاش ئادەم بىلەن بېلىقنىڭ سۆھبىتىدىن بەزى سىرلارنى بىلىۋېلىپ ، شۇ ئارقىلىق بىر باينىڭ قىزىنى كېسەلدىن ساقايتىپ ئۇنى نىكاھىغا ئالغانلىقى ۋە نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈشكە ئىگە بولۇپ ، بەختكە ئېرىشكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ . ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى «ئاق كۆڭۈل بىلەن ئالا كۆڭۈل» («تادان بىلەن نادان») دا بىر ئاق كۆڭۈل يىگىت بىر توپ بۆرە (ياكى باشقا ھايۋان) نىڭ سۆھبىتىدىن مەلىكىنىڭ كېسىلىنى ساقايتىشنىڭ ئۇسۇلىنى ۋە يوشۇرۇپ قويۇلغان بىر كۈپ ئالتۇننىڭ خەۋىرىنى بىلىۋالىدۇ . شۇنىڭ

بىلەن ئالتۇننى قولغا چۈشۈرىدۇ ۋە مەلىكىنى ساقايتىپ، ئۇنى نىكا-
ھىغا ئالىدۇ. ئەمما، بۇ چۆچەكنىڭ دىققەت مەركىزى ئاق كۆڭۈل
يىگىت بىلەن يەنە بىر ئالا كۆڭۈل (ئەسكى) يىگىت ئوتتۇرىسىدىكى
مۇناسىۋەتنى بايان قىلىش، ئاڭلىغۇچىلارغا ئاق كۆڭۈل كىشىنىڭ
جەزمەن بەختكە ئېرىشىپ، ئالا كۆڭۈل كىشىنىڭ جەزمەن جازالىنى-
دىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىشتىن ئىبارەت. شۇڭا، چۆچەكنىڭ باش
قىسمىدا ئالا كۆڭۈلنىڭ ئاق كۆڭۈلنى بوزەك قىلغانلىقى بايان قىلى-
نىدۇ، شۇنداقلا ئاخىرىدا يەنە ئالا كۆڭۈل ئاق كۆڭۈلنىڭ مۇۋەپپەقى-
يەتكە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى دورايمەن دەپ ئۆلۈپ كېتىدۇ.
خەنزۇلارنىڭ «پەي كىيىم» ناملىق چۆچىكىدە بۇ ۋەقەلىك يوق،
بىراق «پەي كىيىم» دە يەنە بىر قاتلام ۋەقەلىك بار: يىگىت باينىڭ
قىزىغا ئۆيلەنگەندىن كېيىن، پادىشاھ ئۇنىڭ خوتۇنىنى بۇلاپ كېتى-
دۇ. يىگىت خوتۇنى ئۆگىتىپ قويغان ئۇسۇل بويىچە قۇشنىڭ پېيى-
دىن كىيىم كىيىپ، ئوردىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ناخشا ئېيتىدۇ. بۇنى
ئاڭلىغان يىگىتنىڭ خوتۇنى خۇشال بولۇپ، كۈلۈپ كېتىدۇ. ئەسلىدە
بۇ خوتۇن ئوردىغا ئېلىپ كېلىنگەندىن بېرى چىرايىنى ئاچمىغانىكەن،
ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ كۈلگەنلىكىنى كۆرگەن پادىشاھ دەرھال ھېلىقى
يىگىتنى چاقىرىپ كىرىدۇ. يىگىتنىڭ خوتۇنى پادىشاھنى ئالداپ،
يىگىت بىلەن پادىشاھنىڭ كىيىمىنى ئالماشتۇرغۇزىدۇ، ئارقىدىنلا
پادىشاھ سىياقىغا كىرگەن يىگىت نۆكەرلەرگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ،
پەي كىيىم كىيىۋالغان پادىشاھنى ئۆلتۈرگۈزىۋېتىدۇ. بۇ ۋەقەلىك
ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئايرىم بىر چۆچەكنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، «ئۇي-
غۇر خەلق چۆچەكلىرى» توپلىمىنىڭ 3 ـ قىسمىدىكى «دانا بىلەن
ۋاپا»، 4 ـ قىسمىدىكى «پادىشاھ بىلەن باققال» چۆچەكلىرى ئەنە
شۇنداق چۆچەكلەردۇر. دېمەك، خەنزۇلارنىڭ «پەي كىيىم» ناملىق
چۆچىكى ئىككى قاتلام ۋەقەلىكتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ ئىككى
قاتلام ۋەقەلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى چۆچىكىدە بايان قىلىنىدۇ. ئۇ-
نىڭدىن باشقا خەنزۇلارنىڭ «شيۇڭنىڭ ئۆيلىنىشى» ناملىق چۆچىكىمۇ
ئۇيغۇرلارنىڭ دىۋىدىن ساھىبجامالنى قۇتقۇزۇش تېپىدىكى چۆچىكى
بىلەن ياردار ھايۋانلارنى قۇتقۇزۇپ، ئۇلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق
پادىشاھنىڭ قىيىن شەرتلىرىنى ئورۇنداش تېپىدىكى چۆچەكنىڭ يۇ-

www.uyghurkitap.com

غۇرۇلمىسى . ئېنىقراق ئېيتقاندا ، «شىيۇڭنىڭ ئۆيلىنىشى» ناملىق چۆچەك ئۇيغۇرلارنىڭ «ئالتۇن تاجلىق بېلىق» چۆچىكى بىلەن «قىرىغاندا ئېچىلغان بەخت» چۆچىكىنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكىنى بىرلەشتۇرگەن . دېمەك ، بۇ ئىككى مىللەت چۆچەكلىرىدە قىسمەن ۋەقەلىك ۋە موتىفلارنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىش ھادىسىلىرى خېلى گەۋدىلىك بولۇپ ، ئۇ مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى قەدىمىي مەدەنىيەت ئالاقىسىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ .

خەنزۇ چۆچەكلىرى ئىچىدە ئۇيغۇر چۆچەكلىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشايدىغان چۆچەكلەرمۇ بار . مەسىلەن ، خەنزۇلارنىڭ «ئىتنىڭ يەر ھەيدىشى» ناملىق چۆچىكى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ «چىلان قوزۇق» ناملىق چۆچىكى بىرلا چۆچەكتۇر . ھەر ئىككىلا چۆچەكتە ئاكىسى تەرىپىدىن بوزەك قىلىنغان كەنجى ئوغۇلنىڭ بىر ئىتنىڭ سېھىرلىك ياردىمى بىلەن باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ . بۇ چۆچەكتىكى ئاق كۆڭۈل كەنجى ئوغۇل ساپان سۆرىيەلەيدىغان ئىت ، تۇخۇم پەيدا قىلالايدىغان سېۋەت ۋە خوش پۇراق چىقىرالايدىغان پۇرچاقنىڭ ياردىمى بىلەن نۇرغۇن بايلىققا ئىگە بولىدۇ . ئەمما ، ئىت ئەسكى چوڭ ئوغۇلغا ساپان سۆرەپ بەرمەيدۇ ، شۇنداقلا سېۋەت پوق پەيدا قىلىپ ، پۇرچاق سېسىق پۇراق چىقىرىپ ، ئۇنى رەسۋا قىلىشۋېتىدۇ . بۇ چۆچەكتىكى ئۈچ ۋەقەلىك ھەر ئىككى مىللەتنىڭ چۆچىكىدە ئوخشاش بايان قىلىنىدۇ . بىز بۇ چۆچەكنىڭ ئەسلى قايسى مىللەتنىڭ چۆچىكى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىيالمىدۇق . ئەمما ، «ئاجايىپ بالا ۋە يەتتە باشلىق يالماۋۇز» ناملىق يەنە بىر ئۇيغۇر چۆچىكىنىڭ بىرىنچى قاتلام ۋەقەلىكى خەنزۇ چۆچىكىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايمىز . بۇ چۆچەكنى مالوف 1914 ـ يىل قۇمۇلدىن توپلىغان . ئۇنىڭدا بايان قىلىنىشىچە ، بالىسى يوق ئەر ـ خوتۇن ئاتتىن تۇغۇلغان بالىنى بېقىۋالىدۇ ۋە ئۇنى «مادا» ( 马大 ) دەپ ئاتايدۇ . بۇ بالا بىر تال ئوقنى دەرەخكە قارىتىپ ئاتىدۇ ، دەرەخ يېرىلىپ ، ئۇنىڭدىن بىر بالا چىقىدۇ . بۇ بالا «لىيۇئېر» ( 柳二 ) دەپ ئاتىلىدۇ . مادا يەنە تاشقا قارىتىپ ئوق ئاتىدۇ ، تاش يېرىلىپ يەنە بىر بالا چىقىدۇ . بۇ بالا «شىسەن» ( 石三 ) دەپ ئاتىلىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، مادا ، ليۇ ئېر ۋە شىسەن دوست بولۇپ ، ئورمانلىقتا ئوۋچىلىق قىلىپ

ھايات كەچۈرىدۇ . ئۇلار يەنە ئۈچ ساھىبجامال قىز بىلەن توي قىلىدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن يەتتە باشلىق يالماۋۇز يىگىتلەر ئۇۋغا كەتكەندە قىزلارنىڭ قېنىنى شوراپ ئازابلايدۇ . مادا بۇنى ئاڭلاپ ، يالماۋۇزنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ . ناھايىتى ئېنىقكى ، قىزلارنىڭ قېنىنى شورايدىغان يالماۋۇز ھەققىدىكى ۋەقە ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەردە پەيدا بولغان بولۇپ ، خەنزۇ چۆچەكلىرىدە مۇنداق ۋەقەلىك مەۋجۇت ئەمەس . ئەمما ، بۇ چۆچەكتىكى ئۈچ باتۇرنىڭ ئالاھىدە تۇغۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك پەيدا بولغان مادا ، ليۇ ئېر ، شىسەن دېگەن ئىسىملار خەنزۇچە ئىسىملاردۇر . بۇ خىل ئەھۋال بىزدە بۇ چۆچەكنىڭ باش قىسمىدىكى موتىف خەنزۇ چۆچەكلىرىدىن كەلدىمىكىن ، دېگەن پەرەزنى پەيدا قىلىدۇ .

خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلار گەرچە ئوخشاشمىغان تىل سىستېمىسىغا تەۋە بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار تارىختىن بۇيان بىر دۆلەتتە ياشاپ ، قويۇق ئالاقىدە بولۇپ كەلگەن . شۇ سەۋەبتىن بۇ ئىككى مىللەتنىڭ چۆچەكلىرى مەلۇم دەرىجىدە ئۆتۈشۈش ۋە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشتىن خالىي بولالمىغان .

## 4 . ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ مىللىي خاراكتېرى

چۆچەكلەر خەلقئارادا كەڭ تارقىلىدىغان ، كۆپ ۋارىيانتلىق پروزا بولغاچقا ، ئۇنىڭ مىللىي خاراكتېرى ئانچە روشەن بولمايدۇ . چۆچەكلەرنى تەتقىق قىلغان كۆپلىگەن ئالىملار ئۇنىڭ مىللىي خاراكتېرىنى ئېنىقلاپ چىقىشنىڭ ئىنتايىن مۇشكۈل ئىش ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن . ھەتتا بەزى ئالىملار چۆچەكلەردە مىللىي خاراكتېرنىڭ بولۇشىغا گۇمانىي كۆزقاراشتا بولغان . چۈنكى ، دۇنيا فولكلورشۇناسلىرى بىر يېرىم ئەسىردىن بېرى چۆچەكلەرنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ ، ھازىرغىچە كۆپ سانلىق چۆچەكلەرنىڭ مىللىي تەۋەلىكى ئېنىقلانغىنى يوق ، مەلۇم بىر چۆچەكنىڭ ئەڭ ئاۋۋال قەيەردە پەيدا بولغانلىقى ، قايسى چاغدا قانداق ئۇسۇل بىلەن باشقا جايغا تارقالغانلىقى ، ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنىڭ

www.uyghurkitap.com

قانداقلىقى ، كېيىن قانداق زامان ۋە ماكان ئۆزگىرىشلىرىگە ئىگە بولغانلىقى ھەققىدە كىشىلەرنى قايىل قىلىدىغان ئىشەنچلىك پاكىتلار ئوتتۇرىغا قويۇلغىنى يوق . ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆزقاراشلىرىنىڭ ھەممىسى تېخىچە بىر خىل پەرەز باسقۇچىدا تۇرماقتا .

چۆچەكلەرنىڭ مەنبەسىنى ئېنىقلاش ئۆتكەن ئەسىردىلا فولكلورشۇناسلار دۇچ كەلگەن قىيىن مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولغان ئىدى . گېرمانىيە ئالىمى ۋىلھېلم گرىم ( Wilhelm Grimm) بىر قىسىم چۆچەكلەرنىڭ پەيدا بولغان جايىنى ئېنىقلاپ چىقىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن ، بۇنداق چۆچەكلەر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسەتمىگەن ئەھۋالدا ، مۇستەقىل تۈردە پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن ، دېگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويدى . ئەزەلدىن ھېچقانداق ئالاقىدا بولۇپ باقمىغان ئىككى مىللەتنىڭ چۆچەكلىرى نېمە ئۈچۈن بىر ـ بىرىگە شۇنچىۋالا ئوخشاپ كېتىدۇ ؟ گرىمنىڭ كۆزقارىشىچە ، ئىنسانلاردا ئورتاق پسىخىكا بولىدۇ ، ئۇلار ئۆز ئەتراپىدىكى بىر قىسىم شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى ئوخشاش ئىنكاس قىلىدۇ ، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە تەسىر كۆرسەتكەن زور ئىشلارمۇ ئۇلاردا ئوخشاش كۆزقاراشلارنى پەيدا قىلىدۇ . مانا شۇنداق ھەممىلا جايدا كۆرگىلى بولىدىغان ئىشلار ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىدىكى ئورتاقلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان . شۇنىڭ بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغان ياكى پۈتۈنلەي ئوخشايدىغان چۆچەكلەر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆز ئالدىغا پەيدا بولۇپ ، ئوخشاشمىغان مىللەتلەر ئىچىدە تەرەققىي قىلغان (15 ـ ماتېرىيال 439 ~ 440 ـ بەتلەر ) . ئەمما ، گېرمانىيىلىك يەنە بىر ئالىم تېئودېر بېنفېي ( Theoder BenFey) ئۇنىڭغا قارشى ھالدا ، پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق چۆچەكلەر مەلۇم بىر جايىنى مەنبە قىلىپ پەيدا بولغان ، دېگەن كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى . ئۇنىڭ كۆزقارىشىچە ، دۇنيادىكى چۆچەكلەرنىڭ مۇھىم بىر بۆلىقى ھىندىستان بولۇپ ، ئاسىيا ، ياۋروپا ۋە ئافرىقىدا تارقالغان نۇرغۇن چۆچەكلەر دەل ئەنە شۇ بۇلاقتىن ئېقىپ چىققان . مانا بۇ خەلقئارادا بىر ـ بىرىگە ئوخشايدىغان چۆچەكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب (28 ـ ماتېرىيال 20 — 26 ـ بەتلەر ) .

گرىم بىلەن بېنفېينىڭ كۆزقاراشلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمى-

سىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى خەلقئارا چۆچەكلەردىكى ئورتاقلىقنىڭ سەۋەبلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ باردۇ . ئۇلار باشلاپ بەرگەن بۇ خىل ئىزدىنىش چۆچەكشۇناسلىق ساھەسىدە ھازىر-غىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە .

دۇنيادىكى چۆچەكلەردە روشەن ئوخشاشلىق بولغان ئىكەن ، مە-لۇم مىللەت ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن چۆچەكلەرنى ئۇنىڭ خەلقئارادىكى ۋارىيانتلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرمەستىن ، يەككە - يېگانە ھالدا تەتقىق قىلىش ئىلمىي ئۇسۇل ئەمەس . ئەگەر ئۇنداق بولغاندا چۆچەك-لەرنىڭ مىللىي تەۋەلىكى قارىغۇلارچە بېكىتىلىپ قالىدۇ ، مەلۇم بىر چۆچەكنى پۈتۈنلەي مەلۇم مىللەت ھاياتىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە تەت-قىق قىلغاندا ، ئۇنىڭ باشقا مىللەتلەر ئىچىدىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكى-دىن ئىبارەت بۇ پاكىتنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ . بۇ خىل تەتقىقات ئۇسۇلى چۆچەكلەرنىڭ مىللىي خاسلىقىنى كۆپتۈرۈ-ۋېتىپ ، كۆزىمىزگە بىر قەۋەت پەردە تارتىپ قويىدۇ . كېيىن خەلقئا-رادا بۇ چۆچەكنىڭ ھەقىقىي سىرى ئېچىلغان ھامان ، بىزنىڭ تەتقىقات ئەمگەكلىرىمىزنىڭ قىلچىمۇ ئەھمىيىتى قالمايدۇ . پەقەت مەزكۇر چۆچەكنىڭ بىرلا مىللەتتىن باشقا ھېچقانداق مىللەتتە ۋارىيانتى بول-مىغان ئەھۋال ئاستىدىلا ، ئاندىن بۇ خىل تەتقىقات قىممەتكە ئىگە بولۇشى مۇمكىن .

ئەمما ، بىزنىڭ بۇ كۆزقارىشىمىز چۆچەكلەرنىڭ مىللىي خاسلى-قىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلمايدۇ . ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنى ئۇنىڭ خەلقئارادىكى نۇسخىلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشتىن مەلۇم بول-دىكى ، ئەگەر خەلقئارادا تارقىلىپ يۈرگەن مەلۇم بىر سۇژىت ئۇيغۇر-لارنىڭ تۇرمۇشى ۋە پسىخىكىسىغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كەلسە ، ئۇ ئۇي-غۇرلار ئىچىدە ئۆز پېتى تارقىلالىغان ، ئەگەر ئۇنداق ئۇيغۇنلۇق بولمىسا ، بۇ چۆچەك ئۆزگىرىپ كەتكەن . دېمەك ، مەلۇم بىر چۆچەك-نىڭ ئۇيغۇرلار ئىچىدە تارقىلىشىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇر-مۇش مۇھىتى بەلگىلىگەن . ئۇيغۇرلار ئىچىدە تارقىلىدىغان چۆچەك چوقۇم ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىغا ماس كېلىشى ، ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن ، ئۇنىڭغا ئاساس-لانغان بولۇشى كېرەك . پەقەت شۇنداق بولغاندىلا ، ئاندىن ئۇ ئۇيغۇر-

لار ئىچىدە يىلتىز تارتالايدۇ ۋە تەرەققىي قىلالايدۇ .

ئۇيغۇر چۆچەكلىرى بىلەن خەلقئارا چۆچەكلەرنى سېلىشتۇرۇشتىن مەلۇم بولغان يەنە بىر ئەھۋال شۇكى ، ئۇيغۇر چۆچەكلىرى ئۆزلىرىنىڭ ياۋروپا ۋارىيانتىغا قارىغاندا ئەرەب ـ پارس ۋارىيانتىغا يېقىن ، ئەرەب ـ پارس ۋارىيانتىغا قارىغاندا قازاق ـ ئۆزبېك ۋارىيانتىغا يېقىن تۇرىدۇ . ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا ، دۇنيا خەلقىدىن مۇسۇلمان خەلقىگە ، مۇسۇلمان خەلقىدىن تۈركىي تىللىق مىللەتلەرگە ، تۈركىي تىللىق مىللەتلەردىن ئوغۇز گۇرۇپپىسىغا قاراپ ماڭساق چۆچەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ بارغانسېرى يوقىلىپ ، ئوخشاشلىقنىڭ بارغانسېرى كۆچىيىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز . ئەگەر ئەكس يۆنىلىشكە قاراپ ماڭساق ، چۆچەكلەردىكى پەرق چوڭىيىپ ، ئوخشاشلىق ئازلاپ كېتىدۇ . بۇ ئەھۋال ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىن نۇرغۇن ئورتاقلىققا ئىگە بولغان تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ چۆچەكلىرىنى ئەڭ ئاسان قوبۇل قىلالايدىغانلىقىنى ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئەرەب ۋە پارسلارنىڭ چۆچەكلىرىنى بولسا يات دىندىكى ياۋروپا چۆچەكلىرىگە نىسبەتەن ئاسان قوبۇل قىلالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . دېمەك ، چۆچەكلەردىكى پەرق ۋە ئوخشاشلىقنى ، شۇنداقلا بۇنداق پەرق ۋە ئوخشاشلىقنىڭ دەرىجىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان نەرسە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرقتۇر . باشقىچە ئېيتقاندا ، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ خاراكتېرى چۆچەكلەرنىڭ خاراكتېرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، چۆچەكلەردە مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ .

شۇڭا ، بىز چۆچەكلەردىكى مىللىي خاسلىقنى كۆپتۈرۈۋېتىشكىمۇ ، شۇنداقلا ئۇنى ئىنكار قىلىشقىمۇ قارشى تۇرىمىز . كۆپ سانلىق چۆچەكلەرنىڭ سۇژېتى دۇنياۋى ئورتاقلىققا ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە ، مىللىي خاسلىققا ئىگە بولىدۇ ، ئورتاقلىق چوڭ ، خاسلىق كىچىك ، ئورتاقلىق روشەن ، خاسلىق تۇتۇقراق بولىدۇ .

ئۇنداق بولسا ، ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ خاراكتېرى قانداق چۆچەكلەردە روشەن گەۋدىلىنىدۇ ؟ قاسقاباسوف قازاق سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ ئاساسىي باش قەھرىمانى باتۇرلار ، مەرگەنلەر ۋە

ئۇۋچىلار ئىكەنلىكىنى، چۆچەكلەردە مانا شۇلارنىڭ تەبىئەتتىكى يىرتـ-قۇچ كۈچلەرگە قارشى كۈرەشلىرى ۋە تاجاۋۇزچى دۈشمەنلەرنى يوقىـ-تىپ ئۆز ئېلىنى قوغداش پائالىيەتلىرى بايان قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ (51 ـ ماتېرىيال 200 ـ، 201 ـ بەتلەر). شۇنداقلا ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاشۇ مەرگەن ۋە باتۇرلار ھەققىدىكى سىھىرلىك چۆچەكلەر يالغۇز قازاق خەلقىنىڭلا ئەمەس، بەلكى بارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى چۆچەكلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكىسىدۇر» (51 ـ ماتېرىيال 183 ـ بەت). بىزمۇ ئۇيغۇر سىھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى تۈرلىرىنىڭ بىرى باتۇرلۇق ھەققىدىكى چۆچەكلەر دەپ قارايمىز. چۈنكى، باتۇرلۇق ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ ئاساسىي مەز-مۇنى ئىنسان بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى ئەكس ئەتتۇ-رۇشتىن ئىبارەت. ئۇلاردا ئادەم بىلەن ۋەھشىي ھايۋانلار ۋە ئەجدىھا، يالماۋۇز، دىۋە قاتارلىق يىرتقۇچ كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى شەپقەتسىز كۈرەش بايان قىلىنىدۇ. مانا بۇ قەدىمكى جەمئىيەتنىڭ كۆرۈنۈشى، چۈنكى قەدىمكى جەمئىيەتتىكى ئاساسىي زىددىيەت ئىنسان بىلەن تەبىـ-ئەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىدى. قەدىمكى كىشىلەر ئۆزلىرىگە زىيانكەشلىك قىلىپ، ھەتتا ھاياتىغا خەۋپ سېلىپ تۇرىدىغان تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ سەۋەبىنى بىلمىگەنلىكتىن، ئۇلارنى بىر خىل سىر-لىق كۈچ باشقۇرۇپ تۇرىدۇ، دەپ چۈشەنگەن. يالماۋۇز، دىۋە، ئەجدىھا قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق سىرلىق كۈچنىڭ نامايەندىلىرى سۈپىـ-تىدە ئويلاپ چىقىلغان. شۇڭا، چۆچەكلەردىكى باتۇرلارنىڭ مانا شۇ يىرتقۇچ كۈچلەرنى يېڭىپ، ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇپ بەخت ياراتقانلىقى دەل قەدىمكى كىشىلەرنىڭ تەبىئەت ئۈستىدىن غالىب كېلىش ئارزۇ-لىرىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ باتۇرلۇق ھەققىدىكى چۆچەكلىرى ئىككى مۇھىم تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتكەن. ئەڭ دەسلەپ پەيدا بولغان باتۇرلۇق ھەققىدىكى چۆچەكلەردە ئىپتىدائىي تۇرمۇش تۈسى قويۇق ئىدى. بۇنداق چۆچەكلەرنىڭ باش پېرسوناژى ھايۋاندىن تۆرىلىدۇ ياكى ئۇنى ھايۋان بېقىپ چوڭ قىلىدۇ. ئۇ ئاساسەن ئورمان ۋە تاغلاردا ياشايدۇ. قورقۇنچلۇق تاغ ئۆڭكۈرلىرىدىكى دىۋىلەرنى يوقىتىـ-دۇ، يەر ئاستىغا چۈشۈپ يالماۋۇز ۋە باشقا يىرتقۇچلار بىلەن ئېلىشىـ-

www.uyghurkitap.com

دۇ، ھەر خىل تىلسىم - سىرلارنى ئاچىدۇ.

ئەمما فېئودالىزم دەۋرىگە كەلگەندە باتۇرلۇق ھەققىدىكى چۆچەكلەردىكى بۇ خىل مەزمۇن ئۆزگەرتىلگەن. ئۇنىڭدا تاغ - ئورمانلاردىكى ھاياتلىق ئەمەس، بەلكى شەھەر - قەلئەلەردىكى ھاياتلىق ئەكس ئەتكەن. قەھرىماننىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ئۆسۈشىمۇ ھېچقانداق ھايۋان بىلەن باغلانمىغان. ئۇ بىر شەھەردىن چىقىپ يەنە بىر شەھەرگە، بىر پادىشاھلىقتىن ئۆتۈپ، يەنە بىر پادىشاھلىققا بارىدۇ. بۇ تەكلىماكان ئەتراپىغا جايلاشقان قاتار ئۇيغۇر شەھەرلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ. قەھرىمان مەلۇم شەھەرگە كېلىپ، بۇ شەھەر خەلقىگە تەھدىت سېلىۋاتقان ياكى مەلىكىنى ئېلىپ قاچقان يىرتقۇچ مەخلۇق ھەققىدە ئاڭلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يىرتقۇچ مەخلۇقنى يوقىتىپ، ئىززەت - ھۆرمەتكە ئېرىشىدۇ. بەزى چۆچەكلەردە پادىشاھ بۇ يىگىتنى يىراق دىۋىلەر ماكانىغا بېرىپ خاسىيەتلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىشكە ئوخشاش ئىشلارغا ئەۋەتىدۇ. قەھرىمان بۇنداق خەتەرلىك ۋەزىپىلەرنىڭ ھەممىسىنى غەلىبىلىك ئورۇندايدۇ. ئاخىرىدا قەھرىمان مەلىكە بىلەن توي قىلىپ، ۋەزىر ياكى پادىشاھ بولىدۇ. دېمەك، كېيىنكى دەۋردىكى چۆچەكلەردە تەبىئەت دۇنياسىدىكى يىرتقۇچ مەخلۇقلار بىلەن ئېلىشىش ۋەقەسى ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىپ، ئۇ پەقەت قەھرىماننىڭ مەلىكە بىلەن توي قىلىش ۋە پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇشىدىكى ۋاستىگە ئايلىنىپ قالغان، خالاس. مانا بۇ ئۇيغۇر باتۇرلۇق ھەققىدىكى چۆچەكلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى روشەن ئۆزگىرىش.

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ باتۇرلۇق ھەققىدىكى چۆچەكلىرىدىكى باش قەھرىمان ئوۋچى - مەرگەن ئەمەس، بەلكى تەۋەككۈلچى ساياھەتچىدۇر. ئۇ يۇرتىدىن چىقىپ دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا سەپەر قىلىدۇ، يىراق جايلاردىكى ئاجايىپ - ئاراپىپ ئىشلارنى كۆرۈپ بېقىش، ئۆزىنى چېنىقتۇرۇش، پۇرسەت كەلسە قابىلىيىتىنى كۆرسىتىپ بايلىق ۋە شان - شەرەپكە ئېرىشىش، مانا بۇلار ئۇلارنىڭ ئاساسىي مەقسىتىدۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ باش پېرسوناژى ئۆزىنىڭ بەخت - تەلىيىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلانغان جاھانكەزدىدۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ باتۇرلۇق ھەققىدىكى چۆچەكلىرى ئۆيلىنىش ھەققىدىكى چۆچەكلەر بىلەن گىرەلىشىپ كېتىدۇ. كۆپىنچە چۆچەكلەردە ئۆز تەلىيىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن يولغا چىققان باش پېرسوناژ مەلۇم شەھەرگە بېرىپ، قىيىن شەرت ئارقىلىق كۈيئوغۇل تاللاۋاتقان پادىشاھقا دۇچ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شەرتلەرنى ئورۇنداپ مەلىكىگە ئۆيلىنىدۇ. پادىشاھ ۋە مەلىكە ئاساسەن باش پېرسوناژنىڭ باتۇرلۇقى، چىداملىقى، ئەقىل - پاراسىتى، ئالاھىدە ئىقتىدارى ۋە ھۈنەر - قابىلىيىتىنى سىنايدۇ. يىگىت كۈيئوغۇللۇققا تاللانغاندىن كېيىن ئوردىدا بىر قاتار زىددىيەت - كۈرەشلەر يۈز بېرىدۇ. ۋەزىرلەر، پادىشاھنىڭ باشقا كۈيئوغۇللىرى ياكى مەلىكە بىلەن توي قىلالماي قالغان شاھزادىلەر باش پېرسوناژغا سۇيىقەست قىلىدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولىدۇ. بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۆيلىنىش ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ ئاساسىي پائالىيەت سورۇنى يەنىلا شەھەر - ئوردىلاردىن ئىبارەت. ئۇنىڭدا فېئودال پادىشاھلىق تۈزۈمى ۋە تەخت تالىشىش كۈرەشلىرى مۇھىم مەزمۇن قىلىنىدۇ. ئەمما، بۇنداق چۆچەكلەرگە يەنە بىر قىسىم ئىپتىدائىي سۈژېتلارمۇ ئارىلىشىپ كېلىدۇ. سېھىرلىك ھايۋانلارنىڭ باش پېرسوناژغا ياردەم قىلىپ، قىيىن شەرتلەرنى ئورۇنداپ ياكى دۈشمەنلىرىنى يوقىتىپ بەرگەنلىكى توغرىسىدىكى سۈژېتلار، قەھرىمانىنىڭ دېۋىلەر ماكانىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىشىغا ئوخشاش سۈژېتلار ئەنە شۇنداق سۈژېتلاردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، چۆچەكلەردىكى قىزلارنىڭ ئاكتىپلىق بىلەن ئۆزىگە لايىق تاللىۋېلىشىمۇ بىرقەدەر قەدىمىي تۈرمۇش ئادىتىنى، يەنى ئانىلىق ھوقۇق سەلتەنەت سۈرگەن دەۋرلەرنى ئەسلىمىزگە سالىدۇ. دېمەك، ئىپتىدائىي سۈژېتلارنىڭ كېيىنكى دەۋردە ئۆزگىرىشكە ئىگە بولۇشى، ئىپتىدائىي جەمئىيەت تۇرمۇشى بىلەن فېئوداللىزم جەمئىيىتى تۇرمۇشىنىڭ گىرەلىشىپ ئەكس ئېتىشى — مانا بۇ ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكىدۇر.

ئۆيلىنىش ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ ئالاھىدە بىر سۈژېتى كۆپ ئوغلى بار ئادەمنىڭ كۆپ قىزى بار ئادەم بىلەن قۇدا بولۇش سۈژېتىدۇر. بۇ ئادەم يىراق ماكانغا بېرىپ، ناھايىتى تەستە ئوغۇللىرىغا لايىق تېپىپ، توي مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. بىراق، تويدىن كېيىن

ئۇلارنى پالاكەت باسىدۇ ، ھەتتا كېلىنلەرنىڭ ھەممىسى ھايۋانغا ئايلىنىپ قالىدۇ . كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ، بۇ ئىنتايىن قەدىمىي سۇژىتلارنىڭ بىرى . بىز «ئارنى – تومپسون ئىندېكسى» دىن بۇ چۆچەكنىڭ ۋارىيانتىنى تاپالمىدۇق . ئېھتىمال ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يايلاق تۇرمۇشىغا باغلىق ھالدا پەيدا بولغان سۇژىت بولسا كېرەك .

باتۇرلۇق ھەققىدىكى چۆچەكلەرگە ئۆيلىنىش ھەققىدىكى چۆچەكلەرلا ئەمەس ، ئۇنىڭغا يەنە سېھىرلىك ھايۋانلار ھەققىدىكى چۆچەكلەر بىلەن خاسىيەتلىك نەرسىلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەرمۇ ئارىلىشىپ كېلىدۇ . سېھىرلىك ھايۋانلار ھەققىدىكى چۆچەكلەردە ئات ، بېلىق ، يىلان قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ، خاسىيەتلىك نەرسىلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەردە قىلىچ ، تاش ، داستىخان ، چۆگۈن قاتارلىقلارنىڭ ئەسەر قەھرىمانىغا ياردەم قىلىپ ، ئۇنى بەختكە ئېرىشتۈرگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ . بۇ خىل سۇژىتلارمۇ ئەڭ ئىپتىدائىي سۇژىتلاردۇر . چۈنكى ، بۇلار قەدىمكى كىشىلەرنىڭ توتېمىزم ، ئانىمىزم ۋە سېھىرگەرلىك كۆزقاراشلىرى ئاساسىدا پەيدا بولغان . بۇ خىل سۇژىتلاردىكى باش پېرسوناژ خۇددى باتۇرلۇق ھەققىدىكى چۆچەكلەردىكىگە ئوخشاشلا يىراق سەپەرگە ئاتلىنىپ ، باشقا شەھەرلەردە ئۆزىنىڭ بەختىگە ئېرىشىدۇ . ئۇلاردا ئۆگەي ئانىنىڭ زۇلمىدىن قېچىپ چىققان يىگىتنىڭ ، ھايۋاننى قۇتقۇلدۇرغىنى ئۈچۈن ئۆيدىن ھەيدەلگەن بالىنىڭ ياكى ئوردىدىن قوغلانغان مەلىكىنىڭ باشقا شەھەرلەردىكى كەچۈرمىشلىرى ، ئۇلارنىڭ ئاخىر سېھىرلىك ھايۋان ياكى خاسىيەتلىك نەرسىلەرنىڭ ياردىمىدە مەلىكە (ياكى شاھزادە ) بىلەن توي قىلغانلىقى ، ۋەزىر ياكى پادىشاھ بولغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ .

بۇلاردىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى ، ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم خۇسۇسىيىتى ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ ، ياقا يۇرتلارغا سەپەر قىلغان يىگىت ياكى قىزلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەت . باتۇرلۇق ھەققىدىكى چۆچەكلەر ، ئۆيلىنىش ھەققىدىكى چۆچەكلەر ، سېھىرلىك ھايۋان ، خاسىيەتلىك نەرسە ، ئاق كۆڭۈل ئۇكا بىلەن رەھىمسىز ئاكا ، پەرىزات ، يالماۋۇز ، دىۋە ، سېھىر – جادۇگەرلىك ، ئەرۋاھ ۋە تەقدىر – ئامەت ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ ھەممە-

مىسىدە يىراق سەپەرگە ئاتلانغان يىگىتلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرى بايان قىلىنىدۇ. چۆچەكنىڭ باش پېرسوناژى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزا ياكى شەھەردە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ بېرىدىغان چۆچەكلەر ئىنتايىن ئاز. مۇتلەق كۆپ قىسىم چۆچەكلەردىكى ۋەقەلەر باشقا شەھەردە، تىلسىملىق دېۋىلەر ماكانىدا ۋە يەر ئاستى پادىشاھلىقلىرىدا يۈز بېرىدۇ.

ئۇيغۇر سىھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ سۇژىتى ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىگە روشەن ئۇچرىغان. ئىسلام ئەقىدىلىرى چۆچەك ئىجادىيىتىگە ئاساس بولغان. خۇدا بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىپادە قىلىپ بېرىدىغان چۆچەكلەر ئەنە شۇنداق چۆچەكلەردۇر. ئۇلاردا خۇدانىڭ ساۋابلىق ئىش قىلغانلارنى مۇكاپاتلاپ، يامان ئىش قىلغانلارنى جازالىغانلىقى مەركىزىي سۇژىت قىلىنغان ھەمدە قانداق قىلغاندا خۇدانى رازى قىلىپ، ئۇنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. ساۋاب ۋە گۇناھ ھەققىدىكى چۈشەنچە ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلىك ئەخلاق ھەققىدىكى مىزانى بولۇپ، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرىكىتىنى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ. ئىسلام دىنىدا قانداق ئىش قىلسا ساۋاب بولىدىغانلىقى، قانداق ئىش قىلسا گۇناھ بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق ناھايىتى تەپسىلىي ۋە ئېنىق بەلگىلىمىلەر بار. ئۇيغۇرلار مانا شۇ بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئىنسانلار بىلەن خۇدا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بايان قىلىپ بېرىدىغان بىر قىسىم چۆچەكلەرنى ئىجاد قىلغان ۋە بۇ ئارقىلىق ئەۋلادلارنى ئىسلام دىنى ئەخلاقى بىلەن تەربىيىلىمەكچى بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر سىھىرلىك چۆچەكلىرىدە يەنە ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ روھى تىرىك كىشىلەرنى قوللاپ ياكى جازالاپ تۇرىدىغانلىقى، ئىنسانلارنىڭ تەقدىرى تەڭرى تەرىپىدىن ئاللىقاچان ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىلىدىغانلىقى، بەلگىلەنگەن بالا ـ قازا ۋە ئاپەت ـ تەلەيدىن ھېچكىمنىڭ قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقى توغرىسىدىمۇ بىر قىسىم چۆچەكلەر بار.

خۇلاسە قىلغاندا، ئۇيغۇر سىھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ قىسقىچە خاراكتېرى مۇنداق: ئۇيغۇر سىھىرلىك چۆچەكلىرىدە ئىپتىدائىي جەمئىيەت تۇرمۇشى بىلەن فېئودالىزم جەمئىيىتى تۇرمۇشى ئىككى قاتلام مەزمۇن ھاسىل قىلغان، پادىشاھنىڭ ئوردا ـ قەلئەلىرىدىكى

زىددىيەت ـ توقۇنۇشلار چۆچەكلەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ، يىگىت ۋە قىزلارنىڭ ياقا يۇرتلاردىكى سەرگۈزەشتلىرى باشتىن ـ ئاياغ مۇھىم سۇژىت لىنىيىسى قىلىنغان ، ۋەقەلەر شەھەردىن شەھەرگە يۆتكىلىپ بايان قىلىنغان ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادى قويۇق ئەكس ئەتتۇرۇلۇش بىلەن بىللە ، ئۇنىڭغا ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىمۇ سىڭدۇرۇۋېتىلگەن ، شۇنداقلا تەقدىرچىلىك كۆزقاراشلىرى روشەن ئىپادىلەنگەن .

# ئۈچىنچى باب ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلە- رىدىكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد ۋە ئۆرپ - ئادەتلەر

ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ تېمىسى ھەر خىل ، ئۇنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى باتۇرلۇق ـ قەھرىمانلىق ھەققىدىكى چۆچەكلەر ئىگىلەيدۇ . بۇنداق چۆچەكلەردە پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك باتۇرلارنىڭ ھەر خىل ئىلاھىي يىرتقۇچ مەخلۇقلارنى يوقىتىپ ، ئىنسانلارغا بەخت ياراتقانلىقى ئىپادە قىلىنىدۇ . ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدە باتۇر- لۇق پائالىيەتلىرىدىن باشقا يەنە خىلمۇخىل ۋەقەلەر بايان قىلىنغان . ئۇلاردا باش قەھرىمان نۇرغۇن خېيىمخەتەرلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ ، قىيىن سىناقلاردىن ئۆتۈپ ساھىبجامال قىزغا ئۆيلىنىدۇ ، سېھرىي كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە ھايۋانلارنىڭ ، پەرىزاتلارنىڭ ياكى خاسىيەتلىك نەرسىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن گۈزەل تۇرمۇشقا ئېرىشىدۇ . چۆچەكلەردە يەنە تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەر خىل زىددىيەت ـ توقۇنۇشلار ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ ، دانىشمەنلىك ، راستچىللىق ، ۋاپادارلىقتا مەدھىيە ئو- قۇلۇپ ، ئالدامچىلىق ۋە ۋاپاسىزلىق قاتتىق سۆكۈلىدۇ . خۇدا بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى خىيالىي مۇناسىۋەتلەر ، ئەجدادلار ۋە ئەر- ۋاھلارنىڭ تىرىك ئادەملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ، تەقدىر ۋە ئامەت ھەققىدىكى ئاجايىپ ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ . قىسقىسى ، ئۇنىڭدا ھەر خىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ئومۇمىيۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن .

سېھىرلىك چۆچەكلەردە بىر تەرەپتىن ئىپتىدائىي جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىدىيىسى ئەكس ئەتتۈرۈلسە ، يەنە بىر تەرەپتىن كېيىنكى فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىمۇ ئىپادە قىلىنغان . ئەمما ، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى يەنىلا ئىپتىدائىي جەم- ئىيەتنىڭ تۇرمۇشىدىن ئىبارەت .

ماھىنۇر ئەلىيېۋا ئۇيغۇر خەلق سېھىرلىك چۆچەكلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ مۇنداق دەيدۇ : «ئۇيغۇر خەلق سېھىرلىك چۆ-

www.uyghurkitap.com

چەكلىرىنىڭ سۇژېتلىرى، موتىفلىرى ۋە ئوبرازلىرى ئۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشى جەھەتتىن شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، ئۇنىڭدا قەدىمكى جەمئىيەت تۇرمۇشىدىكى ھادىسىلەر ئىنتايىن كۆپ. ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدە بىز ئانىمىزم، توتېمىزم، سېھىرگەرلىك، ئەجدادلارغا چوقۇنۇش قاتارلىقلارنىڭ يارقىن ئىزلىرىنى، قەدىمكى ئەپسانىۋى تەپەككۇرنىڭ ئىنكاسىنى كۆرەلەيمىز» (24 ـ ماتېرىيال 42 ـ بەت). بارلىق فولكلورشۇناسلار شۇنى بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇكى، سېھىرلىك چۆچەكلەر ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە پەيدا بولغان بولۇپ، ئۇ قەدىمكى كىشىلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇنىڭدا ئىپادە قىلىنغان پادىشاھلارنىڭ ئوردا تۇرمۇشى بولسا چۆچەكلەرگە كېيىن قوشۇلغان، يەنى ئۇ ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا تارقىلىپ كەلگەن چۆچەكلەرنىڭ فېئودالىزم دەۋرىدىكى ئۆزگىرىشىدىن ئىبارەت. ئەھۋال دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بارغاندا، ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان ئىپتىدائىي ئېتىقاد ۋە قەدىمكى ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى ئېچىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىمىز.

## 1. ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدىكى ئىپتىدائىي ئېتىقادلار

سېھىرلىك چۆچەكلەردىكى ئىپتىدائىي دىنىي كۆزقاراشلارنى تۆۋەندىكى بىرنەچچە تەرەپتىن كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ:

**(1) تۇپراققا چوقۇنۇش**

تۇپراققا چوقۇنۇش تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئېتىقادلىرىنىڭ بىرى. ئورخۇن ئابىدىلىرىگە مەنسۇپ «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» نىڭ 38 ـ قۇرىدا مۇنداق دېيىلگەن: «تەڭرى، ئۇماي، مۇقەددەس يەر، سۇ بىزگە مەدەت بېرىدۇ. بىز (يەنە) نىمىشقا تېزىپ كېتىمىز» (52 ـ ماتېرىيال 848 ـ بەت). بۇ باياندىن بىز قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇپراقنى كۆك تەڭرىسى ۋە ئۇماي ئىلاھى بىلەن تەڭ دەرىجىگە قويۇپ، ئۇنىڭغا چوقۇنغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. قەدىمكى

ئەجدادلىرىمىزنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە كۆك ئاسمان بىلەن قوڭۇر تۇپراقتىن ئادەمزات ۋە باشقا جانلىقلار پەيدا بولغان، قوڭۇر تۇپراق بىزنى ئاپىرىدە قىلغان، ئۆستۈرگەن ۋە بىزگە داۋاملىق ھاياتلىق ئاتا قىلىۋاتقان مۇقەددەس ماكاندۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنداق كۆزقاراشلىرى كېيىنچە ئىسلام دىنى ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن لاي توپىدىن ئادەم يارالغانلىقى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر بىلەن زىچ بىرلىشىپ، تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. ئەگەر بىز تۇپراققا چوقۇنۇشنىڭ يىلتىزىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرسەك، ئۇ چاغدا ئۇنى قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ «ئالەم تۆت زاتتىن پەيدا بولغان» دەيدىغان كۆزقارىشىغا باغلاپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. چۈنكى، تۆت زاتنىڭ بىرى «تۇپراق» ئىدى. دېمەك، بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئۇزاق قەدىمكى زاماندىن تاكى يېقىنقى زامانغىچە ئىزچىل تۇردە تۇپراقنى ئۇلۇغلاپ كەلدى. شۇنى كۆرسىتىش كېرەككى، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تۇپراققا چوقۇنۇشنىڭ ئىزنالىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن. مەسىلەن، جەسەتنى يەرلىككە قويغاندىن كېيىن بىر سىقىم توپىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چېچىش؛ ئىككى كىشى سودىدا پۈتۈشكەندە ئالىقانلىرىنى يەرگە سۈۋاپ كېلىشىمگە كاپالەتلىك بېرىش؛ ئەتىگەندە تۇنجى نەرسە ساتقان كىشىنىڭ پۇلنى يەرگە سۇۋىۋېتىپ ئاندىن ھەميانغا سېلىشى؛ كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولغاندا «يەر ئۇرسۇن»، «يەر يۇتسۇن» دەپ قەسەم قىلىشى؛ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ سۇ بولمىغان ئەھۋالدا توپا بىلەن تەرەت ئېلىپ ناماز ئوقۇشى قاتارلىق ئادەتلەرنىڭ ھەممىسى يەرنى گۇۋاھلىققا تارتقان ۋە ئۇنىڭدىن مەدەت تىلىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى.

ئۇيغۇرلارنىڭ يەرگە بولغان بۇنداق سىرلىق كۆزقاراشلىرى چۆچەكلەردە كۆپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن، «نىقابلانغان مەلىكە» چۆچىكىدىكى زۇمرەت ئىسىملىك قىز يەردىن بىر چىمدىم توپا ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئەپسۇن ئوقۇپ، پادىشاھنىڭ يۈزىگە چېچىش ئارقىلىق ئۇنى توزغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ ۋە كېيىن يەنە مۇشۇ توپا ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. «سىرلىق چۈش» چۆچىكىدىكى ئىنىكئانا يۈزىگە توپا چېچىپ قەسەم قىلىپ، مەلىكىنى ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا سادىق ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق مەلىكىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى

بىلىۋالىدۇ . «بەھرام ۋە ھەپتە مەنزەر» چۆچىكىدە كىشىلەر ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتكەنلىكى ، جەمئىيەتتە يامانلىق ۋە ناھەقچىلىق ئەۋج ئېلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن يەرنىڭ يېرىلىپ ئۇلارنى ۋەيران قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ .

**(2) سۇ ئېتىقادچىلىقى**

سۇغا بولغان ئېتىقاد قەدىمكى ۋاقىتتا دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەر ئارىسىدا ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولغان . سۇنىڭ ئىنسانلار تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىملىقى ۋە ئۇنىڭ بارلىق پاسكىنىچىلىقنى يۇيۇپ پاكىزلىيالايدىغان خۇسۇسىيىتى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان چوقۇنۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان . شۇنداقلا بەزىدە كەلكۈن ، بەزىدە قۇرغاقچىلىق ئاپەتلىرىنىڭ پەيدا بولۇپ ، ئىنسانلار ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزۈشى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن قورقۇش كەيپىياتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان . نەتىجىدە سۇنى (دېڭىز ، دەريا ، كۆل ، بۇلاق ، يامغۇر قاتارلىقلارنى ) مۇقەددەسلەشتۈرۈپ ، ئاتالمىش «سۇ تەڭرىسى» نى تەسەۋۋۇر قىلغان . ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى سۇنى مۇقەددەس بىلگەنلىكتىن ئۆزلىرىنىڭ ئىسىملىرىغا «كۆل» سۆزىنى قوشۇپ ئاتاشقان . ھازىرقى ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئىچىدە «سۇغا تۈكۈرسە ، سۇغا تەرەت قىلسا يامان بولىدۇ» ، «سۇ يەتتە دومىلىسا ھالال» دېگەندەك ئەقىدىلەر ساقلانغان .

«يېرىل تېشىم ، يېرىل» ، «قوڭغۇراق توشقان» ، «ھاياتلىق سۈيى» قاتارلىق چۆچەكلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنە شۇنداق سۇغا بولغان سىرلىق كۆزقاراشلىرى ئىپادە قىلىنىدۇ . «يېرىل تېشىم ، يېرىل» چۆچىكىدىكى ئايكۆل ۋە ئاينۇر ئىسىملىك ئاچا - سىڭىللار سەپەر ئۈستىدە بۆرە سۈرەتلىك ، ئېيىق سۈرەتلىك ۋە كېيىك سۈرەتلىك سۇلارغا دۇچ كېلىدۇ . ئايكۆل كېيىك سۈرەتلىك سۇنى ئىچىۋېلىپ ، كېيىككە ئايلىنىپ قالىدۇ . ئاينۇر پادىشاھ بىلەن توي قىلىپ ، ئېغىر ئاياغ بولغاندىن كېيىن ، چوڭ خانىش تەرىپىدىن قەستلىنىپ كۆلگە چۆكتۈرۈۋېتىلىدۇ . بىراق ، ئۇ سۇ تەڭرىسىنىڭ شەپقىتى بىلەن ساق - سالامەت يەڭگىيدۇ ۋە كۆل ئاستىدا باللىرى بىلەن ياشايدۇ . كېيىن ئۇ يەنە سۇ تەڭرىسى بەرگەن خاسىيەتلىك سۇ بىلەن

كېيىككە ئايلىنىپ كەتكەن سىڭلىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. خۇددى مۇشۇ چۆچەككە ئوخشاش، «قوڭغۇراق توشقان» چۆچىكىدىكى قىز- نىڭ تۆت ئىنىسىمۇ سېھىرلىك سۇنى ئىچىپ بۆرە، يىلپىز، تۇلكە ۋە توشقانغا ئايلىنىپ قالىدۇ. «ھاياتلىق سۈيى» ناملىق چۆچەكتىكى پەرىزاتلار پادىشاھى ئوتۇنچى بوۋايغا «ئابىھايات» (ھاياتلىق سۈيى) ئىچكۈزۈپ، ئۇنى ياشلىق دەۋرىگە قايتۇرىدۇ ۋە بوۋايغا بىر قاپاق ئابىھايات سۈيى بېرىدۇ. بوۋاي بۇ سۇنى ئايالىغا ئىچكۈزۈپ، ئۇنى چوكانلىق ھالىتىگە كەلتۈرىدۇ، ئاندىن ئۆز يۇرتىدىكى كېزىك كېسەل- لى بىلەن ئاغرىغان كىشىلەرگە بۇ سۇنى ئىچكۈزۈپ، ئۇلارنى ساقايتىد- دۇ. «چار قۇيرۇقلۇق جەدە ئات» ناملىق يەنە بىر چۆچەكتە بولسا، ئات ئۆزىنىڭ ئۆلگەن ئىگىسىنى «ئابىھايات» بۇلىقىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى بۇلاق سۈيى بىلەن تىرىلدۇرىدۇ. «ئورۇل ۋە ئوسال» چۆچىكىدە ئورۇلنىڭ ئىككى كۆزى ئوسال تەرىپىدىن ئويۇۋېتىلىدۇ. كېيىن ئۇ خىسلەتلىك بۇلاق بويىغا بېرىپ ئارچىنىڭ يوپۇرمىقىنى بۇلاق سۈيىگە چىلاپ كۆزىگە سۈرتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆزى ساقىيىدۇ. «پادىشاھنىڭ ئۈچ قىزى» ناملىق چۆچەكتىكى پادىچى يىگىت «پالۋان بۇلاق»نىڭ سۈيى بىلەن يۇيۇنغاچقا، تەڭداشسىز باتۇرغا ئايلىنىدۇ. «تەدبىرلىك پادىشاھ» چۆچىكىدە پادىشاھ كۆل ئارقىلىق سۇ ئاستى دۇنياسىغا بېرىپ، سۇ پادىشاھى بىلەن مۇھەببەتلىشىپ، بەختكە ئېرىد- شىدۇ. «پەملىك دىۋانە» چۆچىكىدىكى دىۋانە سىرلىق سۇ ئارقىلىق پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا نەزەربەند قىلىنغان گۈزەل قىزنى كېيىككە ئايلاندۇرۇپ، ئېلىپ قاچىدۇ. «خاسىيەتلىك بۇلاق» چۆچىكىدىكى بوۋاي خاسىيەتلىك بۇلاق سۈيى ئارقىلىق قېرىلارنى ياشلارغا ئايلاندۇ- رىدۇ ۋە نۇرغۇن كېسەلنى ساقايتىدۇ. «خىزىر نىياز» چۆچىكىدىمۇ ئادەمنى ياشارتالايدىغان ۋە گۈزەللەشتۈرەلەيدىغان بۇلاق سۈيى ھەققىدە گەپ بولىدۇ... ۋەھاكازا.

دېمەك، يۇقىرىقى چۆچەكلەردە بايان قىلىنغان «سىرلىق سۇ» نى ئىچسە ھايۋانغا ئايلىنىپ قېلىش، «ئابىھايات» بىلەن كېسەلنى داۋالاش ۋە ئۆلۈكنى تىرىلدۇرۇش، بۇلاق سۈيى بىلەن پالۋانغا ئايلد- نىش ۋە قارىغۇنىڭ كۆزىنى ئېچىشتەك ئىشلارنىڭ ھەممىسى قەدىمكى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ سۇغا چوقۇنۇشىنىڭ ئىپادىسى.

### (3) تاش ئېتىقادچىلىقى

ئۇيغۇرلارنىڭ تاش ئېتىقادچىلىقى ھەققىدە كلاسسىك يازما ماتېرىياللاردا كۆپلىگەن مەلۇماتلار بار . ئالىم مەھمۇد قەشقىرى «يادا» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرگەندە مۇنداق دەيدۇ : «يادا — بۇ بىر خىل سېھىرگەرلىك بولۇپ ، يامغۇر ، شامال ۋە باشقىلارنى تىلەش ئۈچۈن مەخسۇس تاشلارنىڭ ياردىمى بىلەن سېھىر قىلىنىدۇ .» (53 ـ ماتېرىيال 3 ـ توم 30 ـ بەت ) . ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ : «كىمنىڭ يېنىدا قاشتاش بولسا ئۇنىڭغا چاقماق تەگمەس ، دېگەن گەپ بار . قاشتاش ئاق ، سۈزۈك بولۇپ ، كىشىلەر ئۇنى ئۈزۈك قىلىپ سالىدۇ . بۇنداق ئۈزۈكنى سېلىۋالغان كىشىگە چاقماق تەگمەيدۇ ، چۈنكى ئۇنىڭ تەبىئىتى شۇنداق . بۇ تاشنى بۆزگە ئوراپ ئوتقا تاشلىغاندا ، بۆزمۇ ، تاشمۇ كۆيمەيدۇ ، بۇ سىنالغان . ئۇسسىغان ئادەم بۇنى ئاغزىغا سالسا ، ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ .» (53 ـ ماتېرىيال 2 ـ توم 142 ـ بەت ) . مەھمۇد قەشقىرىدىن باشقا نۇرغۇن تارىخچىلارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يادا تاش سېھىرگەرلىكى ئۈستىدە يېزىشقان .

ئۇيغۇرلارنىڭ تاشقا چوقۇنۇش ، تاشنىڭ سېھىرلىك كۈچى بىلەن بالايىئاپەتتىن ساقلىنىپ قېلىشقا ۋە قىيىن ئىشلارنى ئورۇنداشقا ئورۇنۇش پائالىيەتلىرى چۆچەكلەردە كەڭ بايان قىلىنغان . مەسىلەن ، «يېرىل تېشىم ، يېرىل» چۆچىكىدىكى ئاينۇر ئۆگەي ئاكىسىغا ياتلىق بولۇشنى خالىماي قېچىپ كېتىدۇ . ئۇ ئۆزىنى قوغلاپ كېلىۋاتقانلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ، بىر چوڭ تاشقا نالە قىلىپ يالۋۇرىدۇ . شۇ چاغدا ئالەمنى قاراڭغۇلۇق بېسىپ ھاۋا گۈلدۈرلەيدۇ ھەم شاراقلىغان ئاۋاز چىقىرىپ چوڭ تاش يېرىلىدۇ ۋە ئاينۇرنى ئۆز قويىنىغا ئالىدۇ . «خاسىيەتلىك تاش» چۆچىكىدە بېلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋالغان كەمبەغەللەرگە خاسىيەتلىك تاش بېرىدۇ . بۇ تاشنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى ، ھەرقانداق ئېغىر كېسەل بولسىمۇ ، مۇشۇ تاشنى چايقاپ سۈيىنى ئىچكۈزسە دەرھال ساقىيىپ كېتىدۇ . چۆچەكنىڭ باش پېرسوناژى بولغان بەختى بۇ خاسىيەتلىك تاش ئارقىلىق نۇرغۇن كېسەل ئادەملەرنى ۋە ھايۋانلارنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ ، شۇنداقلا رەقىبلىرىنى يېڭىپ ، بەختكە ئېرىشىدۇ . دېمەك ، چۆچەكلەردە تاش بارلىق جان ـ جانىۋار-

لارغا هاياتلىق ئېلىپ كېلەلەيدىغان قۇدرەتكە ئىگە قىلىپ تەسۋىرلەن-
گەن .

ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدە «ساڭگاسىۋىتاش» ناملىق بىر خاسىيەتلىك تاش بار . بۇ تاش چۆچەكلەردە «سۇمبۇلا تاش» ، «سەڭ-گى سولا تاش» ، «ساڭگىل ـ سۇڭگۇل تاش»دېگەندەك ناملار بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ . بۇ تاشنىڭ خاسىيىتى شۇكى ، ئەگەر بىر كىشى يەنە بىر كىشى تەرىپىدىن بوزەك قىلىنسا ، بوزەك قىلىنغۇچى ئەنە شۇ تاشنى قاچىدىكى سۇغا چىلاپ ، ئۇنىڭغا قاراپ دەردىنى ئېيتسا ، بۇ تاش بارغانسېرى يوغىنايدىكەن ۋە ئاخىرىدا يېرىلىپ كېتىدىكەن . شۇنىڭ بىلەن باشقىلارنى بوزەك قىلغان هېلىقى ئادەم ئۆلىدىكەن . «يېتىم قىز» ، «ئۆلۈك يىگىتنىڭ خوتۇنى» ، «ساڭگاسىۋىتاش» قاتارلىق چۆچەكلەردە مانا شۇ تاشنىڭ كارامىتى بايان قىلىنىدۇ .

يەنە بىر قىسىم چۆچەكلەردە تاشنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ ئۆزگە-رىشى ۋە ئۇنىڭ سېھىرلىك كۈچ ـ قۇدرىتى هېكايە قىلىنىدۇ . مەسىلەن ، «ئېيىق ئوغلى ئەر قۇربان» ناملىق چۆچەكتە ئۈچ تال تاش ئۆزلۈكسىز يوغىناپ ، ئەجدىهاغا ئايلىنىپ كېتىدۇ . «ئاجايىپ بالا ۋە يەتتە باشلىق يالماۋۇز» چۆچىكىدە مەرگەن يىگىت بىر تال تاشنى ئوقيا بىلەن ئېتىپ ، ئۇنىڭدىن پالۋان يىگىتنى پەيدا قىلىپ ، ئۆزىگە هەمراھ قىلىدۇ . «كۆز پەرىخان» ، «كۆكۈلداش» ناملىق چۆچەكلەر-دە بىر يىگىتنىڭ تاشقا ئايلىنىۋالغانلىقى بايان قىلىنىدۇ .

ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدە باش پېرسوناژنىڭ تاشنىڭ سىرلىق كۈچ ـ قۇدرىتىدىن پايدىلىنىپ ، قىيىنچىلىقلارنى يەڭگەنلى-كى ۋە بەختكە ئېرىشكەنلىكى هەققىدە نۇرغۇن بايانلار ئۇچرايدۇ . تىپىك بولغىنى «ئاق تاش ، كۆك تاش» ناملىق چۆچەك بولۇپ ، ئۇنىڭدىكى باش پېرسوناژ ئاق ۋە كۆك رەڭلىك ئىككى تال تاشنى قولغا چۈشۈرىدۇ . ئۇ بۇ تاشلارنى بىر ـ بىرىگە سۈرۈش ئارقىلىق هەرقانداق ئارزۇ ـ تىلەكنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ . ئەمما ، قارا نىيەت باي ئۇنى تارتىۋېلىپ ، تىلەك تىلىگەندە ، بۇ تاش نۇرغۇن يىلان ـ چايانىنى پەيدا قىلىپ ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ ۋە ئۆيلىرىنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ .

### (4) ھايۋانات ئېتىقادچىلىقى

ھايۋاننى توتېم قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىش دۇنياۋى ئو-
مۇملۇققا ئىگە بولغان ئىپتىدائىي ئېتىقاد شەكلىنىڭ بىرى بولۇپ، ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ئېتىقادىدا ھەر خىل شەكىلدە كۆزگە چېلىقى-
دۇ. ھايۋاننى ئۇلۇغلاش قاراشلىرىمۇ ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ئىنتايىن كۆپ ئىپادە قىلىنغان.

مەلۇمكى، قەدىمكى ئۇيغۇرلار چوقۇنغان ھايۋانلارنىڭ بىرى بۆرە ئىدى. ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىدە بۆرە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ۋە باشپاناھى قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. ئەمما، ھايۋانات ھەققىدىكى چۆچەكلەر ۋە نۇرغۇن سېھىرلىك چۆچەكلەردە بۇ ھايۋان ئىنتايىن ۋەھشىي، ياۋۇز خاراكتېردە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، بىز ئاز ساندىكى سېھىرلىك چۆچەكلەردىن يەنىلا بۆرىنىڭ ئۇلۇغلانغانلىقىنى كۆرىمىز. مۇنداقچە ئېيتقاندا، قىسمەن سېھىرلىك چۆچەكلەر ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرە ئېتىقادىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن، «ئىككى يولۇچى»، «ئاق كۆڭۈل بىلەن ئالا كۆڭۈل»، «تادان بىلەن نادان» چۆچەكلىرى-
دىكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان يىگىت بۆرىنىڭ يول كۆرسىتىشى ۋە ياردىمى بىلەن مەلىكىگە ۋە نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈشكە ئىگە بولىدۇ. بۇ بۆرە يەنە يىگىتكە يامانلىق قىلغان ئادەمنى جازالايدۇ. «بۇلبۇلگو-
يا» چۆچىكىنىڭ ماھىنۇر ئەلىيىۋا رەتلىگەن قازاقىستان نۇسخىسىدا، زېرەك ئىسىملىك يىگىتنىڭ ئاكىلىرى تەرىپىدىن كۆزى ئويۇۋېتى-
لىپ، قۇدۇق ئاستىغا تاشلىۋېتىلگەندە، بىر بۆرىنىڭ زېرەكنىڭ دادىسىغا بۇ ئەھۋالنى ئېيتىپ بەرگەنلىكى ۋە ئۇنى قۇدۇقنىڭ يېنىغا باشلاپ كېلىپ، زېرەكنى قۇتۇلدۇرۇۋالغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. دې-
مەك، بۇنداق چۆچەكلەردىكى بۆرە خۇددى ئەپسانىلەردىكى بۆرە ئىلا-
ھىغا ئوخشاشلا كىشىلەرنىڭ غەمخورچىسى ۋە باشپاناھى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

ئېيىقمۇ ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدە بىر خىل ئىلاھىي سۈپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. رەيھان قادىر ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇرلار-
نىڭ ئېيىق توتېم ئېتىقادى ھەققىدە ئىزدىنىش» (54 ـ ماتېرىيال) ناملىق ماقالىسىدا، بۇ ھەقتە يېتەرلىك توختىلىپ ئۆتكەنىدى. دەرۋە-

قە ، بىز ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدە ئېبىقتىن تۆرەلگەن بالىنىڭ پاكى ئېيىقنى ئېمىپ چوڭ بولغان بالىنىڭ ئاجايىپ - غارايىپ قەھرىمانلىق پائالىيەتلىرىنى كۆپلەپ ئۇچرىتىمىز . مەسىلەن ، «ئېيىق ئوغلى ئەر قۇربان» ، «ئېيىق ئىسلام باتۇر» چۆچەكلىرىدە ئېيىق دادا بىلەن ئادەم ئانىدىن تۇغۇلغان بىر بالىنىڭ ئالتە ئايلىق بولغاندا بالاغەتكە يەتكەنلىكى ۋە تەڭداشسىز كۈچ - قۇدرەتكە تولۇپ ، يەتتە باشلىق يالماۋۇز ، ئادەم يەيدىغان ئەجدىھا قاتارلىقلارنى يوقاتقانلىقىنى ، شۇنداقلا تاجاۋۇزچى دۈشمەنلەرنى تىرىپىرەن قىلىۋەتكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ . «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىدە چۆلگە تاشلىۋېتىلگەن ئاكا - سىڭىلنى ئېيىق بېقىپ چوڭ قىلىدۇ . ئاكىسى چىن تۆمۈر قۇدرەتلىك پالۋانغا ئايلىنىپ ، يەتتە باشلىق يالماۋۇز ۋە نۇرغۇن دۈشمەن لەشكەرلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ . «ئېيىق باتۇر» ، «ئېيىق چىمچىلاق» چۆچەكلىرىدىكى بالىمۇ ئېيىقنى ئېمىپ ، خام گۆش يەپ چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ، ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدىغان قەھرىمانغا ئايلىنىدۇ . ئۇلار نۇرغۇن ۋەھشىي يىرتقۇچلارنى يوقىتىپ ، كىشىلەرنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدۇ . شۇنداقلا دۈشمەننى يوقىتىپ ، شەھەرنى قوغداپ قالىدۇ .

ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدىكى ئىلاھىي كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە ھايۋاننىڭ يەنە بىرى كېيىكتۇر . «مەستان كەمپىر» چۆچىكىدە چۆلگە تاشلىۋېتىلگەن ئاكا - سىڭىللارنى بىر كېيىك بېقىپ چوڭ قىلىدۇ ۋە بۇ بالىلارنى باشتىن - ئاخىر خېيىمخەتەردىن ساقلايدۇ . ئاخىرىدا يەنە مۇشۇ كېيىك بالىلارنىڭ دادىسىنى باشلاپ كېلىپ ، ئۇلارنى ۋىسالغا ئېرىشتۈرىدۇ . «مەلىكە پەرى» چۆچىكىدىكى شاھزادە كېيىكنىڭ يول باشلىشى بىلەن يىراق بىر جايغا كېتىپ قالىدۇ ۋە ئۇ يەردە پەرىزات بىلەن تونۇشۇپ ، مۇراد - مەقسەتكە يېتىدۇ .

چۆچەكلەردىكى سېھىرلىك كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بېلىقمۇ بىزنى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلىۋالىدۇ . ئۇ «ياخشىلىققا ياخشىلىق» ، «ئالتۇن تاجلىق بېلىق» ، «ئادىل پادىشاھ ۋە ئۈچ دەرۋىش» چۆچەكلىرىدە بىر يىگىتكە باشپاناھ بولىدۇ . بۇ بېلىق ئادەمگە ئايلىنىپ ، يىگىتكە ھەمراھ بولىدۇ ، يىگىت ئۇخلىسا ، دەرەخكە ئايلىنىپ سايىۋەن بولىدۇ ، يىگىتنى سېھىرىي ئۇسۇلدا دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ ،

يىگىت ئۈچۈن قاراقچى، دىۋە، ئەجدىھالارنى يوقىتىپ بېرىدۇ. شۇنداقلا، پادىشاھنىڭ قىيىن شەرتلىرىنى ئورۇنداپ، مەلىكىنى يىگىتكە ئېلىپ بېرىدۇ. «سۇ پەرىسى دىلئارام»، «بايۋەچچىنىڭ كەچۈرمىشلىرى» ناملىق چۆچەكلەردە بىر يىگىتنىڭ بېلىققا ئۆيلەنگەنلىكى، بۇ بېلىقنىڭ يىگىتنى قوغداپ، ياۋۇز تەبىئەتلىك پادىشاھنى جازالىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

سېھىرلىك چۆچەكلەردىكى يىلانمۇ بېلىققا ئوخشاش سېھىرلىك خاراكتېرگە ئىگە. ئۇ «ۋاپادارلىق» ناملىق چۆچەكتە بىر بالىغا ئەگىشىپ بېرىدۇ. بالا مانا شۇ ئەگەشتەرنىڭ ياردىمى بىلەن بايلىق ۋە مەرتىۋىگە ئېرىشىپ، بەختلىك ياشايدۇ. «شاھزادە تۇغلۇق» چۆچەكىدىكى يىلان شاھزادىگە بىر تۇلپارنى سوۋغا قىلىدۇ. بۇ تۇلپار شاھزادىنىڭ تاجاۋۇزچى دۈشمەننى يوقىتىشىدا چوڭ رول ئوينايدۇ. «ئاتا ۋەسىيىتى» ناملىق چۆچەكتە بىر ئاق يىلان ھېكمەتلىك كىتابنى 17 يىل ساقلاپ، ئاخىر ئۇنى باش پېرسوناژ بەختىگە تاپشۇرۇپ، مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتكۈزىدۇ. «خۇشياقمايدۇ» ناملىق چۆچەكتىكى يىلان باش پېرسوناژغا ھەممىنى تەييار قىلىپ بېرىدۇ. مەلىكىگە ئېرىشتۈرىدۇ، ئايرىم شەھەر بىنا قىلىپ ئۇنى تەختكە ئولتۇرغۇزىدۇ. «سىرلىق قاپاق» چۆچىكىدىكى يىلان بولسا، باش پېرسوناژ ھەسەنگە ئۆزىنىڭ ساھىبجامال سىڭلىسىنى بېرىپ، ئۇنى بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ. «ياخشىلىققا ياخشىلىق» ناملىق چۆچەكتىكى يىلان ئوتۇنچى يىگىتكە يىلان مۆڭگۈزى بېرىدۇ. بۇ مۆڭگۈز خاسىيەتلىك بولۇپ، ئۆزىنىڭ سىرلىق قابىلىيىتى بىلەن ئوتۇنچى يىگىتنى باي قىلىۋېتىدۇ.

ئاتمۇ چۆچەكلەردىكى سىرلىق كۈچكە ئىگە ھايۋاندۇر. بەزى چۆچەكلەردە ئاتتىن تۇغۇلغان بالىنىڭ قەھرىمانلىقى بايان قىلىنسا، يەنە بەزى چۆچەكلەردە ئاتنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنى قۇتقۇزۇۋالغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. «دىيانەتلىك مەلىكە بىلەن ۋاپادار ئات»، «بوز ۋاپادار»، «قارا ياللىق قۇلان ئارغىماق»، «مەلىكە ئايتىللا ـ شاھزادە رەۋەيدۇللا» قاتارلىق چۆچەكلەردە بىر ئاتنىڭ تۆھمەتكە ئۇچرىغان مەلىكە ۋە ئۇنىڭ باللىرىنى قوغداپ قالغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. بۇ ئات مەلىكىنى ئېلىپ قېچىپ قۇتۇلدۇرىدۇ، ئۇنى باشقا

ئەلنىڭ شاھزادىسىگە تونۇشتۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ تويىنى قىلىپ قويىدۇ . كېيىن يەنە مەلىكىگە تۆھمەت قىلغان يامان نىيەتلىك كىشىلەرنى تېپىپ ئۆلتۈرىدۇ . ئاخىرىدا ئۆزىنى قۇربان قىلىپ ، مەلىكە ۋە ئۇلارنىڭ بالىلىرىغا ھاياتلىق ماكانى يارىتىپ بېرىدۇ . «شاھزادە» ناملىق يەنە بىر چۆچەكتىكى ئات بىر يىگىتنى ئۆگەي ئانىسىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئېلىپ قاچىدۇ ۋە باشقا يۇرتقا بېرىپ ، بۇ يىگىتنىڭ بىر مەلىكە بىلەن توي قىلىشىغا ۋاسىتە بولىدۇ . «ئاجايىپ بالا ۋە يەتتە باشلىق يالماۋۇز» چۆچىكىدە ئاتتىن تۇغۇلغان بىر بالىنىڭ ئاجايىپ باتۇرلۇقى ھەققىدە ھېكايە قىلىنسا ، «ئالتۇن كوكۇلىلىق بالا» چۆچىكىدە تىك داۋاندىن ئۇچۇپ ئۆتەلەيدىغان ، ئىگىسىگە يول كۆرسىتەلەيدىغان بىر ئات ھەققىدە ھېكايە قىلىنىدۇ . . . ۋەھاكازا .

ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدە يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە قاغا ، قوچقار ، كەپتەر ۋە مايمۇنلارنىڭمۇ سىرلىق قابىلىيىتى بايان قىلىنىدۇ . مەسىلەن ، «تاز بىلەن سارايۋەن» ، «ئۇر توقماق» چۆچەكلىرىدە بىر قاغا كەمبەغەل كىشىگە ئالتۇن تېزەكلەيدىغان ئېشەك ، تاماق چىقىرىدىغان داستىخان ۋە يامان كىشىلەرنى ئۇرۇپ ئەدىپىنى بېرىدىغان توقماق بېرىدۇ . بۇ كەمبەغەل كىشى مانا مۇشۇ نەرسىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن بەختكە ئېرىشىدۇ ۋە ئاخىر پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرىدۇ . دېمەك ، بۇ ئادەمنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋاتقان كۈچ — قاغىنىڭ سىرلىق كۈچىدۇر . «پولات بىسلىق خەنجەر» ناملىق چۆچەكتە قاغا بىر كەمبەغەل كىشىنى باشلاپ ، تاغنىڭ ئۆڭكۈرىگە ئاپىرىدۇ . بۇ كىشى بۇ يەردە بىر خاسىيەتلىك خەنجەرگە ئېرىشىپ ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ . «ئىككى قوچقار» ناملىق چۆچەكتە بىر ۋەزىر سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ ، پادىشاھنى ئۆلتۈرۈپ ، دۆلەتنى قالايمىقانچىلىققا پاتۇرىدۇ . دەل مۇشۇ چاغدا ئىككى قوچقار پەيدا بولۇپ ، ۋەزىر ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنى يوقىتىپ ، خەلقنى ئەمىن تاپقۇزىدۇ . چۆچەكتە ئېيتىلىشىچە ، بۇ قوچقارلار دۆلەتنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان قوچقارلار ئىكەن . «قان بەدىلىگە كەلگەن ئالتۇن» ناملىق چۆچەكتە بىر كەپتەر ئوتۇنچى بوۋاينى ئالتۇن تاغقا ئېلىپ چىقىپ ، نۇرغۇن ئالتۇنغا ئېرىشتۈرىدۇ . كېيىن بۇ ئالتۇنلارنى باي تارتىۋالدۇ . كەپتەر باينى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ ، ئۇنىڭ ئالتۇنلىرىنى قايتۇرۇپ

كېلىدۇ . «خاسىيەتلىك ئۇرۇق»ناملىق چۆچەكتىكى مايمۇن بىر ئادەمگە خاسىيەتلىك ئۇرۇق بېرىدۇ . بۇ ئۇرۇق نېمىنى تەلەپ قىلسا ، شۇنى پەيدا قىلىدىكەن . بۇ ئادەم مۇشۇ ئۇرۇقنىڭ خاسىيىتى بىلەن بەختكە ئېرىشىدۇ .

يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويغىنىمىز ، چۆچەكلەردىكى سېھرلىك كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە ھايۋانلارنىڭ ئىنسانلارغا غەمخورلۇق قىلغانلىقى ھەققىدىكى بايانلار بولۇپ ، بۇلاردىن بىز قەدىمكى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز تەرىپىدىن بۆرە ، ئېيىق ، كېيىك ، بېلىق ، يىلان ، ئات قاتارلىقلارنىڭ خىلىلا مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز . چۆچەكلەردىكى باش پېرسوناژ مانا شۇ ھايۋانلارنىڭ ئالدىدا ئىنتايىن پاسسىپ ، ئاجىز ھالەتتە گەۋدىلىنىدۇ . كىشىلەر ئۆز تۇرمۇشىدىكى بىرەر قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلالماي ، بېشى قېتىپ تۇرغاندا ، بۇ خىل ھايۋانلار پەيدا بولىدۇ ـ دە ، ئۆزلىرىنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ كۈچ ـ قۇدرىتى بىلەن ئۇلارغا بەخت ئاتا قىلىدۇ . روشەنكى ، بۇنداق چۆچەكلەرگە ئىپتىدائىي توتېمىزملىق كۆزقاراش ئاساس بولغان .

يەنە بىر قىسىم چۆچەكلەردىكى ھايۋانلار ئۇنچىۋالا سېھرلىك كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە ئەمەس . ئۇلار يۇقىرىقى ھايۋانلارغا ئوخشاش ئادەمدىن مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرمايدۇ . ئەكسىچە ، ئادەم بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرۇپ ، ھەمكارلىشىدۇ . چۆچەكلەردىكى باش پېرسوناژ سەپەر جەريانىدا يارىلانغان چۈمۈلە ، چاشقان ، ھەرە ، پاقا ، تۈلكە ، يولۋاس (بەزىدە بېلىق ، يىلان ) قاتارلىقلارنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ ياكى ئىت ، مۈشۈك ، بۆركۈتلەرنى بېقىپ ، ئۇنىڭ بىلەن دوست بولىدۇ . كېيىن ئۇ بىرەر قىيىنچىلىققا يولۇققاندا ، ئەنە شۇ ھايۋانلار پەيدا بولىدۇ ـ دە ، ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشىپ بېرىدۇ . «كۆزگە ئىلىنمىغان پۇتقا چوماق» ، «خاسىيەتلىك تاش» ، «تۇردىقارىي بىلەن پادىشاھ» ، «ياخشىلىققا ياخشىلىق» ، «خاسىيەتلىك چۈش» ، «ئەمەتەك پادىشاھ» ، «تايغان بىلەن بۆركۈت» چۆچەكلىرىدىكى ھايۋانلار ئەنە شۇنداق ھايۋانلاردۇر . كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ، چۆچەكلەردىكى بۇ خىل بايانلار ھايۋانلارغا چوقۇنۇش ئىدىيىسىنىڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى ئىپادىسى بولۇپ ، «چوقۇنۇش» دېگەندىن كۆرە ھايۋانلارغا بولغان سىرلىق كۆزقاراش دېگەن تۈزۈك .

ئۇيغۇرلارنىڭ ھايۋانلارغا رەھىم قىلىش ، ئۆز مەنپەئىتىدىن كېـ-چىپ ، ئۇلارنى خېيىمخەتەردىن قۇتۇلدۇرۇش ئىدىيىسىمۇ ئەڭ دەسـ-لەپ ئەنە شۇ ھايۋانلارنى ئۇلۇغلاش كۆزقارىشىنىڭ تەسىرى بىلەن مەيدانغا كەلگەن . لېكىن ، كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇ باشقا دىنىي ئېتىـ-قادلار بىلەن بىرلىشىپ كەتتى . بولۇپمۇ بۇددا دىنى شىنجاڭغا تارقال-غاندىن كېيىن ، بۇددىزمنىڭ مۇھىم بىر پرىنسىپى بولغان بارلىق جان ـ جانىۋارلارغا رەھىم قىلىش قائىدىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتتى . شىنجاڭ مىڭ ئۆيلىرىدىكى نۇرغۇن رەسىم-لەردە مانا شۇنداق كۆزقاراش ئىپادە قىلىنغان . ئۇنىڭدا ھايۋانلار ئاچ قالغاندا يەم بولۇپ بېرىش ، قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغاندا ياردەملىشىش ، خەۋپ ـ خەتەرگە يولۇققاندا ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىپ ، ئۇلارنى قۇتقۇزۇش ئىدىيىسى كەڭ تەشۋىق قىلىنغان (55 ـ ماتېرىيال 256 — 275 ـ بەتلەر ) . بۇددا دىنى يازمىلىرىدىن «ئىككى تېگىننىڭ ھېكايە-سى»ۋە «ئالتۇن يارۇق»تىكى «تېگىنلەر بىلەن چىشى يولۋاس» ھېـ-كايىسىمۇ ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىپ ، ھايۋانلارنى قۇتقۇزۇش ئىدى-يىسىگە بېغىشلانغان (56 ـ ماتېرىيال 357 — 367 ـ بەتلەر ) . بۇ خىل رەسىم ۋە يازمىلارنىڭ تەسۋىرىدە ئىنسان بىلەن ھايۋان ئۆزئارا ھەمكارلىشىدۇ ، پىكىر ئالماشتۇرىدۇ ، ھەتتا شەكىل جەھەت-تىن بىر ـ بىرىگە ئۆزگىرىپ ، بىر گەۋدە بولۇپ كېتىدۇ . ئۇيغۇرلار مانا مۇشۇ خىل ئېتىقادنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىنسان بىلەن ھايۋاننىڭ ئۆزئارا ھەمكارلاشقانلىقى ۋە شەكىل ئالماشتۇرغانلىقى توغرىسىدىكى خىلمۇخىل چۆچەكلەرنى توقۇپ چىقتى ۋە ھايۋانلارنىڭ ياردىمى ئارقى-لىق ئۆزلىرىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىش ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇردى .

شەكىل ئالماشتۇرۇش ، يەنى ئادەمنىڭ ھايۋانغا ، ھايـۋاننىـڭ ئادەمگە ئۆزگىرىش ھادىسىلىرى ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدە ئىنت-تايىن كۆپ ئۇچرايدۇ . مەسىلەن ، «بۇلبۇلگويا» (روزى قادىر نەشرگە تەييارلىغان نۇسخا ) چۆچىكىدىكى كەنجى ئوغۇل كېيىككە ، «قوزد-چاق» چۆچىكىدىكى قىزچاق قوزىغا ، «قېرىنداشلىرى ئېچىلغان بەخت» چۆچىكىدىكى پادىشاھ بۇلبۇل ۋە ئىتقا ، «تەخەي يىگىت» چۆچىكىد-كى يىگىت تەخەيگە ، «نىقابلانغان مەلىكە» چۆچىكىدىكى خانىش بىلەن

www.uyghurkitap.com

ۋەزىرنىڭ ئايالى مۈشۈككە ، «ۋاپادار يولداخۇن» چۆچىكىدىكى ئەسكى ئايال ئېشەككە ، «ئىگەمبەردى» چۆچىكىدىكى ئادەملەر بۆركۈت ئىت ، مۈشۈك ، تۆگە ۋە كېپىنەككە ، «قارا چاچ قىز» چۆچىكىدىكى قىز كېپىنەككە ، «لەھەلبانۇم ۋە شېرىنبانۇم» چۆچىكىدىكى لەھەلبانۇم ئۆچكىگە ئايلىنىپ قالىدۇ . بۇلارنىڭ بەزىلىرىنى جادۇگەر ، يالماۋۇز ۋە دىۋىلەر ئەنە شۇنداق ھايۋانغا ئۆزگەرتىۋەتسە ، يەنە بەزىلىرى سې-ھىرگەرلىكنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزلىرى ھايۋانغا ئۆزگىرىۋالىدۇ . يەنە بەزىلىرىنى تەڭرى ئۇلارنىڭ يامان قىلمىشلىرىغا لايىق ئۆزگەرتى-ۋېتىدۇ .

يەنە بىر قىسىم چۆچەكلەردە ھايۋانلار ئىنسانلارغا ئۆزگىرىدۇ . مەسىلەن ، «پادىشاھ بىلەن يوھا» چۆچىكىدىكى ئەجدىھا گۈزەل قىزغا ئۆزگىرىۋېلىپ ، پادىشاھ بىلەن توي قىلىۋالىدۇ . «لەھەلبانۇم ۋە شېرىنبانۇم» چۆچىكىدىكى بىر قورت يىگىتكە ئايلىنىدۇ . . .

مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، چۆچەكلەردىكى ھايۋانلار-نىڭ ئىنسانغا ، ئىنساننىڭ ھايۋانغا ئۆزگىرىش ھادىسىسى قەدىمكى جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئېتىقادىدىكى «روھ ئۆلمەيدۇ ، ئۇ داۋاملىق ھايۋان ۋە ئادەملەرنىڭ تېنىگە ئۆتۈپ ، ئالمىشىپ تۇرىدۇ» دەيدىغان كۆزقاراشنىڭ روشەن ئىپادىسى .

ئۇيغۇر سىھىرلىك چۆچەكلىرىدىكى ھايۋانات ئېتىقادىغا مۇناسى-ۋەتلىك يەنە بىر نامايەندە شۇكى ، ئۇنىڭدا ئىنسانلار ھايۋانلار بىلەن ھېچ ئىككىلەنمەيلا توي قىلىۋېرىدۇ . مەسىلەن ، «قېرىغاندا ئېچىلغان بەخت» ، «سۇ پەرىسى دىلئارام» چۆچەكلىرىدىكى ئەرلەر بېلىق بى-لەن ، «ئىككى قوچقار» چۆچىكىدىكى مەلىكە قوچقار بىلەن ، «تەكەب-بۇر مەلىكە» چۆچىكىدىكى مەلىكە چاشقان بىلەن ، «پاقا ئايال» ، «مايمۇنەك ، سايمىنەك ، سىلەرنى ئايمىنەك چاقىرىۋاتىدۇ» ناملىق چۆچەكلەردىكى يىگىتلەر پاقا بىلەن ، «مايمۇن قىز» چۆچىكىدىكى شاھزادە مايمۇن بىلەن ، «دۇتارچى» ناملىق چۆچەكتىكى يىگىت قۇش-قاچ بىلەن ، «سىرلىق قاپاق» ، «پادىچى بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى» چۆچەكلىرىدىكى يىگىتلەر يىلان بىلەن ، «غايىب نىكاھ» چۆچىكىدىكى كەنجى شاھزادە توشقان بىلەن ، «ئۇۋچى يىگىت بىلەن پەرى قىز» چۆچىكىدىكى يىگىت بۆرە بىلەن ، «ئېيىق سۇلتان» چۆچىكىدىكى

ساھىبجامال قىز ئېيىق بىلەن توي قىلىدۇ .
يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدە ھايۋانات ئېتىقادچىلىقى ئىنتايىن قويۇق ئىپادە قىلىنغان .

(5) دەل ـ دەرەخ ئېتىقادچىلىقى

مەلۇمكى ، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئەڭ دەسلەپ پەقەت ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى ۋە دەل ـ دەرەخلەرنىڭ مېۋىلىرىنى ئوزۇق قىلىپلا ھايات كەچۈرگەن . بەزى جەھەتتىن ئالغاندا ، ئىپتىدائىي ئىنسانلارغا نىسبەتەن دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئەھمىيىتى ھايۋانلاردىنمۇ يۇقىرى بولغان . چۈنكى ، ئوۋچىلىق ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلاتلىرى مۇقىم ئەمەس بولۇپ ، بەزى كۈنلىرى ئۇلار بىرەرمۇ ھايۋان ئوۋلىيالمايتتى . ئەكسىچە ، دەل ـ دەرەختىن مېۋە يىغىۋېلىش بىرقەدەر مۇقىم ۋە ئىشەنچلىك بولغان تاپاۋەت ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە دەل ـ دەرەخنىڭ ئۆمرى ئىنسانلار ئۆمرىدىن ئۇزۇن بولۇپ ، بەزى دەرەخلەر مىڭ يىللاپ كۆكلەپ تۇرالايدۇ . بۇ خىل ئەھۋال ئىپتىدائىي ئىنسانلارنى ھەيران قالدۇرغان . ئۇلار دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئىنسانلارنى باقالايدىغان ۋە ئاسانلىقچە ئۆلمەيدىغان بۇنداق كۈچ ـ قۇدرىتىگە مەھلىيا بولۇپ ، ئۇلارغا چوقۇنغان ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ باشپاناھى ھېسابلىغان .

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا دەرەخكە چوقۇنۇش ئەقىدىسى كەڭ ئومۇملاشقان . بۆگۈخان ھەققىدىكى رىۋايەتتە بىر دەرەخنىڭ توققۇز ئاي توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ ، بەش ئوغۇل تۇغقانلىقى ، بۇ بالىلارنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادى كۆپىيىپ ئۇلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ پەيدا بولغانلىقى بايان قىلىنىدۇ (57 ـ ماتېرىيال ) . تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ مەشھۇر ئېپوسى «ئوغۇزنامە» دىمۇ ئوغۇزخاننىڭ دەرەخنىڭ كاۋىكىدىن تۆرەلگەن بىر گۈزەل قىزغا ئۆيلەنگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ (58 ـ ماتېرىيال 28 ـ ، 29 ـ بەتلەر ) .

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنە شۇنداق دەرەخ ئېتىقادچىلىقى ئۇلارنىڭ سېھىرلىك چۆچەكلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان . رۇس ئالىمى مالوۋ 1914 ـ يىلى قۇمۇلدىن خاتىرىلىگەن «ئاجايىپ بالا ۋە يەتتە باشلىق

يالماۋۇز » ناملىق چۆچەكتە دەرەخ ئاتا بىلەن ئات ئانىدىن تۇغۇلغان بىر يىگىتنىڭ ئاجايىپ قەھرىمانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ. كېيىن يەنە بىر تۇپ دەرەخ يېرىلىپ ، ئۇنىڭدىنمۇ بىر يىگىت پەيدا بولىدۇ. دەرەختىن تۆرەلگەن بۇ ئىككى يىگىت تاشتىن پەيدا بولغان يەنە بىر يىگىت بىلەن دوست بولۇپ ، ئۈچى بىرلىكتە ئوۋچىلىق قىلىدۇ ۋە يالماۋۇز قاتارلىق يىرتقۇچ مەخلۇقلارنى يوقىتىدۇ . چۆچەكلەردە تەسۋىرلەنگەن سىرلىق ئالىمۇ ماھىيەتتە دەرەخكە بولغان سىرلىق كۆزقاراشنىڭ مەھسۇلىدۇر . «ئاكا ــ ئۇكا» ، «خاسىيەتلىك ئالما» چۆچەكلىرىدە ئالمىنىڭ ئەنە شۇنداق خىسلىتى ، يەنى ئادەمنى ياشارتىپ ، مەڭگۈ قېرىتمايدىغان خاسىيتى بايان قىلىنغان . بەزى چۆچەكلەردىكى ئالما باشقىچە خۇسۇسىيەتتە كۆرۈنىدۇ . مەسىلەن ، «ئەڭگۈشتەر» ناملىق چۆچەكتىكى ئالما دەرىخى ئادەمنى تاشقا ئايلاندۇرۇپ قويسا ، «سادات ۋە ئادات» چۆچىكىدىكى ئالما ئادەمنى ھايۋانغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ . «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىدىكى مەختۇمسۇلانىڭ ئالمىسى يەنە باشقىچە خاسىيەتلىك بولۇپ ، بۇ ئالما قارىغۇ بولۇپ قالغان چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ كۆزىنى ساقايتىدۇ . چۆچەكلەردىكى شاپتۇل دەرىخىمۇ خىسلەتلىك دەرەختۇر . «غېرىب بىلەن غوجىئىسكەن» ناملىق چۆچەكتىكى شاپتۇل ئاياللارنى ھامىلىدار قىلىپ قويسا ، «ياغاچ ئات» چۆچىكىدىمۇ شاپتۇل ئادەمگە ساقال چىقىرىۋېتەلەيدۇ . «ياغاچ ئات» چۆچىكىدە يەنە ئادەمگە مۈڭگۈز چىقىرىپ قويىدىغان بەشپۈت توغرىسىدىمۇ گەپ بولىدۇ . دەل ــ دەرەخ ئېتىقادچىلىقى كەڭرەك مەنىدە ئۆسۈملۈككە بولغان ئېتىقادنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . شۇڭا ، بىز زىرائەتنى ئۇلۇغلاش كۆزقارىشىنىمۇ ئۇنىڭغا كىرگۈزۈۋېتەلەيمىز . ئۇيغۇرلارنىڭ «خېمىر باتۇر» چۆچىكىدە ئەنە شۇنداق زىرائەتنى ئۇلۇغلاش كۆزقارىشى ئىپادە قىلىنغان . ئۇنىڭدا خېمىردىن ياسالغان بالىنىڭ ئاجايىپ ــ غارايىپ قەھرىمانلىقى ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ بۇغدايىنى ئۇلۇغلاش كۆزقارىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن .

### (6) ئەجدادلارغا چوقۇنۇش

قەدىمكى جەمئىيەتتە ئادەمنىڭ تېنى ئۆلسىمۇ ئۇنىڭ روھى ئۆلمەيدۇ ، دەيدىغان كۆزقاراش ھەممە خەلقلەردە ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت

بولغان . ئۆز ۋاقتىدىكى كىشىلەر تەندىن ئايرىلىپ چىققان روھ تىرىك كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئەگىپ يۈرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئارىلىشىدۇ ، ئەگەر كىشىلەر ئۆلگەنلەرنىڭ روھىنى خۇشال قىلسا ، ئۇلارغا بەخت ئېلىپ كېلىدۇ ، دەپ قارىغان . شۇڭا ، كىشىلەردە ئەجدادلارنىڭ روھىدىن پاناھ ـ مەدەت تىلەش ، ئۇلارغا چوقۇنۇش ، ئەجدادلارغا ئاتاپ ياغ پۇرىتىش ، نەزىر قىلىش ئادەتلىرى مەيدانغا كەلگەن . ئۇيغۇرلارنىڭ «ئاكا ـ ئۇكا» ناملىق چۆچىكىدە ئەنە شۇنداق ئەجداد روھىغا تېۋىنىش ئىپادە قىلىنغان . ئۇنىڭدا بايان قىلىنىشىچە ، بوۋاي ئۆلگەنىدىن كېيىن ئاكىسى تاشمەت ئىنىسى يارمەتنى بوزەك قىلىپ ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ . يارمەت دادىسىنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىدا دۇئا قىلىپ ، بىر كېچە تۈنەيدۇ . ئاندىن سەپەر قىلىپ ، بىر يەرگە بېرىپ ئۇخلاپ قالىدۇ . چۈشىدە دادىسى پەيدا بولۇپ ، ئۇنىڭغا «مۇشۇ ياتقان يېرىڭدە بۇلاقنىڭ ئېغىزى بار ، شۇ بۇلاقنى ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلغىن» دەيدۇ . يارمەت ئويغىنىپ ، دادىسىنىڭ دېگىنى بويىچە بۇلاقنى ئېچىپ ، زىرائەت تېرىپ ۋە باغ بىنا قىلىپ بېيىپ كېتىدۇ . دېمەك ، بۇ يەردە دادىسىنىڭ روھى بالىغا يار ـ يۆلەك بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا باياشات تۇرمۇش ئاتا قىلىدۇ . «چىلان قوزۇق» ناملىق يەنە بىر چۆچەكتىمۇ دادىسىنىڭ روھى سېھىرلىك ئىتقا ئايلىنىپ كەمبەغەل ئوغلىنى بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ . «پادىشاھ بولغان پادىچى» چۆچىكىدە دادىسىنىڭ روھى ئاپئاق ساقال بوۋايغا ئايلىنىپ ، ئوغلىغا ياردەم بېرىپ ، ئۇنى پادىشاھقا ئايلاندۇرىدۇ . دېمەك ، يۇقىرىقى چۆچەكلەرنىڭ ھەممىسىدە ئەجداد روھىنىڭ سىرلىق كۈچ ـ قۇدرىتى نامايان قىلىنغان ، كىشىلەرنىڭ ئەجدادلاردىن پاناھ ۋە مەدەت تىلەش ، ئۇلارغا سېغىنىش ئېتىقادى روشەن ئىپادىلەنگەن . نۇرغۇن چۆچەكلەردە قەھرىمان قىيىنچىلىقتا ياكى خېيىمخەتەرگە يولۇققاندا ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئەجداد روھىنىڭ سىمۋولى بولغان ئاپئاق ساقاللىق بوۋايلار پەيدا بولۇپ ، يول كۆرسىتىدۇ ، ياردەم بېرىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ سىرلىق كۈچ ـ قۇدرىتى ئارقىلىق ئۇلارنى مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يەتكۈزىدۇ .

سېھىرلىك چۆچەكلەردە دادىسىنىڭ روھى بالىلارنى يۆلەپ ، ئۇلارنى مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يەتكۈزىدىغانلىقى ھەققىدە يۇقىرىدىكىلەردىن باشقىمۇ نۇرغۇن بايانلار بار . «كەنجى» ، «قەبرە ئىچىدىكى كى-

تاب» ، «پىش – پىش شاپتۇل» قاتارلىق چۆچەكلەرنىڭ ھەممىسىدە بالا دادىسىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ بارىدۇ . خۇشال بولغان دادىسىنىڭ روھى بالىغا خاسىيەتلىك كىتاب ، ئارغىماق ئات قاتارلىقلارنى سوۋغا قىلىدۇ ، بالا مانا شۇلارغا تايىنىپ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ .

ئەرۋاھقا چوقۇنۇش كەڭ مەنىدە ئەجدادقا چوقۇنۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ۋاپات بولغان ئەجدادلارغا چوقۇنۇش ماھىيەتتە ئەرۋاھقا چوقۇنۇش دېمەكتۇر ، شۇڭا بۇ ئىككى خىل ئېتىقاد كۆپ ھاللاردا ئۆزئارا گىرەلىشىپ كېتىدۇ . ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدە ئەرۋاھقا چوقۇنۇش كۆزقارىشى ئىپادە قىلىنغان چۆچەكلەرمۇ ئاز ئەمەس . بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قۇرۇق كاللىنىڭ (ئىسكىلىتقا ئايلانغان كاللىنىڭ) كارامىتى ھەققىدىكى چۆچەكلەر كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ . «ئالتۇنبىلىق» ، «بېلىق كۆلدى» ، «قىساس مۇئەككىلى» قاتارلىق بىر يۈرۈش چۆچەكلەردە بىر سودىگەرنىڭ قىزىنىڭ ئەنە شۇ قۇرۇق كاللا تەرىپىدىن ھامىلىدار بولغانلىقى ۋە ئىنتايىن ئەقىللىق بىر ئوغۇل تۇغقانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ . مۇشۇ قۇرۇق كاللا يەنە «ئىرادىلىك شاھزادە» چۆچىكىدىكى خوتۇننى يوقىتىپ قويغان شاھزادىگە مەسلەھەت كۆرسىتىپ ، ئۇنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدۇ . «ۋاپادارلار» چۆچىكىدىكى ئوغۇل قەبرىستانلىقتىكى بىر شېھىت بىلەن دوست بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ كۈچى بىلەن بۇرغۇن دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىدۇ .

ئۆلگەن كىشىلەرنىڭ روھ – ئەرۋاھلىرى تىرىكلەرنىڭ ئارىسىدا ئەگىشىپ يۈرىدۇ ، دەيدىغان چۈشەنچە «ئالتۇن كەش» چۆچىكىدىمۇ ئىنتايىن ئوبرازلىق ئىپادە قىلىنغان . ئۇنىڭدىكى ھەجەر قىزنى زالىم ئۆگەي ئانىسى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ روھى تورغايغا ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىدۇ . ئۇ يەنە چىنارغا ، چىناردىن توقاچقا ئايلىنىدۇ ، ئەڭ ئاخىرىدا توقاچتىن ھەجەر قىز پەيدا بولۇپ ، قايتا تىرىلىدۇ .

### (7) تەقدىرچىلىك

ئىنسانلار خېلى بۇرۇنلا ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئاپەت ۋە ئامەتنىڭ سىرى ھەققىدە ئىزدەنگەن ۋە بۇ خىل ھادىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى تەقدىرگە باغلاپ چۈشەنگەن . قەدىمكى كىشىلەرنىڭ كۆزقا-

رىشى بويىچە ئېيتقاندا ، ئىنسانلارنىڭ بارلىق كېلەچىكى تەڭرى تەردىپىدىن ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ قويۇلغان . ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن تەقدىرنى كۆرمەي ئىلاجى يوق . ئۇلار قانچىلىك تىرىشىپ ـ تىرماشسىمۇ بەربىر بەلگىلەنگەن تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ . بۇنداق تەقدىرچىلىك كۆزقارىشى نۇرغۇن ئۇيغۇر چۆچەكلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان . مەسىلەن ، «شەپقەتلىك پادىشاھ» ، «ئادىلخان» چۆچەكلىرىدە پادىشاھ تۇيۇقسىز تەختىنى تارتقۇزۇپ قويۇپ ، ياقا يۇرتقا چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ . يولدا ئۇ قاراقچىلارغا يولۇقۇپ ، ھەممە مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلىدۇ . ئارقىدىنلا بىر ئالدامچى ئۇنىڭ خوتۇنىنى ، سودىگەر ئىككى بالىسىنى ئېلىپ قاچىدۇ . پادىشاھ ئەڭ ئاخىرقى بالىسىنى ئېلىپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، دەريادىن ئۆتمەكچى بولغاندا ، دەريا سۈيى بۇ بالىسىنىمۇ ئېقىتىپ كېتىدۇ . ئۇ كەينى ـ كەينىدىن كېلىۋاتقان بۇ پالاكەتچىلىكلەردىن زادىلا قۇتۇلالماي ، تەقدىرگە تەن بېرىدۇ . ئەمما ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا ئامەت كېلىشكە باشلايدۇ . ئالدى بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا ھۇما قۇشى قونۇپ ، پادىشاھ بولىدۇ ، ئارقىدىنلا خوتۇنى قاراقچىلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ قايتىپ كېلىدۇ . ئۇنىڭ كەينىدىن ئۈچ بالا بىر ـ بىرلەپ قايتىپ كېلىپ ، پۈتۈن ئائىلە جەم بولىدۇ . «غوجا سېلىم» چۆچىكىدە مۇنداق ۋەقە بايان قىلىنغان : غوجا سېلىم ئىسىملىك بىر باي يىگىت 18 ياشقا كىرگەندە كېسەل بولۇپ قېلىپ ، يەتتە يىل كېسەل ئازابى تارتىدۇ . ئۇ بارلىق مال ـ مۈلكىنى داۋالىنىشقا سەرپ قىلىپ ، ئاران ساقىيىدۇ ، ئەمما شۇ زامان ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ ئۇرۇشقا ماڭىدۇ . ئۇرۇشتا يارىدار بولۇپ ، دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشىدۇ . ئۇ يەردىن قېچىپ چىقىپ ، رودۇپايلار يۇرتىغا بېرىپ قالىدۇ ۋە رودۇپايلارنىڭ زۇلمىغا ئۇچرايدۇ . ئاخىر ئۇلاردىن قۇتۇلۇپ ، مايمۇنلار شەھىرىگە كېلىدۇ ۋە مايمۇنلارنىڭ ئايال پادىشاھى بىلەن مەجبۇرىي توي قىلىدۇ . ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۇ يەردىن قېچىپ قۇتۇلۇپ ، دىۋىنىڭ قولىغا چۈشىدۇ ، دىۋە ئۇنى غارغا سولاپ قويىدۇ . دىۋىنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلۇپ ، ئەمدىلا ئۆز ئۆيىگە كەلگەن كۈنى كەچتە قوشنىسى تەرىپىدىن تۆھمەتكە ئۇچراپ قولغا ئېلىنىدۇ ۋە 20 يىل زىنداندا ياتىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، بىچارە غوجا سېلىم 88 ياشقا

www.uyghurkitap.com

كىرگۈچە ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن پالاكەتچىلىك ئىچىدە 60 يىل جاپا ـ مۇشەققەت تارتىدۇ . مانا بۇ چۆچەكلەردە ئىنسانلار يولۇقىدىغان بارلىق ياخشى ـ يامان ئىشلار بىر خىل سىرلىق كۈچ تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلىدىغانلىقى ، ئىنسانلار ئۇنىڭدىن ھەرگىز قىپ-چىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق كۈچلۈك تەقدىرچىلىك كۆزقارىشى ئىپادە قىلىنغان .

(8) پالچىلىق

قەدىمكى كىشىلەر ئادەمنىڭ بېشىغا كېلىدىغان بالا ـ قازا ۋە ئامەت ئاللىقاچان ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ قويۇلغانىكەن ، ئۇنداقتا ئۇنى بىلىۋېلىش مۇمكىنمۇ ـ يوق ، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئۇزۇن مەزگىل ئىزدەنگەن . بۇنىڭ بىلەن ئۇلار پالچىلىق ئۇسۇلىنى تېپىپ چىققان . پالچىنىڭ ئاساسى «تەقدىرچىلىك» تىن ئىبارەت بولۇپ ، تەقدىرگە پۈتۈلگەننى ئالدىن بىلىش ئىستىكى ۋە بۇ ھەقتىكى ئورۇنۇشلار ھەر خىل پالچىلىق شەكىللىرىنى پەيدا قىلغان . قەدىمكى ئىنسانلار يەنە بۇ خىل پالچىلىق شەكىللىرىنى ئۆز پائالىيىتىنىڭ مىزانى قىلغان .

پالچىلىق قەدىمكى كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ھاياتى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە قوللىنىلغان . چۆچەكلەردە بىز بۇ ھالنى ناھايىتى ئېنىق ھېس قىلالىۋالايمىز . مەسىلەن ، «جادۇگەرنىڭ ھالىتى» ناملىق چۆچەكتە بىر سودىگەر ئۆزىنىڭ ئوغلىغا پال سالغۇزىدۇ . پالچىلار ئۇنىڭ 16 ياشقا كىرگەندە پىچاق بىلەن ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ . بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكەن سودىگەر ئوغلىنى خىلۋەت جايغا ئايرىپ ، يوشۇرۇن ساقلايدۇ . ئوغلى دەل 16 ياشقا كىرگەندە ، ساياھەتكە چىققان شاھزادە ئىككىنچى قەۋەتتىن پىچاق تۇتۇپ چۈشۈۋاتقاندا يىقىلىپ چۈشۈپ ، قاڭقىپ چىققان پىچاق سودىگەرنىڭ ئوغلىنىڭ كۆكرىكىگە سانجىلىپ ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ . دېمەك ، بۇ چۆچەكتە قەدىمكى كىشىلەرنىڭ «پالدا نامايان بولغان ئىشلار ھامان يۈز بېرىدۇ» دەيدىغان كۆزقارىشى ئىپادە قىلىنغان .

بىز ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە پادىشاھلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە ، ئۆزلىرىنىڭ كېيىنكى تەقدىرى ھەققىدە ، شۇنداقلا قىلماقچى بولغان ئىشلارنىڭ كېيىنكى نەتىجىسى ھەققىدە

داۋاملىق پالچىلارغا پال سالغۇزىدىغانلىقىنى، كېيىنكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى پالچىلارنىڭ دېگىنىدەك بولىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. ھەتتا ئۆز ۋاقتىدىكى پادىشاھلار دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى، مەسىلەن، باشقا دۆلەت بىلەن بولىدىغان ئۇرۇش قاتارلىقلارنى قىلىشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن پالچىلارغا پال سالغۇزۇپ، پالچىلار ياخشى تەبىر بەرسە شۇ ئىشنى باشلايتتى، يامان تەبىر بەرسە دەرھال توختىتىپ قوياتتى. شۇ سەۋەبتىن، پادىشاھنىڭ ئوردىلىرىدا مەخسۇس پال سالىدىغان كىشىلەر بولاتتى. بۇ ھال بىزگە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ پالچىلىق ئېتىقادى فېئودال-لىق جەمئىيەتتىمۇ ئوخشاشلا ساقلىنىپ قالغان ۋە تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن. مەلۇمكى، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن بۈ-گۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن ئېتىقادلارنىڭ ئەڭ مۇھىمى پالچىلىقتۇر.

ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدە پال ئېچىش ئارقىلىق ئېنىقلان-غان، كەلگۈسىدە يۈز بېرىدۇ، دەپ قارالغان ئەھۋالنىڭ جەزمەن يۈز بېرىدىغانلىقى ناھايىتى كۆپ بايان قىلىنىدۇ. چۆچەكلەردىكى پېرسو-ناژلار قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىدىن قەتئىينەزەر، بەربىر ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. مەسىلەن، «ئۆلۈك يىگىتنىڭ خوتۇ-نى»، «ساڭگاسىۋىتاش»، «يېتىم قىز» چۆچەكلىرىدە بىر قىزغا موللام كىتاب ئارقىلىق پال سېلىپ، ئۇنىڭ بىر ئۆلۈك يىگىتكە ياتلىق قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ ئار - نومۇسقا چىدىمىغان ئاتا - ئانا قىزنى ئۆلۈك يىگىتتىن قاچۇرۇپ، يىراقلارغا ئېلىپ كېتىدۇ. ئەمما، دەل شۇ ياقا يۇرتتا بۇ قىز ئۆلۈك يىگىتكە خوتۇن بولۇپ قالىدۇ.

چۆچەكلەردە كىشىلەرنىڭ تىلەك - ئارزۇلىرى پالچىلىق بىلەن ئارىلىشىپ كېتىدۇ، يەنى مەلۇم ئارزۇغا يېتەلمەيۋاتقان كىشىلەر پالچىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ قانداق قىلسا مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغانلىقى ھەققىدە پال ئاچقۇ-زىدۇ. پالچىلار ئۇلارغا قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. «غېرىب بىلەن غوجىئىسكەن» چۆچىكىدە ئەنە شۇنداق ۋەقە بار: پادىشاھنىڭ پەرزەنتى يوق ئىكەن. پالچى ئۇنىڭغا پال ئېچىپ كۆرۈپ، ئۇنى سەپەرگە چىقىشقا، يىراق جايدىكى بىر سىرلىق شاپتۇلنى يېيىشكە بۇيرۇيدۇ. پادىشاھ شۇنداق قىلغاچقا، ئۇنىڭ 41 خوتۇنىنىڭ ھەممىسى ھامىلىدار بولىدۇ.

پالچىلىق مەلۇم كىشىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى شۇ كىشىگە بىلدۈرۈش،

خەۋەر قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇ بۇرۇن يۈز بەرگەن، ھازىر يۈز بېرىۋاتقان ۋە كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم بىر كىشىنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرسە (ياكى بىرەر نەرسىسى يوقاپ كەتسە)، ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ نەرسىسىنى كىمنىڭ ئوغرىلىغانلىقى ھەققىدە پال ئاچقۇزۇشى مۇمكىن. مانا بۇ ئۆتكەن زامانغا تەئەللۇق ئىشتۇر. بىر كىشى ئۆزىنىڭ يېقىن قېرىنداشىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، بۇ قېرىنداشىنىڭ ھازىر قەيەردە، قانداق ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن پال ئاچقۇزۇشى مۇمكىن. مانا بۇ ھازىرقى زامانغا تەئەللۇق ئىشتۇر. ئوخشاشلا، يەنە بىر كىشى ئۆزىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە پال ئاچقۇزۇشى مۇمكىن. مانا بۇ كەلگۈسى زامانغا تەئەللۇق ئىشتۇر. ئەمما، پالچىلار كۆپ ھاللاردا كىشىلەرنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ھەققىدە پال ئېچىشنى مەقسەت قىلىدۇ. مەلۇمكى، كىشىلەرنىڭ كەلگۈسىنى بىلىشتە قوللىنىدىغان ۋاستە خىلمۇخىل بولىدۇ. بەزىلەر ئالىقانغا قاراپ، بەزىلەر قۇملاق (ياكى دان)غا قاراپ، يەنە بەزىلەر كىتابقا قاراپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ. مۇشۇ ئالاھىدىلىك بويىچە ئېيتقاندا، چۈشكە تەبىر بېرىشمۇ پالچىلىققا تەۋە ھادىسە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدا كىشىلەرنىڭ چۈشىدىكى كۆرۈنۈشلەرگە ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ. شۇڭا، ئۇ خاراكتېر جەھەتتىن پالچىلىقتىن پەرقلەنمەيدۇ.

ئۇيغۇرلاردا چۈشكە تەبىر بېرىش پائالىيىتى خېلىلا تەرەققىي قىلغان بولۇپ، تارىختىن بۇيان بۇ ھەقتە نۇرغۇن رىسالىلەر، چۈشكە تەبىر بېرىشنىڭ ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغان كىتابلار يېزىلغان. خەلقىمىز ئىچىدىمۇ بۇ پائالىيەت كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ھەممە كىشى دېگۈدەك ئۇنىڭدىن خەۋەردار بولغان. شۇڭا، ئۇيغۇرلاردا چۈشكە تەبىر بېرىش مەزمۇن قىلىنغان چۆچەكلەرمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

مەسىلەن، «كۆكۈلداش»، «خىزىر نىياز» چۆچەكلىرىدىكى باش پېرسوناژ كۈن بىلەن ئاينى قۇچاقلاپ چۈش كۆرىدۇ. بۇ چۈشتىكى كۈن بىلەن ئاي پەرىزات بىلەن مەلىكىنىڭ سىمۋولى، دەپ تەبىر بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يىگىت ئۇلارنى ئىزدەپ يولغا چىقىدۇ. دېگەندەك، ئۇ تاسادىپىي پۇرسەتتە مەلىكە ۋە پەرىزاتنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىپ، ئۇلار بىلەن توي قىلىدۇ. «سادىق باي» ناملىق چۆچەكتىكى يىگىت باشقىلارنىڭ ياخشى تەبىر بېرىلگەن چۈشىنى سېتىۋېلىپ، ئاشۇ چۈشنىڭ خاسىيىتى بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ.

(9) ئەپسۇنچىلىق

ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى كىشىلەر نىلنى ئىجاد قىلغاندىن كې- يىن ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئاجايىپ رولىدىن ھەيران قې- لىپ ، ئۇنىڭغا چوقۇنغان ، تىل ئارقىلىق ھەممە جانلىقلارنى كونترول قىلغىلى بولىدۇ ، دەپ قارىغان . شۇنىڭ بىلەن «ئەپسۇن تىلى» بار- لىققا كەلگەن . كىشىلەرنىڭ قارىشىچە «ئەپسۇن تىلى» ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى خىلمۇخىل روھلار بىلەن سۆزلىشىدىغان تىلى- دۇر . بۇ تىل ئارقىلىق سىرلىق كۈچ ـ قۇۋۋەت پەيدا قىلغىلى ، تەبىئەت دۇنياسىنى كونترول قىلغىلى بولىدۇ . مانا مۇشۇنداق كۆزقا- راش ئاساسىدا ئەپسۇن سېھىرگەرلىكى ۋە پېرىخونلار (باخشىلار) مەيدانغا كەلگەن .

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ئەپسۇن تىلىنىڭ سېھرىي كۈچى بايان قىلىنىدىغان ۋەقەلەر ئىنتايىن كۆپ . مەسىلەن ، «زۇلخۇمار» ناملىق چۆچەكتىكى پەرىزاتلار بىرلا ئەپسۇن ئوقۇپ ، بوۋاي بىلەن مومايىنى 18 ياشتىكى قىز ـ يىگىتكە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ . «ياتاقچى بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى» ناملىق چۆچەكتىكى يىگىت دارغا ئېسىلىپ ئۆلتۇ- رۇلگەن دادىسىنى ئۇدا ئىككى قېتىم ئەپسۇن ئوقۇپ تىرىلدۈرۈۋالى- دۇ . «كەمەك ھەييار بىلەن مۇختەر ھەييار» چۆچىكىدىكى مۇختەر ئەپسۇن ئوقۇش ئارقىلىق كەمەكنىڭ شەكلىگە ، ۋەزىرنىڭ شەكلىگە ۋە كەپتەرنىڭ شەكلىگە ئۆزگىرىۋالىدۇ . «جادۇگەرنىڭ ھالاكىتى» ناملىق چۆچەكتە جادۇگەر ئايال شەھەردىكى بارلىق ئادەملەرنى ئەپسۇن ئوقۇپ ئات ـ ئېشەككە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ . ئۆزىمۇ ئەپسۇن ئارقى- لىق ھەر خىل نەرسىلەرگە ئۆزگىرىۋالىدۇ . ئۇ ئەپسۇن بىلەن شاھزا- دىنى ئېشەككە ، كېيىن قۇشقاچقا ئايلاندۇرۇپ قويۇپ ئازابلايدۇ ۋە ئاخىر جادۇگەر بىر بوۋاي تەرىپىدىن ئەپسۇن ئارقىلىق ئىتقا ئايلاندۇ- رۇلۇپ ، ئۆز جازاسىنى تارتىدۇ . «دەردمەن شاھزادە» چۆچىكىدىكى شاھزادە خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۆگىتىپ قويغان ئەپسۇننى ئوقۇپ ، مەلىكىنى تازغا ، تازنى خىزمەتكارغا ، خىزمەتكارنى خوجىدارغا ، خو- جىدارنى ۋەزىرگە ، ۋەزىرنى خانىشقا ، خانىشنى پادىشاھقا چاپلاپ كال- لەك قىلىپ قويىدۇ . ئارقىدىنلا ئۇ يەنە ئېشەكنىڭ كاسىسىنى موللا-

www.uyghurkitap.com

غا ، موللامنىڭ كاسسىنى گۆشكە ، گۆشنى ئىتقا چاپلاپ قويۇپ ، ئۇلارنى كوچىدا سازايى قىلىدۇ . دېمەك ، چۆچەكلەردە ئەپسۇن تىلىنىڭ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ كۈچ ـ قۇدرىتى نامايان قىلىنغان .

### (10) سېھىرگەرلىك

«سېھىرگەرلىك» خەلق ئىچىدە «سېھىرلەش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ . ئۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى خىلمۇخىل «روھلار»غا تەسىر كۆرسىتىشكە ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا ئۇرۇنۇش مەقسىتىدىكى ھەرىكەت ـ پائالىيەتلىرىدىن ئىبارەت . ئىپتىدائىي كىشىلەر تەبىئەت دۇنياسىدا ۋە كىشىلىك جەمئىيەتتە يۈز بېرىدىغان بارلىق بەخت ۋە ئامەتلەرنى ، ياخشىلىق ۋە يامانلىقلارنى ، مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەتلەرنى ھەر خىل روھلارنىڭ كارامىتىدىن بولىدۇ ، دەپ چۈشىنەتتى . ئۇلار يەنە تەبىئەت دۇنياسىدىكى خىلمۇخىل روھلارنىڭ «سىرلىق تىلى» نى بىلگەندىلا ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى ، ئۇلارغا تەسىر كۆرسەتكىلى ، تاقابىل تۇرغىلى ۋە ئۇنى كونترول قىلىپ ، ئۇلارنىڭ ئىنسانلارغا كەلتۈرىدىغان يامانلىقىنى ياخشىلىققا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ ، دەپ قارىغان . مانا مۇشۇنداق ئىزدىنىش نەتىجىسىدە خىلمۇخىل سېھىرگەرلىك ئۇسۇللىرى ۋە پائالىيەتلىرى مەيدانغا كەلگەن . دېمەك ، سېھىرگەرلىك ئىپتىدائىي جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ تەبىئەت كۈچلىرىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى بويسۇندۇرۇش مەقسىتىدىكى ماھارەت ۋە ئارزۇسىدىن ئىبارەت .

قەدىمكى كىشىلەر سېھىرگەرلىك ئۇسۇلى ئارقىلىق شەيئىلەرنى بويسۇندۇرغىلى ، ئادەم ۋە نەرسىلەرنى ھەرىكەتتىن توختاتقىلى ۋە ھەرىكەتكە كەلتۈرگىلى ، نەرسىلەرنى بىر ـ بىرىگە ئايلاندۇرۇۋەتكىلى ، نەرسىلەرنىڭ زامان ۋە ماكان پاسىلىنى بۇزۇپ تاشلاپ يۆتكەۋەتكىلى ، ئۇلارنى كىچىكلىتىۋەتكىلى ۋە چوڭايتىۋەتكىلى ، ھەتتا يېڭىدىن پەيدا قىلغىلى ، يىراقتىكى نەرسىلەرگە تەسىر كۆرسەتكىلى بولىدۇ ، دەپ قارىغان .

سېھىرگەرلىكنىڭ ئۇسۇللىرى ھەر خىل بولۇپ ، يۇقىرىدا بىز بايان قىلغان «ئەپسۇن ئوقۇش» مۇ ئۇنىڭ بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ .

ئەمما ، ئۇ كۆپ قوللىنىلمىدىغان ئۇسۇل بولغاچقا ، بارغانسېرى تەرەق-قىي قىلىپ ، سېھىرگەرلىكنىڭ باشقا ئۇسۇللىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ كەتكەن . شۇڭا ، بىز ئۇنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىپادىسى سۈپىتىدە ئايرىم تونۇشتۇر-دۇق . ئەمدى بىز بۇ يەردە چۆچەكلەردە بايان قىلىنىدىغان ، ئەپسۇن ئوقۇشتىن باشقا ئۇسۇللار بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان سېھىرگەرلىك ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزمەكچىمىز .

ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدە بايان قىلىنغان سېھىرگەرلىك ئۇسۇلىنىڭ بىرى ھايۋان ۋە باشقا مەخلۇقلارنىڭ تۈك ۋە قاسىراقلىرى-نى كۆيدۈرۈپ ، ئۇنى پەيدا قىلىش ئۇسۇلىدۇر . چۆچەكلەردە دىۋە ۋە باشقا ھايۋانلار باش پېرسوناژدىن ئايرىلىدىغان چاغدا ، ئۆزلىرىنىڭ بىر تال تۈكى ، بۇرۇتى ياكى قاسىرىقىنى ئۇنىڭغا بېرىدۇ . باش پېرسوناژ بىرەر قىيىنچىلىققا يولۇققاندا ئەنە شۇلارنىڭ تۈكىنى كۆي-دۈرگەن ھامان ، بۇ مەخلۇقلار پەيدا بولۇپ ، ئۇنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بېرىدۇ . مەسىلەن ، «بېلىقچىنىڭ ئوغلى» ناملىق چۆ-چەكتىكى باش پېرسوناژ چۈمۈلىنىڭ بۇرۇتىنى كۆيدۈرۈپ ، «قېرىغاند-دا ئېچىلغان بەخت» چۆچىكىدىكى باش پېرسوناژ يولۋاس ، شىر ، ئېيىق ۋە مايمۇنلارنىڭ تۈكىنى كۆيدۈرۈپ ئاشۇ مەخلۇقلارنى پەيدا قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى ئۆز ئىشىغا سالىدۇ .

چۆچەكلەردە ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان سېھىرگەرلىك ئۇسۇلى ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىۋېتىشتۇر . بۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سېھىرگەرلىكنىڭ نەتىجىسىدە ھايۋان ، ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ شەكلى بىر ـ بىرىگە ئالمىشىپ كېتىدۇ ، يەنى ئادەم ھايۋاننىڭ ۋە نەرسىنىڭ شەكلىگە ئۆزگىرىپ قالىدۇ . بۇنداق ئۆزگەر-تىۋېتىش بەزىدە كەسپىي سېھىرگەرلەر تەرىپىدىن ئورۇندالسا ، بەزىدە ئانچە ـ مۇنچە سېھىرگەرلىكتىن خەۋىرى بار كىشىلەر تەرىپىدىن ئورۇندىلىدۇ . مەسىلەن ، «ھىلال قاسساپ» چۆچىكىدىكى قاسساپ قوچقارغا ، ئېشەككە ، لاچىنغا ، بۇلبۇلغا ، قەلەندەرگە ، توخۇغا ئايلىـ-نىۋالسا ، شۇ چۆچەكتىكى يىگىت كالىغا ، ئاتقا ، تۆگىگە ، كەپتەرگە ، گۈلگە ، كېپىنەككە ، قارچىغىغا ئايلىنىۋالىدۇ . «ئېچىلمىغان قاپاق-تىكى قىز» ناملىق چۆچەكتىكى قىز ئاتقا ، ئاتتىن دەرەخكە ، دەرەخ-

تىن ئۆز ئەسلىگە ئۆزگىرىدۇ. «قېرىغاندا ئېچىلغان بەخت» ناملىق چۆچەكتىكى پادىشاھ بۇلبۇلغا، ئىتقا ئۆزگىرىۋالسا، «پادىچى بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى» چۆچىكىدىكى سېھىرگەر قۇشقا ئۆزگىرىۋالىدۇ. «تەخەي يىگىت» چۆچىكىدىكى يىگىت بىلەن مەلىكە بىر جۈپ كۆلگە ئۆزگىرىۋالىدۇ. كېيىن تەخەي يىگىت يەنە تېرىققا، مۈشۈككە ئايلىنىۋالىدۇ. «غېرىب بىلەن غوجىئىسكەن» چۆچىكىدىكى غېرىب غوجىئىسكەننى ئېشەككە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. «ئەڭگۈشتەر» ناملىق چۆچەكتىكى دىۋە مەلىكىلەرنى مۈشۈك، چاشقان، ھەرىلەرگە ئايلاندۇرۇۋالىدۇ. «كۈنگۈ سۇلۇ» چۆچىكىدىكى قىز پادىشاھنى ئىتقا، ۋەزىرنى مۈشۈككە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدە ئادەم ۋە ھايۋاننى «سېھرىي بەند» قىلىش ئۇسۇلىمۇ كۆپ قوللىنىلىدۇ. سېھرىي بەند قىلىش دېگىنىمىز، سېھرىي ئۇسۇل بىلەن بىر نەرسىنى يەنە بىر نەرسىگە چاپلىۋېتىش، بىر نەرسىنىڭ ئىچىگە يەنە بىر نەرسىنى كىرگۈزۈش دېگەنلىكتۇر. «ئېچىلمىغان قاپاقتىكى قىز» ناملىق چۆچەكتىكى قىز مانا مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن قاپاقنىڭ ئىچىگە بەند قىلىۋېتىلگەن بولسا، «بىنومۇس ئاياللار ھەققىدە ھېكايە» ناملىق چۆچەكتىكى ئايال ئاشىنىسىنى كىچىككىنە قۇتىغا بەند قىلىۋېلىپ، يانچۇقىغا سېلىپ يۈرىدۇ. «خالبانۇم» چۆچىكىدىكى دىۋە گۈزەل قىزلارنى تاختىپۇش دەپ ئاتىلىدىغان نەرسىگە بەند قىلىۋالىدۇ. يەنە نۇرغۇن چۆچەكلەردىكى ئاياللار ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان يىگىتلەرنى چاچ قىسقۇچقا، يىڭنىگە، ئۈزۈككە، مارجانغا بەند قىلىۋېلىپ، خالىغان ۋاقىتتا ئۇلار بىلەن كۆڭۈل ئېچىپ يۈرىدۇ.

چۆچەكلەردە سېھىرگەرلىكنىڭ يوقىرىقىدىن باشقىمۇ ئۇسۇللىرى كۆرسىتىلگەن. مەسىلەن، «بىلىقچىنىڭ ئوغلى» چۆچىكىدىكى قىز بىر تال چىۋىقنى سۇغا ئۇرۇپلا بىر كۆۋرۈكنى پەيدا قىلىدۇ. «خالبانۇم» چۆچىكىدىكى ئوغلان باتۇر ئىسمىلىك يىگىت «داخىركالۋار» دىن توپا ئېلىپ چېچىپ، تۈمەن مىڭ لەشكەر پەيدا قىلىدۇ. نۇرغۇن چۆچەكلەردىكى دىۋە ياكى قەھرىمانلار ئۆزلىرىنىڭ جېنىنى تېنىدىن ئايرىپ چىقىپ، باشقا نەرسىلەرنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويىدۇ. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ جېنى يوشۇرۇلغان نەرسىنى تاپمىغۇچە ئۇلار-

نى يەڭگىلى بولمايدۇ . مەسىلەن ، «شىرزات» چۆچەكىدىكى چويۇن قولاقنىڭ جېنى چۈجىنىڭ ئىچىگە ، شىرزاتنىڭ جېنى بىلەيگە ، «قىلىچ باتۇر» چۆچەكىدىكى باتۇرنىڭ جېنى قىلىچقا يوشۇرۇنغان .

(11) پەرھىز تۇتۇش

پەرھىز تۇتۇش ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت مەۋجۇداتىنى ۋە ھەر خىل روھ ـ ئەرۋاھلارنى رەنجىتمەسلىك ۋە ئۇلارنىڭ جازاسىغا ئۇچرىماسلىق مەقسىتىدە ئۆزلىرىنىڭ بەزى ھەرىكەتلىرىنى مەنئى قىلىش ئادىتىدىن ئىبارەت . پەرھىز تۇتۇشتا ئىنسانلارنىڭ بەلگىلىك ھەرىكەتلىرى چەكلەنگەن بولۇپ ، بۇ ئارقىلىق مەلۇم سىرلىق كۈچكە تەسىر كۆرسىتىپ ، بالا ـ قازادىن ساقلىنىش مەقسەت قىلىنىدۇ . فرازېر پەرھىز ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ : «ئاكتىپ سېھىرگەرلىكتە بۇنداق قىلساڭ ، مۇنداق ـ مۇنداق ئىشلار يۈز بېرىدۇ ، دېيىلىدۇ . پاسسىپ سېھىرگەرلىكتە ، يەنى پەرھىزدە بۇنداق قىلما ، مۇنداق ـ مۇنداق ئىشلار بولۇپ قالمىسۇن دېيىلىدۇ» (44 ـ ماتېرىيال 37 ـ بەت) . ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە بۇ خىل سېھىرگەرلىكنىڭ ئىزنالىرىمۇ ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ . مەسىلەن ، «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچەكىدىكى چىن تۆمۈر باتۇر ئوۋغا مېڭىش ئالدىدا مەختۇمسۇلاغا «ئۆگزىگە چىقما ، ئوتنى ئۆچۈرمە ، توخۇنى تاخ دېمە ، مۈشۈكنى پەش دېمە» دەيدۇ . بىراق ، يالغۇزلۇقتا زېرىككەن مەختۇمسۇلا بۇ شەرتلەرگە رىئايە قىلمايدۇ . نەتىجىدە ئوت ئۆچۈپ قالغاچقا ، ئۇ ئوت ئىزدەپ ، يالماۋۇزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۇتۇلۇپ قالىدۇ . ئىككىنچى قېتىم چىن تۆمۈر باتۇر ئۇنىڭغا «سۇ بويىدا ئولتۇرۇپ بېشىڭنى تارىما» دەيدۇ . ئەمما ، بۇ قېتىممۇ مەختۇمسۇلا ئاكىسىنىڭ گېپى بويىچە ئىش قىلمايدۇ . نەتىجىدە سۇمبۇل چاچلىرىدىن بىر نەچچە تال سۇغا چۈشۈپ ئېقىپ ، قالماق پادىشاھىنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ قالىدۇ ، پادىشاھ مەختۇمسۇلانى تۇتۇپ ئېلىپ كېتىدۇ . «يېرىل تېشىم ، يېرىل» چۆچەكىدىكى ئاينۇر ئۇسسۇزلۇقتا چىدىماي مەنئى قىلىنغان سۇنى ئىچىپ سالىدۇ . نەتىجىدە پەرھىز بۇزۇلۇپ ، ئۇ كېيىككە ئايلىنىپ قالىدۇ . «بەھرام ۋە ھەپتە مەنزەر» چۆچەكىدىكى سودىگەرنىڭ ئوغلىغا مەلىكە «بەدىنىمگە قارىماڭ» دەيدۇ . ئەمما ، يىگىت كېچىسى ئويغىنىپ كې-

تىپ ، مەلىكىنىڭ بەدىنىگە قاراپ سالىدۇ . بۇنىڭ بىلەن پەرھىز بۇزۇلىدۇ ۋە قىز يىگىتنى چۆل ـ باياۋانغا تاشلىۋېتىدۇ . كېيىن ئۇ يەنە قايتا ئۆيلىنىدۇ . ئايالى «ئېشەكنى توقۇغاندا ، قۇيرۇقىنى تۇت- ماڭ» دەيدۇ . ئەمما ، ئۇ ئېھتىياتسىزلىقتىن ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتۇپ سالىدۇ . بۇنىڭ بىلەن يەنە پەرھىز بۇزۇلۇپ ئېشەك ئۇنى قاتتىق تېپىۋېتىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بوران چىقىپ يىگىتنى تاغنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ . «مەستان كەمپىر» چۆچىكىدىكى يىگىت دىۋىلەر ماكانىدىن خاسىيەتلىك مىۋىنىڭ شېخىنى ئېلىپ قاچ- قاندا ، خىزىر بوۋاينىڭ ئېيتقىنى بويىچە ، كەينىگە زادى قارىمايدۇ . بۇنىڭ بىلەن دىۋىلەر ئۇنى تۇتالمايدۇ . «بېلىقچىنىڭ ئوغلى» ناملىق چۆچەكتە بىر كېمە بولۇپ ، بۇ كېمىدە جەزمەن قىرىق مىڭ ئادەم ئولتۇرۇشى كېرەك . ئوتتۇز توققۇز مىڭ توققۇز يۈز توقسان توققۇز ئادەم ئولتۇرسىمۇ ھەرگىز ماڭالمايدۇ . «ئاقىۋەت» ناملىق چۆچەكتە بىر قىز تۇرسۇن ئىسىملىك يىگىتكە بىر كىتاب بېرىپ ، ئۇنى 40 كۈن ئوقۇشنى ۋە بۇ ئىشنى ھېچكىمگە ئېيتماسلىقنى تاپىلايدۇ . تۇرسۇن بۇ كىتابنى 30 كۈن ئوقۇغاندىن كېيىن ، ئاكىسى ئۇنى كۆرۈپ قالىدۇ ۋە كىتابنى ئېلىۋېلىپ ئوقۇپ باقماقچى بولىدۇ . شۇنىڭ بىلەن كىتابتىن ئوت چىقىپ ، ئاكىسى ۋە تۇرسۇننى كۆيدۈ- رۈپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ ، ئارقىدىنلا ھېلىقى قىزمۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ . «ئادىلخان پادىشاھ ۋە ئۈچ دەرۋىش» ناملىق چۆچەكتىكى شاھزادە پەرىزاتنى سۆيمەكچى بولىدۇ ، پەرىزات ئۇنىڭغا دادىسى رۇخسەت قىلى- مىغۇچە سۆيسە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ ، ئەمما شاھزادە تاقەت قىلالماي ئۇنى سۆيۈۋالىدۇ . شۇنىڭ بىلەن شاھزادە ئۆزىنى بىر چۆل ـ جەزىرىدە كۆرىدۇ ۋە پەرىزاتنى يوقىتىپ قويىدۇ . «كۆكۈلداش» نام- لىق چۆچەكتىكى خىزىر ئەلەيھىسسالام كۆكۈلداشقا پادىشاھنىڭ سۆيە- قەستىنى ھېچكىمگە دېيىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ . ئەمما ، كۆ- كۈلداش ئامالسىز ھالدا ئۇنى شاھزادىگە ئېيتىپ قويىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ تاشقا ئايلىنىپ قالىدۇ . «شەمشەرشاھ» چۆچىكىدىكى پاد- شاھ ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى قەبرىگە سۇ تۆكمەسلىكنى تاپىلايدۇ . بىراق ، ئايالى سۇ تۆكۈپ سالىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىر دىۋە پەيدا بولۇپ ئۇ ئايالنى ئېلىپ كېتىدۇ . دېمەك ، يۇقىرىقى چۆچەكلەر-

دە چۆچەك قەھرىمانلىرىنىڭ بەزىلىرى پەرھىزگە ئەمەل قىلغانلىقى ئۈچۈن مۇراد - مەقسىتىگە يېتىدۇ، يەنە بەزىلىرى پەرھىزنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن بالايىئاپەتكە ئۇچرايدۇ. پەرھىز قەدىمكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى مۇھىم بىر پرىنسىپ ئىدى. ئۇلار تەبىئەت دۇنياسىدىكى سىرلىق كۈچلەرگە تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ پەرھىز قائىدىلىرىنى ئىجاد قىلغان بولۇپ، ھەرقانداق ئىش قىلىشتا بۇ پەرھىزلەرگە رىئايە قىلاتتى.

(12) بېشارەت

قەدىمكى ئاتا - بوۋىلىرىمىز تەبىئەت دۇنياسىدىكى خىلمۇخىل مەۋجۇدات ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن بىرەر ئەھۋالدىن بېشارەت بېرەلەيدۇ، دەپ قارىغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇنداق مەۋجۇدات ئۈسۈملۈك بولۇشىمۇ، ھايۋان بولۇشىمۇ، مىنېرال بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئاسمان جىسىملىرى بولۇشىمۇ، تاغ - دەريا، تاش - تۇپراق بولۇشىمۇ مۇمكىن، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە جەڭ قوراللىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە يېمەك - ئىچمەكلىرى بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەيلى قانداق نەرسە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ نورمال بولمىغان تاسادىپىي ھادىسىلىرى ۋە كۆرۈنۈشلىرى ئارقىلىق يىراقتىكى ئىشلاردىن خەۋەر بېرەلەيدۇ. مانا شۇنداق كۆزقاراشقا ئاساسەن، كىشىلەر ئۆز ئەتراپىدىكى نورمالسىزلىقلارغا دىققەت قىلغان ۋە ئۇنىڭغا بەلگىلىك مەنىلەرنى بېرىشكەن ياكى ھادىسىلەرنىڭ سەۋەبىنى ئەنە شۇ نورمالسىزلىقلاردىن ئىزدىگەن، شۇنداق قىلىپ خىلمۇخىل بېشارەت كۆزقاراشلىرى ۋە ئادەتلىرى مەيدانغا كەلگەن.

چۆچەكلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ بېشارەت كۆزقاراشلىرىمۇ كەڭ تۈردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن، «كەنجى باتۇر»، «ئۈچ ئاكا - ئۇكا باتۇرلار» چۆچەكلىرىدىكى چوڭ ئوغۇل ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ ئۆزگىرىش ھالىتىگە، ئوتتۇرانچى ئوغۇل دەريا سۈيىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىغا قاراپ يىراقتىكى كەنجى ئوغۇلنىڭ خەتەرگە يولۇققانلىقىنى بىلىۋالىدۇ. «تەدبىرلىك پادىشاھ» چۆچىكىدىكى يەر پادىشاھىنىڭ سۇ پادىشاھىغا ئېيتىپ بەرگەن ئۈچىنچى ھېكايىسىدە، يىراقتا ياشاۋاتقان

ئاكىسى بىرەر خەۋپ ـ خەتەرگە ئۇچرىسا، ئۇكىسىنىڭ قىلىچىنىڭ غىلاپى قانغا تولىدىغانلىقى، ئۇكىسى خەتەرگە ئۇچرىسا، ئاكىسىنىڭ قىلىچىنىڭ غىلاپى قانغا تولىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. بۇلار مۆجىزە بېشارەتلەرگە ئاساسەن دەرھال بىر ـ بىرىنىڭ قېشىغا ياردەمگە ئاتلىنىدۇ. «زېرەك» ناملىق چۆچەكتىكى كەنجى ئوغۇلنى قاراقچىلار تۇتۇۋالغاندا، ئۇنىڭ ئۆيدە قالغان زىخچە ئالتۇندىن قان تېمىپ بەلگە بېرىدۇ. ئاكىلىرى بۇنى كۆرۈپ، ئىنىسىنى قۇتقۇزۇشقا بارىدۇ. «تايغان بىلەن بۆركۈت» چۆچىكىدىكى يىگىت خەتەرگە ئۇچرىغاندا ئۇنىڭ يىراقتا قالغان ئۆيدە قاچىدىكى سۇ قانغا، قېتىق يىرىڭغا ئايلىنىپ بەلگە بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئايالى تايغان بىلەن بۆركۈتنى ياردەمگە ئەۋەتىدۇ. «بوز ۋاپادار» چۆچىكىدىكى ئات بىلەن دېۋە سۇ ئاستىدا ئېلىشىدۇ. ئۇنىڭدا سۇ يۈزىگە قىزىل قان ئۆرلەپ چىقسا، ئاتنىڭ ئۆلگەنلىكىدىن، قارا قان ئۆرلەپ چىقسا دېۋىنىڭ ئۆلگەنلىكىدىن بېشارەت بولىدىغانلىقى ئېيتىلىدۇ. ئاخىرىدا قارا قان ئۆرلەپ چىقىپ دېۋىنىڭ ئۆلگەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ. «شىرزات» چۆچىكىدىكى كەنجى كېلىنىنىڭ قارا تۆگىسى توساتتىن تۇغۇپ، ئۇنىڭ بەلۋېغى ئۆزلۈكىدىن يېشىلىپ 20 نەچچە يىل يوقاپ كەتكەن شىرزاتنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

(13) ئۈچ دۇنيا توغرىسىدىكى قاراشلار

قاسقاباسوف قازاق چۆچىكىدىكى ئېرتۆستىكىنىڭ يەر ئاستىغا چۈشۈپ، بىر نەچچە پادىشاھلىقنى ئارىلاپ، نۇرغۇن كەچۈرمىشلەرنى باشتىن كەچۈرۈشى قەدىمكى زاماندىكى شامان ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، شامان دىنىدا باخشى ئاسمان، يەر ۋە يەر ئاستىدىن ئىبارەت ئۈچ ئالەمنى كېزىپ يۈرىدۇ، دېيىدىغان چۈشەنچە بار، دەيدۇ. ئۇ يەنە ۋ. م. ژىرمۇنسكىينىڭ مۇنۇ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ: «بۇنداق سۇژىتلار پۈتۈنلەي ئالتاي قەھرىمانلىق چۆچەكلىرىنىڭ سۇژىتلىرى بولۇپ، ئۇ تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئېتىقادلىرى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.» (51 ـ ماتېرىيال 211 ـ، 212 ـ بەتلەر).

دەرۋەقە، شامان دىنىدا پۈتكۈل ئالەم ئۈچكە ئايرىلغان بولۇپ،

ئاسماندا تەڭرى ۋە پەرىلەر ، يەردە ئادەم ۋە ھايۋانلار ، يەر ئاستىدا جىن - ئالۋاستىلار ياشايدۇ ، دەپ قارالغان . شۇڭا ، چۆچەكلەردىكى پەرىزاتلار كۆپىنچە كەپتەر شەكلىدە ئاسماندىن ئۇچۇپ كېلىدۇ ۋە يەنە ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ كېتىدۇ . ئەمدى يالماۋۇز ، دىۋە ، ئۆزى بىر غېرىچ ، قۇيرۇقى 40 غېرىچ مەخلۇقلار بولسا كۆپىنچە يەر ئاستىدا ياشايدۇ . «ئېچىلمىغان قاپاقتىكى قىز» ، «قارا نىيەت پىرنىڭ ئاقىۋىتى» ، «ئەجمەن باتۇر» ، «شىرزات» ، «سىرلىق قاپاق» قاتارلىق نۇرغۇن چۆچەكلەرنىڭ باش قەھرىمانلىرى ئەنە شۇ يەر ئاستى دۇنياسىغا چۈشۈپ ، ئاجايىپ - غارايىپ كەچۈرمىشلەرنى باشتىن كەچۈردۇ . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يالماۋۇز ۋە دىۋىلەرنى ئۆلتۈرۈپ ، قىزلارنى قۇتقۇزۇپ چىقىدۇ ، بەزىلىرى ئۇ يەردىن بايلىق ئېلىپ قايتىدۇ ، يەنە بەزىلىرى يەر ئاستىدىكى يىلان پادىشاھىنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ ، ئۇنىڭ بىلەن دوستلىشىدۇ . . . ۋەھاكازا .

يۇقىرىدا بىز ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدە ئىپادىلەنگەن بىر قىسىم ئىپتىدائىي ئېتىقادلارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق . ئەلۋەتتە ، ئۇ چۆچەكلەردىكى ھەممە ئىپتىدائىي كۆزقاراشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالالمايدۇ . چۆچەكلەردىكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد شەكىللىرى كۆپ خىل بولۇپ ، ئۇ بىزنىڭ داۋاملىق تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا .

## 2 . ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدىكى ئىپتىدائىي تۇرمۇش ئىزلىرى

ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدە يەنە بىر قىسىم ئىپتىدائىي تۇرمۇش ئادەتلىرىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . بۇلارنىڭ ئىچىدە قەدىمكى نىكاھ ئادەتلىرى ئەڭ گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ .

چۆچەكلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىپتىدائىي نىكاھ ئادەتلىرىدىن قانداش نىكاھ (تۇغقانلار ئارا نىكاھ) ، ئەكزىگامىيە (قەبىلە سىرتىدىكى نىكاھ) ۋە ئەندىگامىيە (قەبىلە ئىچىدىكى نىكاھ) قاتارلىقلار بار . ماھىنۇر ئەلىيېۋا «يېرىل تېشىم ، يېرىل» چۆچىكىدىكى ئاكىسىنىڭ ئۆز سىڭلىسى بىلەن توي قىلماقچى بولغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ : «ئاكىنىڭ بۇنداق غەلىتە ئارزۇسىنىڭ تەكتىدە ئېنىق

ھالدا قەدىمكى نىكاھ مۇناسىۋىتى — قانداش تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى ياتىدۇ، يەنى ئاكا بىلەن سىڭىلنىڭ توي قىلىش مۇمكىنچىلىكى ياتىدۇ. بۇ چۆچەك قانداش نىكاھ ئادىتىگە قارشى تۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدا خارلانغۇچى سىڭىلنىڭ ھوقۇق مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.» (24 ـ ماتېرىيال 43 ـ بەت). بىز ئاكا بىلەن سىڭىل ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق كەسكىن زىددىيەتنى، يەنى سىڭىلنىڭ باشقا ئەر كىشى بىلەن يوشۇرۇن بىرلىشىپ ئاكىسىغا قارشى تۇرۇشلىرىنى «قارا نىيەتلىك قېرىنداش»، «ۋاپاسىز سىڭىل» قاتارلىق چۆچەكلەردىن تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. ئېنىقكى، بۇ چۆچەكلەر ئاكا ـ سىڭىل ئوتتۇرىسىدىكى نىكاھ مەسىلىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا سىڭىلىسىنىڭ قانداش نىكاھقا قارشى كۈرىشى بايان قىلىنغان.

قاسقاباسوفنىڭ ئېيتىشىچە، چۆچەكلەردىكى قەھرىمانىنىڭ ئۆزىگە لايىق ئىزدەپ، يىراق سەپەرگە ئاتلىنىشى قەدىمكى كىشىلەرنىڭ ئەكزىگامىيە تۈزۈمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن (51 ـ ماتېرىيال 206 ـ بەت). بىز ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە بۇنداق ئەھۋالنى تېخىمۇ كۆپ ئۇچرىتىمىز. چۆچەكلەردىكى قەھرىمانلار ئۆزىگە بەخت ئىزدەپ ياكى باشقىلار تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن يىراقلارغا سەپەر قىلىدۇ. ئۇ سەپەر جەريانىدا مەلۇم ساھىبجامال قىز بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ. مانا بۇلار قەدىمكى كىشىلەرنىڭ يات قەبىلىدىن ئۆيلىنىش ئادەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. «دادا ۋە قىرىق ئوغۇل» ناملىق چۆچەكتە 40 ئوغلى بار بىر ئادەم باشقا يۇرتتىكى 40 قىزى بار ئادەم بىلەن قۇدا بولىدۇ. تويدىن كېيىن كېلىنلەرنىڭ ھەممىسى پاقا ـ مۈشۈكلەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. ماھىنۇر ئەلىيېۋا بۇ خىل ھادىسىنى ئەندىگامىيىنىڭ ئىنكاسى دەپ قارايدۇ (24 ـ ماتېرىيال 45 ـ بەت).

چۆچەكلەردە بىز يەنە مەلىكىلەرنىڭ يىگىتلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئالدىن ئۆتكۈزۈپ ئۆزىگە لايىق تاللاشلىرىنى كۆرىمىز. ھەتتا بۇ ۋەقەلىك ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدە ناھايىتى كۆپ تەكرارلانغاچقا، ئۇ بىر مۇتىفقا ئايلىنىپ كەتكەن. مانا بۇ ھادىسە ماترىئارخاللىق تۈزۈمىنىڭ چۆچەكلەردىكى ئىز ـ ساقىندىلىرىدۇر.

ئۆيلىنىش توغرىسىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم چۆچەكلەردە يىگىت-كە قىيىن شەرت قويۇلۇپ، ئۇنىڭ قابىلىيىتى سىنىلىدۇ. مانا بۇ قەدىمكى دەۋرلەردىكى سىناپ توي قىلىش ئادىتىنىڭ ئىنكاسىدۇر.

چۆچەكلەردە مەلۇم بىر يىرتقۇچ مەخلۇق (كۆپىنچە ئەجدىھا) شەھەر خەلقىگە تەھدىت سالىدۇ. كىشىلەر بۇ مەخلۇقنىڭ زىيانكەشلى-كىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قىزلارنى ئۇنىڭغا يەم قىلىپ بەرمەكچى بولىدۇ. بۇ ئەھۋال قەدىمكى كىشىلەرنىڭ قۇربانلىق قىلىش ئادەتلى-رىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ. ئۆز ۋاقتىدىكى كىشىلەر قۇرغاق-چىلىق، كەلكۈن، يەر تەۋرەش، ۋابا كېسىلى قاتارلىق بالايىئاپەتلەر-دىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تەبىئەتتىكى سىرلىق كۈچلەرگە ئاتاپ ياشلار-نى، بولۇپمۇ قىزلارنى قۇربانلىق قىلىپ تۇرغان.

دېمەك، ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدە ئىپتىدائىي جەمئىيەت-تىكى قائىدە ـ تۈزۈم ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلەرمۇ روشەن ئەكس ئەتتۈرۈل-گەن.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ سېھىرلىك چۆچەكلىرىدە ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئىشەنچ ـ ئېتى-قادلىرى ۋە قەدىمكى ئۆرپ ـ ئادەتلەر ئەگرى ـ بۈگرى يوللار بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بولۇپمۇ ئۇنىڭدا تۇپراققا، سۇغا، تاشقا، هايۋا-ناتقا، دەرەخكە ۋە ئەجداد روھىغا بولغان سىرلىق چۇشەنچىلەر، پالچى-لىق، ئەپسۇنچىلىق، پەرھىزچىلىك ۋە بېشارەتچىلىك ئېتىقادلىرى، قانداش نىكاھ، ئەندىگامىيە، ئەكزىگامىيە، سىناپ توي قىلىش ۋە بۇلاپ توي قىلىش ئادەتلىرى گەۋدىلىك ئىپادە قىلىنغان. شۇڭا، بىز سېھىرلىك چۆچەكلەرنى تەتقىق قىلساق، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئىدېئولوگىيىسى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى جانلىق ۋە چوڭ-قۇر هېس قىلالىشىمىز.

www.uyghurkitap.com

# تۆتىنچى باب ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدىكى ئەنئەنىۋى ئوبرازلار

ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدىكى مول ۋە چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇنلار جانلىق، كونكرېت، روشەن ۋە رەڭگارەڭ بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادە قىلىنغان. شۇڭا، سېھىرلىك چۆچەكلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەڭ ئېنىق كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان نەرسە ئۇنىڭدىكى ئوبرازلاردۇر.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدىكى ئوبرازلارنى بەش تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇلار: ئادەتتىكى ئادەملەر ئوبرازى، سېھىرلىك ئادەملەر ئوبرازى، ئىلاھىي خاراكتېرلىك ئوبرازلار، سېھىرلىك ھايۋانات ئوبرازلىرى ۋە خاسىيەتلىك نەرسىلەر ئوبرازىدىن ئىبارەت.

## 1. ئادەتتىكى ئادەملەر ئوبرازى

سېھىرلىك چۆچەكلەر ئاجايىپ - غارايىپ فانتازىيىلىك ئوبرازلارغا تولۇپ تاشقان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئاساسىي قەھرىمانى يەنىلا ئادەم. چۆچەك ئىجادچىلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى كىشىلىك تۇرمۇش — ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ تەقدىرىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئادەتتىكى كىشىلەر ئوبرازى چۆچەك دۇنياسىنىڭ ھەقىقىي ھۆكۈمرانلىرىدۇر.

ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدە ئوخشاشمىغان تەبىقە، ئوخشاشمىغان كەسىپ، ئوخشاشمىغان ياش ۋە ئوخشاشمىغان خاراكتېردىكى كىشىلەرنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان. ئۇلاردا يىرتقۇچ مەخلۇق ياكى تاجاۋۇزچى دۈشمەننى يوقىتىپ خەلققە بەخت يارىتىدىغان باتۇر قەھرىمانلار، پادىشاھنىڭ قىيىن شەرتلىرىنى ئورۇنداپ، مەلىكە بىلەن توي

قىلغۇچى يىگىتلەر ، ھۈنەر ـ قابىلىيەتكە ماھىر ئۇستىلار ، مۇساپىر ـ سەرگەردانلار ، رەھىمسىز ئاكا بىلەن ئاق كۆڭۈل ئۇكىلار ، ئاجايىپ دانىشمەن يىگىتلەر ، بىر ـ بىرىگە سادىق دوستلار ، ئاق كۆڭۈل ساھىبجامال قىزلار ، زالىم ياكى ئادىل پادىشاھلار ، ھىيلىگەر ۋەزىرلەر ، ئەسكى ئۆگەي ئانىلار ، ناھەق خارلانغان قىز ـ ئوغۇللار ، چۆلگە تاشلىۋېتىلگەن ئاكا ـ سىڭىللار ، ئاكىسىغا قارشى تۇرىدىغان سىڭىل ۋە ئۆز ئوغلىغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان ياۋۇز ئانا قاتارلىق خىلمۇخىل ئوبرازلار پائالىيەت قىلىدۇ . بۇ خىل ئوبرازلارنىڭ ۋۇجۇدىغا خەلق ئاممىسىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرى مەركەزلەشتۈرۈلگەن .

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى ، بىز ئۆزىمىزنىڭ «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» (59 ـ ماتېرىيال ) ناملىق كىتابىمىزدا ئادەتتىكى ئادەملەر ئوبرازىنىڭ يارىتىلىش ئالاھىدىلىكى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتكەنىدۇق . جۈملىدىن ، فانتازىيە ۋە مۇبالىغە ۋاسىتىسى ئارقىلىق خاراكتېرىنى يورۇتۇپ بېرىش ، پېرسوناژلارنىڭ قابىلىيىتى ۋە تەقدىرىنى غايىۋىلاشتۇرۇش ھەققىدە ، شۇنداقلا ئاكا ـ ئۇكا ، پادىشاھ ، شاھزادە ، مەلىكە قاتارلىق بىر قىسىم ئوبرازلارنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىش جەريانلىرى ھەققىدە بىرقەدەر ئەتراپلىق مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ ئۆتكەنىدۇق . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بۇ يەردە ئۇلارنى قايتا تەكرارلاپ ئولتۇرمايمىز .

## 2 . سېھىرلىك ئادەملەر ئوبرازى

سېھىرلىك چۆچەكلەردىكى بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ خاراكتېرى ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشىمايدۇ . ئۇلار ئادەتتىن تاشقىرى سىرلىق كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە . مەسىلەن ، «قورايچىنىڭ قىزى» ، «ھىلال قاساپ» ، «مۇختەر ھەييار بىلەن كەمەك ھەييار» ، «كەنجى باتۇر» ، «كىشىلەر ئۆگەنمىگەن ھۈنەر» قاتارلىق چۆچەكلەردە ھەر خىل ھايۋان ، ئۇچار قۇش ، ھاشارات ۋە جانسىز نەرسىلەرگە ئۆزگىرەلەيدىغان ئەر ـ ئاياللار توغرىسىدا ھېكايە قىلىنىدۇ . ئۇلار سېھىرگەرلىكنىڭ ۋە سېھرىي بەند قىلىشنىڭ ھەر خىل ئۇسۇللىرىنى پىششىق بىلىدىغان

كىشىلەر بولغاچقا، ئەنە شۇ ئاجايىپ قابىلىيىتىگە تايىنىپ دۈشمەنلىرىنى مەغلۇپ قىلىدۇ ۋە ئۆزلىرىنى بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ. «مۇزدۇز»، «ئېيىق ئوغلى ئەر قۇربان»، «دادا ۋە قىرىق ئوغۇل» قاتارلىق چۆچەكلەرنىڭ باش قەھرىمانلىرى ئۆز سەپىرى جەريانىدا غەيرىي ئىقتىدارغا ئىگە بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن تونۇشۇپ دوست بولىدۇ. بۇلاردىن تاغلارنى ئورنىدىن يۆتكىۋېتەلەيدىغان تاغ باتۇر، دەريانىڭ سۈيىنى ئىچىپ قۇرۇتۇۋېتەلەيدىغان كۆل باتۇر، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە نەچچە مىڭ چاقىرىم يول يۈرەلەيدىغان يەل تاپان باتۇر، يەتتە كۈنلۈك يول يىراقلىقتىكى ئاۋازنى ئاڭلىيالايدىغان دىڭ قۇلاق باتۇر، ئۈچ كۈنلۈك يول يىراقتىكى نەرسىلەرنى كۆرەلەيدىغان ئۇزۇن كۆز باتۇر قاتارلىقلار بار. چۆچەك قەھرىمانى مانا شۇلارنىڭ ياردىمى، يەنى سېھىرلىك قابىلىيىتىگە تايىنىپ، ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «بىنومۇس ئايالار ھەققىدە ھېكايە» ناملىق چۆچەكتىكى يىگىتلەرنى كىچىك قۇتىغا بەند قىلىپ، يانچۇقىغا سېلىپ يۈرىدىغان قىز، «قېرىغاندا ئېچىلغان بەخت» ناملىق چۆچەكتىكى كۈچۈككە ئايلىنىۋالغان مەلىكە، «پادىچى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى» چۆچىكىدىكى يىلان شەكىللىك قىز، «تادان بىلەن نادان» چۆچىكىدىكى دەل - دەرەخ ۋە ئوت - چۆپ بىلەن سۆزلىشەلەيدىغان بالا، «بىلىقچىنىڭ ئوغلى» چۆچىكىدىكى چۈشىنى سۇغا تاشلاپ كۆۋرۈك پەيدا قىلالايدىغان قىز، «بۇلبۇلگويا» چۆچىكىدىكى كىشىلەرنى ھەر خىل نەرسىلەرگە ئايلاندۇرۇۋېتەلەيدىغان ۋە ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدىغان مەلىكە، «يېتىم قىز» چۆچىكىدىكى ئۆلۈپ تىرىلگەن يىگىت، «ئىككى قوچقار» چۆچىكىدىكى قوچقارغا ئايلانغان ئاكا - سىڭىل، «ئېشەكباش پادىشاھ» چۆچىكىدىكى ئادەمنىڭ بېشىنى ئېشەكنىڭ بېشىغا ئايلاندۇرۇپ قويالايدىغان ئايال، «ئالتۇن ئاياغلىق قىز» چۆچىكىدىكى ئايىغىدىن ئالتۇن تۆكۈلىدىغان قىز، «زۇلخۇمار» چۆچەكىدىكى كۆزىدىن مەرۋايىت چېچىلىدىغان قىز قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سېھىرلىك ئادەملەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاجايىپ - غارايىپ ئىقتىدارلىرى چۆچەك ئاڭلىغۇچىلارنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، چۆچەكلەرنىڭ بەدىئىي جەلپ قىلىش كۈچى دەل ئەنە شۇنداق ئوبرازلاردا بولىدۇ.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بۇنداق ئوبرازلارنىڭ سېھىرلىك خاراكتېرى تۇغما ئەمەس، يەنى ئۇلارنىڭ غەيرىي قابىلىيىتى ئەسلىدىنلا مەۋجۇت بولغان ئەمەس. ئۇلار چۆچەكلەردە دەسلەپتە ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشاش خاراكتېرى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. كېيىن ئۇلار مەلۇم سېھىرلىك كۈچنىڭ ياردىمى بىلەن ئاندىن غەيرىي ئىقتىدارغا ئىگە بولىدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى بىرەر كونا كىتابنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭغا يېزىلغان سېھىر - ئەپسۇن ئۇسۇلىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزىدە كارامەت قابىلىيەتنى يېتىلدۈرىدۇ، بەزىلىرى بىرەر جادۇگەرگە شاگىرت كىرىپ، ئۇنىڭدىن ئۆگىنىدۇ، بەزىلىرى دىۋە - پەرىزاتلار ماكانىدا بىرەر مەزگىل ھايات كەچۈرگەچكە سېھىرلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ، يەنە بەزىلىرىگە خىزىر ۋە پەرىزاتلار ئاشۇنداق قابىلىيەتنى ئاتا قىلىدۇ. دېمەك، چۆچەكلەردىكى بۇ خىل ئوبرازلارنىڭ ئەسلىدە ئادەتتىكى ئادەملەردىن ھېچقانداق پەرقى يوق بولۇپ، ئۇلاردىكى سېھىرلىك قابىلىيەت چۆچەك مەزمۇنىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن كېيىن قوشۇلغان. شۇڭا، سېھىرلىك ئادەملەر ئوبرازلىرى باشقا تۈردىكى چۆچەك ئوبرازلىرىغا ئوخشاش ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش ئالاھىدىلىكى بىلەن ئايرىم سىستېما ھاسىل قىلالمايدۇ.

## 3. ئىلاھىي خاراكتېرلىك ئوبرازلار

بىز ئىلاھىي خاراكتېرلىك ئوبراز دېگەندە، ئاساسەن يالماۋۇز، دىۋە، ئەجدىھا، پەرىزات، خىزىر، سېھىرگەر، يەكچەشمە، ئالۋاستى، سۇمۇرغ، ئۆزى بىر غېرىچ، قۇيرۇقى 40 غېرىچ مەخلۇق قاتارلىقلارنى كۆزدە تۇتىمىز. بۇ خىل ئوبرازلار ئاجايىپ - غارايىپ كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ بۇ جەھەتتە ئەپسانىلەردىكى ئىلاھلارغا ئوخشايدۇ. بىراق يەنە ئەپسانىلەردىكى ئىلاھلاردىن روشەن دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. ئەڭ تۈپ پەرقى شۇكى، ئەپسانىلەردىكى ئىلاھلار ئىپتىدائىي دىنىنىڭ چوقۇنۇش ئوبيېكتى بولۇپ، ئۇلار پۈتۈن ئالەمدىكى نەرسىلەرنى ئىجاد قىلغان، يەنە كېلىپ ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان بۇ نەرسىلەرنى داۋاملىق كونترول قىلىپ ۋە باشقۇرۇپ تۇرىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر ئۇلارغا ئېتىقاد قىلىدۇ، چوقۇنىدۇ ۋە

باش ئۇرىدۇ . چۆچەكلەردىكى يۇقىرىقى ئوبرازلار بولسا ، ئالەمدىكى مەلۇم كونكرېت نەرسىلەرنىڭ (كۈن ، ئاي ، يۇلتۇز ، دەريا ، تاغ ، تۇپراق ، ھايۋان ، دەرەخ ، ئۆسۈملۈك ، ئادەم قاتارلىقلارنىڭ ) يارىتىلىشى ئەمەس ، شۇڭا ئىلاھ دەپ قارالمايدۇ . ئەمما ، بۇ ئوبرازلارنىڭ سېھىرلىك كۈچ - قۇدرىتى ۋە ماھارىتى بەزىدە ئەپسانىلەردىكى ئىلاھلاردىن قېلىشمايدۇ . شۇڭا ، بىز بۇلارنى نىسپىي ھالدا «ئىلاھىي خاراكتېرلىك ئوبرازلار » دەپ ئاتىدۇق .

ئىلاھىي خاراكتېرلىك ئوبرازلار سېھىرلىك چۆچەكلەرنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرىدۇ . بۇ ھەقتە قاسقاباسوف مۇنداق دەيدۇ : «يالماۋۇز ، ئەجدىھا ، ئالۋاستى ، سۇمۇرغ ، دۇلدۇل قاتارلىقلار سېھىرلىك چۆچەكلەرنىڭ ئوبراز خاراكتېرىستىكىسى » (60 - ماتېرىيال 12 - بەت ) . مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا ، دەل مانا شۇ ئوبرازلار بولغاچقا ، سېھىرلىك چۆچەكلەرنىڭ ۋەقەلىكى باشقا چۆچەكلەرگە ئوخشىمايدىغان ئاجايىپ - غارايىپ ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان . چۆچەكلەر دۇنياسىدا گەرچە ئادەملەرنىڭ پائالىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ تەقدىرى مەركەز قىلىنىسىمۇ ، بىراق كارامەت ماھارەتلىك ئىلاھىي خاراكتېرلىك ئوبرازلار قاتناشتۇرۇلمىسا ، چۆچەكلەرنىڭ سېھىرلىك كۈچىنى پەيدا قىلماق تەس . چۆچەكلەرنىڭ مول فانتازىيە ئالاھىدىلىكى كۆپىنچە ھاللاردا بۇ خىل ئادەمىي خاراكتېردىن ھالقىغان ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپچىلىدۇ .

ئىلاھىي خاراكتېرلىك ئوبرازلار ئىنتايىن قەدىمىي تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى ئوبرازلاردۇر . ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قەدىمكى كىشىلەرنىڭ ئىپتىدائىي چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا پەيدا بولغان . ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قەدىمكى ئەپسانىلەرنىڭ ئوبرازلىرى بولۇپ ، كېيىنكى كۈنلەردە ئاستا - ئاستا چۆچەكلەرگە ئۆتكەن . چۆچەكلەردە كۆرسىتىلگەن نۇرغۇن زىددىيەتلەرنى ئۆز ۋاقتىدىكى ئەمەلىي نۇرمۇشتا ھەل قىلىش قىيىن ئىدى . مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا كىشىلەر قەدىمكى ئەپسانىلەردىكى ئىلاھ ئوبرازلىرىنى ئۆزگەرتىپ ، چۆچەكلەر دۇنياسىغا ئېلىپ كىرىپ ، ئۇلارنىڭ سىرلىق كۈچ - قۇدرىتى ئارقىلىق ، بۇ خىل زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىپ ، كىشىلەرنىڭ گۈزەل ئارزۇ - خىيالىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان .

تۆۋەندە بىز ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدە كۆپ ئۇچرايدىغان ئىلاھىي خاراكتېرلىك ئوبرازلار ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ ئۆتىمىز .

**(1) يالماۋۇز**

يالماۋۇز پۈتكۈل ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ چۆچەكلىرىدە ئورتاق ئۇچرايدىغان ئەنئەنىۋى ئوبرازدۇر . ئەسئەت سۇلايمان يالماۋۇز ئوبرازى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ : «بۇ ئوبراز ئۇيغۇرلاردا يالماۋۇز ، ئۆزبېكلەردە يالماغىز ، قازاقلاردا جالماۋىز ، قىرغىزلاردا جېلماغۇز دېگەن شەكىللەردە ئۇچرايدۇ . موڭغۇل ۋە مانجۇ ـ تۇڭگۇس تىل گۇرۇپپىسىدىكى خەلقلەردە ماڭگۇس ، ماڭىسخار ، ماڭگادخاي ، ماڭۋاۋ ، ماڭگاي ، ماڭگاس . ئۇ ئەسلىدە ‹يەل › ۋە ‹مۇڭگۇز › سۆزلىرىنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشى جەريانىدا شەكىللەنگەن ئاتالغۇ بولۇپ ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىل تەرەققىياتى داۋامىدا ھەر خىل شەكىللەردە ئاتىلىپ قېلىشتىن قەتئىينەزەر ، قەدىمكى ئورتاق ئالتاي تىلىغا تۇتىشىدىغان خاس ئاتالغۇدىن ئىبارەت » (30 ـ ماتېريال ) .

ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدىكى يالماۋۇز قېرى موماينىڭ قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ . ئۇ دۈمچەك بولۇپ ، چىرايىمۇ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق . ئۇنىڭ «بىر كالپۇكى ئاسماندا ، بىر كالپۇكى يەردە سۆرىلىپ تۇرىدۇ» . بەزى چۆچەكتىكى يالماۋۇزنىڭ يەتتە بېشى بار . «چىن تۆمۈر باتۇر » چۆچىكىدىكى چىن تۆمۈر ئۇنىڭ ئالتە بېشىنى كېسىپ تاشلىغاندىن كېيىن ، يەتتىنچى بېشى قۇيۇنغا ئايلىنىپ قېچىپ كېتىدۇ .

يالماۋۇز كۆپىنچە قورقۇنچلۇق تاغ ـ جىرالاردا ، چۆل ـ جەزىرىلەردە ۋە يەر ئاستىدا ياشايدۇ . ئۇ يىرتقۇچ خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ ، ئادەم ، ھايۋان ۋە باشقا جانلىقلارنى ئوزۇق قىلىدۇ . «تايغان بىلەن بۈركۈت» ناملىق چۆچەكتىكى يالماۋۇز ئەنە شۇنداق ۋەھشىي . ئۇ بىر شەھەردىكى ھەممە ئادەمنى ۋە جانىۋارلارنى يەپ ، بۇ شەھەرنى خارابىلىققا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ . يالماۋۇز بولۇپمۇ قىزلارنىڭ قېنىنى ئىچىشكە ۋە باللارنى يېيىشكە ئامراق كېلىدۇ . شۇڭا ، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتى ۋە بەختىگە ئېغىر تەھدىت بولۇپ قالىدۇ .

يالماۋۇز ئىنتايىن زور سېھىري كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە . «ئالتۇن شەمشەر» چۆچىكىدىكى يالماۋۇز ئەسەر قەھرىمانى تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان ئۆي ـ ئىمارەت ، باغۋاران ۋە گۈزەل مەلىكىنى بىردەمدىلا كۆچۈرۈپ ، نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئۆزىنىڭ ماكانىغا ئاپىرىۋېتىدۇ . «تەدبىرلىك پادىشاھ» چۆچىكىدىكى يالماۋۇز ئىنسانلارنى ئىتقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ . ئۇ يەنە خالىغانچە ئادەم ، ھايۋان ۋە نەرسىلەرنىڭ قىياپىتىگە ئۆزگىرىۋالالايدۇ . ئۇنىڭ كۆپرەك ئۆزگىرىدىغىنى گۈزەل قىز بولۇپ ، ئۇ مۇشۇ قىياپەت بىلەن باش پېرسوناژ بولغان يىگىتنى ئالدايدۇ . يالماۋۇز يەنە كىچىك بالىغا («تايغان بىلەن بۈركۈت») ، قويۇنغا («چىن تۆمۈر باتۇر») ۋە باشقا نەرسىلەرگە ئۆزگىرىپ ، ئۆز سۇيىقەستىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولىدۇ ياكى باشقىلاردىن مۇداپىئە كۆرىدۇ .

يالماۋۇز زور كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە مەخلۇق بولۇپلا قالماي ، يەنە تىلسىملىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە . ھەتتا يالماۋۇز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان جاي ، مۈھىت ، نەرسە ۋە بۇيۇملاردىمۇ سېھىرلىك خۇسۇسىيەت بولىدۇ .

(2) دىۋە

دىۋە ئىلاھىي كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە ۋەھشىي مەخلۇقلارنىڭ بىرى . بۇ ئوبراز ھىندى ، ئەرەب ، پارس ۋە تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ چۆچەكلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ . تومپسون چۆچەكلەردىكى devil (دىۋە) ، demon (ئالۋاستى) ، ogre (ۋەھشىي ھايۋان) ، giant (گىگانت ئادەم) ئاتالغۇلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ (15 ـ ماتېرىيال 51 ـ بەت) .

ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدە دىۋە مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ : ئۇنىڭ سىرتقى شەكلى گىگانت ئادەمگە ئوخشايدۇ ، بەستى شۇنداق يوغان ۋە ئېگىز بولۇپ ، بويى بۇلۇتقا تاقىشىپ تۇرىدۇ . چىرايى ناھايىتى سەت ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى يوغان ، قۇلىقى چوشقىنىڭ قۇلىقىدەك ، بەدەنلىرىنى ئۇزۇن تۈك باسقان بولىدۇ .

دىۋە ئىنسانلاردىن يىراق تاغ ـ ئۆڭكۈرلەرنى ماكان قىلىپ توپ ـ توپ ھالەتتە ياشايدۇ ، ئاسماندا ئۇچالايدۇ . دىۋە يېتىپ كەلگەن چاغدا

ئالەمنى قاراڭغۇلۇق باسىدۇ . ئۇ ناھايىتى زور كۈچ ـ قۇدرەتلىك بولۇپ ، تاغلارنى يۇلۇۋېلىپ ، ئىككى ئالىقىنىدا خۇددى توپ ئوينىغاندەك ئېتىپ ئوينايدۇ . ئۇ بىر ئۇخلىسا ، 40 كۈندە ئويغىنىدۇ . دىۋىلەر ئادەم ۋە ھايۋاننى ئوزۇق قىلىدۇ ، قىز ـ ئاياللار بىلەن كۆڭۈل ئېچىشنى ياخشى كۆرىدۇ . شۇڭا ، ساھىبجامال قىزلارنى ئېلىپ قېچىپ ، ئۆز ماكانىغا بەند قىلىۋالىدۇ .

دىۋىلەر بىلەن پەرىزاتلار يېقىن مۇناسىۋەتكە ئىگە . نۇرغۇن چۆچەكلەردە ئۇلار بىللە ياشايدۇ . بەزىدە پەرىزات دىۋىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ ، ئۇنىڭ قول ئاستىدا نەچچە مىڭ دىۋە خىزمىتىنى قىلىدۇ . بەزىدە دىۋە پەرىزاتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ ، پەرىزاتنى ئۆيگە سولىۋېلىپ ياكى سېھرىي بەند قىلىۋېلىپ ، كۆڭۈل ئاچىدۇ ، يەنە بەزىدە پەرىزات دىۋىنىڭ قىزى سۈپىتىدە كۆرۈنىدۇ .

بەزى چۆچەكلەردە دىۋىلەرنىڭ رەڭگى خىلمۇخىل ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ . ئۇ كۆپرەك ئاق ، قارا ۋە سېرىق ئۈچ خىل رەڭدە نامايان بولىدۇ .

چۆچەكلەردە دىۋىلەر ۋەھشىي ۋە كۈچلۈك بولۇپلا قالماي ، يەنە ئىنتايىن ساددا ۋە دۆت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ . شۇڭا ، ئۇنى ئەقىل ـ پاراسەتلىك قەھرىمانلارلا ئەمەس ، ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ ئەخمەق قىلىپ كولدۇرلىتىدۇ . ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدە مەلۇم بىر ھۈرۈن ، لايغەزەل كىشى ياكى بىر بەڭگى «كۈچ سىنىشىمەن» دەپ ، ئۇنى قورقۇتۇۋېتىدۇ .

### (3) ئەجدىھا

چۆچەكلەردىكى ئەجدىھامۇ يىرتقۇچ مەخلۇق سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ . ئەجدىھا يىلان سۈرەتلىك ، ئەمما ناھايىتى چوڭ گەۋدىلىك بولۇپ ، «بېشى داش قازاندەك ، يوغانلىقى قېرى توغراقتەك ، ئۇزۇنلۇقى 40 غۇلاچ كېلىدىغان» ، «ئاغزىدىن ئوت ۋە تۈتۈن چىقىرىدىغان» مەخلۇق . ئۇ سۇ ياكى غاردىن چىققاندا پۈتۈن ئالەمنى بوران باسىدۇ ، ئۇ ھەممە نەرسىنى دەم تارتىدۇ . مەسىلەن ، «گۆھەر تۇغىدىغان توخۇ» چۆچىكىدىكى ئەجدىھا مىڭلىغان ئادەملەرنى ۋە جان ـ جانىۋارلارنى دەم تارتىپ ، ئۆڭكۈرگە سولاپ ، ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ

www.uyghurkitap.com

كاۋاپ قىلىپ يەيدۇ . ئەجدىھا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياۋۇز دۈشمىنى ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقى سۈرمە قۇشنىڭ بالىلىرى ۋە گۈزەل قىزلاردىن ئىبارەت . چۆچەكلەردە دائىم ئەجدىھا بىر گۈزەل قىزنى ياكى قۇشنىڭ بالىلىرىنى يېمەكچى بولۇپ تۇرغاندا باتۇر يىگىت پەيدا بولۇپ ، ئۇنى يوقىتىدۇ .

## (4) ئۆزى بىر غېرىچ ، قۇيرۇقى 40 غېرىچ مەخلۇق

بۇمۇ ۋەھشىي مەخلۇقلارنىڭ بىرى بولۇپ ، ئۇنىڭ شەكلى كەسلەنچۈككە ئوخشايدۇ . ئۇنىڭ تېنى قىسقا ، ئەمما قۇيرۇقى ناھايىتى ئۇزۇن ، ئىككى كۆزى سىرتقا پۇلتىيىپ چىقىپ تۇرىدۇ . ئۇ ئادەم گۆشىنى ئوزۇق قىلىدۇ . بۇ مەخلۇق تاغ ئۆڭكۈرلىرىنى ياكى يەر ئاستىنى ماكان قىلىپ ياشايدۇ . چۆچەكلەردە باتۇرلارغا ئېتىلگەن تاماقنى مۇشۇ مەخلۇق قازان بىلەن كۆتۈرۈپلا يەۋالىدۇ . غەزەپلەنگەن باتۇرلار ئۇنى قوغلاپ ، يەر ئاستىغا چۈشۈپ ، ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ . «قورايچىنىڭ قىزى» ، «بەڭگى خىيال» چۆچەكلىرىدە بۇ مەخلۇق تاغ ئۆڭكۈرىدە ياشايدۇ . ئۇ نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆڭكۈرگە سولىۋېلىپ ، بىر - بىرلەپ يەيدۇ . باش پېرسوناژ ئۇنىڭ ئۇزۇن قۇيرۇقىنى بېلىگە يۆگەپ باغلىۋالىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بۇ مەخلۇق ئۇنى سۆرەپ ، تاغ ئۆڭكۈرىدىن سىرتقا ئېلىپ چىقىدۇ .

## (5) يەكچەشمە

يەكچەشمە ياۋۇز مەخلۇق بولۇپ ، ئۇنىڭ بوي - بەستى دىۋە بىلەن ئوخشاش . ئۇنىڭ پېشانىسىدە بىرلا كۆزى بولغاچقا «يەكچەشمە» (يالغۇز كۆز) دەپ ئاتالغان . بۇ مەخلۇق گرېكلارنىڭ «ئودىسسا» ناملىق داستانىدىمۇ ئۇچرايدۇ . ئۇيغۇرلارنىڭ «يانتاقچى يىگىت بىلەن يەكچەشمە» ناملىق چۆچىكىدە ، ئۇ دىۋە بىلەن ئوخشاش خاراكتېردە تەسۋىرلىنىدۇ . بۇ مەخلۇقمۇ ھايۋانات ۋە ئادەمنى ئوزۇق قىلىدۇ . چۆچەكلەردىكى قەھرىمان ئۇنىڭ بىلەن ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە ئېلىشىدۇ . قەھرىمان ئەپچىللىك بىلەن ئۇنىڭ كۆزىگە نەيزە تىقىپ ، كور قىلىپ قويىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بۇ مەخلۇق ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىنى كېلىۋېلىپ ، قەھرىمان ئۆڭكۈردىن چىقماقچى بولغاندا ، تۇتۇۋالماقچى بولىدۇ . ئەمما ، قەھرىمان قوينىڭ تېرىسىگە يۆگىنىۋېلىپ ، ئۇنىڭ چاترىقىدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ .

**(6) ئالۋاستى**

ئالۋاستى خەلقىمىزنىڭ چۈشەنچىسىدە جىنىنىڭ بىر خىلىنى كۆرسىتىدۇ. جىن ھەققىدىكى چۈشەنچە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى چۈشەنچىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ ئانىمىزملىق كۆزقاراشنى ئاساس قىلىدۇ. ئىپتىدائىي كىشىلەر تەبىئەت دۇنياسىدا خىلمۇخىل روھ ـ ئەرۋاھلار مەۋجۇت بولىدۇ، بۇ روھلار جاھاننى كېزىپ يۈرىدۇ ۋە خىلمۇخىل نەرسىلەرنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ، دەپ چۈشەنگەن. مانا مۇشۇنداق روھلار «جىن ـ ئالۋاستى» دېيىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسىدە جىنلار كۆزگە كۆرۈنمەس ھالەتتە ئىنسانلارنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرىدىكەن. ئەگەر ئىنسانلار بىلىپ ـ بىلمەي ئۇلارنى رەنجىتىپ قويسا، دەرھال ئۆچ ئالىدىكەن. ئىنسانلارنى كېسەل ياكى مېيىپ قىلىپ قويۇش ئۇلار كۆپ قوللىنىدىغان ئۆچ ئېلىش ئۇسۇلى ئىكەن.

خەلقىمىز ئىچىدىكى خۇراپىي قاراشلارغا ئاساسلانغاندا، ئالۋاستى ئايال جىنسلىق بولۇپ، ئۇ دائىم قاش ـ كۆزلىرى ئويناپ تۇرغان، ئۇزۇن چاچلىرى تېقىمىغا چۈشكەن چىرايلىق قىياپەتتە كۆرۈنىدىكەن. ئالۋاستى ياش يىگىتلەرگە ئامراق بولۇپ، ئۇلارنىڭ قېنىنى شوراپ، راھەتلىنىدىكەن. كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسىدىكى مانا شۇ ئالۋاستىمۇ بىرنەچچە ئۇيغۇر چۆچەكلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولغان. «چوكان»، «شاھزادە بىلەن ئالۋاستى»، «ھەسىنەم ۋە گۈلپەرى» قاتارلىق چۆچەكلەر ئەنە شۇنداق چۆچەكلەردۇر. «چوكان» ناملىق چۆچەكتە ئالۋاستى چىرايلىق چوكان قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، بىر يىگىت بىلەن توي قىلىدۇ. ئۇ ھەر كۈنى كېچىدە يىگىتنىڭ قېنىنى شوراپ، ئۇنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ. بۇنى سەزگەن يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئالۋاستىنى قىزىق تونۇرغا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. «شاھزادە بىلەن ئالۋاستى» چۆچىكىدە بىر شاھزادە ساھىبجامال قىز قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئالۋاستى تەرىپىدىن ئالدىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلىشىدۇ، ھەتتا ئۇ ئالۋاستىنىڭ تەلىپى بىلەن ئۆز ئانىسىنى ئۆلتۈرۈپ، يۈرىكىنى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇ پەيتتە ئانىسىنىڭ يۈرىكى ئوت ـ يالقۇنغا ئايلىنىپ، ئالۋاستىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. «ھەسىنەم ۋە گۈلپەرى» ناملىق چۆچەكتە ئالۋاستى ئۆزىنىڭ بالىسىنى بىر

ئادەمنىڭ بالىسى بىلەن ئالماشتۇرۇۋالىدۇ . بۇ ئائىلىدىكىلەر ھېچنەرسىنى سەزمەي ، ئالۋاستىنىڭ بالىسىنى بېقىۋېرىدۇ . بىر كۈنى بۇ ئائىلىنىڭ ھەسىنەم ئىسىملىك ئوغلى سىڭلىسىنى (ئالۋاستىنىڭ بالىسىنى ) سۆيۈپ قويۇپ ، گاچا بولۇپ قالىدۇ . كېيىن ھەسىنەمنى ياخشى كۆرۈپ قالغان پەرىزات بۇ يەردىكى سىرنى بىلىۋېلىپ ، ھېلىقى ئالۋاستىنىڭ بالىسىنى قىزىتىلغان زىخ بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ .

### (7) شەيتان

شەيتان ئىسلام ۋە خرىستىئان دىنىدا تىلغا ئېلىنىدىغان ئىنسانلارنى يامان ئىش قىلىشقا ، گۇناھ ئۆتكۈزۈشكە يېتەكلەيدىغان مەخلۇق . ئۇ «قۇرئان» دا ئىبلىس دەپ ئاتالغان . ئېيتىلىشىچە ، ئاللا شەيتاننى ئوتتىن ياراتقان ئىكەن . كېيىن شەيتان ئاللانىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ، ئاللانىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغان . ئاللا بەندىلىرىنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن ، شەيتاننىڭ ئىنسانلار ئارىسىدا ياشىشىغا يول قويغان . شەيتان داۋاملىق كىشىلەرنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ . مانا بۇ ئىسلام دىنى چۈشەنچىسىدىكى شەيتان ئوبرازى .

شەيتان ئوبرازىمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىرنەچچە چۆچىكىدە كۆزگە چېلىقىدۇ . بۇ چۆچەكلەردە شەيتان ئىنساننى ئەمەس ، ئىنسان شەيتاننى ئالداپ كېتىدۇ . بۇ ئارقىلىق ھەقىقىي ماھارەتلىك ئالدامچى ئىنسانلارنىڭ ئۆزى ، دېگەن كۆزقاراش ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ . مەسىلەن ، «پاراسەتلىك يىگىتنىڭ كارامىتى» ناملىق چۆچەكتە ، بىر يىگىت كومزەك كۆتۈرۈپ كېتىۋاتسا ، يامغۇر يېغىپ كېتىدۇ . ئۇ كىيىملەرنى يېشىپ كومزەككە سېلىپ قويۇپ ، يامغۇر توختىغاندا ئېلىپ كىيىدۇ . يول ئۈستىدە چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن شەيتان ئۇچرايدۇ . بۇ شەيتان يىگىتتىن يامغۇردا ھۆل بولماسلىق ھۈنىرىنى ئۆگىتىپ قويۇشنى ئۆتۈنىدۇ . شۇنىڭ بىلەن شەيتان بىلەن يىگىت بىر - بىرىگە ھۈنەر ئۆگىتىدۇ . يىگىت شەيتانغا داۋاملىق كومزەك كۆتۈرۈپ يۈرۈشنى ، يامغۇر ياغقان ھامان كىيىمىنى كومزەككە سېلىۋېلىشنى ئۆگىتىدۇ . شەيتان بولسا ، ئۇنىڭغا ئىنسانلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەسلىك ھۈنىرىنى ئۆگىتىپ قويىدۇ . شۇنداق قىلىپ يىگىت

شەيتاننى ئالدىۋېتىدۇ . «ئادىمىي شەيتان» ناملىق چۆچەكتە بىر ئادەم شەيتان قىلالمىغان ئىشنى قىلىدۇ ، يەنى ئىنتايىن يېقىن ئىككى دوست كىشىنى بىر ـ بىرىگە دۈشمەن قىلىۋېتىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، «ئىبلىس شەيتان» دىن «ئادىمىي شەيتان» قابىلىيەتلىك چىقىدۇ . يەنە بەزى چۆچەكلەردە ، ئىنساننىڭ ئۆزىدە ھەر خىل يارىماس ئىللەت‌لەر بولغاچقا ، ئۇ ئاسانلا شەيتاننىڭ دامىغا چۈشۈپ كېتىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ . مەسىلەن ، «شەيتاننىڭ تىجارىتى» ناملىق چۆچەكتە بىر سودىگەرگە شەيتان يولۇقۇپ قالىدۇ . شەيتان بىر ئاتقا لىق كەلگۈدەك «مال» نى — كىبىر ، ھەسەت ، خىيانەت ، ئاچ كۆزلۈك ، كاززاپلىق قاتارلىقلارنى ئىنسانلارغا ساتقىلى ماڭغان ئىكەن . سودىگەر ئادەملەر بۇنداق يىرگىنىشلىك نەرسىلەرنى ئالمايدۇ ، دەپ قارايدۇ . بىراق ، شەيتاننىڭ بۇ نەرسىلىرى بازارغا كىرىپ بولغۇچە سېتىلىپ تۈگەيدۇ . شەيتان خۇشال ـ خۇرام ھالدا يەنە «مال» ئەكېلىش ئۈچۈن كېتىپ قالىدۇ . دېمەك ، بۇ چۆچەكتە شەيتاننىڭ داۋاملىق كىشىلەرنى يامان يولغا باشلاش ئۈچۈن تىرىشىدىغانلىقى ، كىشىلەرنىڭ نادانلىق سەۋەبىدىن شەيتاننىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىگە ئالدىنىپ كېتىدىغانلىقى بايان قىلىنغان .

(8) پەرىزات

«پەرىزات» دېگەن سۆز «پەرى» ، «پەرىشتە» دېگەن سۆزلەردىن كېلىپ چىققان . ئىسلام دىنىدىكى چۈشەنچە بويىچە ، پەرىشتە ئاللانىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىدىغان ، جەننەت ۋە دوزاخنى باشقۇرىدىغان قاناتلىق مەخلۇق ، ئۇ «مالائىكە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ . پەرىشتىلەر ئىنسان‌لارنى كۆزىتىپ ، ياخشى ـ يامان ئىشلارنى خاتىرىلەپ تۇرىدۇ ، ئەمما ئىنسانلار ئۇنى كۆرەلمەيدۇ . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، پەرىشتىنى ئاللا نۇردىن ياراتقانىكەن . شۇڭا ، ئۇ ئەقىل ـ پاراسەت ۋە گۈزەللىكتە نۇقسانسىز (كامالەتكە يەتكەن ) دېيىلىدۇ . كېيىنچە ، «پەرىشتە» دې‌گەن ئاتالغۇدىن «پەرى» سۆزى كېلىپ چىقتى . «پەرى» پەرىشتىلەر‌دەك گۈزەل ئايال ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . «پەرىزات» دېگەن ئاتالغۇ بولسا ، ئەنە شۇ «پەرى» دىن تۆرەلگەن ئايال ، پەرىلەرنىڭ ئەۋلادى ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ .

ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدىكى پەرىزات «ئاي دېسە ئاغزى بار، كۈن دېسە كۆزى بار» گۈزەل ئىلاھىي قىز بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلىي ماكانى ئەرش، ئەپسانىۋى ئېرەمباغ، تاغ ئۆڭكۈرلىرى قاتارلىق جايلاردۇر. ئۇنى بەزىدە قورقۇنچلۇق دېۋىلەر مۇھاپىزەت قىلىدۇ. بىراق، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي پەرىزات كىشىلىك تۇرمۇشنى ياخشى كۆرىدۇ، باش قەھرىماننىڭ قابىلىيىتى ۋە ئەخلاقىغا ھۆرمەت قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ پاك مۇھەببىتىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئاشۇ بەخت ئىزدەپ يۈرگەن قەھرىمانغا بېغىشلايدۇ ياكى ئەمگەكچان، ساددا، ئەمما بەختسىزلىككە يولۇققان يىگىتكە ئايال بولىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ قالتىس ماھارىتى ۋە سىرلىق كۈچى بىلەن ئۇلارغا چۈشىدىمۇ كۆرەلمەيدىغان بەختلىك تۇرمۇش ئاتا قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بىرەر قىيىن ئىشنى ئورۇندىشىغا ياردەم بېرىدۇ. «پادىچى بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى» ناملىق چۆچەكتىكى پادىچى يىگىت پەرىزاتنىڭ ئەنە شۇنداق مېھىر - شەپقىتىگە تويۇقسىز ئېرىشىدۇ. «بۇلبۇلگويا» چۆچىكىدىكى پەرىزات بولسا، كەنجى ئوغۇلنىڭ قەھرىمانلىقى ۋە كېلىشكەن قەددى - قامىتىنى كۆرۈپ، ئۇنى ياقتۇرۇپ قالىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ دېۋىلەر بىلەن ئېلىشىش، بۇلبۇلگويانى قولغا كەلتۈرۈش ئىشلىرىغا باشتىن - ئاخىر ياردەم بېرىدۇ. پەرىزات ئىنسانغا ئايلانغاندىن كېيىن پۈتۈنلەي ئىنسانلارنىڭ قىياپىتى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتىغا ئىگە بولىدۇ ۋە قەھرىمان بىلەن رېئال ئائىلە تۇرمۇشىنى كەچۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا رېئال جەمئىيەتتىكى قىز - يىگىتلەرنىڭ گۈزەل پەزىلىتى ئومۇملاشتۇرۇلغان. بىراق، پەرىزاتلار يەنىلا غەيرىي خاراكتېر ۋە كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە. ئۇ ئادەملەر بىلەن مۇھەببەتلەشكەندە ھەرقانداق ئادەت كۈچلىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، ئۆزىنىڭ قالتىس سىرلىق كۈچ - قۇدرىتى ئارقىلىق گۈزەل تۇرمۇش بەرپا قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنغان ياۋۇز كۈچلەرنى يوقىتىدۇ. «پادىچى بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى» چۆچىكىدىكى پەرىزات پادىچى يىگىتكە ئايال بولغاندىن كېيىن زالىم پادىشاھنىڭ كۆزى قىزىرىپ، پەرىزاتنى تارتىۋالماقچى بولىدۇ ۋە يىگىتكە ئىنسان ئورۇندىغىلى بولمايدىغان بىرنەچچە ۋەزىپە تاپشۇرىدۇ. پەرىزات دەرھال بۇ شەرتلەرنى كەينى - كەينىدىن بەجا كەلتۈرۈپ، پادىشاھنى مات قىلىدۇ ۋە ئۇنى يوقىتىپ،

پادىچى يىگىتنى تەختكە ئولتۇرغۇزىدۇ . بەزى چۆچەكلەردىكى پەرىزات-
لار ئەسەر قەھرىمانىنىڭ باتۇرلۇقى ، چىداملىقى ياكى ئەقىل - پارا-
ستىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قىيىن شەرتلەرنى قويىدۇ ۋە
بۇ شەرتلەرنى ئورۇندىيالىسا ، ئاندىن ئۇنى ۋىسالىغا ئېرىشتۈرىدۇ .
مەسىلەن ، «مايمۇن قىز» چۆچىكىدىكى پەرىزات يىگىتكە «مېنى
ئىزدەپ مېڭىپ ، تۆمۈر كەشىڭ تېشىلگەندە ، تۆمۈر ھاساڭ ئېگىلگەندە
ئاندىن تاپالايسەن» دەيدۇ . يىگىت پەرىزاتنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن
نەچچە يىل توختىماي يول يۈرۈپ ، تاغ - داۋانلار ئېشىپ سەپەر
قىلىدۇ ، ئاخىر تۆمۈر كەشمۇ ئۇپراپ تېشىلگەندە ، تۆمۈر ھاسىمۇ
ئېگىلىپ كەتكەندە پەرىزات يىگىتنىڭ ئىرادىسىگە قايىل بولۇپ ، ئۇ-
نىڭ ئالدىدا پەيدا بولىدۇ . بۇنداق چۆچەكلەرنىڭ قەھرىمانلىرى ئۆزد-
نىڭ پۈتۈن ئەقلىي ۋە جىسمانىي قۇۋۋىتىنى ئىشقا سېلىپ ، پەرىزات-
نىڭ دېگىنىنى بېجىرىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ . ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا كى-
شىلەرنىڭ گۈزەل مۇھەببەت ئىزدەش ، بەختلىك تۇرمۇش يارىتىش
غايىسى مۇجەسسەملەنگەن .

پەرىزات كۈچلۈك سېھرىي قۇدرەتكە ئىگە ، ئۇ بىرلا ئەپسۇن
ئوقۇپ ، ئاجايىپ چىرايلىق كىيىم - كېچەك ، يېمەك - ئىچمەك ۋە
ھەيۋەتلىك ئۆي - ئىمارەتلەرنى پەيدا قىلالايدۇ («مايمۇن قىز») ،
ھەتتا ئادەمنى تاشقا ئايلاندۇرۇۋېتەلەيدۇ («مەستان كەمپىر») . ئۇ
يەنە شەكلىنى ئۆزگەرتىپ ، كەپتەرگە ئۆزگىرىپ ئاسماندا ئۇچالايدۇ ،
مايمۇنغا («مايمۇن قىز») ، يىلانغا («پادىچى بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغ-
لى») ، كېپىنەككە ، بېلىققا ۋە ئادەمگە ئۆزگىرەلەيدۇ .

**(9) خىزىر**

ئۇيغۇر سېھرىلىك چۆچەكلىرىدە ئىنتايىن كۆپ ئۇچرايدىغان
ئىلاھىي خاراكتېرلىك ئوبرازلارنىڭ يەنە بىرى خىزىر ئوبرازىدۇر .
بارتولد چۆچەكلەردىكى خىزىر ئوبرازى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق
دەيدۇ : «تۇرلۇك دەۋرنىڭ ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەپسانىلىرى ،
يەنى بابىلون دەۋرىدىكى گىلگامىشتىن تارتىپ ، تەۋراتتىكى ئىنوخ ۋە
ئىلياسقىچە بولغانلارنىڭ ھەممىسى خىزىر ئوبرازىدا جەملەنگەن . ئىل-
ياس بىلەن خىزىر بەزى چاغلاردا بىر شەخس بولۇپ قوشۇلۇپ كېتىدۇ

(لېرمونتوفنىڭ ‹ئاشىق غېرىب› ، ناملىق ئەسىرىدە ‹قادىر ئىلياس› دېيىلگەن ) . بەزى چاغلاردا خىزىر بىلەن ئىلياس ئىككىسى تەڭ تىلغا ئېلىنىدۇ . ئىلياس چۆلنىڭ ھۆكۈمرانى ، خىزىر بولسا سۇ بىلەن مەدەنىيەتلىك يەرلەرنىڭ ھۆكۈمرانى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ . خىزىر كۆپرەك بوۋاينىڭ ئوبرازىدا نامايان بولىدۇ . ئۇ ئادەملەرنى سىنايدۇ ۋە ئاخىرىدا ئۇلارنى توغرا يولغا سېلىپ قويىدۇ » (24 ـ ماتېرىيال 89 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل ) .

ئىسلام دىنى رىۋايەتلىرىدە بايان قىلىنىشىچە ، خىزىر ئېغىر ئەھۋالدا قالغان كىشىلەرنىڭ مۈشكۈلاتىنى ئاسان قىلىدىغان ، كىشىلەرگە بەخت ئاتا قىلىدىغان كىشى . ئۇ ھايات بۇلىقىدىن «تىرىكلىك سۈيى» ئىچكەن ، مۇشۇ سەۋەبلىك مەڭگۈ ھايات تۇرىدىكەن (61 ـ ماتېرىيال 491 ـ بەت ) . «قۇرئان» دىكى بايانلارغا قارىغاندا ، ئاللا مۇسا ئەلەيھىسسالامنى خىزىرنىڭ يېنىغا بىلىم ئېلىشقا ئەۋەتكەن . چۈنكى ، خىزىر بىلىمدە كامالەتكە يەتكەن دانىشمەن كىشى ئىكەن . مۇسا ئەلەيھىسسالام خىزىرنىڭ يېنىغا بېرىپ ، ئۇنى ئۇستاز تۇتقان ۋە ئۇنىڭ ئىنسانلارغا يوشۇرۇن قىلغان ئۈچ ساۋابلىق ئىشىنى كۆرۈپ چوڭقۇر تەسىرلەنگەن (62 ـ ماتېرىيال 197 — 206 ـ بەتلەر ) .

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى ، خىزىر دىنىي رىۋايەتلەردە ئېيتىلىدىغان دانىشمەن كىشى بولۇپ ، ئۇ داۋاملىق ئاجىز ، مۆمىنلەرگە ياردەم بېرىدىغان ، كىشىلەرگە بەخت ئاتا قىلىدىغان شەخستۇر . ئۇيغۇر خەلقى ئۆزلىرىنىڭ چۆچەكلىرىگە بۇ ئوبرازنى ئېلىپ كىرىپ ، ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان ، يەنى ھەققانىيەتنى ناھەقلىق ئۈستىدىن ، ياخشىلىقنى يامانلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇرۇشتا ، ئەنە شۇ خىزىرنىڭ كۈچىنى ۋاستە قىلغان . چۆچەك ئىجادچىلىرى رېئال جەمئىيەتتە جاپا چەككەن ۋە خارلانغان ، ئەمما ھېچقانداق تېگىشلىك ئورۇنغا ئېرىشەلمىگەن ئادەتتىكى ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ئوبرازلىرىنى ياراتقاندا ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇلارغا بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى ئاساس قىلىپ ، خىزىر ئارقىلىق ئۇلارنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەن . مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا ، چۆچەكلەردىكى خىزىر بوۋاي ئەمگەكچى خەلقنىڭ كۆڭلىدىكى ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ سىمۋولى ياكى ئادالەتلىك ئىشقا بولغان خەلق ئاممىسىنىڭ ياردىمى ۋە ھېسداشلىقىنىڭ بەلگىسىدىن ئىبارەت .

چۆچەكلەردە تەسۋىرلەنگەن خىزىرنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى ئاپئاق ساقاللىق بوۋاينىڭ كۆرۈنۈشى بولۇپ، ئۇنىڭغا يولۇققان كىشى جەز- مەن بەختلىك بولىدىكەن. ئۇ دائىم چۆچەكنىڭ باش پېرسوناژى قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن ھالقىلىق پەيتتە پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ. چۆچەكلەردە ئۇنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرمەك ئۇن- چىۋالا ئاسانمۇ ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتىشقا، نۇرغۇن خەتەرلەرنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئۇلارنى تاپقىلى بولىدۇ. پەقەت تۇرمۇشتا ئېغىر بەختسىزلىككە ئۇچرىغاندا ياكى كۆرەشتە چوڭ قۇربانلارنى بېرىپمۇ يەنىلا خەۋپتىن قۇتۇلالمىغاندىلا ئۇنى تەسىرلەندۈرۈپ، ياردە- مىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ياردىمى كۈتۈلمىگەندە باش قەھرىمانغا قۇۋۋەت بېرىدۇ.

چۆچەكلەردىكى خىزىر ئاجايىپ - غارايىپ ئىقتىدارغا ئىگە. ئۇ داۋاملىق ئۆزىنىڭ سىرلىق كۈچ - قۇۋۋىتى ئارقىلىق باش پېرسوناژغا ياردەم بېرىدۇ ۋە ئۇنى بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ. مەسىلەن، «قاينا چۆ- گۈن» چۆچىكىدىكى خىزىر كەمبەغەل يىگىت قۇربانغا تـۈرلـۈك مال - دۇنيا چىقىرالايدىغان چۆگۈن بېرىدۇ. قۇربان ئۇنىڭ ۋاستى- سى بىلەن پاراۋان تۇرمۇشقا ئېرىشىدۇ. «خالبانۇم» چۆچىكىدىكى خىزىر بوۋايمۇ ئوغلان باتۇرغا بىر سولايمان قالپىقى ۋە داخىركالۋارنى سوۋغا قىلىدۇ. ئوغلان باتۇر مانا شۇ خاسىيەتلىك نەرسىلەرنىڭ ياردى- مى بىلەن دۈشمەنلىرىنى يېڭىپ، سۆيگىنىنى قۇتقۇزۇپ چىقىدۇ. «تۇل خوتۇن بىلەن بالا» چۆچىكىدىكى خىزىر بىرلا ئەپسۇن ئوقۇپ، بالىنى ئوت - گىياھلارنىڭ سۆزىنى بىلىدىغان داڭلىق تېۋىپقا ئايلان- دۇرۇپ قويىدۇ.

خىزىر ئوبرازى زامان ۋە ماكاننىڭ چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاش- لاپ، دۇنيانىڭ ھەر خىل سىرلىرىنى ئېچىپ تاشلىيالايدۇ. ئۇنىڭ بىلمەيدىغىنى يوق بولۇپ، پەقەت ئۆز ئەتراپىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۆزىدىن ناھايىتى يىراقتا يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى، بۇرۇن يۈز بەرگەن ئىشلارنىلا ئەمەس، بەلكى كەلگۈسى- دە يۈز بېرىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېنىقلىيالايدۇ. مەسىلەن، «بۇلبۇلگويا»، «ياغاچ ئات»، «خالبانۇم» چۆچەكلىرىدە خىزىر باش

www.uyghurkitap.com

قەھرىمانغا دېۋىلەر ماكانىنىڭ سىرلىرىنى ، ئۇنىڭغا يولۇقىدىغان ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇللىرىنى ۋە كەلگۈسى تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بېرىدۇ . بۇ خىل فانتازىيە ، ئەلۋەتتە كىشىلەرنىڭ بارلىق شەيئىلەرنىڭ سىرىنى ئېچىپ تاشلاش ئارزۇلىرىنىڭ ئىپادىسى .

### (10) سېھىرگەر

سېھىرگەر ئوبرازىمۇ چۆچەكلەردە كۆپ ئۇچرايدىغان بىر خىل ئىلاھىي خاراكتېرلىك ئوبرازدۇر .

بىز بۇ ئوبرازنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بايان قىلىشتىن بۇرۇن ، چۆچەكلەردىكى مەستان كەمپىر ، يالماۋۇز ، جادۇگەر ۋە سېھىرگەر قاتارلىق بىرنەچچە ئوبرازنىڭ پەرقىنى ئېنىقلىۋېلىشنى زۆرۈر تاپىمىز . چۈنكى ، چۆچەك سۆزلىگۈچىلەر ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالەتتە بۇ ناملارنى قالايمىقان قوللىنىش بىلەن چۆچەكلەردىكى بىر - بىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بۇ ئۈچ خىل ئوبراز ئۆزئارا ئارىلىشىپ كېتىدۇ . بۇلارنىڭ بىرى مەستان كەمپىر نامىدىكى ئايال ئوبرازى بولۇپ ، بۇ ئوبراز ھېچقانداق ئىلاھىي خاراكتېرگە ئىگە ئەمەس . ئۇ پەقەت قۇۋ - ھىيلىگەر ، مال - دۇنياغا سېتىلىپ ، باشقىلارنىڭ سۇيىقەستىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بېرىدىغان ئادەتتىكى سەلبىي شەخستۇر . مەسىلەن ، «مەستان كەمپىر» چۆچىكىدە ئۇ ھەسەتخور چوڭ خانىشلارنىڭ بۇيرۇقى بويىچە كىچىك خانىشنىڭ يېڭى تۇغۇلغان بالىلىرىنى چۆلگە ئاپىرىپ تاشلىۋېتىدۇ . كېيىن يەنە بۇ بالىلار بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن سۇيىقەستلەرنى قىلىدۇ . «ياخشىلىق يەردە قالماس» چۆچىكىدىمۇ بۇ ھىيلىگەر ئايال زالىم پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە مەلىكىنى ئالداپ ، ئۇنىڭ ئېرىنىڭ خاسىيەتلىك مۆڭگۈزىنى قولغا چۈشۈرۈۋالىدۇ . يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ، مەستان كەمپىرنىڭ بىردىنبىر قابىلىيىتى ھىيلە - مىكىردىنلا ئىبارەت بولۇپ ، ئۇ ھەرگىزمۇ سېھىرلىك كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە ئەمەس . ئىككىنچىسى ، سېھىرگەر ئوبرازى بولۇپ ، بۇ ئوبراز ئەجايىپ خاراكتېرگە ئىگە ئىلاھىي خاراكتېرلىك ئوبرازدۇر . ئۇ داۋاملىق ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئىشقا سېلىپ ،

چۆچەك قەھرىمانىغا ياردەملىشىدۇ ۋە ئۇنىڭ مۇشكۇلىنى ئاسانلاشتۇ-
رىدۇ . ئۈچىنچىسى ، يالماۋۇز نامىدىكى ئىلاھىي ئوبراز بولۇپ ، ئۇ
سەلبىي خاراكتېردىكى ، ئادەم ۋە باشقا جانلىقلارنى ئوزۇق قىلىدىغان
يىرتقۇچ مەخلۇقتۇر . دېمەك ، بۇ ئۈچ خىل ئوبراز خاراكتېر جەھەت-
تىن بىر - بىرىدىن ئېنىق پەرقلىنىدۇ . ئەمما ، كىشىلەر يەنە سېھىر-
گەر مەنىسىنى بېرىدىغان «جادۇگەر» ئاتالغۇسىنى بەزىدە يالماۋۇزنىڭ
ئورنىغا ۋە بەزىدە مەستان كەمپىرنىڭ ئورنىغا ئىشلەتكەچكە ، بۇ ئۈچ
ئوبرازنى ئايرىلاشتۇرۇۋېتىشتىن خالىي بولالمىغان .

بىز بۇ يەردە تىلغا ئېلىۋاتقان سېھىرگەر ئوبرازى ئەنە شۇ مەستان
كەمپىر ۋە يالماۋۇز ئوبرازلىرىدىن پەرقلىق بولغان ئىجابىي خاراك-
تېردىكى ئىلاھىي ئوبرازدۇر . سېھىرگەر ئوبرازلىرى چۆچەكلەردە
داۋاملىق قەھرىمان قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان چاغدا پەيدا بولۇپ ، ئۆزد-
نىڭ ئاجايىپ - غارايىپ سېھىرگەرلىكى بىلەن قەھرىمانغا بايلىق ۋە
شۆھرەت ئاتا قىلىدۇ ياكى ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنى ھالاك قىلىپ تاشلاي-
دۇ . بۇ خىل سېھىرگەرلەر بەزىدە ئەر جىنسلىق (مەسىلەن ، «ئالتۇن
شەمشەر» ، «پادىچى بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى» ناملىق چۆچەكلەردىكىگە
ئوخشاش ) ، بەزىدە ئايال جىنسلىق (مەسىلەن ، «ھېكمەتلىك ساز-
دۇق» ، «ئالتۇن كەش» ناملىق چۆچەكلەردىكىگە ئوخشاش ) قىياپەتتە
ئوتتۇرىغا چىقىدۇ . بۇنداق سېھىرگەر ئوبرازلىرى كىشىلەرنىڭ ئىپ-
تىدائىي جەمئىيەتتىكى سېھىرگەرلىك ئېتىقادلىرى ئاساسىدا مەيدانغا
كەلگەن بولۇپ ، ئۇنىڭ ئايال ۋە ئەر جىنسلىق بولۇشى ئانىلىق ھوقۇق
ۋە ئاتىلىق ھوقۇق تۈزۈملىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك .

چۆچەكلەردىكى سېھىرگەر ئوبرازىنىڭ تارىخى ئىنتايىن ئۇزۇن .
ئۇنىڭ يىلتىزى ئىپتىدائىي جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ سېھىرگەرلىك
پائالىيەتلىرىگە بېرىپ تۇتىشىدۇ . ئۇ ۋاقىتتىكى كىشىلەر داۋاملىق
يوسۇندا ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى «خىلمۇخىل روھلار»غا ئاتاپ
نەزىر - چىراغ ، قۇربانلىق ۋە تىلەك پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ تۇرات-
تى . بۇ خىل پائالىيەتلەرگە مەخسۇس كەسپىي سېھىرگەرلىك بىلەن
شۇغۇللىنىدىغان سېھىرگەرلەر (پېرىخون ، باخشىلار ) يېتەكچىلىك
قىلاتتى . كىشىلەر «سېھىرنىڭ مەخپىيەتلىكىنى بىلىدىغان بۇ كىشى-
لەر» نى تەڭرىلەرنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەلچىسى ، دەپ تونۇيتتى

ۋە ئۇلارغا ئىلتىجا قىلاتتى . ئۇلار ئۆز قەبىلىسى ئىچىدە يۈكسەك ئىمتىيازغا ئىگە بولۇپ ، قەبىلىنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتىن تارتىپ تەبىئىي ئاپەتنى يوقىتىش ، كېسەل داۋالاش ، نىزام ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقىچە ھەممىگە مەسئۇل بولاتتى . شۇڭا ، سېھىرگەرلەر كىشىلەرنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئابرۇيلۇق كىشىلەر ئىدى . سېھىرگەرلەرگە بولغان مانا شۇنداق كۆزقاراش ۋە تونۇش چۆچەكلەردىكى ھەممىگە قادىر سېھىرگەر ئوبرازىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى . ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدىكى سېھىرگەر ئوبرازى ئەنە شۇنداق ئىقتىدار ۋە ماھارەتكە ئىگە . مەسىلەن ، «ئالتۇن كەش» چۆچىكىدىكى سېھىرگەر موماينى ئالساق ، ئۇ بىردەمدىلا ھەجەر قىزنىڭ بېشىغا ئالتۇن كوكۇلا ، پاتمەنىڭ بېشىغا قوناق مەدىكى ئۆستۈرۈپ قويىدۇ . ئۇنىڭ بىر قويۇن چىقىرىشى بىلەن ئاجايىپ گـۈزەل كـىـيـىـملەر ، زىبۇزىننەتلەر ۋە جاراڭشىپ تۇرىدىغان مەپىلەر پەيدا بولىدۇ . ئۇ يەنە خېمىرنى كەپتەر ، ئىت ۋە توخۇلارغا بېرىپ ، ئۇلارنى سۆزگە كىرگۈزىدۇ ۋە ئىشقا سالىدۇ . ئۇنىڭ كارامىتى بىلەن كەپتەرلەر گۈزەل قىزلارغا ئايلىنىپ ، رەخت توقۇيدۇ . «پادىچى بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى» چۆچىكىدىكى سېھىرگەر بىر شامال چىقىرىپ ، بوۋاينى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدۇ . سېھىرگەر يەنە ئۆزلىرىنىڭ سىرلىق كۈچىگە تايىنىپ ، ئىختىيارىي ھالدا ھەر خىل نەرسىلەرنى ئىجاد قىلىپ ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا ياردەم بېرىدۇ ۋە دۈشمەنلىرىنى يوقىتىدۇ . مەسىلەن ، «ھېكمەتلىك ساندۇق» چۆچەكىدىكى سېھىرگەر موماي ئۆگەي ئاپىسى تەرىپىدىن چۆلگە تاشلىۋېتىلگەن قىزنى قۇتقۇزۇپ ، ئۇنىڭغا نېمە تەلەپ قىلسا شۇنى پەيدا قىلىدىغان ھېكمەتلىك ساندۇقنى بېرىدۇ ، ئەمما ئۆگەي ئانىنىڭ ئۆز قىزىغا ئەجدىھا قاچىلانغان ساندۇق بېرىپ ، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ .

## (11) سۇمۇرغ

سۇمۇرغ خەلق ھېكايىلىرىدە كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان ھەيۋەتلىك ئەپسانىۋى قۇش . چۆچەكلەردە بايان قىلىنىشىچە ، ئۇنىڭ تېنى ئىنتايىن زور بولۇپ ، بىرنەچچە ئادەمنى ئۈستىگە مىندۈرۈپ ياكى پۇتىغا

ئېسىلدۇرۇپ ئاسماندا ئۇچالايدۇ . ئۇنىڭ ئۇچۇش سۈرئىتى ئىنتايىن
تېز بولۇپ ، بىر يىللىق يولنى بىر كۈندە بېسىپ بولالايدۇ .
ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدە بىر يىگىت دىۋە ياكى پەرىزاتنىڭ ماكانىغا
بېرىپ ، مەلۇم ئىشنى بېجىرىشقا توغرا كېلىدۇ ، ئەمما ئۇنىڭ ئۆز
ئىقتىدارىغا تايىنىپ ئۇ يەرگە بېرىشى مۇمكىن بولمايدۇ . ئاساسلىق
سەۋەب شۇكى ، مۇساپە بەك يىراق بولۇپ ، پىيادە ۋە ئاتلىق ماڭغاندا
20 — 30 يىل كېتىدۇ ياكى ئۇ يەر بولۇتقا تاقىشىپ تۇرىدىغان ئېگىز
تاغنىڭ چوققىسىدا بولۇپ ، ئۈستىگە چىقىش مۇمكىن ئەمەس ۋە ياكى
ئارىلىقتىكى يول بەك خەتەرلىك بولۇپ ، لاۋۇلداپ كۆيۈپ تۇرغان ئوت
دېڭىزىدىن ۋە مۇز تاغدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ . مۇشۇنداق ئەھۋال-
دا ، ئۇ بىر يىلاننىڭ سۇمۇرغنىڭ بالىلىرىنى يېمەكچى بولغانلىقىنى
كۆرۈپ قالىدۇ ۋە ئوقيا بىلەن يىلاننى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ ، سۇمۇرغ-
نىڭ بالىلىرىنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ . سۇمۇرغ قايتىپ كېلىپ ، بۇنىڭ-
دىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ، يىگىتنى ئۆز ئۈستىگە مىندۈرۈپ ،
كۆزلىگەن مەنزىلگە ئاپىرىپ قويىدۇ . بەزىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان سۇ-
مۇرغنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتسە ، يىگىت ئۆز يوتىسىنىڭ گۆشىدىن
كېسىپ بېرىدۇ . مەنزىلگە بارغاندىن كېيىن ، سۇمۇرغ بۇ يىگىتنى
يۇتۇپ كېتىپ ، قايتا قۇسۇپ چىقىرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن يىگىتنىڭ
يوتىسى پۈتۈنلەي ساقىيىپ كېتىدۇ . دېمەك ، سۇمۇرغمۇ ئىلاھىي
كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە مەخلۇق بولۇپ ، ئۆزىنىڭ سېھىرلىك قابىلىيە-
تى بىلەن باش پېرسوناژغا ياردەم بېرىدۇ .

## 4 . سېھىرلىك هايۋانات ئوبرازلىرى

سېھىرلىك چۆچەكلەردە خىلمۇخىل هايۋانات ئوبرازلىرى مەۋ-
جۇت بولۇپ ، بۇ ئوبرازلار ماھىيەت جەھەتتىن هايۋانات ھەققىدىكى
چۆچەكلەردىكى ئوبرازلاردىن روشەن پەرقلىنىدۇ . هايۋانات ھەققىدى-
كى چۆچەكلەردىكى هايۋانلار سىمۋوللۇق ئالاھىدىلىككە ئىگە ، يەنى
ئۇلار رېئال تۇرمۇشىمىزدىكى خىلمۇخىل ئادەملەرنىڭ ئوبرازىغا سىم-
ۋول قىلىنغان بولىدۇ . مەسىلەن ، بۆرە ياۋۇز ، تۈلكە ھىيلىگەر ،
توشقان قورقۇنچاق ، ئات قەھرىمان ، كالا نادان ، قوي ئاجىز ئادەملەر-

گە ۋەكىللىك قىلىنىدۇ . دېمەك ، ھايۋانات ھەققىدىكى چۆچەكلەردىكى ھايۋانات ئوبرازلىرى ئادەملەشتۈرۈلگەن ، ئادەملەرنىڭ خاراكتېر-خۇسۇسىيەتلىرىگە تەقلىد قىلىنغان ئوبرازلاردۇر . ئەمما ، سېھىرلىك چۆچەكلەردىكى ھايۋانات ئوبرازلىرى ئۇنداق ئەمەس . ئۇلار چۆچەكلەردە باش قەھرىماننىڭ غەمخورچىسى ۋە سادىق ياردەمچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ . سېھىرلىك چۆچەكلەردىكى بۇ ھايۋانات ئوبرازلىرى ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ توتېمىزملىق ۋە ئانىمىزملىق چۈشەنچىلىرىنىڭ — ھايۋانلارغا چوقۇنۇش كۆزقارىشىنىڭ مەھسۇلى . ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى كىشىلەر ھايۋانلارمۇ ئىنسانلارغا ئوخشاش تەپەككۇر قىلالايدۇ ، خۇشال بولىدۇ ، خاپا بولىدۇ ، ئازابلىنىدۇ ، پەرھىز تۇتىدۇ ، دەپ قارىغان . ئۇلار يەنە ھايۋانلار ئىنسانلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر خىل سېھىرلىك كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە دەپ چۈشەنگەن . سېھىرلىك چۆچەكلەردىكى ھايۋانلار ئوبرازى دەل مانا شۇنداق كۆزقاراش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن . شۇڭا ، ئۇلار قىسمەن تەرەپلەردىن ئادەملەشتۈرۈلگەن (ئادەملەرنىڭ ئاڭ-سېزىمىغا ئىگە قىلىنغان) بولسىمۇ ، لېكىن ئادەملەرگە سىمۋول قىلىنمىغان بولۇپ ، ھايۋانات ھەققىدىكى چۆچەكلەردىكى ئادەملەشتۈرۈلگەن ھايۋانلاردىن ئېنىق پەرقلىنىدۇ .

ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدە بۆرە ، ئېيىق ، يولۋاس ، شىر ، تۈلكە ، مايمۇن ، ئات ، ئېشەك ، كالا ، ئىت ، مۈشۈك ، چاشقان ، يىلان ، بېلىق ، پاقا قاتارلىق ھايۋانلار ؛ بۈركۈت ، بۇلبۇلگويا ، سېغىزخان ، قارلىغاچ ، بۆدۈنە ، كەپتەر ، توخۇ ، قاغا قاتارلىق قۇشلار ؛ چۈمۈلە ، ھەرە قاتارلىق ھاشاراتلار پائالىيەت قىلىدۇ . بۇ ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى سۆزلىيەلەيدۇ ، تەپەككۇر قىلالايدۇ شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ سېھىرلىك قابىلىيىتى ئارقىلىق ئاجايىپ-غارايىپ كارامەت پەيدا قىلىپ ، چۆچەك قەھرىمانىغا ياردەم بېرىدۇ .

سېھىرلىك چۆچەكلەردىكى ھايۋانات ئوبرازلىرىنى خاراكتېرى جەھەتتىن ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ .

بىرىنچى ، توتېملىق ھايۋانات ئوبرازلىرى . بۆرە ، ئېيىق ، كېيىك قاتارلىق ئوبرازلار ئەنە شۇنداق ئوبرازلار بولۇپ ، ئۇلار ئېغىر خەتەرگە ياكى ئازاب-ئوقۇبەتكە يولۇققان باش قەھرىماننى قۇتۇلدۇ-

رۇۋېلىپ ، ئۇنىڭغا باشپاناھ بولىدۇ ، ئۇلار بىلەن بىر ئۆيدە ياشاپ ، غەمخورلۇق قىلىدۇ . بولۇپمۇ پادىشاھنىڭ چوڭ خوتۇنلىرى تەرىپىدىن چۆلگە تاشلىۋېتىلگەن بالىلارنى قۇتۇلدۇرۇپ ، ئۆز ھىمايىسىگە ئالىدۇ .

ئىككىنچى ، سادىق دوست ھايۋانلار . مەسىلەن ، ئات ، بۆركۈت ، ئىت ، مۇشۇك قاتارلىقلار . ئۇلار چۆچەك قەھرىمانى بىلەن باشتىن ـ ئاخىر بىللە بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ ، ئۇنىڭ سادىق دوستى ۋە تەقدىرداش ھەمراھى بولۇپ بىللە ھايات كەچۈرىدۇ . شەك ـ شۈبھىسىزكى ، بۇ خىل ئوبرازلارمۇ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھايۋانلارغا سېغىنىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن . بىراق ، ئۇنىڭ توتېملىق خۇسۇسىيىتى يوقىرىدىكى ئېيىق ، كېيىك قاتارلىق ئوبرازلارغا قارىغاندا خېلىلا ئاجىزلاشقان . چۈنكى ، ئۇلار ئىنسانلارنىڭ باشپاناھى ۋە شەپقەتچىسى ئەمەس ، بەلكى ئاددىي دوستى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ .

ئۈچىنچى ، ھەمكارلاشقۇچى ھايۋانلار . يولۋاس ، شىر ، يىلان ، پاقا ، بېلىق ، چۈمۈلە ، قارلىغاچ ، ھەرە قاتارلىق ھايۋانات ئوبرازلىرى ئەنە شۇنداق ئوبرازلار بولۇپ ، ئۇلار ئىنسانلار بىلەن بىللە ياشىمايدۇ . بىراق ، ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان ياخشىلىقىغا جاۋابەن مۇھىم ، ھالقىلىق پەيتلەردە پەيدا بولۇپ ، ئۇلارغا چوڭ ياردەملەرنى قىلىدۇ . دەسلەپتە ، چۆچەك قەھرىمانى بۇ ھايۋانلارنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ ياكى ئېغىر كېسەلنى ساقايتىپ قويىدۇ . بۇ ھايۋانلار بولسا ئۇنىڭدىن ناھايىتى مىننەتدار بولۇپ ، ياخشىلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ . ئۇلارنىڭ بەرگەن ياردەملىرى چۆچەك قەھرىمانى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ ، ئەنە شۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇ ئۆز مەقسىتىگە يېتىپ بەختكە ئېرىشىدۇ .

يۇقىرىقى ئۈچ تۈرلۈك ھايۋانات ئوبرازى گەرچە قەھرىمان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى جەھەتتىن بىر ـ بىرىدىن پەرقلەنسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىپتىدائىي جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ھايۋانلارغا بولغان سىرلىق كۆزقاراشلىرىدىن تۇغۇلغان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسى بىر .

www.uyghurkitap.com

## 5 . خاسىيەتلىك نەرسىلەر ئوبرازى

خاسىيەتلىك نەرسە دېگىنىمىز ، چۆچەكلەردە ئۇچرايدىغان سىرلىق كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ . ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدە نامايان بولىدىغان خاسىيەتلىك نەرسىلەرنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ ، ئۇلارنى تۆۋەندىكى بىرنەچچە تۈرگە بۆلۈپ كۆرسىتىش مۇمكىن .

(1) خاسىيەتلىك ھايۋانلار . بىز بۇ يەردە ئېيتىۋاتقان «خاسىيەتلىك ھايۋان» يۇقىرىدا بايان قىلىنغان «سېھىرلىك ھايۋان» ئەمەس . سېھىرلىك ھايۋان دېگىنىمىز ، ئادەم بىلەن پاراڭلىشالايدىغان ، ئادەملەرچە تەپەككۇر قىلالايدىغان ، ئۆزلىرىنىڭ سىرلىق كۈچ ـ قۇدرىتى ئارقىلىق ئادەمگە ياردەم بېرەلەيدىغان ، جانلىق ، تەشەببۇسكار ھايۋانلاردۇر . «خاسىيەتلىك ھايۋان» دېگىنىمىز ، پەقەت تۇخۇم ئورنىغا گۆھەر تۇغىدىغان ، تېزەك ئورنىغا ئالتۇن ـ كۈمۈش ، تاۋار ـ دۇردۇن چىچىدىغان ھايۋانلارغا قارىتىلغان بولۇپ ، ئۇلار ئازراقمۇ ئادەمىي خاراكتېرگە ئىگە قىلىنمىغان . بۇنداق ھايۋانلار يەنىلا ھايۋانلارچە خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ ، ئاڭسىز ھالەتتە تۇرۇۋېرىدۇ . بۇ جەھەتتە ئۇ باشقا خاسىيەتلىك نەرسىلەردىن پەرقلەنمەيدۇ . ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدىكى گۆھەر تۇغىدىغان توخۇ ، پاختا يەپ رەخ چىچىدىغان كالا ، ئالتۇن تېزەكلەيدىغان ئېشەك قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق ھايۋانلاردۇر .

(2) خاسىيەتلىك دەل ـ دەرەخ ۋە گۈل ـ گىياھلار . چۆچەكلەردە كۆپرەك مېۋىلىك دەرەخلەردە خاسىيەت بولىدۇ ، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا ، خاسىيەتلىك دەرەخ دېگىنىمىز ، خاسىيەتلىك مېۋىلەردۇر . بۇلاردىن تۆۋەندىكىلەر بار : يېسە ئادەمنى ياشارتىۋېتىدىغان ئالما ، پۇرىقى بىلەن كېسەلنى داۋالايدىغان ۋە ئۆلگەن ئادەمنى تىرىلدۈرىدىغان ئالما ، يېسە ئادەمنى ھايۋانغا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان ئالما ، يېسە ئادەمنى تاشقا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان ئالما ، يېسە ئادەمنى ياشارتىۋېتىدىغان ئاق ئەنجۈر ، يېسە ئادەمگە مۈڭگۈز چىقىرىپ قويىدىغان قارا ئەنجۈر ، يېسە ھەرقانداق كېسەلنى ساقايتىۋېتىدىغان نەشپۈت ، يېسە ئادەمنى سەتلەشتۈرۈۋېتىدىغان شاپتۇل ،

يېسە ئادەمنىڭ بەدىنىدە دەرەخ كۆكلىتىۋېتىدىغان شاپتۇل ، يېسە ئادەمنى قېرىتمۇۋېتىدىغان شاپتۇل ، يېسە ئادەمگە مۇڭگۈز چىقىرىپ قويىدىغان شاپتۇل . ئەمدى خاسىيەتلىك گۈل ـ گىياھلارغا كەلسەك ، بۇلاردىن پۇرىسا قىزلارنى چىرايلىق قىلىۋېتىدىغان گۈل ، پۇرىسا ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان گۈل ، تەلەپ قىلغان نەرسىنى پەيدا قىلىپ بېرىدىغان ئۈرۈق قاتارلىقلار بار .

(3 ) خاسىيەتلىك سۇلار . چۆچەكلەردە ئۇچرايدىغان خاسىيەتلىك سۇلاردىن مۇنۇلار بار : ئادەمنى ياشارتىدىغان سۇ ، ئادەمنى مەڭگۈ ياشىتىدىغان سۇ ، ھەرقانداق كېسەلنى ساقايتىدىغان سۇ ، ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدىغان سۇ ، ئادەمنى ھايۋانغا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان سۇ ، ئادەمنى تاشقا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان سۇ .

(4 ) خاسىيەتلىك تاشلار . بۇلار ئادەمنى قوينىغا ئالالايدىغان تاش ، يېرىلىپ ئەسكى ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتەلەيدىغان تاش (ساڭگاسىۋىتاش ) ، چايقاپ سۈيىنى ئىچسە كېسەلنى ساقايتالايدىغان تاش ، نېمىنى تەلەپ قىلسا شۇنى پەيدا قىلىپ بېرەلەيدىغان گۆھەر تاش (ئەڭگۈشتەر ) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

(5 ) خاسىيەتلىك ئۆي سايمانلىرى . بۇلاردىن مۇنۇلار بار : ئۇچار گىلەم ، ئۇچار ئورۇندۇق ، ئۇچار تۇلۇم ، چاپقان يېرىدىن ئۆي پەيدا بولىدىغان پالتا ، كىشىلەرنى ئۆزلۈكىدىن ئۇرالايدىغان توقماق ، كىيىم ـ كېچەك پەيدا قىلالايدىغان ساندۇق ، ئىچىدىن ئەسكەر چىقىرالايدىغان داخىركالۋار (خالتا ) ، تولمايدىغان داخىركالۋار (خالتا ) ، ئىچىدىن ئالتۇن چىقىدىغان قاپاق ، قارىغۇنى ساقايتىدىغان قاپاق .

(6 ) خاسىيەتلىك غىزا ئەسۋابلىرى . بۇلاردىن تىللا چىقىرىدىغان چۆگۈن ، ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدىغان چۆمۈچ ، تاماق چىقىرالايدىغان داستىخان ، مۇزىكا چىقىرىدىغان چوكا ، دەرەخكە ئايلىنالايدىغان چوكا ، دەرياغا ئايلىنالايدىغان قوشۇق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

(7 ) خاسىيەتلىك پەرداز بۇيۇملىرى ۋە زىبۇزىننەتلەر . بۇلاردىن پۈتۈن جاھاننى كۆرسىتىدىغان ئەينەك ، تاغقا ئايلىنالايدىغان تاغاق ، ئورمانغا ئايلىنالايدىغان سۆزگۈچ ، دېڭىزغا ئايلىنالايدىغان ئەينەك ، نېمىنى تەلەپ قىلسا شۇنى پەيدا قىلىپ بېرىدىغان ئۈزۈك قاتارلىقلار بار .

(8) خاسىيەتلىك كىيىم ـ كېچەكلەر. بۇلاردىن ئادەمنىڭ شەكلىنى يوقىتالايدىغان قالپاق (شەيتان قالپىقى ياكى سۇلايمان قالپاق)، سىلكىسە يامغۇر ياغىدىغان جۇۋا، ئادەمنى ئۇچۇرالايدىغان چاپان، سىلكىسە تىللا تۆكۈلىدىغان پەشمەت قاتارلىقلار بار.

(9) خاسىيەتلىك تەقلىدىي قوراللار. بۇلاردىن ئاسماندا ئۇچىدىغان ياغاچ ئات، دېڭىزدا ئۈزىدىغان تۆمۈر بېلىق قاتارلىقلار بار. بۇلار ئۇچقاندەك تېز يۈگرەيدىغان ئاتقا ۋە سۇدا ئۈزىدىغان بېلىققا تەقلىد قىلىپ سۈنئىي ياسالغان قاتناش قوراللىرىدۇر.

يۇقىرىقىلاردىن ئالدىنقى تۆت تۈردىكى خاسىيەتلىك نەرسىلەر تەبىئەت دۇنياسىدا تەبىئىي مەۋجۇت بولغان نەرسىلەردۇر. بۇ ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ ھايۋان، دەرەخ، ئۆسۈملۈك، سۇ، تاش قاتارلىقلارغا بولغان سىرلىق قاراشلىرىدىن كېلىپ چىققان، يەنى تەبىئەتكە چوقۇنۇشتىن كېلىپ چىققان. كېيىنكى بەش تۈردىكى نەرسىلەر ئىنسانلار ئۆز قولى بىلەن ياسىغان نەرسىلەر بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى فانتازىيىلەشتۈرۈشتىن كېلىپ چىققان. بولۇپمۇ «خاسىيەتلىك تەقلىدىي قوراللار» دا كىشىلەرنىڭ دادىللىق بىلەن قىلغان گۈزەل فانتازىيىسى ئىپادىلەنگەن. ئەگەر بىز ئۆي سايمانلىرى، غىزا ئەسۋابلىرى، پەرداز بۇيۇملىرى ۋە كىيىم ـ كېچەكلەرنى تۇرمۇشتا ئىشلىتىش ئۈچۈن ياسالغان، رېئال تۇرمۇشتا ئەمەلىي مەۋجۇت نەرسە دەپ قارىساق، ئۇنداقتا، ياغاچ ئات، تۆمۈر بېلىق دېگەنلەر پۈتۈنلەي تەسەۋۋۇرغا ئاساسەن توقۇپ چىقىلغان ئوبرازلاردۇر. مۇشۇ نۇقتىدىن يۇقىرىدىكى خاسىيەتلىك نەرسە ئوبرازلىرىنى يەنە مۇنداق ئۈچ تۈرگە بۆلەلەيمىز:

(1) خاسىيەتلىك تەبىئەت مەۋجۇداتى (گۆھەر تۇغىدىغان توخۇ، ئالتۇن تېزەكلەيدىغان ئېشەك، ئادەمنى ياشارتىۋېتىدىغان ئالما، ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدىغان گۈل، ئادەمنى ھايۋانغا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان سۇ، ھەرقانداق كېسەلنى ساقايتىدىغان تاش قاتارلىقلار).

(2) خاسىيەتلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى (ئۇچار گىلەم، بايلىق پەيدا قىلالايدىغان ساندۇق، تىللا چىقىرىدىغان چۆگۈن، تاماق چىقىرالايدىغان داستىخان، جاھاننى كۆرسىتىدىغان ئەينەك، تەلەپ قىلغان نەرسىنى پەيدا قىلىدىغان ئۈزۈك، ئادەمنى ئۇچۇرالايدىغان چاپان،

ئادەمنىڭ شەكلىنى يوقىتالايدىغان قالپاق قاتارلىقلار ) .
(3 ) فانتازىيىلىك قورال ـ ئەسۋابلار (ياغاچ ئات ، تۆمۈر بېلىق قاتارلىقلار ) .

چۆچەكلەردىكى خاسىيەتلىك نەرسىلەرنىڭ بەزىلىرى پەقەت بىر ـ خىللا خاسىيەتكە ئىگە ، بەزىلىرى بىرنەچچە خىل خاسىيەتكە ئىگە ، يەنە بەزىلىرى چەكسىز خاسىيەتكە ئىگە . بىز ئۇلارنى مۇشۇ خىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن يەنە تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرگە بۆلەلەيمىز :

(1 ) ھەممىگە قادىر نەرسىلەر . بۇ خىل خاسىيەتلىك نەرسىلەر باش قەھرىماننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئالتۇن ـ كۈمۈش ، مال ـ دۇنيا ، ئۆي ـ ئىمارەت ، يېمەك ـ ئىچمەك ، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىقلارنىڭ ھەرقاندىقىنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە تەييار قىلىپ ، كىشىلەرگە باياشات تۇرمۇش بەخش ئېتىدۇ . ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلى- رىدىكى ئەڭگۈشتەر ئەنە شۇنداق قابىلىيەتكە ئىگە . ئۇ نېمىنى تەلەپ قىلسا شۇنى دەرھال ئورۇندايدۇ . ئۇنىڭغا قاراپ «ئەڭگۈشتىرىم ئەڭ- گۈشتەر بولغاي ، بۇ جايغا بىر ساراي بىنا بولغاي» دېسە ، ئۇ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە كۆركەم سارايلارنى پەيدا قىلالايدۇ ، ھەتتا ئۆلگەن ئادەمنى تىرىلدۈرەلەيدۇ ( «تۇردىقارىي بىلەن پادشاھ» ) . «ياخشىلىق يەردە قالماس» چۆچىكىدىكى خاسىيەتلىك مۇئەڭگۈزمۇ ھەممىگە قادىر بولۇپ ، باش قەھرىمان ئۇنىڭ كارامىتى بىلەن چۆل ـ جەزىرىگە ئاسمانغا تاقاشقان ئۆي ـ ئىمارەت ، يەتمىش ئىككى تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخ بىلەن تولغان گۈزەل باغ ، ھەيۋەتلىك ئوردا ـ قەلئە ، ھەر خىل تائام ، زىبۇزىننەت ، كىيىم ـ كېچەكلەرنى پەيدا قىلىدۇ . «قەبى- رە ئىچىدىكى كىتاب» ناملىق چۆچەكتىكى خاسىيەتلىك كىتابنىڭمۇ شۇنداق رولى باركى ، نېمە لازىم بولسا ، ئۇنىڭ نامىنى كىتابتىن تېپىپ ، بارماق بىلەن باسسىلا شۇ نەرسە پەيدا بولىدۇ .

(2 ) بىرنەچچىگە قادىر نەرسىلەر . بۇنداق نەرسىلەر چۆچەكلەردە بىرنەچچە خىل كارامەت پەيدا قىلالايدۇ . مەسىلەن ، خاسىيەتلىك سۇنى ئالساق ، بۇ سۇ بەزىدە كېسەلنى ساقايتىدۇ ، بەزىدە ئادەمنى ياشارتى- دۇ ، بەزىدە ئادەمنى ھايۋانغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ . ئەمما ، بىز سۇدىن ئالتۇن ـ كۈمۈش تەلەپ قىلساق ياكى ئەسكەر تەلەپ قىلساق ۋە ياكى شامال تەلەپ قىلساق ، ئۇلارنى پەيدا قىلالمايدۇ . دېمەك ، ئۇ بىرنەچ-

چىگىملا قادىر بولۇپ ، ھەممىگە قادىر ئەمەس . ئالما ، نەشپۈت ، شاپ-تۇلىلارمۇ شۇنداق : ئۇلار بەزىدە ئادەمنى ياشارتىۋەتسە ، بەزىدە ئادەمگە مۈڭگۈز چىقىرىپ قويىدۇ ، يەنە بەزىدە ئادەمنى سەتلەشتۈرۈۋېتىدۇ . ئالتۇن چىقىرىدىغان قاپاق بىلەن قارىغۇنى ساقايتىدىغان قاپاق ، مۇنىڭ-كا چىقىرىدىغان چوكا بىلەن دەرەخكە ئايلىنالايدىغان چوكا قاتارلىقلار-مۇ شۇنىڭغا ئوخشاش . لېكىن شۇنى بىلىش كېرەككى ، بۇ تۈردىكى نەرسىلەر بىر چۆچەكتە پەقەت بىرلا كارامەت پەيدا قىلالايدۇ ، ھەر-گىزمۇ بىرنەچچە خىل كارامەتنى بىرلا چۆچەكتە پەيدا قىلالمايدۇ . ئۇلار بۇ چۆچەكتە مۇنداق كارامەت پەيدا قىلسا ، ئۇ چۆچەكتە ئۇنداق كارامەت پەيدا قىلىدۇ . شۇنداق قىلىپ بىرنەچچىگە قادىر نەرسە مەي-دانغا كېلىدۇ . ھەتتا ئەينى بىر نەرسە ئىككى چۆچەكتە تامامەن بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى كارامەت پەيدا قىلىشىمۇ مۇمكىن . مەسى-لەن ، ئالما بىر چۆچەكتە ئۆلگەن ئادەمنى تىرىلدۈرسە ، يەنە بىر چۆچەكتە تىرىك ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ . گۈل بىر چۆچەكتە قىزلار-نى گۈزەللەشتۈرۈۋەتسە ، يەنە بىر چۆچەكتە سەتلەشتۈرۈۋېتىدۇ .

(3) بىرگە قادىر نەرسىلەر . خاسىيەتلىك نەرسىلەرنىڭ كۆپىنچىسى مەيلى قانداق چۆچەكتە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، پەقەت بىر خىللا كارامەت پەيدا قىلىدۇ ، ئۇنىڭدىن ئىككىنچى بىرنەرسىنى تەلەپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس . بۇنداق بىرگە قادىر نەرسىلەر پۈتكۈل خاسى-يەتلىك نەرسىلەرنىڭ تەخمىنەن 90% ىنى تەشكىل قىلىدۇ . گىلەم پەقەت ئۇچالايدىغان ، توقماق پەقەت ئۇرالايدىغان ، چۆگۈن پەقەت ئال-تۇن چىقىرالايدىغان ، داستىخان پەقەت تاماق پەيدا قىلالايدىغان ، قال-پاق پەقەت ئادەمنىڭ شەكلىنى يوقىتالايدىغان ، تۇمۇر بىلىق پەقەت سۇدا ئۈزەلەيدىغانلا خۇسۇسىيەتكە ئىگە .

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى ، ئىلاھىي خاراكتېرلىك ئوب-رازلار ۋە سېھىرلىك ھايۋان ئوبرازلىرىدا بەلگىلىك دەرىجىدە ئاند-ىزملىق ۋە توتېمىزملىق ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ تەسىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . ئەمما ، خاسىيەتلىك نەرسىلەر ھەققىدىكى فانتازىيە ، بولۇپمۇ تۇرمۇش بۇيۇملىرى ھەققىدىكى (ئىنسانلار ئۆز قولى بىلەن ياسىغان ئەسۋاب - قوراللار ھەققىدىكى ) فانتازىيە ئىپتىدائىي ئېتى-قادنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇپ ، كىشىلەرنىڭ ئەمگەك نەتىجىسىنى ،

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ تۇرمۇشنى ياخشىلاش، دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش، كېسەللەرنى داۋالاش، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇش ئارزۇلىرىنى، ئىنسانىيەتنىڭ چەكسىز ئىجادىي كۈچ - قۇدرىتىگە بولغان تولۇپ - تاشقان ئىشەنچىسىنى ئىپادە قىلىپ بەرگەن. شۇڭا، ئۇ زور ئىلھاملاندۇرۇش رولىنى ئوينىغان. چۆچەكلەردىكى مۇشۇ خىل فانتازىيىدىن ئىنسانىيەتنىڭ ئىلىم - پەن ساھەسىدە كەشپىيات يارىتالايدىغان مەنىۋى كۈچ - قۇدرىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ خىلدىكى خاسىيەتلىك نەرسىلەر ئاجايىپ - غارايىپ سېھرىي كۈچكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئەمگەكچى خەلقنىڭ مۇھەببەت - نەپرىتى ۋە ھەق - ناھەق كۆزقاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتلىرىنى ماددىيلاشتۇرىدۇ.

خاسىيەتلىك نەرسىلەر چۆچەكلەردە قەھرىمان سۈپىتىدە مۇستەقىل ھەرىكەت قىلالمايدۇ، لېكىن مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ، ئىلاھىي خاراكتېرلىك ئوبرازلاردىن پەرقلىق بولغان چۆچەك ئوبرازلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ خىل خاسىيەتلىك نەرسىلەر داۋاملىق ھەر خىل خاراكتېردىكى كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ قولىدا ئوينىغان رولى ئوخشاش بولمايدۇ. ياخشى كىشىلەرگە بەخت ئېلىپ كېلىدۇ، يامان كىشىلەرگە مەغلۇبىيەت ۋە ھالاكەت ئېلىپ كېلىدۇ. مانا بۇ بىز داۋاملىق كۆرۈپ تۇرىدىغان چۆچەك لوگىكىسى. مەسىلەن، «ئۇر توقماق» چۆچىكىدىكى توقماق ھەمىشە ئوتتۇنچى بوۋاينىڭ دېگىنىنى قىلىپ، دۈشمەنلەرنى يوقىتىپ، ئۇنى باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرىدۇ، ئەمما ئۇ ئالدامچى تۈگمەنچىنىڭ قولىغا چۈشكەندە ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇندىمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۇرۇپ - قوغلاپ، قىممەتلىك بۇيۇملارنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. نېمە ئۈچۈن ئىنسانىي ئاڭغا ئىگە بولمىغان بۇ خىل نەرسىلەردە پەرقلەندۈرۈش قابىلىيىتى ۋە مۇھەببەت - نەپرەت ھېسسىياتى بولىدۇ؟ بىرىنچىدىن، چۆچەك ئاپتورلىرى ماھىرلىق بىلەن قىلىنغان بەدىئىي توقۇلما ئارقىلىق بۇ خىل نەرسىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئالاھىدە شەرت - شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. يۇقىرىقى چۆچەكنى ئالساق، ئۇنىڭدىكى ئالدامچى تۈگمەنچى

توقماقنى ئۇرۇشقا بۇيرۇغان ، ئەمما كىمنى ئۇرۇش كېرەكلىكىنى ئېنىق دېمىگەن ، بۇنداق پۇرسەتتىن پايدىلانغان توقماق ئۇنىڭ ئۆزىنى دۇمبالاپ ، ئوتتۇنچىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالغان . ئىككىنچىدىن ، بىر تۈركۈم خاسىيەتلىك نەرسىلەر باش قەھرىماننىڭ ئەمگەك تەرى ۋە ئەمگەك نەتىجىسىنى فانتازىيىلەشتۈرۈشتىن مەيدانغا كەلگەن . شۇڭا ، ئۇ ئەمگەكچان ، ئاق كۆڭۈل ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى باش قەھرىمان ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىدۇ . چۆچەكلەردىكى خاسىيەتلىك نەرسىلەر پەقەت بەلگىلىك شەرت ئاستىدىلا ئۆزىنىڭ ئاجايىپ رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ ، ئەمما ھەرقانداق ۋاقىتتا ، ھەرقانداق كىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋەرمەيدۇ . ئۇ پەقەت گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتكە ئىگە باش قەھرىمان بىلەن ئۇچراشقاندىلا ئۇنىڭغا بەخت ئېلىپ كېلىدۇ ، ئۇنىڭ ئىنسانىيەت ئۈچۈن تىلسىملارنى ئېچىپ ، كەشپىيات يارىتىشىغا ياردەم بېرىدۇ . ئوخشاشلا ئۇ يامان كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا ، ھەر خىل ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى ئىجاد قىلماي ، ئۆزىنىڭ سېرلىق قابىلىيىتىنى يوقىتىپلا قالماستىن ، بەلكى ئۇلارغا ئېغىر پالاكەت ۋە ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ . مەسىلەن ، «قايىنا چۆگۈن» چۆچەكىدىكى چۆگۈن كەمبەغەل يىگىت قۇربانغا تۈرلۈك مال ـ دۇنيا چىقىرىپ بېرىدۇ . ئەمما ، ئۇنى ماموت تارتىۋالغاندىن كېيىن ماموتقا مال ـ دۇنيا ئەمەس ، بەلكى كېسەك چىقىرىپ ، ئۇنى باستۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ . بۇنداق ماھىرلىق بىلەن توقۇپ چىقىرىلغان خاسىيەتلىك نەرسىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە چۆچەك ئاپتورلىرىنىڭ ئېنىق مۇھەببەت ـ نەپرەت ھېسسىياتى سىڭگەن ، شۇنىڭ بىلەن بۇ خىل خاسىيەتلىك نەرسىلەر بەدىئىي رەڭدارلىققا ئىگە بولغان .

خاسىيەتلىك نەرسىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ئىلاھىي خاراكتېرلىك ئوبرازلارنىڭ تولۇقلىنىشى ، چۆچەك ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى تەرەققىياتى بولدى . بىر قىسىم چۆچەكلەردە ئىلاھىي خاراكتېرلىك ئوبرازلار بىلەن خاسىيەتلىك نەرسىلەر بىللە مەۋجۇت بولۇپ ، ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ . بىراق ، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ نۇرغۇنلىرىدا ئىلاھىي خاراكتېرلىك ئوبرازلار ئۇچرىماستىن ، پەقەت پۈتۈنلەي دېگۈدەك مەلۇم خاسىيەتلىك نەرسىلەر مەركەز قىلىنىپ ، ھەر خىل پېرسوناژلارنىڭ بۇ خىل نەرسىلەرنى قانداق قولغا چۈشۈرگەنلىكى ۋە

www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ ئوخشاشمىغان خاراكتېردىكى كىشىلەرنىڭ قولىدا قانداق ئوخشاشمىغان روللارنى ئوينىغانلىقى قاتارلىقلار بايان قىلىنىش ئار-قىلىق مەركىزىي ئىدىيە ئىپادە قىلىنىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، فانتازىيە بىلەن رېئاللىقنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشىدە بىر يېڭى مۇساپە ئېچىلىدۇ . چۈنكى ، ئىلاھىي فانتازىيىلەردە يەنىلا بەلگىلىك دەرىجىدىكى ئېپتىدا-ئىي تۇسنىڭ چەكلىمىسى بولىدۇ . ئۇلار ئارقىلىق كېيىنكى دەۋر تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۇرۇش قىيىن بولۇپ ، دائىم كىشىلەرنىڭ رو-ھىي ھالىتىدە زىددىيەتلەرنى پەيدا قىلاتتى . بىراق ، خاسىيەتلىك نەر-سىلەرنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق بىرقەدەر رېئال بولغان ئادەم ۋە ئىشلار-نى ئەكس ئەتتۇرۇش ، مول شېئىرىي تۇيغۇغا ئىگە فانتازىيىلىك ھېكا-يىلەرنى توقۇش تامامەن مۇمكىن بولۇپ ، ئۇ كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتىدە ھېچقانداق زىددىيەت پەيدا قىلمايدۇ . بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، خاسىيەتلىك نەرسىلەر ئوبرازى چۆچەك ئىجادىيىتىدە ئىنت-تايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپلا قالماستىن ، بەلكى باشقا فانتازىيىلىك ئوبرازلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئۇزاق ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ .

# بەشىنچى باب ئۇيغۇر سىھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

چۆچەكلەرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى چۆچەكلەرنىڭ كومپوزىتسىيىسى ، سۇژىت شەكلى ، ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى ۋە تىل ئالاھىدىلىكى قاتارلىق كۆپ تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بىز تۆۋەندە ئۇيغۇر سىھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز .

## 1 . ئۇيغۇر سىھىرلىك چۆچەكلىرىدىكى فانتازىيە

مەلۇمكى ، سىھىرلىك چۆچەكلەرنىڭ باشقا چۆچەكلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ سىھىرلىك خۇسۇسىيىتىدۇر . چۆچەكلەردىكى سىھىرلىك خۇسۇسىيەت دەل ئۇنىڭدىكى فانتازىيىدىن كېلىدۇ . تېخمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا ، فانتازىيە سىھىرلىك چۆچەكلەرنىڭ جېنىدۇر . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بىز ئۇيغۇر سىھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ھەققىدە توختالماقچى بولىدىكەنمىز ، ئۇنداقتا ئەڭ ئاۋۋال ئۇنىڭ جېنى ھېسابلانغان فانتازىيە ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزمەي ئۆتەلمەيمىز .

سىھىرلىك چۆچەكلەرنىڭ ئوبرازلىرى ۋە ۋەقەلىكىدە ئىنتايىن مول فانتازىيە بولىدۇ . بىراق ، بۇ خىل فانتازىيە يەنىلا رېئال تۇرمۇشنىڭ مەلۇم ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ، فانتازىيە بىلەن رېئاللىق ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلگەن . ئۇنداق بولسا ، چۆچەك ئىجادچىلىرى ئىجادىيەت جەريانىدا فانتازىيىنى قانداق توقۇپ چىقاردى ؟ ئۇنى يەنە قانداق قىلىپ رېئاللىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى ؟ تۆۋەندە بىز مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ ئۆتىمىز .

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە فانتازىيە ھاسىل قىلىشنىڭ كۆپ خىل ئۇسۇلى قوللىنىلغان بولۇپ ، بۇلاردىن گەۋدىلىكرەكلىرى تۆۋەن-دىكى ئىككى خىلدىن ئىبارەت .

(1) ئېتىقادنى ۋەقەگە ئايلاندۇرۇش

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى بەزى سېھىرلىك ۋەقەلەر ئەسلى ئىپتىدائىي جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئېتىقادلىرىدىن كەلگەن بولۇپ ، ئۇ كىشىلەرنىڭ كاللىسىدىكى بىر خىل سۇبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت (رېئاللىق ) ئىدى . ئىپتىدائىي كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدا تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ روھى بولۇپ ، ئۇلار ئىنسانلارغا ئوخشاشلا ئىدىيىۋى ھېسسىياتقا ئىگە بولىدۇ . مانا بۇ دەل بىز دائىم تىلغا ئالىدىغان ئانىمىزملىق كۆزقاراشتۇر . سېھىرلىك چۆچەكلەردە بۇ خىل كۆزقاراش روشەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ ، ئۇلاردا تەبىئەت دۇنياسىدىكى خىلمۇخىل مەۋجۇدات ئىنسانىي ھېسسىيات ۋە سېھىر-لىك كۈچ ـ قۇدرەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى . شۇنداق قىلىپ ، چۆچەكلەردىكى بىر قىسىم فانتازىيىلەر مەيدانغا كەلدى . كېيىنكى ۋاقىتلاردا گەرچە ئانىمىزملىق كۆزقاراش كىشىلەرنىڭ ئاساسلىق ئې-تىقادى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولالمىغان بولسىمۇ ، لېكىن چۆچەكلەردى-كى بۇ خىل سىرلىق مەۋجۇدات شەكلى ئۆزگەرگەن ھالدا ساقلىنىپ قالدى ياكى كىشىلەر ئۆز ئىدىيىسىدە ئۇزۇنغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بەزى ئېتىقادلارنى داۋاملىق چۆچەكلەردە ئىپادە قىلىپ تۇردى .

بىز يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك ، چۆچەكلەردىكى يەرنىڭ يېرىلىپ يامان كىشىلەرنى يۇتۇپ كېتىشى ياكى باش قەھرىماننىڭ يەرنىڭ تەكتىگە چۈشۈپ خەتەردىن قۇتۇلۇپ قېلىشى ، سىرلىق سۇنىڭ ئىنى-سانلارنى ھەر خىل ھايۋانلارغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشى ، تاشنىڭ يېرى-لىپ ئىنسانلارنى ئۆز قوينىغا ئېلىشى ۋە كېسەللەرنى ساقايتىشى ، ھايۋانلارنىڭ ئىنسانلارغا غەمخورلۇق قىلىشى ۋە ئۇلار بىلەن ھەمكار-لىشىشى ، كىشىلەرگە ساقال چىقىرىپ قويىدىغان شاپتۇل ، مۈڭگۈز چىقىرىدىغان نەشپۈت ۋە ئۈمۈرنى ئۇزارتىدىغان ئالمىلارنىڭ ئاجايىپ كارامەتلىرى ، ئەرۋاھلارنىڭ تىرىك ئادەملەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلى-شى ، پالچىلارنىڭ ئالدىن ئېيتقانلىرىنىڭ ھەقىقىي يۈز بېرىشى ، سېھىرگەرلەرنىڭ ئەپسۇن ئوقۇش ئارقىلىق قېرى كىشىلەرنى ياشلار-

www.uyghurkitap.com

غا ، ئادەمنى ھايۋانغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشى ۋە ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈشى ،
بەزىلەرنىڭ پەرھىزنى بۇزۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن بالا ـ قازاغا ئۇچرىشى
قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاجايىپ ـ غارايىپ فانتازىيىلەر بولۇپ ،
بۇلار قەدىمكى كىشىلەرنىڭ يەر ، سۇ ، تاغ ، دەرەخ ، ھايۋانات ۋە
ئەرۋاھلارغا چوقۇنۇش كۆزقارىشى ، شۇنداقلا پالچىلىق ، ئەپسۇنچى-
لىق ، پەرھىز تۇتۇش ئېتىقادلىرىدىن مەيدانغا كەلگەن . دېمەك ، چۆ-
چەكلەردىكى زور بىر تۈركۈم فانتازىيە كىشىلەردىكى ئېتىقاد ـ ئى-
شەنچلەردىن كېلىپ چىققان بولۇپ ، چۆچەك ئاپتورلىرى بۇ خىل
ۋاستە ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى
ئىپادە قىلغان شۇنداقلا چۆچەكلەرنىڭ بەدىئىي سېھرىي كۈچىنى پەيدا
قىلغان .

(2) مۇبالىغە قىلىش

چۆچەكلەردىكى فانتازىيە پەيدا قىلىشنىڭ يەنە بىر خىل ئۇسۇلى
مۇبالىغە قىلىشتۇر . چۆچەكلەرنىڭ بىر قىسمىدا تەبىئەت دۇنياسىدى-
كى مەلۇم نەرسە ، مەلۇم تۇرمۇش بۇيۇمى ۋە مەلۇم ئادەم مودېل
قىلىنىپ ، ئۇلارنىڭ ئەھمىيىتى ۋە رولى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىلگەن .
مەسىلەن ، قىلىچ ئۆز ۋاقتىدىكى كىشىلەرنىڭ يىرتقۇچ ھايۋانلار ۋە
دۈشمەنلىرى بىلەن ئېلىشىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى .
شۇڭا ، قىلىچنىڭ ياسىلىشى ئۆز دەۋرى ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر زور
كەشپىيات بولغان . شۇ سەۋەبتىن كىشىلەر قىلىچنى چۆچەكلەر دۇنيا-
سىغا ئېلىپ كىرىپ ، ئۇنىڭ رولىنى تېخىمۇ مۇبالىغىلەشتۈرۈپ ،
ئۆزلىرىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىش ئارزۇلىرىنى قىلىچنىڭ
خاسىيىتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرغان (مەسىلەن ، «ئالتۇن شەمە-
شەر» ) . مەلۇمكى ، ساندۇق ئۇيغۇرلارنىڭ پۇل ـ بايلىق ،
كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقا قىممەتلىك نەرسىلىرىنى ساقلاشتا ئىشلىتى-
لىدىغان بۇيۇمى ، شۇڭا ئۇ چۆچەكلەردە كەمبەغەللەرگە مال ـ دۇنيا
چىقىرىپ بېرەلەيدىغان خاسىيەتكە ئىگە قىلىنغان («ھېكمەتلىك ساند-
دۇق» ) . توخۇنىڭ گۆھەر تۇغۇشى ، ئاتنىڭ ئاسماندا ئۇچۇشى ، توق-
ماقنىڭ ئۆزلۈكىدىن كىشىلەرنى ئۇرۇشى ، داستىخاننىڭ كىشىلەرگە
تاماق چىقىرىپ بېرىشى ، چۆگۈندىن ھەر خىل نەرسىلەرنىڭ قايناپ
چىقىشى ، ئەينەكنىڭ پۈتۈن جاھاننى كۆرسىتىشى قاتارلىقلار ئەمەل-

يەتتە شۇ خىل نەرسىلەرنىڭ ئەمەلىي رولىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىدارى مۇبالىغىلەشتۇرۇۋېتىلگەن. «تۇل خوتۇن بىلەن بالا»، «تادان بىلەن نادان» چۆچەكلىرىدە تۇرلۇك ئوت ـ چۆپلەر ئۆزلۈكىدىن تىلغا كىرىپ ئەسەر قەھرىمانىغا ئۆزلىرىنىڭ قايسى خىلدىكى كېسەلگە شىپا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر خىل گىياھلارنىڭ كېسەلگە دورا بولىدىغانلىقى رېئاللىق بولۇپ، پەقەت ئۇلارنىڭ ئىنسانلارغا گەپ قىلىشى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىلگەن.

چۆچەكلەردىكى ھەر خىل خاراكتېرلىك ئوبرازلارنىڭ يارىتىلىشىمۇ رېئاللىقتىن ئايرىلالمايدۇ. مەسىلەن، دىۋىلەر ناھايىتى زور گەۋدىلىك ئىلاھىي مەخلۇق، ئەمما ئۇ يەنىلا ئادەمگە ئوخشاش تويلىشىپ، شەھەر قۇرۇپ، پادىشاھلىق تىكلەپ، باغ ـ ۋاران ياساپ، ھاراق ـ شاراب ئىچىپ ھايات كەچۈرىدۇ («بۇلبۇلگويا»)، پەرىزات پۈتۈنلەي ئادەم سىياقىدىكى ئوبراز بولۇپ، ئۇ گۈزەل قىزلارنىڭ سىيماسىنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرگەن. ئۇ يەنە ئەسەر قەھرىمانى بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن خۇددى ئادەملەرگە ئوخشاش ھايات كەچۈرىدۇ. چۆچەكلەردىكى خىزىر تۇرمۇشتىكى ئاپئاق ساقاللىق بوۋايلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى بويىچە يارىتىلغان. يالماۋۇز ئوبرازى بولسا قېرى دۇمچەك مومايلارنىڭ سىرتقى قىياپىتىنى مودېل قىلغان، پەقەت ئېغىز، بۇرۇن ۋە كۆزلىرى مۇبالىغە قىلىنىپ، سەتلەشتۇرۇۋېتىلگەن. ئۇنى ئىنتايىن قورقۇنچلۇق قىلىش ئېھتىياجى تۈغۇلغاندا ئۇنىڭغا يەنە ئالتە باشنى قوشۇپ، يەتتە باشلىق مەخلۇققا ئايلاندۇرغان. چۆچەكلەردىكى ئەجدىھا يىلاننىڭ شەكلىنى ئاساس قىلىپ توقۇپ چىقىلغان. دېمەك، دىۋە كۈچلۈك ۋە زور ئادەملەرنىڭ، پەرىزات گۈزەل قىزلارنىڭ، خىزىر دانا پىكىرلىك بوۋايلارنىڭ، يالماۋۇز ھىيلىگەر مومايلارنىڭ، ئەجدىھا بولسا يىرتقۇچ يىلاننىڭ قىياپىتىنى ئەسلىي ماتېرىيال مەنبەسى قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا يەنە ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىلاھىي كۈچ بەخش ئېتىلىپ، چۆچەك ئاپتورلىرىنىڭ مۇھەببەت ـ نەپرىتىنى ئىپادە قىلىشتىكى بىر خىل ۋاستىسىگە ئايلاندۇرۇلغان.

ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدە يۇقىرىقى ئىككى خىل ئۇسۇل

ئارقىلىق رېئاللىقتىن فانتازىيە توقۇلغان ۋە يەنە شۇ رېئاللىقنى ئىپادە قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغان . ئەمما ، فانتازىيىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى ۋە ئۇسۇللىرى يۇقىرىقى ئىككى خىل بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ . چۆچەكلەردە ئىنتايىن كۆپ خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق رېئاللىق بىلەن فانتازىيە بىرلەشتۈرۈلىدۇ . خۇددى بىر داڭلىق رەسسام بىرنەچچە تەبىئىي رەڭنى ئارىلاشتۇرۇپ ، نۇرغۇنلىغان يېڭى رەڭلەرنى ياساپ ، گۈزەل بىر پارچە رەسىمنى سىزىپ چىققانغا ئوخشاش ، چۆچەكلەرنىڭ ئىجادچىلىرىمۇ قەدىمكى ئېتىقاد ، مۇبالىغە ، سىمۋول ، مېتافورا ۋە باشقا ۋاستىلەرنى ماھىرلارچە بىرلەشتۈرۈپ ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئارزۇ ـ غايىسىنى ئىپادە قىلىدىغان رەڭدار ، مول ۋە سىرلىق چۆچەكلەر دۇنياسىنى ياساپ چىققان .

## 2 . ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ سۇژېت ئالاھىدىلىكى

چۆچەكلەرنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنى ۋە يارقىن ئوبرازلىرى ئاساسلىقى چۆچەكلەرنىڭ ۋەقەلىكى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ . چۆچەكلەرنىڭ بارلىق تۈرلىرىدە ۋەقەلىككە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ . سېھىرلىك چۆچەكلەر تېخىمۇ شۇنداق .

ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى باشقا تۈردىكى ئۇيغۇر چۆچەكلىرى بىلەن سۇژېت ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ ، يەنى سېھىرلىك چۆچەكلەرنىڭ سۇژېت ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن نۇرغۇن جەھەتتىن ئورتاقلىققا ئىگە . شۇنداق بولسىمۇ ، بىز يەنىلا سېھىرلىك چۆچەكلەرنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ، ئۇنىڭ كۆزگە روشەن تاشلىنىپ تۇرىدىغان سۇژېت ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكى بىرنەچچە تەرەپتىن كۆرسىتىپ ئۆتىمىز .

(1) سېھىرلىك چۆچەكلەرنىڭ سۇژېتى مۇكەممەل بولىدۇ ، يەنى باشقا تۈردىكى چۆچەكلەرگە قارىغاندا سېھىرلىك چۆچەكلەرنىڭ سۇژېتى تولۇق بولىدۇ . ئۇنىڭدا بايان قىلىنىۋاتقان باش قەھرىماننىڭ پائالىيەت ، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ باش ـ ئاخىرى ئېنىق بولۇپ ، تەرجىمىھال خاراكتېرىگە ئىگە . ئۇنىڭدا ۋەقەلىكنىڭ تۈگۈلۈشى ، تە-

رەققىيات ئۆزگىرىشى ۋە يېشىمىدىن ئىبارەت پۈتكۈل جەريان ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن تەرتىپ بويىچە بايان قىلىنىدۇ. چۆچەك ئىجادچىلىرى مول ۋە رەڭگارەڭ تۇرمۇش مەزمۇنىنى جىددىي ۋە ئەگرى ـ توقاي سۇژېت قۇرۇلمىسى ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، كىشىلەرنى ھاياجانغا سالىدىغان چۆچەكلەرنى توقۇپ چىقىدۇ. ۋەقەلىكنىڭ تولۇق ۋە مۇكەممەل بولۇشى جەھەتتە خەلق پروزا ئىجادىيىتىنىڭ ھېچقايسى ژانىرى سىھىرلىك چۆچەكلەرگە يەتمەيدۇ.

(2) سىھىرلىك چۆچەكلەرنىڭ سۇژېت قۇرۇلمىسى كۆپ خىل بولىدۇ. ئۇيغۇر سىھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ سۇژېت قۇرۇلمىسى ھەر خىل شەكىلدە بولۇپ، ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغىنى مۇنداق ئۈچ خىلدۇر:

بىرىنچى: زەنجىرسىمان شەكىل. بۇ خىل شەكىلدىكى چۆچەكلەردە سۇژېت بىر لىنىيە بويىچە ئۇدۇل تەرەققىي قىلىپ ماڭىدۇ. ئۇنىڭدىكى بىرنەچچە ئېپىزوت بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، بىر ـ بىرىگە چېتىلىپ، ئۆزئارا سەۋەب ـ نەتىجىلىك مۇناسىۋەت ھاسىل قىلىپ، ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە تەكشى قانات يايىدۇ. مەسىلەن، «ياغاچ ئات»، «ئالتۇن كەش» قاتارلىق چۆچەكلەرنىڭ سۇژېتلىرى مانا مۇشۇ خىل قۇرۇلمىغا ئىگە. ئۇنىڭدىكى ئېپىزوتلارنىڭ ئالدىنقىسى كېيىنكىسىنىڭ سەۋەبى، كېيىنكىسى ئالدىنقىسىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، زەنجىرسىمان باغلىنىشتا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ.

ئىككىنچى: پاراللېل شەكىل. بۇنداق قۇرۇلمىدىكى چۆچەكلەرنىڭ ۋەقەلىكى بىرنەچچە تەرەپتە تەڭلا يۈز بېرىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ بايان قىلىش ئۇسۇلى ئاددىي ۋە ئېنىق بولۇپ، ئاۋۋال باش قەھرىمان بىلەن مۇناسىۋەتلىك ۋەقە بايان قىلىنىدۇ. بىر تەرەپتە يۈز بەرگەن ئىشلار بايان قىلىنىپ بولۇپ، «ئۇ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەمدى گەپنى پالانى يەردىن ئاڭلايلى» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن شۇ ۋاقىت ئىچىدە ئىككىنچى تەرەپتە يۈز بەرگەن ئىشلار بايان قىلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ قاتلاملىرى روشەن، باش ـ ئاخىرى ئېنىق بولىدۇ. مەسىلەن، «بۇلبۇلگويا» چۆچىكىدىكى ئىككى ئاكا ـ ئۇكىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلار، «گۆھەر توخۇ» چۆچىكىدىكى ئىككى ئاكا ـ ئۇكىنىڭ كەچۈرمىشلىرى مۇشۇ ئۇسۇلدا بايان قىلىنغان.

ئۈچىنچى : كىرىشتۈرمە شەكىل . بۇ بىرنەچچە مۇستەقىل چۆ- چەك ئۆزئارا كىرىشتۈرۈلگەن ، يەنى بىرنەچچە چۆچەك بىر چوڭ چۆچەكنىڭ ئىچىگە قىستۇرۇلغان ، چۆچەكنىڭ ئىچىدىن چۆچەك چى- قىدىغان شەكىلدۇر . ئۇ بىر ئالاھىدە مۇھىم لىنىيىدىن باشقا يەنە بىرمۇنچە قوشۇمچە لىنىيىگە ئىگە بولغان بولىدۇ . ئۇنىڭ ۋەقەلىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ مول ۋە مۇرەككەپ بولىدۇ . مەسىلەن ، «تەدبىر- لىك پادىشاھ» چۆچىكىدە بىر ئاساسىي ھېكايىدىن باشقا يەنە يەر ئۈستى پادىشاھىنىڭ سۇ ئاستى پادىشاھىغا ئېيتىپ بەرگەن ئۈچ قىس- تۈرما ھېكايىسى بار . بۇنداق كىرىشتۈرمە شەكىل ھىندىستان ۋە ئەرەب چۆچەكلىرىدە كەڭ قوللىنىلىدىغان بولۇپ ، ھىندىستاننىڭ «پەنجى پۇتۇك» («بەشنامە») ۋە ئەرەبلەرنىڭ «مىڭ بىر كېچە» نامىدىكى چۆچەكلىرى مۇشۇ شەكىلدە تۈزۈلگەن .

(3) سىلىشتۇرۇش ۋە تەكرارلاش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە . چۆ- چەكلەرنىڭ سۇژېت تۈزۈلۈشىدە يەنە سىلىشتۇرۇش ۋە تەكرارلاش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ . سىلىشتۇرۇشتا ئىدىيىۋى خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى كىشى ئوخشاش بىر خىل ۋەقەلىكتە سى- لىشتۇرۇلىدۇ . چۆچەكلەردە ئىككى ئاكا ـ ئۇكا ، ئۆگەي قىز بىلەن ئۆز قىز ، باي بىلەن كەمبەغەل ، ئاق كۆڭۈل ئادەم بىلەن ھىيلىگەر ئادەم قاتارلىقلارنى ئۆزئارا سىلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ۋەقەلىك قانات يايدۇرۇلىدۇ . ئۇلار ئوخشاش بىر ئىشقا ئوخشاشمىغان پوزىتسى- يە بىلەن مۇئامىلە قىلدۇرۇلۇپ ، ئۇلارنىڭ ئوخشاشمىغان ئىدىيىۋى خاراكتېرى ئېچىپ بېرىلىدۇ ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ پوزىتسىيە ۋە ھەرە- كەتلىرىدىن ئوخشاشمىغان نەتىجە پەيدا قىلىنىپ ، چۆچەك ئاپتورلىرى- نىڭ ئۇلارغا بولغان مۇھەببەت ـ نەپرەتلىرى ئىپادە قىلىنىدۇ . مەسى- لەن ، «ئالتۇن كەش» چۆچىكىدىكى ھەجەر قىز بىلەن پاتىمەنىڭ ھەر ئىككىسى ئوخشاشلا سېھىرگەر موماينىڭ ئالدىغا بېرىپ ، مومايىنىڭ تامىقىنى ئېتىپ بېرىش ، ئۆيىنى تازىلاپ بېرىش ۋە بېشىنى يۇيۇپ ـ تاراپ قويۇشتىن ئىبارەت ئۈچ ئىشنى ئورۇندايدۇ . بىراق ، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈن ، كېلىپ چىققان نەتىجىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ ، يەنى ھەجەر قىزنىڭ بېشىغا ئالتۇن كوكۇلا ، پاتىمەنىڭ بېشىغا قوناق مەدىكى

ئۇنۇپ چىقىدۇ . «قۇتلۇق بىلەن قارلىغاچ» چۆچىكىدىكى ئاق كۆڭۈل بالا بىلەن ئەسكى بالا ، «ھېكمەتلىك ساندۇق» چۆچىكىدىكى ئۆز قىز بىلەن ئۆگەي قىز قاتارلىقلارمۇ ئوخشاش بىر ئىشقا ئوخشاشمىغان پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ . چۆچەك ئىجادچىلىرى بۇ خىلدىكى سېلىشتۇرما ۋەقەلىك ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئوخشاشمىغان خاراكتېرىنى روشەن ئېچىپ بېرىدۇ .

چۆچەك ۋەقەلىكىنىڭ تەكرارلىنىشى ، ئادەتتە ، ئۈچ قېتىم بولىدۇ . «ئۇر توقماق» چۆچىكىدىكى بوۋاي قاغىنىڭ ئالدىغا ئۈچ قېتىم بېرىپ ، ئۈچ خىل خاسىيەتلىك نەرسىنى ئېلىپ كېلىدۇ . «خاسىيەتلىك تاش» چۆچىكىدىكى بەختى چاشقان ، يىلان ، ھەرە قاتارلىق ئۈچ جانىۋارنى ئوخشاش ئۇسۇلدا قۇتقۇزىۋالىدۇ ۋە ئۈچ جانىۋارغا مۇناسىۋەتلىك ئۈچ ۋەقە يۈز بېرىدۇ . «ئاق كۆڭۈل شاۋدۇن» چۆچىكىدىكى شاۋدۇن ئۈچ ھايۋانغا ياردەم بەرگەنلىكى ئۈچۈن ، بۇ ھايۋانلار شاۋدۇننى ئۈچ قېتىم يوشۇرۇپ قويىدۇ . نۇرغۇن چۆچەكلەردىكى باتۇرلار ئۈچ تۈرلۈك قەھرىمانلىق كۆرسىتىدۇ . ئۈچ دىۋىنى (قارا دىۋە ، قىزىل دىۋە ، سېرىق دىۋە ) نى يېڭىدۇ ، ئۈچ شەرتنى ئورۇندايدۇ ، ئۈچ سىناقتا سىنىلىدۇ ... ۋەھاكازا . بۇنداق ئوخشاش خاراكتېردىكى ۋەقەلىكنىڭ تەكرارلىنىشى ، ئەلۋەتتە ، ئوخشاش بىر ئىشنىڭ ئاددىيلا قايتىلىنىشى ئەمەس ، بەلكى ھەربىر قېتىملىق تەكرارلاش ئوخشاشمىغان نۇقتا ، ئوخشاشمىغان دەرىجىدىن تۈرلۈك ۋەقەلەرنى قانات يايدۇرۇپ ، زىددىيەت ـ كۈرەشلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە مەركىزىي ئىدىيىنى تەدرىجىي ئېچىپ بېرىشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ .

ۋەقەنىڭ ئۈچ قېتىم تەكرارلىنىشى ، ئىككى خىل خاراكتېر ۋە نەتىجىنىڭ سېلىشتۇرۇلۇشى چۆچەكلەردە ئومۇملاشقان ھادىسە بولۇپ ، ئۇ بىر خىل مۇقىملاشقان شەكىل بولۇپ قالغان .

(4 ) قېلىپلاشقان ئەنئەنىۋى سۆزىتلارغا ئىگە . ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدە بىرمۇنچە ۋەقەلەر نۇرغۇن چۆچەكلەردە تەكرارلىنىپ كېلىدۇ . بىز بۇنداق ۋەقەلەرنى ئالتىنچى بابتا «موتىف» دەپ ئاتاپ ، ئۇنىڭدىن 50 نى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق . بۇنداق ۋەقەلىكلەر ئۇزاق زامانلاردىن بېرى چۆچەك ئىجادچىلىرى تەرىپىدىن زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش ، بىر ۋەقەدىن يەنە بىر ۋەقەگە ئۇنۇملۇك ئۆتۈش ،

www.uyghurkitap.com

پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ، قەھرىمانلارنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ، بەختكە ئېرىشتۈرۈش ۋە مۆجىزە يارىتىشنىڭ بىر خىل ۋاسىتىسى سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان. ئۇلار گەرچە نۇرغۇن چۆچەكلەردە تەكرارلانسىمۇ ، لېكىن ئاڭلىغۇچىلارنى زېرىكتۈرۈپ قويمايدۇ . ئەكسىچە ، بۇ ۋەقەلەر (موتىفلار) ئۇشبۇ چۆچەكتىن چىقىرىپ تاشلانسا ، چۆچەكلەرنىڭ سۇژىت قۇرۇلمىسى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ ، قەھرىماننىڭ كەچۈرمىشلىرى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ . چۆچەكلەردىكى زىددىيەتلەرنى ئۇنىڭدىن باشقا ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىغىلى بولمايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بۇ ئەنئەنىۋى ۋەقەلەر چۆچەك ئاپتورلىرىنىڭ مۇھىم ئىپادىلەش ۋاسىتىسى سۈپىتىدە ئېھتىياجلىق بولغانلىقى چۆچەكلەردە ئىشلىتىلىپ ، ھەر خىل چۆچەكلەرنىڭ ئورگانىك بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن .

## 3 . ئۇيغۇر سېھرلىك چۆچەكلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى

چۆچەكلەرنىڭ تەسىرلىك ۋەقەلىكى ۋە جانلىق ئوبرازلىرى جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئېغىز تىلى ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ . ئۇنىڭ تىلى ئاددىي ـ ساددا ، جانلىق ۋە ئىخچام بولۇپ ، باشقا ئېغىز ئەدەبىياتى ژانىرلىرى بىلەن ئورتاقلىقىغا ئىگە ، يەنى ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بارلىق ژانىرلىرى ئاۋام خەلقنىڭ ئاددىي ـ ساددا تىلىنى قوللىنىدۇ . خەلق چۆچەكلىرى تېخىمۇ شۇنداق .

بىزگە مەلۇمكى ، چۆچەكلەر خەلقنىڭ پروزىسى . شۇڭا ، ئۇ ۋەقەلىكنى بايان قىلغاندا نەسرىي تىلنى قوللىنىدۇ . بىراق ، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ، ئۇنىڭ تىلى يەنە مول شېئىرىي پۇراققا ئىگە بولىدۇ . بولۇپمۇ ئۇيغۇر سېھرلىك چۆچەكلىرىنىڭ تىلى كۈچلۈك ھېسسىيات ۋە شېئىرىي ئاھاڭغا ئىگە بولۇپ ، ئاڭلىغۇچىلارنى خۇددى بىر يېقىملىق مۇزىكىنى ئاڭلاۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرىدۇ . بۇ جەھەتتە ئۇ خەلق قوشاقلىرىنىڭ تىلىغا يېقىن كېلىدۇ . بىز تۆۋەندە چۆچەك تىلىنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكىنى ئۈچ تەرەپتىن كۆرسىتىپ ئۆتىمىز :

(1) چۆچەكلەردە نۇرغۇن قوشاقلار بىۋاستە قوللىنىلىپ ، پېر-

سوناژلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى ، خاراكتېر ـ خۇسۇسىيەتلىرى ، ھېسسىيات ـ چۇشەنچىلىرى ئىپادە قىلىنغان . شۇنداقلا قوشاقلار ئارقىلىق ۋەقەلىكلەر بايان قىلىنغان ۋە چۆچەكلەرنىڭ مەزمۇنىدىن خۇلاسە چىقىرىلغان .

چۆچەكلەردىكى قوشاقلار كۆپىنچە ھاللاردا پېرسوناژلارنىڭ ئۆز ـ ئارا سۆھبەتلىرىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ . مەسىلەن ، «قۇتلۇق بىلەن قارلىغاچ» چۆچىكىدە قۇتلۇق پۇتى سۇنۇپ كەتكەن قارلىغاچ بالىسىنى كۆرۈپ ، ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالماقچى بولىدۇ . بۇ چاغدا ئانا قارلىغاچ كېلىپ قالىدۇ ـ دە ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇنداق سۆھبەت باشلىنىدۇ :

ۋاي ـ ۋاي ئىست ، ۋىچىر ـ ۋىچ ،
بىلەلمىدۇق سىرنى ھېچ .
ئېيتىڭ بىزگە قۇتلۇقجان ،
نېمە بوپتۇ ، نېمە ئىش ؟

ۋىچىر ـ ۋىچىر ، قارلىغاچ ،
سىلەر يوقتا بۇ بەڭباش ،
پېتىشماستىن ئۇۋىدا ،
مېيىپ بوپتۇ يىقىلغاچ .

ئەمدى قانداق قىلىمىز ،
ئۆلۈپ قالسا بالىمىز ؟
بۇنىڭ ئۇچۇن چارىنى ،
ئىزدەپ نەگە بارىمىز ؟

ۋىچىر ـ ۋىچىر ، قارلىغاچ ،
تاپتىم چارە ئويلىغاچ .
بۇنىڭ ئىشى بىر تال يىپ ،
كىچىككىنە جۇپ ياغاچ .

ۋىچىر ـ ۋىچىر ، ۋىچىر ـ ۋىچ ،
ئەمدى بولدى كۆڭۈل تىنچ .

ياخشىلىققا ـ ياخشىلىق ،
ئۇنتۇمايمىز بۇنى ھېچ .

«ئالتۇن كەش» چۆچىكىدە ئۆگەي ئانا شاھزادە ئىزدەۋاتقان ھەجەر قىزنى تونۇرنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويۇپ ، ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئۆز قىزى پاتىمەنى بەرمەكچى بولىدۇ . ھەجەر قىزنى تاپالمىغان كېنىزەكلەر ھويلىدىن كەتمەكچى بولۇپ تۇرغاندا ئىت تونۇر بېشىغا چىقىپ ، ھەجەر قىزغا قاراپ :

ھوپ ـ ھوپ ـ ھوپ ،
مېھمانلار كەلدى .
جېنىم ئاچا ، قوپ !

دەيدۇ . شۇنىڭ بىلەن كېنىزەكلەر ئۇنى تېپىۋالىدۇ ۋە پاتىمەگە قاراپ :

پاتىمخان ، پېتىپ تۇرۇڭ ،
باش قاشلاپ يېتىپ تۇرۇڭ .
سىزنىڭ خىلىڭىز باشقا ،
سەتلەشمەي كېتىپ تۇرۇڭ .

دەپ قوشاق ئېيتىدۇ .

يەنە بەزى چۆچەكلەردە ۋەقەلەر خۇددى داستانلارغا ئوخشاش قوشاقلار ئارقىلىق بايان قىلىنىدۇ :

ئاشۇ كۆرەڭ بايۋەچچە
ئىش ـ ئوقەتنى ئاز قىلىپ ،
تاماشانى ساز قىلىپ ،
بار ـ يوقىنى يەپ بوپتۇ ،
ئەل ئىچىدە گەپ بوپتۇ .
بىر داچەنگە زار بوپتۇ ،
يۇرت ئىچىدە خار بوپتۇ .

ھەممىدىن ئەھمىيەتلىكى شۇكى ، بىر قىسىم چۆچەكلەردە پېرسوناژلارنىڭ لىرىك ھېسسىياتى قوشاقلار ئارقىلىق بىۋاستە ئىپادە قىلىنىدۇ ، بۇنداق قوشاقلاردىكى لىرىك ھېسسىيات ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ ، ئۇ چۆچەك ئاڭلىغۇچىلىرىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرەلەيدۇ . مەسىلەن ، تۆۋەندىكى قوشاق «ئالتۇن كەش» چۆچىكىدىكى ھەجەر

قىزنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادە قىلىپ بەرگەن .

پا ، پا ، پاشىنىڭ دەردى ،
سالجا ، كانىنىڭ دەردى .
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن ،
ئۆگەي ئانىنىڭ دەردى .

نان بەرسە كۆيۈك بەردى ،
ئاش بەرسە سۇيۇق بەردى ،
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن ،
ئۆگەي ئانىنىڭ دەردى .

(2 )چۆچەكلەرنىڭ بايان تىلى دائىم شېئىرىي رىتىم ۋە قاپىيە- لەرگە ئىگە بولىدۇ . بولۇپمۇ چۆچەكلەرنىڭ باشلىنىشى ئالاھىدە گەۋ- دىلىك بولۇپ ، ئۇ بەلگىلىك دەرىجىدە مۇقىملاشقان قىزىقارلىق قاپى- يىلىك سۆزلەر ئارقىلىق باشلىنىدۇ . مەسىلەن ، «بۇرۇن بۇرۇندى- كەن ، تېرىق تۇلۇمدىكەن ، بۆرە قاراقچىكەن ، تۈلكە ماراقچىكەن ، توخۇ داڭگالچىكەن ، ئۆچكە جاڭگالچىكەن ، قىرغاۋۇل جەدىكەن ، قۇي- رۇقى يەردىكەن ، ئەنە شۇ زاماندا ئورمانلىقتا بىر پادىچى بولغانىكەن» .

قاسقاباسوف رۇس چۆچەكلىرىنىڭ باشلىنىشى ئۈستىدە توختى- لىپ مۇنداق دەيدۇ : «بىر چۆچەكتە ئىككى باشلانما بولىدۇ . ئالدىن- قىسى ‹پرىسكازكا › دەپ ، كېيىنكىسى ‹زاچىن › دەپ ئاتىلىدۇ . ‹پرىسكازكا › نىڭ چۆچەكلەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن ھېچقانداق مۇناسى- ۋىتى يوق . ئۇنىڭدا كىشىلەرنى كۈلدۈرىدىغان ھەجۋىي ھالەتلەر بايان قىلىنىدۇ . شۇڭا ، بىز ‹پرىسكازكا › نى ‹كىرىشمە › دەپ ئاتايمىز . ئەمدى ‹زاچىن › غا كەلسەك ، ئۇ چۆچەكنىڭ ۋەقەلىكى بىلەن بىۋاسى- تە باغلىنىشلىق بولۇپ ، ئۇنىڭدا باش پېرسوناژ ھەققىدە ، ئۇنىڭ ياشاش مۇھىتى ، پەرزەنتلىرى ، ھال ـ ئەھۋالى ھەققىدە ئومۇملاشتۇ- رۇپ مەلۇمات بېرىلىدۇ . شۇڭا ، بىز ‹زاچىن ›نى ‹باشلانما › دەپ ئاتايمىز» (60 ـ ماتېرىيال 241 ـ بەت ) . قاسقاباسوف تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئىچىدە تۈرك ، ئەزەربەيجان ، ئۆزبېك ، تاتار خەلقلى- رىنىڭ چۆچەكلىرىدە «كىرىشمە» بىلەن «باشلانما» خۇددى رۇس

چۆچەكلىرىگە ئوخشاشلا قاتار كېلىدىغانلىقى ، ئەمما قازاق ، قاراقالپاق ، تۈركمەن ، قىرغىز ، باشقۇرت قاتارلىقلارنىڭ چۆچەكلىرىدە كىرىشمىنىڭ ئورنىغا كېڭەيتىلگەن باشلانمىنىڭ ئېيتىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ (60 ـ ماتېرىيال 241 — 245 ـ بەتلەر) .

بىز قاسقاباسوفنىڭ «كىرىشمە» ۋە «باشلانما» ھەققىدە ئېيتقانلىرىغا ئاساسەن ، ئۇيغۇر چۆچەكلىرىگە نەزەر تاشلاپ شۇنى ھېس قىلدۇقكى ، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىمۇ خۇددى تۈرك ، ئۆزبېك ، ئەزەربەيجان ۋە تاتار خەلقلىرىنىڭ چۆچەكلىرىگە ئوخشاش «كىرىشمە» بىلەن «باشلانما» بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ كەتمەي ، قاتار كېلىدۇ . مەسىلەن ، «بار ئىكەنۇ يوق ئىكەن ، ئاچ ئىكەنۇ توق ئىكەن ، تۈلكە ياساۋۇل ئىكەن ، بۆرە ھاكاۋۇر ئىكەن . غاز كانايچى ئىكەن ، ئۆردەك سۇنايچى ئىكەن ، قاغا قاراقچى ئىكەن ، سېغىزخان يالاقچى ئىكەن ، پاقا پوستەكچى ئىكەن ، يىلان تۈگمەنچى ئىكەن . . . (كىرىشمە ) . ئاشۇ زاماندا بىر پادىشاھ بولغانىكەن ، ئەقىلگە تولغانىكەن ، ئىشتا ئادىل ئىكەن ، ھەممىگە قادىر ئىكەن . . . (باشلانما ) » . خۇددى قاسقاباسوف ئېيتقاندەك ، «كىرىشمە» نىڭ چۆچەكنىڭ ۋەقەلىكى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق . ئۇ پەقەت قىزىقارلىق گەپ ـ سۆزلەر ئارقىلىق ئاڭلىغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ ، يەنى چۆچەك ئېيتقۇچىلار مانا شۇنداق ھەجۋىيلىككە ئىگە قاپىيىلىك سۆزلەر بىلەن ئاڭلىغۇچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ ، ئاندىن چۆچەكنىڭ ۋەقەلىكىنى بايان قىلىدۇ . «باشلانما» بولسا ، چۆچەكنىڭ ۋەقەلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ، ئۇنىڭدا چۆچەكتىكى باش قەھرىماننىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرى بايان قىلىنىدۇ .

ئەلۋەتتە ، بەزى چاغلاردا «كىرىشمە» بىلەن «باشلانما» بىرلىشىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن . مەسىلەن ، «بۇرۇن ئەمەس ، بۈگۈن ، ھە راست تۈنۈگۈن ، مەن بوۋامدەك چاغدا ، بوۋام مەندەك چاغدا ، يىراق بىر يەردە ، مۇشۇ شەھەردە ، سەكسەندىن ئاشقان ، توقسانغا ياندىشقان ، بېلى ئېگىلگەن ، پوتىسى چىگىلگەن ، تۇرسۇن ئىسىملىك ياماقچى بولغانىكەن » .

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ باشلىنىشى شېئىرىي رىتىمگە ئىگە بولۇپلا قالماي ، ئۇنىڭ پۈتكۈل بايان تىلىدىمۇ كۈچلۈك ئاھاڭدارلىق

بار . بۇ خىل ئاھاڭدارلىق كۆپىنچە ئۇنىڭدىكى بىر ـ بىرىگە ماسلى‑
شىپ كەلگەن يۇمۇرلۇق سۆزلەر ۋە قاپىيە ئارقىلىق شەكىللەنگەن .
مەسىلەن ، «كۇنلەر ئۆتۈپ ھەپتىلەر كەپتۇ ، ھەپتىلەر ئۆتۈپ ئاي
كەپتۇ ، ئالدىغا نۇرغۇن ساي كەپتۇ ، ساي كەلسە سۇيىنى پاچاق تۇرۇپ
كېچىپتۇ ، چۆل كەلسە يانتاقنىڭ سۈيىنى سىقىپ ئىچىپتۇ ، دەريا
كەلسە ئۈزۈپتۇ ، خۇرجۇنغا بېلىقنى سۇزۇپتۇ ، ئىشقىلىپ مىدىرلاپ ،
جاننى ئەپلەپ بېقىپتۇ ، جاڭگاللاردىن يول تېپىپ ، لەڭگەرلەردىن پۇل
تېپىپ ، مەنزىلگە ئاران يېتىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ ، ھوشىغا كېلىپ
قارىسا ، راست دېگەندەك چوڭ شەھەر . . . ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ، مىڭ
غوۋغا ، كېچە ـ كۇندۇز ، شامۇسەھەر . . . »

(3) چۆچەكلەردە تىل ئىشلىتىش جەھەتتە يەنە قوشاقلاردىكى
مۇبالىغە قىلىش ، گەۋدىلەندۇرۇش ۋە تەكرارلاش قاتارلىق ئىستىلىس‑
تىكىلىق ۋاسىتىلەر قوللىنىلىپ ، سۇژىت بايان قىلىنىدۇ ۋە پېرسو‑
ناژلار ئوبرازى سىزىپ بېرىلىدۇ ، شۇنداق قىلىپ ئۇ مول شېئىرىي
لەززەتكە ئىگە بولىدۇ .

چۆچەكلەردە شەيئى ۋە ھادىسىلەر ئاجايىپ ئاھاڭدارلىق سۆزلەر
ئارقىلىق مۇبالىغىلەشتۇرۇلۇپ كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ . مەسىلەن ،
«ئۆگەي ئانا مېھمانلارنى ئۆيىگە باشلاپ ، پاتمەنى ناينىاقلىتىپ تۇرۇپ
كەشنى پۇتىغا كىيگۈزۈپتۇ ، پاتماپتۇ ، ئۇنداق كىيگۈزۈپتۇ ، مۇنداق
كىيگۈزۈپتۇ ، پاتماپتۇ ، ئېسىگە كەلگەن قىلىقلارنى قىلىپ بېقىپتۇ ،
پاتماپتۇ ، پۇتلىرىنى كېسىپ ، شىلىپ بېقىپتۇ ، يەنە پاتماپتۇ» ( «ئال‑
تۇن كەش» ) .

چۆچەكلەردە يەنە دائىم بىر مۇنچە مۇقىملاشقان سۆزلەر قوللىنى‑
لىپ ، بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ دەرىجىسى ، سانى ۋە تۇسى سۈپەتلى‑
نىپ ، مۇبالىغە ئۇنۇمىگە ئېرىشىلىدۇ . مەسىلەن ، «40 كېچە ـ
كۇندۇز توي قىلىپتۇ» ، «بۇ پادىشاھنىڭ 41 ۋەزىرى بار ئىكەن» ،
«ئۈچ كېچە ـ كۇندۈز ئېلىشىپ ، ئاخىر ئۇنى يېڭىپتۇ» ، «يەتتە
كېچە ـ كۇندۇز يول يۇرۇپتۇ ، يول يۇرسىمۇ مول يۇرۇپتۇ» قاتارلىق‑
لاردىكى 3 ، 7 ، 40 ، 41 سانلىرى قەدىمكى كىشىلەرنىڭ سان ئېتىقا‑
دى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر . بۇ سانلار شۇ خىل شەيئى ۋە ھالەتنىڭ
ئەسلىي سۈپىتى ئەمەس ، بەلكى ئۇ بىر خىل مۇبالىغىلەشكەن سۈپەت

www.uyghurkitap.com

بولۇپ، سان قانچە كۆپ بولسا، شۇ ئىشقا كەتكەن ۋاقىت ئۇزۇن، ماڭغان يول يىراق ۋە تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتنىڭ كۆپلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

چۆچەكلەردە يەنە بەزى پېرسوناژلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان نەرسىلەر ئالتۇن بىلەن سۈپەتلىنىدۇ. مەسىلەن، ئالتۇن كىيىم، ئالتۇن كەش، ئالتۇن كەمەر، ئالتۇن تاۋاق، ئالتۇن مەپە... قاتارلىقلارغا ئوخشاش. بۇمۇ بىر خىل مۇبالىغە ۋاسىتىسى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق بايان قىلىنىۋاتقان ئوبيېكتنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش ۋە ئۇنى مەدھىيىلەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

چۆچەك ۋەقەلىكى دائىم ئۇچلۇك شەكىل بويىچە تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل ۋەقەلىكنىڭ تەكرارلىنىشى بەزىدە مەلۇم سوئال ـ جاۋابلارنىڭ تەكرارلىنىشى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن، «تىرىك ـ تىرىك، كىم ئويغاق؟» چۆچىكىدە يالماۋۇز بالىلارنىڭ ئۇخلىغان ـ ئۇخلىمىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن قىلمىچىنى تىرىڭلىتىپ: «تىرىك ـ تىرىك، كىم ئويغاق؟» دەپ سورايدۇ. سادىق: «سەگەك سادىق مەن ئويغاق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. «نېمىشقا ئۇخلىمىدىڭ؟»، «40 ئۆچكەڭ مەرەپ ئۇخلاتمىدى». شۇنىڭ بىلەن يالماۋۇز 40 ئۆچكىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. «تىرىك ـ تىرىق كىم ئويغاق؟» دەپ يەنە سورايدۇ يالماۋۇز. «سەگەك سادىق مەن ئويغاق»، «نېمىشقا ئۇخلىمىدىڭ؟»، «40 ئىتىڭ ھاۋشىپ ئۇخلاتمىدى». يالماۋۇز يەنە 40 ئىتنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. «تىرىك ـ تىرىك كىم ئويغاق؟»، «سەگەك سادىق مەن ئويغاق؟»، «نېمىشقا ئۇخلىمىدىڭ؟»، «40 مۈشۈكۈڭ مىياڭلاپ ئۇخلاتمىدى». شۇنداق قىلىپ 40 مۈشۈكمۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ. «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىدىكى يالماۋۇز موماي ھەر قېتىم مەختۇمسۇلانىڭ يېنىغا كەلگەندە «چىن تۆمۈر باتۇر ئۆيىدە بارمۇ؟ ئارغىماق ئېتى ئېغىلدا بارمۇ؟ مىسران قىلمىچى قوزۇقتا بارمۇ؟ ئالغۇر بۈركۈتى ئورنىدا بارمۇ؟ كاپ ـ كاپ كۈچۈكى ئىشىكتە بارمۇ؟» دېگەن سۆزلەرنى تەكرارلايدۇ.

سىھىرلىك چۆچەكلەرنىڭ ۋەقەلىكىدە دادىللىق بىلەن توقۇلغان فانتازىيە بولغاچقا، ئۇنىڭدا مۇبالىغە، گەۋدىلەندۈرۈش ۋە تەكرارلاش

قاتارلىق ۋاستىلەر ئەركىن قوللىنىلىدۇ . بۇ خىل ۋاستىلەر شەيئىلەرنىڭ ئەسلىي خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ . ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ بۇنداق ئەركىن قوللىنىلىشى بىلەن چۆچەك ئوبرازلىرىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئالاھىدىلىكى ئېنىق گەۋدىلىنىدۇ ۋە ئاپتورنىڭ تولۇپ ـ تاشقان مول ھېسسىياتى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ .

چۆچەكلەردىكى شېئىرىي تىل ، شېئىرىي قۇرۇلما ۋە قوشاقلار شېئىرىي كەيپىيات پەيدا قىلىپ ، چۆچەك ۋەقەلىكىنىڭ مول لىرىكىلىق ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن . بۇ خىل لىرىك ھېسسىياتلار چۆچەك مەنتىقىسى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن ، يەنى ئەجايىپ پېرسوناژ ، گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرگە قارىتا قىزغىن ھېسداشلىق قىلىنغان ۋە ئۇلار مەدھىيىلەنگەن . سەلبىي پېرسوناژلار ۋە قەبىھ ئىش ـ ھەرىكەتكە قارىتا رەت قىلىش ۋە كۈچلۈك نەپرەت بىلدۈرۈش ھېسسىياتى ئىپادە قىلىنغان . چۆچەكلەردىكى لىرىك ھېسسىياتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن چوقۇم قوشاقلارنىڭ بەدىئىي ۋاستىسى ۋە قاپىيە ئالاھىدىلىكىنى قوبۇل قىلماي مۇمكىن ئەمەس . كىشىلەرنى ، بولۇپمۇ بالىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش ئۈچۈن چۆچەكلەرنىڭ ۋەقەلىكى تەسىرلىك ، فانتازىيىسى غەلىتە بولۇپلا قالماي ، يەنە ئۇنىڭ تىلى شېئىرىي ئاھاڭغا ئىگە بولۇشى كېرەك . بۇ ئۇنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى .

يۇقىرىدا بىز سېھىرلىك چۆچەكلەرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى ئۇنىڭدىكى فانتازىيە ، سۇژېت ۋە تىل جەھەتتىن مۇلاھىزە قىلىپ ئۆتتۇق . بۇ يەردە بىز شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتىمىزكى ، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن سېھىرلىك چۆچەكلەرنىڭ سۇژېت ۋە تىل ئالاھىدىلىكى ئەمەلىيەتتە ھايۋانات ھەققىدىكى چۆچەكلەر ۋە تۇرمۇش چۆچەكلىرىدىمۇ قىسمەن مەۋجۇت . شۇڭا ، بىز ئۇ ئالاھىدىلىكلەرنى پەقەت سېھىرلىك چۆچەكلەرگىلا خاس دېيەلمەيمىز . ئەمما ، شۇنى كەسكىن ئېيتالايمىزكى ، بۇ ئالاھىدىلىكلەر چۆچەكلەرنىڭ باشقا تۈردىگە قارىغاندا سېھىرلىك چۆچەكلەردە ئالاھىدە گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئالتىنچى باب ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ تىپ ۋە موتىفلىرى

## 1 . تارىخ ـ جۇغراپىيە ئېقىمى ۋە چۆچەكلەرنىڭ تىپ ئىندېكسى

«چۆچەكلەرنىڭ تىپ ئىندېكسى» چۆچەكشۇناسلىق ئىلمىنىڭ «تارىخ ـ جۇغراپىيە ئېقىمى» دېگەنلەر كەشىپ قىلغان ئىندېكستۇر .

ئۆتكەن ئەسىردە تارىخ ـ جۇغراپىيە ئېقىمىغا تەۋە تەتقىقاتچىلار-نىڭ ئىنتايىن مول تەتقىقات نەتىجىلىرى بارلىققا كەلدى ۋە بۇ خىل تەتقىقات نەتىجىلىرى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «AT تۈرگە بۆلۈش ئۇسۇلى» دەپ ئاتالدى . «AT تۈرگە بۆلۈش ئۇسۇلى» چۆچەكشۇناسلىق ساھە-سىدىكى بىر خىل تەتقىقات نەتىجىسىدىن ئىبارەت بولۇپ ، ئۇ بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا چۆچەكشۇناسلىرىنى چۆچەك نەزەرىيىسى ۋە تەتقىقات ئۇسۇلى بىلەن تەمىنلەيدىغان ، ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىر خىل قورالغا ئايلاندى . كېيىنكى ئېيتىشقا بولىدۇكى ، ھەرقانداق بىر چۆچەكشۇناس «AT تۈرگە بۆلۈش ئۇسۇلى» دىن خەۋەرسىز ھالدا چۆچەكلەرنى چوڭقۇر ۋە سىستېمىلىق تەتقىق قىلالمايدۇ . شۇڭا ، بىز تۆۋەندە بۇ خىل تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ مەيدانغا كېلىش تارىخى ، ئۇنىڭ كونكرېت مەزمۇنى ۋە رېئال ئەھمىيىتى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ئۆتىمىز .

تارىخ ـ جۇغراپىيە ئېقىمى فىنلاندىيە ئالىملىرى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغاچقا ۋە فىنلاندىيىنى پائالىيەت مەركىزى قىلغاچقا ، كىشىلەر ئۇنى «فىنلاندىيە ئېقىمى» دەپمۇ ئاتايدۇ . دۇنيا ئالىملىرىنىڭ قارى-شىچە ، 19 ـ ئەسىردىكى فولكلور ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلى باشقا پەنلەردىن كەلگەن بولۇپ ، ئۇ چاغدا خەلق ئېغىز ئەدەبى-ياتى ئىلمى ساھەسىدە ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلى بولمىغان . خەلق

ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش ئۇسۇلىنى پەقەت 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى فىنلاندىيە ئالىملىرى كەشىپ قىلـ. غان . ئۇ بولسىمۇ «تارىخ ـ جۇغراپىيە ئېقىمى» نىڭ ئۇسۇلىدۇر . مەلۇمكى ، فىنلاندىيە بۇرۇن باشقا دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكىسى ئىـ. دى . 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى بىر قىسىم فىنلاندىيە ئالىملىرى ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى جانلاندۇرۇپ ، مىللىي غۇ. رۇرنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ، يىرىك ھەجىمدىكى قەھرىمانلىق ئېپوسى «كالېۋىلا» نى توپلاپ رەتلىدى . شۇنىڭ بىلەن فىنلاندىيىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ۋە تەتقىق قىلىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈ. لۈپ ، بۇ خىل قىزغىنلىق ئاستا ـ ئاستا چۆچەكلەرنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشقا بۇرالدى . چۆچەكلەرنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا تارىخ ـ جۇغراپىيە ئۇسۇلى ئىجاد قىلىندى ۋە بارغانسېرى مۇكەممەللەشتى . فىنلاندىيە ئالىملىرى ئىچىدە كارل كروخن (Kaarle Krohn) تۇنجى قېتىم تارىخ ـ جۇغراپىيىلىك تەتقىقات ئۇسۇلىنى قوللىنىپ «ئېيىق بىلەن تۈلكىنىڭ ھېكايىسى» نامىدىكى بىر يۈرۈش چۆچەكلەرنى تەتقىق قىلىپ زور نەتىجە قازاندى . كارل كروخننىڭ شاگىرتى ئانتى ئارنې (Antti Aarne) بۇ خىل تەتقىقات ئۇسۇلىنى داۋاملاشتۇرۇپ 16 چۆچەك تىپىنى بېكىتىپ چىقتى . ئۇ يەنە 1910 ـ يىلى خەلقئارا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خىزمەتچىلىرى جەمئىيىتى تەرىپىدىن خېلسىنكىدا نەشر قىلىنىدىغان «فولكلور جەمـ. ئىيىتى ئۇچۇرلىرى» ژۇرنىلىدا «چۆچەكلەرنىڭ تىپ ئىندېكسى» ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلدى . ئارنې بۇ ئەسەردە فىنلاندىيە ، شىمالـ. لىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ۋە غەربىي ياۋروپادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەردە نەشر قىلىنغان ياكى ساقلىنىۋاتقان چۆچەكلەر ئۈستىدە تەھلىل ۋە سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ ، ئوخشاش چۆچەكلەرنىڭ ھەر خىل ۋارىيانتلىرىنى يىغىنچاقلاپ ، ئۇنىڭ ۋەقەلىكىنى قىسقىچە تو. نۇشتۇردى ، شۇنداقلا مۇئەييەن پرىنسىپقا ئاساسەن بۇ چۆچەكلەرنى تۈرلەرگە بۆلدى . ئارنې ئۆزى ئىگىلىگەن چۆچەكلەرنى ھايۋانات ھەقـ. قىدىكى چۆچەكلەر ، ئادەتتىكى چۆچەكلەر ۋە لەتىپىلەر دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلدى . ئۇ چۆچەكلەرنىڭ تىپلىرى ئۈچۈن 2000 نومۇر بېكىتىپ چىقتى . بىراق ، ئەمەلىيەتتە پەقەت 540 تىپلا كۆرسىتىلىپ ، قالغان

نومۇرلار كېيىن يېڭى ماتېرىياللار تېپىلغاندا تولۇقلاش ئۈچۈن ئاق قالدۇرۇلدى (65 ـ ماتېرىيال 31 ـ بەت) . ئارنېنىڭ ئىندېكسى دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشىپ، ئۇنىڭ تۈر سىستېمىسى نۇرغۇن دۆلەت ئالىملىرىنىڭ ئۆز دۆلەتلىرىدىكى چۆچەكلەرنىڭ ئىندېكسىنى تۈزۈشىنىڭ ئەندىزىسىگە ئايلاندى . بىراق، ئارنېنىڭ ئىندېكسى پەقەت فىنلاندىيە ۋە شىمالىي ياۋروپا چۆچەكلىرىدىنلا ئاساس قىلغاچقا، روشەن چەكلىمىلىككە ئىگە ئىدى . شۇ سەۋەبتىن ئامېرىكا ئالىمى تومپسون 1926 ـ، 1927 ـ يىللىرى ئارنېنىڭ ئىندېكسىنى تولۇقلاپ تۈزەتتى . تومپسون ئىشلەتكەن ماتېرىياللارنىڭ دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئەمگىكىدە پۈتكۈل ياۋروپا، ئاسىيا، جەنۇبىي ئامېرىكا ۋە ئاۋستىرالىيە قىتئەسىدىكى ھەرقايسى رايونلارنىڭ چۆچەكلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆگىنىلدى . ئۇ چۆچەك سۇژېتلىرىنى يىغىنچاقلاپ، تىپلارغا ئاجرىتىپلا قالماي، تارقىلىش دائىرىسى كەڭ، ۋەقەلىكى مۇرەككەپ بىر قىسىم تىپلار ئۈستىدە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەھلىل يۈرگۈزدى . 1928 ـ يىلى ئۇنىڭ «خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تىپ ئىندېكسى» ناملىق كىتابى نەشر قىلىندى . 1961 ـ يىلى بۇ كىتاب يەنە بىر قېتىم تۈزىتىلىپ قايتا بېسىلدى .

تومپسون ئۆزىنىڭ ئىندېكسىدە چۆچەكلەرنى بەش چوڭ تۈرگە، 2500 تىپقا ئايرىغان . بۇلار مۇنۇلاردىن ئىبارەت :

(1) ھايۋانات ھەققىدىكى چۆچەكلەر (1 ـ دىن 299 ـ غىچە بولغان تىپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) . (2) ئادەتتىكى چۆچەكلەر (300 ـ دىن 1199 ـ غىچە بولغان تىپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) . (3) لەتىپىلەر (1200 ـ دىن 1999 ـ غىچە بولغان تىپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) . (4) شەكىللىك چۆچەكلەر (2000 ـ دىن 2399 ـ غىچە بولغان تىپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) . (5) تۈرگە ئايرىلمىغان چۆچەكلەر (2400 ـ دىن 2500 ـ غىچە بولغان تىپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) (15 ـ ماتېرىيال 554 — 573 ـ بەتلەر) .

«چۆچەكلەرنىڭ تىپ ئىندېكسى» خەلقئارالىق ئىلىم ئالماشتۇرۇشقا ئىنتايىن قولايلىق ئېلىپ كەلدى . بۇ ئىندېكس مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن ھەرقايسى دۆلەت ئالىملىرى ئۇنى «ئارنې ـ تومپسون سىستېمىسى» ياكى قىسقارتىپ «AT تۈرگە بۆلۈش ئۇسۇلى» دەپ

ئاتىدى . تومپسون يەنە 1932 ـ يىلدىن 1934 ـ يىلغىچە «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ موتىفلار ئىندېكسى» نى تۈزۈپ چىقتى . بۇ ئىندېكسكە دۇنيا چۆچەكلىرىدە كۆپ ئۇچرايدىغان موتىفلاردىن 20 مىڭدىن ئارتۇقراقى كىرگۈزۈلدى (15 ـ ماتېرىيال 574 — 609 ـ بەتلەر ) .

تومپسون تارىخ ـ جۇغراپىيە ئېقىمىنىڭ تەتقىقات مەقسىتىنى مۇنداق يىغىنچاقلايدۇ : «بىر تەتقىقاتچىنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىپ ئېرىشمەكچى بولغان ئەڭ ئاساسىي مەقسىتى مەلۇم چۆچەكنىڭ هايات تارىخىنى پۈتۈنلەي ئېنىقلاپ چىقىشتىن ئىبارەت . تەتقىقاتچى بىر چۆچەكنىڭ هەر خىل نۇسخىلىرىنى تەھلىل قىلىش ، مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك ئامىللارنى تەتقىق قىلىش ۋە ھەممىگە ئايان بولغان ئاغزاكى پاكىتلاردىن پايدىلىنىش ئارقىلىق بۇ چۆچەكنىڭ ئەسلىي تىپىنى تېپىپ چىقىش ۋە ئۇنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن پەيدا بولغان بارلىق ۋارىيانتلىرىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى ئىمكانقەدەر مۇۋاپىق ئىزاهلاپ چىقىشنى مەقسەت قىلىدۇ . بۇ خىل تەتقىقات يەنە چۆچەكلەرنىڭ ئەسلىي تىپىنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتى ، ئورنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىش سەۋەبلىرىنى ئېنىقلاپ بېرەلەيدۇ» (28 ـ ماتېرىيال 51 ـ بەت ) .

ئۇنداق بولسا بۇ خىل تەتقىقات قانداق ئېلىپ بېرىلىدۇ ؟

بۇ خىل تەتقىقاتنىڭ ئۇسۇلى ۋە تەرتىپى مۇنداق بولىدۇ : ئالدى بىلەن مەلۇم بىر چۆچەكنىڭ هەر خىل ۋارىيانتلىرى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تولۇق توپلىنىدۇ (بۇ تەتقىقات خىزمىتىنىڭ ئاساسى ) ، بارلىق ۋارىيانتلارنىڭ توپلانغان ۋاقتى ۋە ئورنى كۆرسىتىلىدۇ ، ئەگەر ئۇ يازما ماتېرىيال بولغان بولسا ، ئۇنىڭ پەيدا بولغان ۋاقتى ئېنىقلاپ چىقىلىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن قىسقارتىلغان شەرتلىك بەلگىلەر ئارقىلىق هەرقايسى ۋارىيانتلارنىڭ تىل ۋە دۆلەت تەۋەلىكى كۆرسىتىلىدۇ ھەمدە تەرتىپكە تۇرغۇزۇلىدۇ . مەسىلەن ، $GG_5$ دېگەن بەلگە گېرمان تىلىدىكى ، گېرمانىيىدە تارقالغان چۆچەك ، بىر گورۇپپا ماتېرىيال ئىچىدىكى 5 ـ نومۇرلۇق ماتېرىيال دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ . $CS_2$ دېگەن بەلگىدىكى «C» ئىنگلىز تىلى ، «S» شوتلاندىيە ، «2» بىر گورۇپپا ماتېرىياللار ئىچىدىكى 2 ـ نومۇرلۇق ماتېرىيال دېگەننى

بىلدۈرىدۇ . ئەينى بىر چۆچەكنىڭ نۇرغۇن دۆلەت ۋە رايونلاردىن تويلانغان نەچچە يۈز نۇسخىلىرى مانا مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا رەتلىنىۋېلىنىدۇ .

ئىككىنچى قەدەمدە بارلىق نۇسخىلارنىڭ ۋەقەلىك ئېلېمېنتلىرى تەھلىل قىلىنىپ ، ۋەقەلىكى ئوخشايدىغان ۋە ئوخشاپراق كېتىدىغان نۇسخىلار بىرلەشتۈرۈلۈپ ، مۇشۇ چۆچەكنىڭ بىرنەچچە ئاساسىي نۇسخىلىرى ھاسىل قىلىنىدۇ ۋە ئۇلار «كېيىنكى تىپلار» دەپ قارىلىدۇ .

ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ كېيىنكى تىپلار مۇئەييەن تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك ئارقا كۆرۈنۈش ئىچىگە قويۇلۇپ ، تىل يۆنىلىشلىك تارىخىي ئۆزگىرىش جەريانلىرىدىن چۆچەكنىڭ ئەسلىي تىپى قۇراشتۇرۇلۇپ چىقىلىدۇ ، توغرا يۆنىلىشلىك جۇغراپىيىلىك تارقىلىش جەريانلىرىدىن چۆچەكنىڭ پەيدا بولغان جايى ئېنىقلاپ چىقىلىدۇ . مەسىلەن ، ئەگەر بىر چۆچەكنىڭ كېيىنكى تىپلىرى ئىچىدىكى مەلۇم نۇسخىلىرى چۆچەكنىڭ ئىپتىدائىي ھالەتلىرىنى بىرقەدەر كۆپ ساقلىغان بولسا ، بۇ نۇسخىلار مۇشۇ چۆچەكنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئاساسىي ۋەقەلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسا ھەمدە ئۇلارنىڭ باشقا نۇسخىلارنى (ۋارىيانتلارنى) پەيدا قىلىش مۇمكىنچىلىكى بولسا ، ئۇنداقتا بۇ نۇسخىلار چۆچەكنىڭ ئەسلىي تىپىغا يېقىنلاشقان بولىدۇ . ئەڭ ئاخىرىدا مانا شۇ ئەسلىي تىپقا يېقىن دەپ قارالغان كېيىنكى تىپلارنىڭ ۋەقەلىك ئېلېمېنتلىرى بىرلەشتۈرۈلۈش ئارقىلىق بۇ چۆچەكنىڭ ئەسلىي تىپى قۇراشتۇرۇلۇپ چىقىلىدۇ .

«ئەسلىي تىپ» نى قۇراشتۇرۇپ چىقىش تارىخ ــ جۇغراپىيىلىك تەتقىقات ئۇسۇلىنىڭ ئاچقۇچىدۇر . بۇ خىزمەت ئورۇندالغاندىن كېيىن ، مانا شۇ بىز ئېرىشكەن ئەسلىي تىپنى ئاساس قىلىپ ، بۇ چۆچەكنىڭ ھەرقايسى مىللەت ۋە رايونلاردا تارقالغان ھەر خىل ۋارىيانتلىرىنى ئەسلىي تىپقا سېلىشتۇرۇپ مۇھاكىمە يۈرگۈزسەك ، بۇ چۆچەكنىڭ ئوخشاشمىغان زامان ۋە ماكاندا تارقىلىش جەريانىدىكى ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ چىقالايمىز . شۇنىڭ بىلەن بۇ چۆچەكنىڭ ھايات تارىخىنى بىلىۋالالايمىز .

ئالىملارنىڭ يۇقىرىقىدەك ئۇسۇل بىلەن ئېلىپ بارغان تەتقىقاتى

ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى . چۆچەكشۇناسلار بىر - ئىككى چۆچەكنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئىنتايىن نۇرغۇن قان - تەرىنى سەرپ قىلدى . بۇنىڭ ئىچىدە ئاندىرسېننىڭ «پادىشاھ ۋە ئېپىسكوپ» ناملىق چۆچەكنىڭ 600 نەچچە ۋارىيانتى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتى ، بىروۋېننىڭ «ئەجدىھا بىلەن ئېلىشقان باتۇر» ناملىق چۆچەكنىڭ 360 ۋارىيانتى ۋە «ئاكا - ئۇكا» ناملىق چۆچەكنىڭ 600 نەچچە ۋارىيانتى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتى ، تومپسوننىڭ ئىندىئانلار ئىچىدە تارقالغان «يۇلتۇز ئەر» ناملىق چۆچەكنىڭ 86 ۋارىيانتى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتى ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان (28 - ماتېرىيال 51 — 53 - بەتلەر) .

تارىخ - جۇغراپىيە ئېقىمىنىڭ تەتقىقات خادىملىرى چۆچەكلەرنى تىپلارغا ئايرىپ ، ئۇنىڭ ھايات تارىخىنى ئېنىقلاپ چىقىش ۋە ئۇنىڭ تارقىلىش جەريانىدىكى ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەنلا قالمىدى ، بەلكى ئۇلار يەنە ئۆزلىرىنىڭ تىپ تەتقىقاتى ئاساسىدا بىز يۇقىرىدا تىلغان ئالغان «خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تىپ ئىندېكسى» نى تۈزۈپ چىقتى . بۇ «ئىندېكس» ئۇلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلغان ۋە سىستېمىلاشتۇرۇلغان كۆرۈنۈشىدۇر ، شۇنداقلا فولكلور ۋە چۆچەكشۇناسلىق تەتقىقاتىغا قوشقان ئەڭ چوڭ تۆھپىسىدۇر .

ئارنې ئىشلىگەن ، تومپسون تولۇقلىغان «خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تىپ ئىندېكسى» دە دۇنيا چۆچەكلىرى چوڭ - كىچىك تۈرلەرگە بۆلۈنۈپ ، ئۇلارنىڭ نەچچە مىڭ تىپلىرى كۆرسىتىلگەن ، ھەربىر تىپنىڭ ئېپىزودلۇق ۋەقەلىكلىرى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان . شۇنداقلا بۇ تىپلارنىڭ ھەرقايسى رايونلاردىكى ۋارىيانتلىرى كۆرسىتىلىپ ، دۇنيا ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتى ئۈچۈن ئىنتايىن قولايلىق يارىتىپ بېرىلگەن .

چۆچەكشۇناسلىق تەتقىقاتى باشلىنىش بىلەنلا ، كىشىلەر شۇنى ھېس قىلدىكى ، ھەربىر دۆلەتتە توپلانغان چۆچەكلەر نەچچە مىڭ ھەتتا نەچچە ئون مىڭ بولۇپ ، دۇنيا مىقياسى نۇقتىسىدىن ئالغاندا ئۇنىڭ سانىنى ئېنىقلاپ چىققىلى بولمايدۇ . ئەمما ، چۆچەكلەرنىڭ ۋەقەلىكى ۋە تىپى ئۇنچىۋالا كۆپ ئەمەس . بىز شۇنى روشەن ھېس قىلىمىزكى ،

بىر چۆچەك ئوخشاشمىغان دۆلەت ۋە ئوخشاشمىغان رايونلاردا ئوخشاش
تارقالغان بولىدۇ . ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ۋەقەلىك
تىپلىرىنىڭ سانى ئىنتايىن چەكلىك بولىدۇ . نۇرغۇن چۆچەكلەر ئەمە-
لىيەتتە مەلۇم بىر ئوخشاش ۋەقەلىكنىڭ ئۆزگەرگەن ۋارىيانتلىرىدىنلا
ئىبارەت ، خالاس . بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغان-
دا ، بىر مىللەت ئىچىدە تارقالغان چۆچەكلەرنىڭ ئەڭ ئاز دېگەندە
ئۈچتىن بىر قىسمى خەلقئارا چۆچەكلەرگە مەنسۇپ . كىشىلەر شۇنى
ئېنىق ھېس قىلماقتىكى ، بەزى چۆچەكلەر ئاسىيا ۋە ياۋروپا چوڭ
قۇرۇقلۇقىدىلا كەڭ تارقىلىپ قالماستىن ، بەلكى پۈتۈن دۇنيادىكى
ھەممە مىللەتلەردە دېگۈدەك ئۇنىڭ ۋارىيانتلىرىنى تېپىش مۇمكىن .
شۇڭا ، چۆچەكلەرنىڭ ماھىيىتىنى تونۇۋېلىش ئۈچۈن . چۆچەكلەرنىڭ
پەيدا بولۇش ، ئۆزگىرىش ۋە تارقىلىش قانۇنىيىتىنى ئىگىلىۋېلىش
ئۈچۈن ، زور تۈركۈمدىكى چۆچەك ۋارىيانتلىرى ئۈستىدە ھەر خىل
نۇقتىدىن تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك ، ماكرولۇق ۋە مىكرولۇق سې-
لىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بارماي بولمايدۇ . مەيلى بىر چۆچەك ياكى
بىرنەچچە چۆچەكنى تەتقىق قىلماقچى بولىدىكەنمىز ، مەيلى بىر را-
يون ، بىر مىللەت ۋە بىر دۆلەتنىڭ چۆچەكلىرىنى ياكى بىرنەچچە
مىللەت ۋە پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدىكى چۆچەكلەرنى تەتقىق قىلماقچى
بولىدىكەنمىز ، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە چۆچەكلەرنىڭ قانداق پەيدا بول-
غانلىقىنى ۋە تارقىلىش جەريانىدا قانداق تارىخىي - جۇغراپىيىلىك
ئامىللارغا ئىگە بولغانلىقىنى چوقۇم ئىگىلەشكە توغرا كېلىدۇ (63-
ماتېرىيال ) . كەڭ دائىرىدىكى مىللەت ۋە دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى
كۆپ تەرەپلىك سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ، مەلۇم
چۆچەكنىڭ ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئەھۋالىنى ۋە ئۆزئارا باغلىنىشى-
نى ئىگىلەشكە توغرا كېلىدۇ . ئىلىم - پەن تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلى-
شىشىغا ئەگىشىپ ، دۇنيا فولكلورشۇناسلىرى يېرىم ئەسىردىن كۆپ-
رەك ۋاقىتتىن بېرى تارىخ - جۇغراپىيىلىك تەتقىقات ئۇسۇلىدىن
پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە نۇرغۇن چۆچەك ماتېرى-
ياللىرىنى توپلاپ ، ئۇلار ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بې-
رىپ ، ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى . بىز بۇ يەردە ئېي-
تىۋاتقان «خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تىپ ئىندېكسى» دەل ئەنە شۇ ھەر-

قايسى ئەل ئالىملىرىنىڭ خەلق چۆچەكلىرى ئۈستىدە كەڭ تۈردە سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بارغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. شۇڭا، ئۇ فولكلورشۇناسلارنىڭ چۆچەك تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشىدىكى مۇ- ھىم قورال كىتابى ۋە نەزەرىيىۋى يېتەكچىسى. ئۇ بىزنى پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنتايىن مول چۆچەك ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەپ بېرى- دۇ. ئۇ ھەربىر چۆچەكنىڭ تىپىنى كۆرسىتىپ بېرىپلا قالماي، يەنە بۇ خىل تىپقا تەۋە چۆچەكلەرنىڭ ۋارىيانتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ بېرى- دۇ.

مېنىڭ قارىشىمچە، تارىخ ـ جۇغراپىيىلىك تەتقىقات ئۇسۇلىنىڭ ئەھمىيىتىنى تۆۋەندىكى تەرەپلەرگە يىغىنچاقلاپ كۆرسىتىشكە بولى- دۇ:

1. ئۇ پۈتكۈل دۇنيا مىقياسىدا تارقىلىپ يۈرگەن چۆچەكلەرنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ، يەنى بىز بۇ خىل تەتقىقات نەتىجىسى ئارقىلىق چۆچەكلەرنىڭ دۇنياۋى تارقىلىش ئورنى- نى خەرىتىلىك كۆرۈنۈش بىلەن كۆزىتەلەيمىز.

2. ھەرقايسى مىللەت خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن چۆچەكلەرنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى كۆرۈۋالالايدۇ. مەلۇم بىر چۆچەكنىڭ يىلتىزىنى، ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي ھالىتىنى ۋە كېلىش مەنبەسىنى ئېنىقلىۋالالايدۇ.

3. چۆچەك تەتقىقاتچىلىرىغا ئىنتايىن چوڭ قۇلايلىق يارىتىپ بېرىپ، چۆچەك تەتقىقاتىدىكى تەكرارلىق ۋە بىر تەرەپلىمە ئىزاھلاش- لارنىڭ ئالدىنى ئالالايدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ بىھۇدە ئەمگەكلىرىنى قىسقارتىپ، ئۇلارنىڭ كۈچى ۋە نەتىجىلىرىنى بىرلەشتۈرەلەيدۇ.

4. فولكلور ۋە ئانتروپولوگىيە تەتقىقاتچىلىرىنى مۆلچەرلىگۈ- سىز قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. تەتقىقاتچىلار چۆچەك- لەرنىڭ پەيدا بولۇش ۋە تارقىلىش جەريانلىرىدىن ئۇنىڭ ھەرقايسى رايون ۋە مىللەتلەر ئىچىدىكى پەرقلىرىدىن دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ پەيدا بولۇش ۋە تارقىلىش ھالىتىنى ئېنىقلاپ چىقالايدۇ. دۇنيادا ئېقىپ يۈرگەن چۆچەكلەرنىڭ موتىفلىرىدىن بىر خىل مەدەنىيەت خېمىرتۇ- رۇچىنىڭ ئوخشاشمىغان زامان ۋە ماكاندا قانداق مەدەنىيەت ھادىسىلى- رىنى پەيدا قىلغانلىقىنى كۆرەلەيدۇ.

«چۆچەكلەرنىڭ تىپ ئىندېكسى» كەشىپ قىلىنغاندىن كېيىن ھەرقايسى ئەل ئالىملىرى مۇشۇ قوللانمىدىن پايدىلىنىپ ئۆز دۆلىتى ۋە ئۆز مىللىتى چۆچەكلىرىنىڭ تىپ ئىندېكسىنى تۈزۈپ چىقتى. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ھازىرغىچە 40 قا يېقىن دۆلەت ۋە رايوننىڭ ئىندېكسى تۈزۈپ چىقىلغان.

ئارنېنىڭ ئىندېكس تۈزۈش ئۇسۇلى بويىچە ئۆز مىللىتىنىڭ چۆچەكلىرىنى تەتقىق قىلىپ، دەسلەپكى قەدەمدە زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن ئالىملارنىڭ بىرى رۇس ئالىمى ن • ئا • ئاندرىيېفتۇر. ئۇنىڭ 1929 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «ئارنې سىستېمىسى بويىچە چۆچەكلەرنىڭ سۇژېت كۆرسەتكۈچى» (64 ـ ماتېرىيال) ناملىق كىتابى ئەنە شۇ تەتقىقاتنىڭ نەتىجىسى. ئاندرىيېف رۇس چۆچەكلىرىدىن 2136 نى توپلاپ، ئۇلارنى 915 تىپقا يىغىنچاقلىغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ تىپلارنى ئارنې تۈزگەن ئىندېكسكە سېلىشتۇرۇپ چىققان. نەتىجىدە بۇ تىپلاردىن 613 تىپ ئارنېنىڭ ئىندېكسىدىكى تىپلار بىلەن ئوخشاش بولۇپ چىققان. قالغان 302 تىپ باشقا خەلقلەر ئارىسىدا يوق، پەقەت رۇس خەلقى ئىچىدىلا تارقالغان چۆچەك دەپ قارالغان.

جۇڭگو چۆچەكلىرىنى «AT تۈرگە بۆلۈش ئۇسۇلى» بويىچە تىپلارغا ئايرىش خىزمىتى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىلا باشلاندى. بىرىنچى قېتىم گېرمانىيە ئالىمى ئېبېرخارد تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «جۇڭگو چۆچەكلىرىنىڭ تىپلىرى» ناملىق كىتاب 1937 ـ يىلى گېرمان تىلىدا نەشر قىلىنىدى (1999 ـ يىلى دۆلىتىمىزدە خەنزۇ تىلىدىكى تەرجىمىسى نەشر قىلىنىدى). ئاپتور 3000 پارچە جۇڭگو چۆچەكلىرىنى توپلاپ، ئۇنى 300 تىپقا يىغىنچاقلاپ، تۇنجى قېتىم جۇڭگو چۆچەكلىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى دۇنياغا نامايان قىلدى (65 ـ ماتېرىيال 32 ـ بەت). ئىككىنچى قېتىم، ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇق ئالىم دىڭ نەيتۇڭ 1978 ـ يىلى «جۇڭگو چۆچەكلىرىنىڭ تىپ ئىندېكسى» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇردى (1986 ـ يىل خەنزۇ تىلىدىكى نۇسخىسى نەشر قىلىنىدى). ئۇ جۇڭگو چۆچەكلىرىدىن 7300 دىن ئارتۇقراقىنى تاللىۋېلىپ، ئۇلارنى 843 تىپقا يىغىنچاقلاپ چىقتى. دىڭ نەيتۇڭ جۇڭگو چۆچەكلىرىنى AT

سىستېمىسى بويىچە تۈرلەرگە ئايرىدى ۋە خەلقئارادا بىرلىككە كەلگەن چۆچەك نومۇرلىرىنى قوللاندى. ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ چۆچەك تەتقىقا-تىنى خەلقئارالىق تەتقىقات دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، خەلقئارالىق سې-لىشتۇرما تەتقىقات ئۈچۈن قۇلايلىق يارىتىپ بەردى (66 ـ ماتېرى-يال). ئۈچىنچى قېتىم تەيۋەنلىك ئالىم جىن رۇڭخۇانىڭ «جۇڭگو چۆچەك تۇپلاملىرىنىڭ تىپ ئىندېكسى» ناملىق كىتابى 2000 ـ يىل نەشر قىلىندى. بۇ كىتابتا 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن كېيىن ئېلىمىزدە نەشر قىلىنغان «چۆچەك تۇپلاملىرى» ئوبيېكت قىلىنغان بولۇپ، ئاپتور دىڭ نەيتۇڭنىڭ ئىندېكسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپلا قالماي، جۇڭگو چۆچەكلىرىنىڭ بارلىق تىپلىرىغا باشقىدىن نام قويۇپ چىقتى ۋە ئۇلارنىڭ مەزمۇنىنى قىسقىچە تونۇشتۇردى، شۇنداقلا نەچچە ئون يېڭى تىپنى تېپىپ چىقتى (65 ـ ماتېرىيال 32 ـ بەت).

## 2. ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ تىپ ۋە موتىفلىرى ھەققىدە چۈشەنچە

ھازىرغىچە توپلانغان خىلمۇخىل ۋە رەڭگارەڭ چۆچەك ماتېرىيال-لىرىنى رەتلەپ چىقىش، ئۇلارنى تىپلارغا يىغىنچاقلاش ۋە ھەرقايسى تىپلارغا ئورتاق بولغان سۈژىتلارنى كۆرسىتىپ بېرىش ئىنتايىن زۆ-رۈر خىزمەتتۇر. مۇشۇ خىزمەت ئورۇندالغاندىلا تەتقىقاتچىلار ئۆزلى-رى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ماتېرىياللارنى ئاسانلا تاللىۋالالايدۇ. شۇڭا، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ سېھىرلىك چۆچەكلىرىنى تىپ ۋە موتىفلارغا ئاجرىتىشتىن ئىبارەت قىيىن ۋە مۇرەككەپ خىزمەتنى ئۈستىمىزگە ئالدۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن تىپ ۋە موتىف ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئامېرىكىلىق فولكلورشۇناس تومپسون مۇنداق دەيدۇ: «خەلق ھېكايىلىرىنى سىستېمىلىق ھالدا تۈرگە ئايرىشتا تىپ بىلەن موتىفنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈش زۆرۈر. چۈنكى، بۇ ئىككى جەھەتتىكى تۈرگە ئايرىش ئەمەلىيەتتە بىر ـ بىرىگە ئوخشمايدۇ» (15 ـ ماتېرىيال 498 ـ بەت). ئۇنداق بولسا تىپ بىلەن موتىفنىڭ پەرقى نېمە؟ بىز يەنە تومپسوننىڭ بۇ ھەقتىكى بايانلىرىنى كۆرۈپ باقايلى: «بىر تىپ

دىگىنىمىز ، مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بىر ئەنئەنىۋى چۆچەكتۇر . ئۇنى مۇكەممەل بىر پروزا ئەسىرى سۈپىتىدە بايان قىلىنىشقا بولىدۇ . بىر تىپ بولالايدىغان چۆچەك باشقا ھەرقانداق چۆچەككە بېقىنمايدۇ . ئەلۋەتتە ، ئۇ تاسادىپىي ھالدا باشقا بىر چۆچەك بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ سۆزلىنىشى مۇمكىن . بىراق ، ئۇنىڭ يەككە ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ پاكىت ئۇنىڭ مۇستەقىللىق خاراكتېرىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ . بىر تىپ پەقەت بىرلا موتىفتىن تۈزۈلۈشى مۇمكىن ، شۇنداقلا بىرنەچچە موتىفنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلۈشىمۇ مۇمكىن . كۆپ سانلىق ھايۋانات چۆچەكلىرى ۋە لەتىپىلەر بىرلا موتىفتىن تۈزۈلگەن تىپلاردۇر . ھەقىقىي سىھىرلىك چۆچەكلەر بولسا (مەسىلەن ، ‹كۇل قىز › ۋە ‹قار مەلىكە › )نۇرغۇن موتىفلاردىن تۈزۈلگەن تىپلاردۇر » (15 ـ ماتېرىيال 499 ـ بەت ) . مەملىكىتىمىزنىڭ داڭلىق چۆچەكشۇناسى ليۇ شۇخۋا مۇنداق دەيدۇ : «موتىف بىلەن تىپ ئىككىسى ئىككى ئۇقۇم . موتىف دىگىنىمىز ، چۆچەكلەردىكى ئەڭ كىچىك پروزىلىق ئېلېمېنت . ئۇ بىر ئوبراز بولۇشىمۇ ، بىر سۇژېت بولۇشىمۇ ياكى ئالاھىدە ئارقا كۆرۈنۈش بولۇشىمۇ مۇمكىن . تىپ دىگىنىمىز ، بىر مۇكەممەل چۆچەكتۇر . تىپ بىرنەچچە موتىفنىڭ مەلۇم تەرتىپ بويىچە بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن ، ئۇ ‹موتىفلار بىرىكمىسى › ياكى ‹موتىفلار زەنجىرى › دىن ئىبارەت . موتىفلار مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپمۇ تۇرالايدۇ . ئۇ بىر موتىفلار زەنجىرىدىن ئاجراپ چىقىپ ، بەلگىلىك تەرتىپ بويىچە باشقا موتىفلار بىلەن بىرىكىپ يەنە بىر چۆچەك تىپىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشىمۇ مۇمكىن . چۆچەكلەرنى موتىفلىق ئانالىز قىلىش مۇمكىن بولغاچقا ، تارىخ ـ جۇغراپىيە ئېقىمىدىكىلەر خەلق چۆچەكلىرىدىكى ‹ئۆزگىرىشچان › ۋە ‹ئۆزگەرمەس › ئامىللارنى بىر ـ بىرىدىن ئاجرىتىپ چىقىپ ، چۆچەكلەرنىڭ ئەسلىي تىپىنى تېپىپ چىقالىغان . شۇڭا ، موتىفلىق ئانالىز ئۇسۇلى چۆچەكلەر ئۈستىدە تارىخ ـ جۇغراپىيىلىك سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنىڭ ئاساسىي قورالىدۇر » (28 ـ ماتېرىيال 83 ـ بەت ) .

فولكلورشۇناس لىيۇ كۈيلى مۇنداق دەيدۇ : «ئاتالمىش موتىف سۇژېتقا سېلىشتۇرۇپ ئېيتىلغان سۆز . سۇژېت بىرنەچچە موتىفنىڭ

بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ ياكى بىر يۈرۈش نىسبەتەن مۇقىم بولغان موتىفلار تەرتىپى بىر ئەسەرنىڭ سۈژىت مەزمۇنىنى بەلگىلەيدۇ . نۇرغۇن موتىفلارنىڭ ئالمىشىشى ۋە موتىفلارنىڭ يېڭى تەرتىپتىكى بىرىكمىسى يېڭى بىر پارچە ئەسەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن ، ھەتتا ئەسەرنىڭ ژانىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىشى مۇمكىن . موتىف دېگىنىمىز ، خەلق چۆچەكلىرى ، ئەپسانە ، ئېپوس قاتارلىق ئېپىك ژانىردىكى ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنىنى بايان قىلىدىغان ئەڭ كىچىك بىرلىك . ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ، ئۇنىڭ سۈژىتىدىكى موتىفلار ئۈستىدە ئانالىز ئېلىپ بارماي بولمايدۇ ، سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۈچۈن ئالغاندا ، موتىف سۈژىتقا قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ خەلقئارالىق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ » (63 ـ ماتېرىيال ) .

ئالىملارنىڭ يۇقىرىقى بايانلىرىدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىش مۇمكىنكى ، تىپ دېگىنىمىز ، مۇستەقىل بىر پارچە چۆچەكتۇر . ئەلۋەتتە ، بىر تىپنىڭ خىلمۇخىل ۋارىيانتى بولىدۇ . لېكىن ، بۇ ۋارىيانتلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ تىپنىڭ ئورتاق ئاساسىي سۈژىتىغا بېقىنىدىغان بولىدۇ . ئەمدى موتىفقا كەلسەك ، ئۇ مەلۇم بىر تىپ (چۆچەك ) نىڭ ئىچىدىكى ۋەقەلىك ئېلېمېنتىدۇر . بەزىدە يالغۇز بىر موتىف بىر قىسقا چۆچەكنى پەيدا قىلىدۇ . ئەمما ، كۆپىنچە چۆچەكلەر ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق موتىفلارنىڭ بىرىكمىسىدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ . موتىف نىسبەتەن ئەركىن تەركىب بولۇپ ، ئۇ خالىغان چۆچەكلەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ ، ئۇنىڭدىكى باشقا موتىفلار بىلەن بىرىكەلەيدۇ . ھەر خىل چۆچەكلەردىن ئاجراپ چىققان بىرنەچچە موتىف ئۆزئارا بىرىكىپ ، يېڭى بىر چۆچەكنى پەيدا قىلالايدۇ . شۇڭا ، موتىف كۆپ تەكرارلىنىدىغان ، ئۇزۇن تارىخىي ئەنئەنىگە ئىگە بولغان ، بىر خىل مەدەنىيەت ئامىلىنى ئۆزىگە يۇغۇرۇۋالغان تەركىبتۇر . ئۇ كەڭ تارقىلىپ ، ھەرقايسى مىللەت چۆچەكلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ئۈچۈن ئورتاق «خېمىرتۇرۇچ» لۇق رول ئوينايدۇ . بۇ ھەقتە گرىم مۇنداق دېگەنىدى : «بۇ خىل ئورتاق مەنبە بىر قۇدۇققا ئوخشايدۇ . بۇ قۇدۇقنىڭ قانچىلىك چوڭقۇرلۇقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ . بىراق ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئۇنىڭ سۈيىدىن پايدىلىنىدۇ» (15 ـ

ماتېرىيال 440 ـ بەت ) .

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك ، چۆچەكلەرنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تىپ
ۋە موتىفلارغا ئاجرىتىش خىزمىتى ئەڭ دەسلەپ فىنلاندىيە ئالىمى
كارل كروخن تەرىپىدىن باشلاندى . ئۇ «مەلۇم رايوندىكى خەلق چۆ-
چەكلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك شەرھلەش ئۈچۈن ، كەڭ دائىرىدىكى خەلق
چۆچەكلىرىنى تۈرگە بۆلۈش بىرىنچى ئورۇندىكى مۇھىم خىزمەت
ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدى» (15 ـ ماتېرىيال 500 ـ بەت ) . كارل
كروخن شۇنداق ھېسابلىدى : «خەلق چۆچەكلىرىنىڭ بىر پۈتۈن ھال-
دىكى مەنبەسى ۋە ھەقىقىي تارىخىي ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ چىقىشتا ،
ھەربىر چۆچەكنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇنىڭ كۆپ خىل ۋارىيانتى
ئاساسىدا مەخسۇس تەتقىق قىلىشتىن باشقا ئامال يوق . پەقەت شۇنداق
قىلغاندىلا ھەقىقەتنى توغرا بىلىشكە يېقىنلاشقىلى بولىدۇ» (15 ـ
ماتېرىيال 476 ـ بەت ) .

ئۆز ۋاقتىدا ئارنېمۇ مۇنداق دېگەنىدى : «مول ۋە خىلمۇخىل
خەلق چۆچەكلىرىنى ئوخشاشمىغان تىپلار بويىچە رەتلەپ چىقىش ۋە
ئۇلارنى تەرتىپلىك ، ئېنىق ، بىر پۈتۈنلۈك ئىچىدە بىرلەشتۈرۈش
ئۇسۇلىدىن باشقا ، ھازىرغىچە ھېچقانداق سىستېمىلىق ئۇسۇل مەيدانغا
كەلگىنى يوق . شۇڭا ، بىز چۆچەكلەرنىڭ تىپىدىن ئىبارەت مۇشۇنداق
بىر خىل ئىندېكسقا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمىز . بىر ئومۇملۇققا
ئىگە بولغان چۆچەكلەرنىڭ تۈر سىستېمىسى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە
ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كېلىشى كېرەك . بۇ خىل
زۆرۈرىيەتنى ئۆزۈن مەزگىلدىن بېرى كىشىلەر ھېس قىلىپ كەلمەك-
تە . ھەقىقەتەن چۆچەكلەرنى رەتكە تۇرغۇزۇش ۋە تۈرلەر بويىچە
يىغىنچاقلاش ئىنتايىن مۇھىم . بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ئەمەلىيەتتە
كۆرۈلىدۇ . ئەگەر ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان شۇنچىۋالا كۆپ چۆچەك
توپلاملىرى بىرلىككە كەلگەن تۈر سىستېمىسى بويىچە رەتلەپ چىقىل-
سا ، چۆچەكلەرنى تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ خىزمىتىگە ئىنتايىن زور
قولايلىق يارىتىلغان بولاتتى . ئەگەر شۇنداق قىلىنسا ، ئالىملار ئۆزىگە
كېرەكلىك بولغان ماتېرىيالنى ناھايىتى ئاسانلا تېپىۋالغان بولاتتى .
ئەپسۇسكى ، ھازىر ئۇلار ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان چۆچەكنى بىلمەك-
چى بولسا ، پۈتۈن توپلاملارنىڭ ھەممىسىنى ئاختۇرۇپ چىقىشقا مەج-

بۇر بولۇۋاتىدۇ. چۈنكى، بۇ توپلاملاردىكى چۆچەكلەرنى ھەربىر مۇ-ھەررىر ئۆزىنىڭ كۆزقارىشى بويىچە رەتكە تۇرغۇزغان، بىر تىپقا تەۋە ياكى ئۆزئارا يېقىن كېلىدىغان چۆچەكلەر داۋاملىق ھەر خىل كىتاب-لارغا چېچىۋېتىلگەن. ئەگەر نۆۋەتتە فولكلورشۇناسلار چۆچەكلەرنى تىپلار بويىچە تۈرلەرگە ئايرىش خىزمىتىنى ئىشلەپ چىقسا، شۇنداقلا ئۇنى بۇندىن كېيىنكى چۆچەك توپلاملىرىنى تۈزۈش ۋە تەتقىق قىلىشتا قوللانسا، بۇ خىل تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى كەڭ تۈردە قوبۇل قىلىن-غان، ماتېرىيالنى توپلاش خىزمىتىمۇ ئىنتايىن ئاسانلاشقان بولاتتى» (15 ـ ماتېرىيال 500 ـ، 501 ـ بەتلەر).

ئارنىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى كېيىنكى فولكلورشۇناسلار تەرى-پىدىن ئاستا ـ ئاستا ئەمەلگە ئېشىشقا باشلىدى.

دېمەك، بىر رايون ياكى بىر مىللەتنىڭ چۆچەكلىرىنى سىستې-مىلىق تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، ئىشنى ئالدى بىلەن «تىپ ئىندېكسى» تۈزۈشتىن باشلاپ، ئۆز رايونى ياكى ئۆز مىللىتى ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن چۆچەكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك رەتلەپ، تىپلارغا ئايرىپ چىقىش ۋە بۇلارنى خەلقئارا تىپلار بىلەن سېلىشتۇرۇش كې-رەك. چۈنكى، خۇددى تومپسون ئېيتقاندەك، «تەتقىقاتچىلارنى مەلۇم بىر رايونغا ئورتاق بولغان نۇرغۇن چۆچەك خەزىنىسى بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، تىپ ئىندېكسى تۈزۈش ئىنتايىن مۇھىم. ئەمدى موتىف ئىندېكسى تۈزۈشنىڭ پايدىسى شۇكى، ئۇ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلى-رىدىكى چۆچەكلەرنىڭ ئوخشاش ياكى ئوخشاپراق كېتىدىغان تەركىب-لىرىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، تەتقىقات ئۈچۈن قۇلايلىق يارىتىپ بېرى-دۇ. تىپ ئىندېكسى بىر تىپنىڭ بارلىق نۇسخىلىرى بىر ئورتاق مەنبە مۇناسىۋىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ» (15 ـ ماتې-رىيال 499 ـ بەت).

«موتىف ۋە تىپلىق ئاتالغۇ ھەرگىزمۇ شەكىلۋازلىق ئەمەس. ئۇ بىر خىل تەتقىقات مېتودىكىسى ۋە ۋاسىتىسى. ئىشنى موتىف ۋە تىپتىن باشلىغاندىلا، ئاندىن ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى بىلىشكە بولىدۇ، شۇنداقلا ئەسەرنىڭ بەدىئىي شەكىل ئۇسلۇبىنى ئىگىلەشكە بولىدۇ. مۇشۇ خىل تەكشۈرۈش ئارقىلىق يەنە مەدەنىيەتنىڭ ئالمىشىش ۋە تارقىلىش يوللىرىنى ئېنىقلاشقا بولىدۇ» (28 ـ ماتېرىيال 89 ـ

www.uyghurkitap.com

بەت ) .

چۆچەكلەرنى تىپلارغا ئايرىپ ، ئۇنىڭ ئىندېكسىنى تۈزۈش خىز-
مىتى ئەنە شۇنداق مۇھىم بولغاچقا ، جيا جى دىڭ نەيتۇڭنىڭ «جۇڭگو
چۆچەكلىرىنىڭ تىپ ئىندېكسى» ناملىق ئەمگىكىگە يۇقىرى باھا بې-
رىپ مۇنداق دەيدۇ : «ئۇ تەلەپچان ئۆگىنىش پوزىتسىيىسى بىلەن
ئىنچىكە تەتقىق قىلىش ، سېلىشتۇرۇش ۋە تاللاش ئارقىلىق كىشىنىڭ
زوقىنى قوزغايدىغان بىر قورال كىتابنى يېزىپ چىققان . بۇ كىتاب
مەملىكىتىمىز ئالىملىرىنى دۇنيا چۆچەكلىرىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق
قىلىشقا يېتەكلەيدىغان كۆۋرۈك ، چەت ئەل ئالىملىرىنى جۇڭگو چۆ-
چەكلىرىنىڭ خەزىنىسىگە باشلاپ كىرىدىغان دەرۋازا ھېسابلىنىدۇ»
(67 ـ ماتېرىيال ) .

نۆۋەتتە بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى مۇھىم خىزمەتلەرنىڭ بىرى دەل
ئەنە شۇ ھازىرغىچە توپلانغان ۋە نەشر قىلىنغان مول ئۇيغۇر چۆچەكلە-
رىنى رەتلەش ۋە ئۇلارنى تىپلارغا ئايرىش خىزمىتىدۇر . بۇ خىزمەت
ئىشلەنگەندىلا ئاندىن ئالىملار ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنى ئوڭۇشلۇق
تەتقىق قىلالايدۇ .

بىز مانا شۇنداق زۆرۈرىيەتتە ئۇيغۇر چۆچەكلىرىنىڭ مۇھىم بىر
تۈرى بولغان سېھىرلىك چۆچەكلەرنى تىپ ۋە موتىفلارغا ئايرىش
خىزمىتىنى ئىشلىدۇق . بىز ئۆزىمىزگە كېرەكلىك ماتېرىياللارنى 27
چۆچەك توپلىمىدىن ئالدۇق . مەزكۇر 27 توپلامغا كىرگۈزۈلگەن
ئومۇمىي چۆچەك سانى (تەكرار كىرگۈزۈلۈپ قالغان چۆچەكلەرنى
ھېسابقا ئالمىغاندا ) 858 بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە 309 سېھىرلىك
چۆچەك بار (كىتابىمىزنىڭ بېشىدىكى «مۇھاكىمە قىلىنىدىغان چۆ-
چەكلەر تىزىملىكى» گە قاراڭ ) . مانا شۇ 309 سېھىرلىك چۆچەك
ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تىپ ۋە موتىفلىرىنى ھاسىل قىلىشى-
مىزنىڭ ئاساسى بولدى .

بىز پايدىلانغان چۆچەك ماتېرىياللىرىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1979 ـ يىلدىن 2000 ـ يىلغى-
چە نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» نىڭ 20 توپلىمى
تەشكىل قىلىدۇ . بىزنىڭ قارىشىمىزچە 20 قىسىملىق بۇ توپلام
ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى بىرقەدەر تولۇق

گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ . بىراق ، ئۇ يەنىلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى-نىڭ توپلاش ۋە رەتلەش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلالمىغان . مەسىلەن ، بۇ توپلاملارنى نەشرگە تەييارلىغۇچىلارنىڭ ئىسمى يېزىلغاندىن باشقا ، نۇرغۇن چۆچەكلەرنىڭ رەتلىگۈچى ۋە ئېيتىپ بەرگۈچىلىرى يېزىلمى-غان . يېزىلغانلىرىنىڭمۇ سالاھىيىتى ۋە يۇرت - ماكانى نامەلۇم . بۇ خىل ھادىسە كىشىلەردە مەزكۇر توپلامدىكى چۆچەكلەرنىڭ چىنلىقىغا نىسبەتەن گۇمان پەيدا قىلىپ قويىدۇ . يەنە بىر تەرەپتىن ، بۇ چۆچەك-لەرنى نەشرگە تەييارلىغۇچىلار ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتمىغان . ئۇ-نىڭ 1 - ۋە 2 - قىسىمدىكى چۆچەكلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە تىلى خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ئەسلىي ئالاھىدىلىكىگە سادىق بولغان ھالدا رەتلەنگەن-دىن باشقا ، قالغان توپلامدىكى ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇنداق ياكى مۇنداق مەسىلىلەر ساقلانغان . بەزى چۆچەكلەر خەلق تىلىدىن كۆپ يىراقلىشىپ ، جۈملىلىرى مۇرەككەپ ، بايانلىرى ۋە پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگلىرى پاساھەتلىك يازما ئەدەبىيات تىلىغا ئايلىنىپ كەتكەن . بەزى چۆچەكلەرنىڭ مەزمۇنىدا تەكرارلىق ئىنتايىن ئېغىر بولغان . مەزكۇر توپلاملاردا ماۋزۇسى ۋە سۇژىتى ئوخشاش ، پەقەت بايان تىلىلا پەرق قىلىدىغان ياكى ماۋزۇسى پەرق قىلسىمۇ ، سۇژىتى ئوپمۇئوخ-شاش چۆچەكلەر قەدەمدە بىر ئۇچرايدۇ . ھەتتا ماۋزۇسى ۋە تېكىستى سۆزمۇسۆز ئوخشايدىغان ، بىرلا ئادەم رەتلىگەنلىكى ئېنىق چىقىپ تۇرىدىغان چۆچەكلەرمۇ مەزكۇر توپلاملاردا بىرنەچچە يەردە بېرىلگەن . مەسىلەن ، ئۇنىڭ 6 - قىسىمغا 38 چۆچەك كىرگۈزۈلگەن بولۇپ ، بۇلارنىڭ ئالدىنقى 26 سى 5 - قىسىمدىكى شۇ ناملىق چۆچەكلەر بىلەن ، ئاخىرىدىكى 12 سى 8 - قىسىمدىكى شۇ ناملىق چۆچەكلەر بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش ئىكەن . ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقان-دا ، 6 - قىسىم 5 - قىسىم بىلەن 8 - قىسىمدىكى بىر قىسىم چۆچەكلەرنىڭ سۆزمۇسۆز تەكرارلىنىشىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ ، ئەمە-لىيەتتە 6 - قىسىمنىڭ ھېچقانداق مەۋجۇتلۇق قىممىتى يوق بولۇپ قالغان . ئۇنىڭدىن باشقا 3 - قىسىمدىكى «سەپەر قۇل» ، «ھۈنەرۋەن بالا» ، «ئاكا - ئۇكا» ، «چورۇق بىلەن ئورۇق» ، «پادىشاھنىڭ ئۈچ قىزى» ناملىق بەش چۆچەك 4 - قىسىمغىمۇ ئەينى ماۋزۇ ۋە ئەينى تېكىست بىلەن بېرىلگەن . 5 - قىسىمدىكى «خاسىيەتلىك چۆش»

ناملىق چۆچەك 12 ـ قىسىمدا ھەم شۇنداق تەكرارلانغان. مەزكۇر توپلاملارنىڭ 8 ـ قىسمى 1985 ـ يىل 7 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان. ئەمما، 1999 ـ يىل يەنە بىر 8 ـ قىسىم مەيدانغا كەلگەن بولۇپ بۇ قىسىمغا 10 ـ قىسىمدىكى (1987 ـ يىل نەشر قىلىنغان توپلامدىكى) چۆچەكلەردىن 35 چۆچەك شۇ پېتى يۆلۆپ ئېلىپلا كىرگۈزۈۋېتىلگەن. بۇنداق ئەھۋالنى مۇھەررىر ۋە رەتلىگۈچىلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك دېمەي تۇرالمايمىز. مەزكۇر توپلاملاردىكى چۆچەكلەرنىڭ بەزىلىرى نەشرگە تەييارلىغۇچىلار تەرىپىدىن پۈتۈنلەي توقۇپ چىقىلغان، يەنە بەزىلىرى ئۇ چۆچەكنىڭ مەلۇم ۋەقەلىكى بىلەن بۇ چۆچەكنىڭ مەلۇم ۋەقەلىكىنى سۈنئىي ئۇسۇلدا بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ياساپ چىقىلغان... ۋەھاكازا. دېمەك، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» ناملىق بۇ بىر يۈرۈش چۆچەك توپلاملىرىدا نۇرغۇن مەسىلىلەر ساقلانغان بولۇپ، ئۇ بىزنى قاتتىق ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» ناملىق بۇ بىر يۈرۈش توپلامدا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن مەسىلىلەر ساقلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تارىختىن بۇيان بىرىنچى قېتىم ئىشلەنگەن مۇكەممەل نۇسخىسى ھېسابلىنىدۇ. بىز سۈنئىي قۇراشتۇرۇلغان چۆچەكلەرنى، تىلىدىكى نۇقسانلارنى ۋە مەزمۇن تەكرارلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلساق، ئۇنىڭدىن خەلقىمىز ئىچىدە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تارقىلىپ كەلگەن چۆچەكلەرنىڭ بىر پۈتۈن قىياپىتىنى كۆرەلەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز «ئۇيغۇر سىھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ تىپ ۋە موتىفلىرى» نى قۇراشتۇرغاندا، ئاشۇ توپلاملاردىكى چۆچەكلەرنى ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ ئەمگەكلىرىدىن تۈزۈلگەن باشقا يەتتە توپلامدىكى سىھىرلىك چۆچەكلەرنى ئاساس قىلدۇق.

بىز ئۆزىمىز تاللىۋالغان 309 سىھىرلىك چۆچەك ئىچىدىكى ئوخشايدىغان ياكى ئوخشاپراق كېتىدىغان سۇژېتلارنى بىر ـ بىرىگە يىغىنچاقلاپ، 75 تىپ، كىچىك تىپىنىمۇ ھېسابلىغاندا جەمئىي 103 تىپنى قۇراشتۇرۇپ چىقتۇق. كىچىك تىپ دېگىنىمىز، چوڭ تىپنىڭ ۋارىيانتلىرىنى كۆرسىتىدۇ، يەنى ئومۇمىي مەزمۇنى ئوخشايدىغان،

ئەمما بىر قىسىم ۋەقەلىكلىرى پەرقلىنىدىغان چۆچەكلەرنى كۆرسىتىدۇ. بىز چوڭ تىپنى 1، 2، 3 دېگەندەك نومۇرلار بىلەن، كىچىك تىپنى ئەنە شۇ چوڭ تىپ نومۇرىنىڭ كەينىگە A، B، C ھەرپلىرىنى قوشۇش بىلەن پەرقلەندۈردۇق. دېمەك، بىزنىڭ تىپ دېگىنىمىز، بىر پارچە چۆچەكنىڭ كۆپلىگەن ۋارىيانتلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ياساپ چىقىلغان ئۆلچەملىك نۇسخىدۇر، يەنى ئاشۇ چۆچەكنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئاساسىي گەۋدىسىدۇر. بەزى ئالىملار بۇنداق ئاساسىي گەۋدىنى «ئەسلىي تىپ» دەپ، ئۇنىڭ ۋارىيانتلىرىنى «كېيىنكى تىپ» دەپ ئاتايدۇ.

تومپسون «چۆچەكلەرنىڭ تىپ ئىندېكسى» دە ۋەقەلىكى روشەن پەرقلىنىدىغانلىكى چۆچەكلەرنى ئايرىم ـ ئايرىم تىپ تەرىقىسىدە بىر تەرەپ قىلغان. بىز بولساق ئۇشبۇ ئەمگىكىمىزدە «تىپ» ئاتالغۇسىنى كەڭرەك مەنىدە ئىشلەتتۇق، يەنى ۋەقەلىكلىرىدە روشەن پەرق بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي مەزمۇنى ئوخشايدىغان چۆچەكلەرنى بىر تىپقا يىغىنچاقلىدۇق ياكى ئۇلارنى بىر چوڭ تىپ ئىچىدىكى كىچىك تىپلار شەكلىدە بايان قىلدۇق. «AT تۈرگە بۆلۈش ئۇسۇلى» گەرچە خەلقئارادا ئورتاق قوللىنىلىدىغان قورال خاراكتېرلىك ئۇسۇل بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا يەنىلا مۇۋاپىق بولمىغان جايلار بار. ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق چۆچەك تەتقىقاتچىسى جياڭ فەن مۇنداق دەيدۇ: «گەرچە كۆپ قېتىم تولۇقلانغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭغا بىر قىسىم مۇھىم دۆلەتلەرنىڭ چۆچەكلىرى كىرگۈزۈلمىگەن ياكى ئاز كىرگۈزۈلگەن، جۇڭگو ئەنە شۇلارنىڭ بىرى. خەلق ئاغزاكى ھېكايىلىرىنىڭ دائىرىسى، ئۇلارنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشى، شۇنداقلا تىپلارنىڭ تۈرغۇزۇلۇش تەرتىپى قاتارلىق تەرەپلەردىمۇ AT تۈرگە بۆلۈش ئۇسۇلىدا نۇرغۇن مۇۋاپىق بولمىغان جايلار بار» (65 ـ ماتېرىيال 31 ـ بەت).

بىز مانا شۇنداق ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، «AT تۈرگە بۆلۈش ئۇسۇلى» نى بىر ئۈلگە دەپ قارىدۇق، ئەمما ئۇنىڭدىكى تۈرگە بۆلۈش ئۇسۇلىنى ئەينەن قوللانمىدۇق، ئۇنىڭدىكى تىپ ناملىرىنىمۇ ئىشلەتمىدۇق. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ 309 سىھىرلىك چۆچىكىنى ئالدى بىلەن مەزمۇن جەھەتتىن 16 تۈرگە بۆلۈۋالدۇق. ئاندىن كېيىن ھەربىر تۈرگە كىرىدىغان چۆچەكلەر ئىچىدىكى ۋەقەلىكى ئوخشايدىغان چۆ-

چەكلەرنى بىر يەرگە يىغىپ ، ئۇنى بىر چۆچەك دەپ قاراپ ، ئۇنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى قۇراشتۇرۇپ چىقتۇق ۋە ئۇنى «تىپ» دەپ ئاتىدۇق . تىپلارغا نام قوللانغاندا ، ئەگەر بۇرۇنقى چۆچەك تۇپلاملىرىدا ئىشلىتىلگەن چۆچەك نامى ئاشۇ تىپنىڭ مەزمۇن خاراكتېرىنى ئىپادىلەپ بېرەلىسە ، بۇ نامنى مۇشۇ چۆچەك تەۋە بولغان تىپنىڭ نامى قىلىپ ئىشلەتتۇق . مەسىلەن ، بىزدە «ئېيىق باتۇر» نامىدىكى بىر چۆچەك بولۇپ ، ئۇنىڭ نامى ئېيىق بېقىپ چوڭ قىلغان ياكى ئېيىقتىن تۇغۇلغان پالۋانلار ھەققىدىكى بارلىق چۆچەكلەرنىڭ مەزمۇن خاراكتېرىنى ئىپادىلەپ بېرەلىگەنلىكى ئۈچۈن ، ئۇنى مۇشۇ تىپنىڭ نامى قىلىپ قوللاندۇق . ئەمما ، «كۆز پەرىخان» ، «كۆكۈلداش» ، «ئەقىللىق شاھزادە بىلەن گۆھەر مەلىكە» قاتارلىق چۆچەكلەرنىڭ ھەممىسى شاھزادىگە باشتىن - ئاخىر سادىق بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن ياخشى دوست توغرىسىدىكى تىپقا تەۋە بولسىمۇ ، بۇ چۆچەك ناملىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئۇشبۇ تىپنىڭ مەزمۇنىنى ئېچىپ بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ، بۇ تىپقا «سادىق دوست» دەپ يېڭىدىن نام قويدۇق . ئومۇمەن ئالغاندا ، 75 چوڭ تىپنىڭ مۇتلەق كۆپىنىڭ نامى يېڭىدىن قويۇلدى . يەنە بىر ئەسكەرتىشكە تېگىشلىك ئەھۋال شۇكى ، بىز 309 چۆچەك ئىچىدىكى سۈنئىي توقۇپ چىقىلغان چۆچەكلەرنى ئۇشبۇ تىپ ئىندېكسىدە ئىشلەتمىدۇق . ئەلۋەتتە ، مۇنداق چۆچەكلەر ئىنتايىن ئاز سانىنى تەشكىل قىلىدۇ .

بىز يەنە بۇ 75 تىپنى «AT تۈرگە بۆلۈش ئۇسۇلى» دىكى تىپلارغا سېلىشتۇرۇپ چىقتۇق . نەتىجىدە ئۇنىڭدىكى 52 تىپنىڭ خەلقئارادىكى تىپلارغا ئوخشايدىغانلىقى ياكى ئوخشاپراق كېتىدىغانلىقى ، قالغان 23 تىپنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى بايقىدۇق . خەلقئارا تىپلارغا ئوخشايدۇ دەپ ھېسابلىغان 52 تىپنىڭ ئىچىدىكى 40 تىپنىڭ تەپسىلىي بايانلىرى ۋە بەزى ئېپىزوتلىرى خەلقئارادىكى شۇ سۇژېتلاردىن پەرقلەنسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى ئوخشايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بىز ئۇلارنى خەلقئارادىكى شۇ تىپلارنىڭ ئۇيغۇرچە ۋارىيانتلىرى دەپ قارىدۇق . قالغان 12 تىپ خەلقئارا تىپتىن روشەن پەرقلىنىدۇ ، پەقەت بۇ تىپلاردىكى قىسمەن موتىفلار ۋە دېتاللارلا خەلقئارا تىپلارغا ئوخشايدۇ . ئەمدى خەلقئارا تىپقا ئوخشىمايدۇ دەپ

ھېسابلىغان 23 تىپقا كەلسەك ، ئۇلار باشقا مىللەتنىڭ چۆچەكلىرى بىلەن ھېچقانداق باغلانمىغان ھالدا ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا تۇپرىقىدا پەيدا بولۇپ ، ئەۋلادمۇئەۋلاد تارقىلىپ كەلگەن .

بىز يۇقىرىدا تومپسوننىڭ ئىندېكسىدە دۇنيا چۆچەكلىرىنىڭ ھايۋانات ھەققىدىكى چۆچەكلەر ، ئادەتتىكى چۆچەكلەر ، لەتىپىلەر ، شەكىللىك چۆچەكلەر ۋە تۈرگە ئايرىلمىغان چۆچەكلەر ، دەپ بەش چوڭ تۈرگە بۆلۈنگەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتكەندۇق . تومپسوننىڭ «ئا-دەتتىكى چۆچەكلەر» دېگىنى ئاساسەن بىز ئېيتىۋاتقان «سېھىرلىك چۆچەكلەر» گە توغرا كېلىدۇ . ئۇ بۇ تۈردىكى چۆچەكلەرنى «جادۇ-گەرلىك ھەققىدىكى چۆچەكلەر» ، «دىنىي چۆچەكلەر» ، «قىسقا چۆ-چەكلەر (ياكى رومانتىك چۆچەكلەر )» ، «دۆت دىۋە ھەققىدىكى چۆ-چەكلەر» دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈپ كۆرسىتىدۇ . تومپسوننىڭ تىپ ئىندېكسىدە «جادۇگەرلىك ھەققىدىكى چۆچەكلەر» يەنە ئۆز ئىچىدىن «سېھىرلىك دۈشمەن» ، «سېھىرلەنگەن ئەر (ئايال ) ياكى باشقا تۇغ-قانلار» ، «سېھىرلىك ۋەزىپە» ، «سېھىرلىك ياردەمچى» ، «خاسى-يەتلىك نەرسىلەر» ، «سېھىرلىك كۈچ ۋە بىلىم» ، «باشقا سېھىر-لىك چۆچەكلەر» دەپ يەتتە تۈرگە بۆلۈنگەن (15 ـ ماتېرىيال ) .

ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى ئىچىدىكى خەلقئارا تىپلارغا ئوخ-شايدىغان 52 تىپنىڭ 11 ى «AT تۈرگە بۆلۈش ئۇسۇلى» دىكى «سېھىرلىك دۈشمەن» (AT300—900 ) تۈرگە ، تۆتى «سېھىرلەن-گەن ئەر (ئايال ) ياكى باشقا تۇغقانلار» (AT400—459 ) تۈرگە ، ئۈچى «سېھىرلىك ۋەزىپە» (AT460—499 ) تۈرگە ، 11 ى «سې-ھىرلەنگەن ياردەمچى» (AT500—559 ) تۈرگە ، ئونى «خاسىيەتلىك نەرسىلەر» (AT560—649 ) تۈرگە ، ئىككىسى «سېھىرلىك كۈچ ۋە بىلىم» (AT650—669 ) تۈرگە ، ئۈچى «باشقا سېھىرلىك چۆچەك-لەر» (AT700—749 ) تۈرگە ، بەشى «قىسقا چۆچەكلەر (رومانتىك چۆچەكلەر )» (AT850—999 ) تۈرگە ، ئۈچى «دۆت دىۋە ھەققىدىكى چۆچەكلەر» (AT1000—1199 ) تۈرگە كىرىدۇ .

بۇنىڭدىن كۆرۈش مۇمكىنكى ، ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى ئىچىدىكى «سېھىرلىك دۈشمەن» توغرىسىدىكى چۆچەكلەر (دىۋە ، يالماۋۇز ، ئەجدىھا قاتارلىقلارغا قارشى كۈرەش تەسۋىرلەنگەن چۆچەك-

www.uyghurkitap.com

لەر)، «سېھىرلىك ياردەمچى» ھەققىدىكى چۆچەكلەر خەلقئارا چۆچەكلەر بىلەن ئەڭ كۆپ ئوخشاشلىقتا ئىكەن. قالغان تۆردىكى خەلقئارالىق سۇژىتلار ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدە ئانچە كۆپ ئەمەس. ئەمدى خەلقئارا چۆچەكلەرگە ئوخشىمايدىغان ئۇيغۇر چۆچەكلىرىنىڭ كۆپچىلىكى خۇدا بىلەن ئىنسانلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى، ئەجداد ۋە ئەرۋاھ ھەققىدىكى، تەقدىر ۋە ئامەت ھەققىدىكى، خاسىيەتلىك ئادەملەر ۋە ۋاپاسىز ئاياللار ھەققىدىكى چۆچەكلەردۇر.

تومپسون ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى ئۆزى تەكشۈرگەن رايونلارنى ھىندىستان رايونى، مۇسۇلمان رايونى، كىچىك ئاسىيادىكى يەھۇدىيلار رايونى، سلاۋيانلار رايونى، شەرقىي بالتىق دېڭىزى بويىدىكى رايونلار، سكاندىناۋىيە رايونى، گېرمان تىلىدىكى مىللەتلەر رايونى، فرانسۇزلار رايونى، ئىسپان يېرىم ئارىلى رايونى، ئىتالىيانلار رايونى، ئىنگلىزلار رايونى، شوتلاندىيە ۋە ئىرلاندىيە رايونى دەپ 12 رايونغا بۆلگەن. شۇنداقلا شىمالىي ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ چۆچەكلىرىنى ئايرىم تەكشۈرۈپ، ئۇنى يەنە 11 مەدەنىيەت رايونىغا بۆلگەن. تومپسوننىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق بىز شۇنى ھېس قىلدۇقكى، ئۇ ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ئاسىيا چۆچەكلىرىنى تەكشۈرمىگەن ياكى ئىنتايىن ئاز تەكشۈرگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمگەكلىرىدە جۇڭگو، ياپونىيە ۋە كورىيە چۆچەكلىرى ھەققىدە ئىنتايىن ئاز توختىلىپ ئۆتىدۇ. تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ چۆچەكلىرى ھەققىدە بولسا ھېچنېمە دېمەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «دۇنيا چۆچەكلىرىنىڭ كلاسسىفىكاتسىيىسى» ناملىق كىتابىنىڭ باش قىسمىدا مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىي تۆپىلىكلىرىدە تۈركىي تىللىق ۋە پارس تىللىق چوڭ توپلار ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ چۆچەكلىرى تىما ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن ئۆزىگە ئوخشاش دىنىي مەزھەپتىكى ئەرەبلەر بىلەن ئاساسەن ئوخشاشلىقتا ئىكەن» (15 ـ ماتېرىيال 18 ـ بەت). دېمەك، تومپسون ئېيتىۋاتقان «مۇسۇلمانلار رايونىنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىدىكى تۈركىي تىللىق توپلار» ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ كۆزقارىشىچە بۇ مىللەتلەرنىڭ چۆچەكلىرى ئەرەب چۆچەكلىرى بىلەن ئوخشاش، شۇڭا ئۇ ئايرىم چۆچەك رايونى ھېسابلانمايدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ تولىمۇ

كۆلكىلىك خۇلاسە . ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى تۈركىي تىللىق مىل-
لەتلەرنىڭ بىر قىسىم چۆچەكلىرى گەرچە ئەرەب چۆچەكلىرىگە ئوخ-
شاپ كەتسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىق چۆچەكلىرى
ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە . ئۇيغۇر خەلقى ئىسلام دىنى-
نى قوبۇل قىلغان مىڭ يىلدىن بېرى ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە
ئۇچراپ كەلگەنلىكى ئېنىق . ئەمما ، ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئۇزاق قەدىم-
كى دەۋرلەردە ئۇ باشقا تۈركىي تىللىق مىللەتلەرگە ئوخشاشلا ئۆزى-
نىڭ مول ۋە گۈزەل چۆچەكلىرىنى ئىجاد قىلغان ۋە ئۇنى ئەۋلادمۇئەۋ-
لاد تارقىتىپ كەلگەن . شۇڭا ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ، ھەتتا
بۈگۈنكى تۈركىي تىللىق 30 نەچچە مىللەتنىڭ بارلىق چۆچەكلىرىنى
«ئەرەب چۆچەكلىرىگە ئوخشايدۇ» دەپ ئالدىراپ - تېنەپ خۇلاسە
چىقىرىۋېتىش ۋە ئۇنى مەخسۇس تەتقىق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ، دەپ
قاراش ئىلمىي نۇقتىئىنەزەر ئەمەس .

يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئالىملارنىڭ بىر قىسىم تەتقىقاتلىرى
شۇنى كۆرسىتىپ بېرىۋاتىدۇكى ، ئۇيغۇرلارنىڭ چۆچەكلىرى ئەرەب
چۆچەكلىرىگە قارىغاندا ، ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى مىل-
لەتلەرنىڭ ، بولۇپمۇ ئۆزىگە قېرىنداش بولغان تۈركىي تىللىق مىللەت-
لەرنىڭ چۆچەكلىرىگە يېقىن كېلىدۇ . مەسىلەن ، رەيھان قادىر ئۆز
تەتقىقاتى جەريانىدا موڭغۇل ، سالا ، ئۇيغۇر ، يۇغۇر ۋە ئۆزبېك چۆ-
چەكلىرىدىكى ئوخشاش سۇژىتلارنى بايقىغان بولسا (29 - ماتېرىيال) ،
ئەسئەت سۇلايمان موڭغۇل ، داغۇر ، ئېۋېنكي ، سالا ، قازاق ، قىر-
غىز ، ئۆزبېك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ چۆچەكلىرىگە ئورتاق بولغان سىبىر-
لىك ئوبرازلارنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن (30 - ماتېرىيال) . شۇنداقلا ،
ئامېرىكىلىق ئالىم ئېسابېللا خۇرۋارت ۋېنگر ، تۈرك ، قازاق ، قىر-
غىز ، يۇغۇر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ چۆچەكلىرىدە ھەيران قالارلىق ئوخشاش-
لىقلارنى بايقىغان (26 - ماتېرىيال) . بۇنداق ئوخشاشلىقنىڭ بولۇ-
شى قانۇنىي ۋە مۇقەررەر ھادىسىدۇر . چۈنكى ، تۈركىي ۋە موڭغۇل
تىللىق مىللەتلەر قان - قېرىنداش مىللەتلەردۇر . ئۇلار ئۇزاق تارى-
خىي دەۋرلەردىن بېرى تەقدىرداش بولۇپ ، بىللە ياشاپ كەلدى .
شۇڭا ، بىزنىڭچە «ئالتاي مەدەنىيىتى رايونى» ئايرىم بىر چۆچەك
رايونى تەرىقىسىدە قارىلىشى ، تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ چۆچەك-

لىرى «مۇسۇلمانلار چۆچەك رايونى» نىڭ ئىچىدە ئەمەس، بەلكى ئەڭ ئاۋۋال «ئالتاي چۆچەك رايونى» نىڭ ئىچىگە قويۇپ تەكشۈرۈلۈشى كېرەك. بەلكىم، دۇنيا ئالىملىرىنىڭ تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ چۆچەكلىرى ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ تولىمۇ يۈزە بولۇشى، ھەتتا بۇ جەھەتتە ھېچنېمە بىلمەسلىكىدىكى ئاساسىي سەۋەب، ئۇلارنىڭ زۆرۈر بولغان ماتېرىياللارغا ئېرىشەلمىگەنلىكىدىن بولسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىمىزنىڭ چۆچەك ماتېرىياللىرى ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىمىزنى ئۇلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىششىمىز كېرەك.

يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇيغۇر چۆچەكلىرى بىلەن ھىندى ۋە پارسلارنىڭ چۆچەكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقمۇ ئىنتايىن روشەن كۆزگە تاشلىنىدۇ. بۇ ھەقتە لىۋ شۇخۇا (28 - ماتېرىيال 242 — 245 - بەتلەر)، غەيرەتجان ئوسمان (31- ماتېرىيال)، مۇھەممەت تۇرسۇن تۇردى (36 - ماتېرىيال) قاتارلىقلار ئۆز تەتقىقاتلىرىدا مەلۇم ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ باردى. ھىندىستان ئۇيغۇرلار يۇرتىغا قوشنا بولۇپ، قەدىمكى دەۋرلەردىلا ئۇيغۇرلار بىلەن ھىندىلار ئوتتۇرىسىدا قويۇق ئالاقە بولغان. بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇن بۇددا دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىغا تارقىلىشى نەتىجىسىدە ئوتتۇرىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلدى. پارسلارغا كەلسەك، ئۇلار بىلەن تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى يېقىن مۇناسىۋەت تېخىمۇ قەدىمىي تارىختا ئىگە. مانى دىنى، زەردۇشت دىنى ۋە ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار بىلەن پارسلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى. ئۇيغۇرلار ھىندى ۋە پارسلارنىڭ ئاغزاكى چۆچەكلىرىنى قوبۇل قىلىپلا قالماي، بەلكى بۇنىڭدىن نەچچە ئەسىر بۇرۇن ئۇلارنىڭ چۆچەك توپلاملىرىنىمۇ تەرجىمە قىلىپ تارقاتتى (بۇ ھەقتە مەزكۇر كىتابىمىزنىڭ «مۇقەددىمە» قىسمىدا مىسال كەلتۈرگەنىدۇق).

دېمەك، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سېھىرلىك چۆچەكلىرىنى موڭغۇل تىلىدىكى مىللەتلەرنىڭ، تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ، شۇنداقلا ھىندىستان، ئىران ۋە ئەرەبلەرنىڭ چۆچەكلىرى بىلەن تەپسىلىي سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئىنتايىن مۇھىم بىر خىزمەتتۇر.

يۇقىرىدا بىز ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ 2/3 قىسمىنىڭ خەلقئارا چۆچەكلەرگە ئوخشايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەنىدۇق . بۇ ستاتىستىكا باشقا تۈركىي تىللىق مىللەتلەر چۆچەكلىرى بىلەن ئوخشايدىغان ئۇيغۇر چۆچەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ . چۈنكى ، بىز ئېيتقاندەك ، ئارنې ۋە تومپسون تۈزگەن ئىندېكس گەرچە دۇنيا چۆچەكلىرىنىڭ تىپ ئىندېكسى دەپ ئاتالسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭغا تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس چۆچەكلىرى كىرگۈزۈلمىگەن ، شۇ سەۋەبتىن بىز ئۇيغۇر چۆچەكلىرىنى مەزكۇر ئىندېكستىكى چۆچەكلەرگە سېلىشتۇرساق ، گەرچە ئۇنى دۇنيادىكى كۆپلىگەن مىللەتلەرنىڭ چۆچەكلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش مۇمكىن بولسىمۇ ، لېكىن تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ چۆچەكلىرى بىلەن تولۇق سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش مۇمكىن بولماي قالىدۇ . شۇڭا ، ئەگەر بىز تۈركىي تىللىق مىللەتلەر چۆچەكلىرىنى مەخسۇس تۈردە ئايرىم ئۆگىنىپ ، خەلقئارا ئىندېكسكە كىرمەي قالغان تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ چۆچەكلىرى ئىچىدىن ئۇيغۇر چۆچەكلىرىگە ئوخشايدىغان چۆچەكلەرنى تېپىپ چىقساق ، ئۇ ھالدا ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ «ئۆزىگە خاس سۈژىتى» تېخىمۇ ئاز سانغا چۈشۈپ قېلىشى ، 2/3 دىن ئىبارەت بۇ سان تېخىمۇ كۆپىيىشى مۇمكىن . تەكشۈرۈشتىن ئېرىشىلگەن بۇ خۇلاسە ئۇيغۇر چۆچەكلىرى بىلەن خەلقئارا چۆچەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تەسىر ۋە بىر - بىرىگە ئۆتۈشۈشنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ .

ئەمدى موتىفقا كەلسەك ، بىز ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدىكى موتىفلاردىن 50 نى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق . بىزنىڭ موتىف ھەققىدىكى ئۆلچىمىمىزمۇ ئارنې ۋە تومپسونلارنىڭ موتىف ھەققىدىكى ئۆلچىمىدىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ . تومپسون موتىفنى ئۈچ تۈرگە بۆلگەن بولۇپ ، بۇلار : (1) چۆچەكلەردىكى ئوبرازلار ؛ (2) ۋەقەلىككە مۇناسىۋەتلىك ئارقا كۆرۈنۈش (خاسىيەتلىك نەرسە ، ئۆرپ - ئادەت ، ئېتىقاد قاتارلىقلار ) ؛ (3 ) يەككە بىر ۋەقە (15 - ماتېرىيال 499 - بەت ) .

دېمەك ، تومپسون سېھىرلىك ھايۋانلار ، يالماۋۇز ، پەرىزات ، كەنجى ئوغۇل ، ئۆگەي ئانا قاتارلىق ئوبرازلارنىڭ ، شۇنداقلا خاسىيەت-

لىك نەرسە، قەدىمكى ئېتىقاد، ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىقلارنىڭ ھەربىـ
رىنى ئايرىم موتىف ھېسابلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئېيتىۋاتقان
موتىفلارنىڭ سانى بەك كۆپ بولۇپ، «موتىفلار ئىندېكسى» گە 20
مىڭ موتىف كىرگۈزۈلگەن. بىز بۇ ئەمگىكىمىزدە موتىفنى ئۇنچىۋالا
كەڭ مەنىدە چۈشەنمىدۇق. چۈنكى، ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدىـ
كى ھادىسىلەرنى مۇنداق كىچىك پارچىلىۋېتىشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىـ
يىتى يوق. بىز پەقەت تومپسون ئېيتقان موتىفنىڭ ئۈچىنچى تۈرى،
يەنى مەلۇم بىر ۋەقەلىكنى بىر موتىف دەپ قارىدۇق. بىراق، چۆچەكـ
تىكى ھەرقانداق ۋەقەلىك موتىف بولۇۋەرمەيدۇ. موتىف دېگىنىمىز،
كۆپ تەكرارلىنىدىغان، چۆچەكتىن چۆچەككە ئۆتۈپ يۈرەلەيدىغان
ۋەقەلىكتۇر. بىز كۆرسىتىپ ئۆتكەن 50 پارچە موتىف دەل ئەنە
شۇنداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

تومپسون مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر كلاسسىفىكاتسىيە ۋە رەتلەش
بولمىسا، چۆچەكلەرنى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىش مۇمكىن
ئەمەس»، «بىئولوگىيە ئالىملىرى ئۇزۇندىن بۇيان جانلىقلار سىستېـ
مىسى بويىچە مەلۇم رايوندىكى بارلىق ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارنى
بېكىتىپ چىقىۋاتىدۇ، بۇ خىل ئۇسۇل دۇنيانىڭ ھەممە رايونلىرىدىكى
نەچچە مىڭ ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋاننىڭ مۇكەممەل كاتالوگىنى تۈزۈپ
چىقىش ئىمكانىيىتىنى ياراتتى. مانا شۇ خىل ئۇسۇل بىلەن پۈتۈن
دۇنيادا خاتىرىلەنگەن بارلىق چۆچەكلەر تۈرگە ئايرىپ چىقىلسا، تەتقىـ
قات خىزمەتىمىزنى ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغىلى بولاتتى. بۇ
خىل تۈرگە ئايرىش چوقۇم مەنتىقىلىق ۋە مۇكەممەل بولۇشى، چۆچەك
ماتېرىياللىرىغا ئۇيغۇن بولۇشى، شۇنداقلا ئۇ مۇرەككەپ بولماسلىقى،
ئۇنى ئىگىلەشكە ۋە ئىشلىتىشكە ئاسان بولۇشى كېرەك» (15 ـ
ماتېرىيال 496 ـ، 497 ـ بەتلەر). دېمەك، بىز تومپسوننىڭ
يۇقىرىقى چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنى
رەتلەپ ۋە تۈرگە ئايرىپ «ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ موتىفلىـ
رى» ۋە «ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ تىپلىرى» نى تۈزۈپ
چىقتۇق. ئەگەر بۇ ئەمگىكىمىز ئۇيغۇر چۆچەكلىرىنى ئۆگەنگۈچى ۋە
تەتقىق قىلغۇچىلار ئۈچۈن مەلۇم پايدا يەتكۈزەلىسە مەقسىتىمىز ئەمەلـ
گە ئاشقان بولاتتى.

# 3 . ئۇيغۇر سىھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ موتىفلىرى

ئۇيغۇر سىھىرلىك چۆچەكلىرىدە كۆپ ئۇچرايدىغان موتىفلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

**( 1 ) پەرىزاتنىڭ كىيىمىنى ئېلىۋېلىپ ، ئۇنى بويسۇندۇرۇش**

بىر توپ پەرىزات يىراق ماكاندىن كەپتەر شەكلىدە ئۇچۇپ كېلىپ ، مەلۇم كۆلدە يۇيۇنىدۇ . مۇشۇ كۆل بويىغا ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا كەلگەن باش قەھرىمان پەرىزاتلار ئىچىدىكى بىرىنىڭ كىيىمىنى ئېلىۋالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا توي قىلىش تەلىپىنى قويىدۇ . پەرىزات ئامالسىز ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ يىگىت بىلەن بىللە كېتىدۇ .

**( 2 ) سۇمۇرغنىڭ بالىلىرىنى قۇتقۇزۇپ ، ئۇنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش**

قەھرىمان دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە بېرىش ئۇچۇن ، «سۇمۇرغ» ئاتلىق غايەت چوڭ قۇشنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولىدۇ . ئۇ سۇمۇرغنى ئىزدەپ كېلىپ ، بىر يىلان (ياكى ئەجدىھا ) نىڭ سۇمۇرغنىڭ بالىلىرىنى يېمەكچى بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ يىلاننى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ . بۇنىڭدىن خۇشال بولغان سۇمۇرغ ئۇنى ئۇستىگە مىندۇرۇپ ، كۆزلىگەن يېرىگە ئاپىرىپ قويىدۇ . يولدا سۇمۇرغنىڭ ئوزۇقى تۈگەپ كەتكەندە قەھرىمان ئۆز يانپىشىنىڭ گۆشىنى كېسىپ بېرىدۇ . مەنزىلگە بارغاندىن كېيىن سۇمۇرغ قەھرىماننى يۇتۇپ ، ئاندىن قۇسۇپ چىقىرىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يانپاشلىرى قايتىدىن تولۇقلىنىپ ئەسلىگە كېلىدۇ .

**( 3 ) دىۋىنى ئۆلتۈرۈپ ئادەملەرنى قۇتقۇزۇش**

چۆچەك باش پېرسوناژى دىۋە (بەزى چۆچەكلەردە ئەجدىھا ) تەردىپىدىن تۇتۇلىدۇ ۋە غارغا سولىنىدۇ . غارنىڭ ئىچىگە سولانغان نۇر-

غۇن ئادەم بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈمىنى كۈتۈپ ياتقان ئىكەن. چۈنكى، دىۋە قورسىقى ئاچقاندا ئۇلارنى بىر - بىرلەپ ئېلىپ چىقىپ، تۆمۈر زىخقا سانجىپ، كاۋاپ قىلىپ يەيدىكەن. شۇڭا، بۇ ئادەملەر غارنىڭ ئاغزى ئېچىلغان ھامان «مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز» دەپ بىر-بىرىنى كۆرسىتىپ ۋارقىرىشىدىكەن. قەھرىمان غارنىڭ بىر تەرىپىنى تېشىپ، تۆشۈك ئېچىپ ئۇ يەردىن سىرتقا چىقىدۇ ۋە ئوتتا قىپقىزىل قىزارتىلغان ھېلىقى تۆمۈر زىخنى دىۋىنىڭ بېشىغا سانجىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ، ئادەملەرنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ.

### (4) ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىن مەلىكىنى قۇتقۇزۇۋېلىش

يىرتقۇچ ئەجدىھا بىر شەھەرگە تەھدىت سالىدۇ. كىشىلەر قورقۇپ كېتىپ ئامالسىز ھالدا ھەر كۈنى بىر قىزنى ئۇنىڭ ئوزۇقى ئۈچۈن ئاپىرىپ بېرىدۇ. نۆۋەت پادىشاھنىڭ قىزىغا كەلگەن كۈنى چۆچەك قەھرىمانى دەل مۇشۇ شەھەرگە كېلىپ قالىدۇ. ئۇ مەلىكىنى يېمەكچى بولۇۋاتقان ئەجدىھانىڭ ئالدىغا بارىدۇ. ئەجدىھا غەزەپلىنىپ ئۇنى دەم تارتىدۇ. قەھرىمان دەرھال ئۆزىنىڭ قىلىچىنى توغرا تۇتۇپ، ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىن كىرىپ، قۇيرۇقىدىن چىقىدۇ. نەتىجىدە ئەجدىھا تىلىنىپ ئىككى پارچە بولۇپ كېتىدۇ.

### (5) دىۋىنىڭ ئۆز جېنىنى مەخپىي يەردە ساقلىشى

چۆچەك قەھرىمانى ساھىبجامال قىزنى قۇتقۇزۇش ياكى قىممەتلىك نەرسىلەرنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن دىۋىلەر ماكانىغا بارىدۇ. ساھىبجامال قىز قەھرىمانغا ياردەملىشىپ دىۋىنىڭ جېنىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ بېرىدۇ. دىۋىنىڭ جېنىنى مۇنداق يەردىن تېپىش مۇمكىن ئىكەن: دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارالدا بىر تۈپ چىنار دەرىخى، دەرەخنىڭ ئۈستىدە قۇزغۇننىڭ ئۇۋىسى، ئۇۋىدىكى تۇخۇمنىڭ ئىچىدە ئاچقۇچ بار ئىكەن. ئاشۇ ئاچقۇچنى قولغا چۈشۈرۈۋالغاندىن كېيىن، دەرەخنىڭ تەكتىنى كولاپ، ئالتۇندىن ياسالغان ئىشىكنى تېپىپ، ئاچقۇچ بىلەن ئۇنى ئېچىپ ئۆيگە كىرسە، ئۇ يەردە بىر تۆمۈر ساندۇق، ساندۇقنىڭ ئىچىدە قۇتا، قۇتىنىڭ ئىچىدە بىر قۇرت بار ئىكەن. دىۋىنىڭ جېنى ئەنە شۇ قۇرتتا ئىكەن. قەھرىمان قۇرتنى تېپىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق دىۋىنى ھالاك قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

دىۋىنىڭ جېنى بەزى چۆچەكلەردە نۇرغۇن كېيىكنىڭ ئىچىدىكى بىر كېيىكتە ، بەزى چۆچەكلەردە بېلىقنىڭ ئىچىدە ، يەنە بەزى چۆچەكلەر-دە چۈجىنىڭ ئىچىدە بولۇپ چىقىدۇ . ئومۇمەن ، ئۇ ئىنتايىن مەخپىي ساقلانغان بولىدۇ .

(6) جادۇگەر موماينىڭ قەھرىمانغا سۇيىقەست قىلىشى

چۆچەك قەھرىمانى مەلىكە بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ، مەلىكە تەرىپىدىن تەلىپى رەت قىلىنغان پادىشاھ بىر جادۇگەر موماينى مەلىـ-كىنى تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ . بۇ موماي كۆز بوياپچىلىق بىلەن قەھرىماننىڭ جېنىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىدۇ ـ دە ، قەھرىماذ-نى ئۆلتۈرۈپ ، مەلىكىنى ئېلىپ قاچىدۇ . بەزى چۆچەكلەردە ئۇ قەھرىماننىڭ ئەگەشتەرنى قولغا چۈشۈرۈپ ، مۇشۇ ئارقىلىق ئۇلار-نىڭ ئۆيىنى مەلىكە بىلەن قوشۇپ يىراق جايغا كۆچۈرۈپ ئېلىپ كېتىدۇ .

(7) مۈشۈك بىلەن ئىتنىڭ ئەگەشتەرنى قايتۇرۇپ كېلىشى

چۆچەك قەھرىماننىڭ ئەگەشتەرى دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن ئې-لىپ قېچىلىدۇ . قەھرىماننىڭ سادىق ياردەمچىلىرى بولغان ئىت بىلەن مۈشۈك ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىقىدۇ . دۈشمەن ئەگەشتەرنى كېچىسى ئاغزىدا ساقلايدىكەن . مۈشۈك دۈشمەننىڭ ئۆ-يىدىكى چاشقان ئارقىلىق ئۇنى ئېلىپ چىقىدۇ . ئۇلار ئەگەشتەرنى ئېلىپ قايتىۋاتقاندا ، ئەگەشتەر دەرياغا چۈشۈپ كېتىپ ، بىر بېلىق ئۇنى يەۋالىدۇ . بۇ بېلىقنى بىر بېلىقچى تۇتۇۋالىدۇ ، ئىت بېلىقنى ئېلىپ قاچىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، ئۇلار ئەگەشتەرنى خوجايىنىغا ئاپىرىپ بېرىدۇ .

(8) ئوغرىلارنى ئالداپ ، خاسىيەتلىك نەرسىلەرنى ئېلىۋېلىش

باش قەھرىمان سەپەر جەريانىدا ئۈچ ئوغرىغا دۇچ كېلىدۇ . بۇ ئوغرىلار ئۆزلىرى ئوغرىلاپ كەلگەن ئۈچ خاسىيەتلىك نەرسىنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى تالىشىپ ، ئۇرۇشۇۋاتقان ئىكەن . قەھرىمان ئۈچ تال ئوقنى ئۈچ تەرەپكە ئېتىپ ، ئوغرىلارنىڭ ئاشۇ ئوقلارنى ئېلىپ كېلىـ-شىنى ، كىم تېز ئېلىپ كەلسە ، شۇ ئەڭ ياخشى نەرسىنى ئالسا

بولىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ئوغرى ئوقنى ئىزدەپ، ئۈچ تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېتىدۇ. قەھرىمان بولسا ئۇلارنىڭ نەرسىلىرىنى ئېلىپ كېتىپ قالىدۇ.

**(9) غەيرىي ئىقتىدارلىق كىشىلەرنىڭ باش پېرسوناژغا ھەمراھ بولۇشى**

قەھرىمان بىرەر مەقسەت ئۈچۈن سەپەر قىلىش جەريانىدا بىر توپ غەيرىي ئىقتىدارلىق كىشىلەرگە ئۇچراپ، ئۇلار بىلەن دوستلىشىدۇ. كۆپرەك ئۇچرايدىغان كىشىلەر تاغ باتۇر (پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك ئادەم)، كۆل باتۇر (بىر كۆلنىڭ سۈيىنى ئىچىۋالالايدىغان ئادەم)، يەل تاپان باتۇر (شامالدەك تېز يۈگۈرەيدىغان ئادەم)، دىڭ قولاق باتۇر (يەتتە كۈنلۈك يىراقلىقتىكى ئاۋازلارنى ئاڭلىيالايدىغان ئادەم)، ئۇزۇن كۆز باتۇر (يەتتە كۈنلۈك يىراقلىقتىكى نەرسىلەرنى كۆرەلەيدىغان ئادەم)، يالماپ يۇتار باتۇر (نۇرغۇن تاماقنى يەۋېتەلەيدىغان ئادەم) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇلار قەھرىمانغا ھەمراھ بولۇپ، بىللە سەپەر قىلىدۇ ۋە پادىشاھ تاپشۇرغان قىيىن شەرتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارى بىلەن ئورۇنداپ، قەھرىماننىڭ مەقسىتىگە يېتىشىگە ياردەم بېرىدۇ.

**(10) تۇلۇمغا كىرىپ، ئالتۇن تاغقا چىقىش**

قەھرىمان باشقا شەھەرگە كېلىپ، بىر جاۋاھىرپۇرۇشقا مەدىكار بولىدۇ. بۇ جاۋاھىرپۇرۇش توپاقنى تۇلۇمچە قىلىپ سويۇپ، بۇ تۇلۇمنىڭ ئىچىگە مەدىكارنى كىرگۈزۈپ، ئالتۇن تاغنىڭ باغرىغا تاشلاپ قويىدۇ. بىردەمدىن كېيىن تاغنىڭ ئۈستىدىن بىر يىرتقۇچ قۇش چۈشۈپ، ئۇنى بىر تاپ دەپ ئويلاپ، كۆتۈرۈپ تاغقا ئېلىپ چىقىدۇ. شۇنداق قىلىپ مەدىكار تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قالىدۇ. ئۇ جاۋاھىرپۇرۇشنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى تۇلۇمغا لىق قاچىلاپ، پەسكە تاشلاپ بېرىدۇ. جاۋاھىرپۇرۇش بۇ ئالتۇنلارنى ئېلىپ كېتىپ قالىدۇ. چۆچەك قەھرىمانى قورقۇنچلۇق تاغ ئۈستىدىن پەسكە چۈشىدىغان يول ئىزدەپ، ئاخىر سېھىرگەر بۇۋاينىڭ ياردىمى بىلەن خەتەردىن قۇتۇلىدۇ ۋە باشقا بىر مەنزىلگە سەپەر قىلىدۇ.

**(11) قەھرىماننىڭ غەيرىي تەبىئىي چوڭ بولۇشى**

پەرزەنتى يوق ئەر - ئايال خۇدادىن بالا تىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن غەيرىي تەبىئىي ھالدا بىر بالا پەيدا بولىدۇ ياكى بىر بوۋاق ھايۋان بىلەن ئىنسانلارنىڭ ھەمكارلىقىدا بېقىلىدۇ. بۇ بالا نەچچە كۈندە سۆزلەيدۇ، نەچچە ئاي ئۆتكەندە بالاغەتكە يېتىدۇ، ئۇ ئىنتايىن كۈچ-لۈك بولۇپ، ئادەملەرنى ئۈرۈپ قويۇپ ياكى قولى تەگكەن نەرسىنى بۇزۇپ قويۇپ، كىشىلەرنى پاتىپاراق قىلىۋېتىدۇ. كېيىن ئۇ ئۆزى-نىڭ كۈچىنى ھەققانىي ئىشلىتىپ ھۆرمەتكە ئېرىشىدۇ.

**(12) ھايۋان بىلەن ھەمكارلىشىش**

چۆچەك باش پېرسوناژى تۇتۇۋېلىنغان ياكى يارىدار بولغان ھاي-ۋاننى قۇتقۇزۇۋالىدۇ، بۇ ھايۋان مىننەتدارلىق يۈزىسىدىن باش پېر-سوناژغا بىرەر خاسىيەتلىك نەرسىنى بېرىدۇ ياكى ئۇ قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان چاغدا پەيدا بولۇپ، ئۆزىنىڭ سېھىرلىك قابىلىيىتى بىلەن ياردەم بېرىدۇ.

**(13) ئادەمنىڭ يۈرىكىنىڭ ئورنىغا ھايۋاننىڭ يۈرىكىنى ئېلىپ كېلىش**

تۇغماس چوڭ خانىش كىچىك خانىش تۇغقان قوشكېزەك بالىنىڭ ئورنىغا ئىتنىڭ كۈچۈكىنى ئالماشتۇرۇۋېتىپ «كىچىك خانىش كۈ-چۈك تۇغدى» دەپ پادىشاھنى ئالدايدۇ. ئۇ يەنە خىزمەتكارنى بالىلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇيدۇ (ياكى ئىككى بالا تۇغقانلىرى تەرىپىدىن خارلىنىپ، ئۆلتۈرۈلۈشكە بۇيرۇلى-دۇ). بالىلارنى ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەتىلگەن كىشى بالىلارنى قاچۇرۇۋې-تىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا ھايۋاننىڭ يۈرىكىنى ئېلىپ كېلىپ خوجايىنى-نى ئالدايدۇ.

**(14) بارسا كەلمەس ۋە بارسا كېلەر يول سەپەرلىرى**

ئۈچ ئاكا - ئۇكا (ياكى ئىككى ئاكا - ئۇكا) يىراق سەپەرگە ئاتلىنىپ، ئۈچ ئاچا يولغا دۇچ كېلىدۇ. بۇ يوللارنىڭ دوقمۇشىغا «بارسا كېلەر» (خەتەرسىز يول)، «بارسا كېلەر يا كەلمەس» (ئاز-

www.uyghurkitap.com

راق خەتەرلىك يول ) ، «بارسا كەلمەس» (خەتەرلىك يول) دەپ يېزىپ قويۇلغان بولىدۇ . ئاكىلار خەتەرسىز ياكى ئازراق خەتەرلىك يوللارنى ، كىچىك ئىنى بولسا ئەڭ خەتەرلىك يولنى تاللىۋېلىپ سەپەر قىلىدۇ . ئەمما ، ئاكىلار مەغلۇپ بولۇپ ، ئىنىسى غەلىبە قىلىدۇ .

**(15) باش پېرسوناژنىڭ ئاكىلىرى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى**

ئۈچ ئاكا ــ ئۇكىلار دادىسى تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن سەپەرگە چىقىپ ، ئاكىلىرى مەغلۇپ بولۇپ ، ئىنىسى غەلىبە قىلىدۇ . بۇنىڭغا ھەسەت قىلغان ئاكىلار ئىنىسىنىڭ كۆزىنى ئويۇۋې- تىپ قۇدۇققا تاشلىۋېتىدۇ ياكى ئىككى پۇتىنى ئۈزۈپ تاشلاپ جاڭگال- غا تاشلىۋېتىدۇ . ئاندىن ئۇنىڭ غەنىيمەتلىرىنى ئېلىۋېلىپ ، دادىسى- نىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆز تۆھپىلىرىدىن ماختىنىدۇ .

**(16) ئۈچ باتۇرنىڭ يىرتقۇچ مەخلۇقنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىشى**

چۆچەك قەھرىمانى سەپەر جەريانىدا يەنە ئىككى باتۇر بىلەن تونۇشۇپ دوست بولىدۇ . ئۇلار ئورمانلىقتا ئوۋچىلىق قىلىپ ھايات كەچۈرىدۇ . ھەر كۈنى نۆۋەت بىلەن ئىككىسى ئوۋغا چىقىپ ، بىرى قېلىپ تاماق ئېتىدۇ . بىر كۈنى توساتتىن ئۆزى بىر غېرىچ ، ساقىلى 40 غېرىچ كېلىدىغان غەلىتە مەخلۇق (ياكى يالماۋۇز ) پەيدا بولۇپ ، تاماق ئېتىۋاتقان باتۇرنى بويسۇندۇرۇپ ، ئۇنىڭ تامىقىنى يەۋالىدۇ . ئەتىسى ئىككىنچى باتۇر تاماق ئېتىشكە قالغاندا ، بۇ ئەھۋال ئوخشاش تەكرارلىنىدۇ . ئۈچىنچى كۈنى چۆچەك قەھرىمانىغا نۆۋەت كەلگەندە ئۇ بۇ مەخلۇق بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشىدۇ . مەخلۇق قەھرىمانغا تاقا- بىل تۇرالماي قېچىپ ، بىر قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىدۇ (بەزىدە باتۇرلار- نىڭ سۆيگۈنى تاماق ئېتىۋېتىپ ، قان شورىغۇچى يالماۋۇزنىڭ زىيان- كەشلىكىگە ئۇچرايدۇ ) .

**(17) باش پېرسوناژنىڭ ھەمراھلىرى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى**

باش پېرسوناژ سەپەر جەريانىدا بىر قىسىم باتۇرلار بىلەن تونۇ- شۇپ بىللە ھايات كەچۈرىدۇ . بۇ ھەمراھلار بىرەر يىرتقۇچ مەخلۇقنى

قوغلاپ (ياكى بىرەر نەرسە ئىزدەپ ) يەر ئاستىغا چۈشكەن باش پېرسوناژنى ئارغامچا بىلەن يۇقىرىغا تارتىپ چىقىۋاتقاندا تۇيۇقسىز نىيىتى بۇزۇلىدۇ ـ دە ، ئارغامچىنى كېسىپ تاشلاپ ، ئۇنى يەر ئاستىدا قالدۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ غەنىيمەتلىرىنى (قۇتقۇزۇلغان مەلىكە-نىمۇ ) ئېلىپ قاچىدۇ . كېيىن باش پېرسوناژ باشقا سېھىرلىك كۈچ-لەرنىڭ ياردىمى بىلەن يەر يۈزىگە قايتىپ چىقىپ ، ئۇلاردىن ئىنتىقام ئالىدۇ .

(18) مېيىپلارنىڭ ھەمكارلىقى

ئاكىلىرى تەرىپىدىن پۇتى كېسىلىپ ، ئورمانغا تاشلىۋېتىلگەن ئىنى ئۇ يەردە قارىغۇ ۋە چولاق ئىككى كىشى بىلەن تونۇشۇپ ، ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىدۇ ، يەنى قەھرىمان چولاق ياكى قارىغۇنىڭ ئۈستە-گە مىنىپ ، ئوۋ ئوۋلاپ ھايات كەچۈرىدۇ . كېيىن يالماۋۇز كېلىپ ، ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغاندا قەھرىمان ئۇنى بويسۇندۇ-رۇپ ، ئۆزلىرىنىڭ مېيىپ يەرلىرىنى ساقايتىشقا مەجبۇرلايدۇ . يالما-ۋۇز ئاۋۋال يۇتۇۋېتىپ ، كېيىن قۇسۇپ چىقىرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كەم يەرلىرىنى (كۆزىنى ، پۇتىنى ۋە قولىنى ) تولۇقلايدۇ .

(19) شاھزادىنىڭ كېيىكنى قوغلاپ باشقا جايغا بېرىپ قېلىشى

شاھزادە ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن شىكارغا چىقىدۇ . شۇ چاغدا بىر گۈزەل كېيىك ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولىدۇ . ئۇلار كېيىكنى قورشىۋالىدۇ . پادىشاھ ھەمراھلىرىغا كېيىكنى تىرىك تۇتۇشنى بۇيى-رۇيدۇ ۋە كېيىك كىمنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ ، قېچىپ كەتسە شۇ كىشى-نىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ . كېيىك دەل شاھزادىنىڭ ئۈستىدىن سەكرەپ قېچىپ كېتىدۇ . نومۇس قىلغان شاھزادە ھەممە ھەمراھلىرىنى قالدۇرۇپ قويۇپ ، ئۆزى يالغۇز كېيىكنى قوغلاپ كېتىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، ئۇ بىر سېھىرلىك ماكانغا ياكى باشقا شەھەرگە بېرىپ قالىدۇ .

(20) قىيىن شەرت ئارقىلىق كۈيئوغۇل تاللاش

پادىشاھ ئۆزىگە كۈيئوغۇل تاللاشتا (ياكى مەلىكە ئۆزىگە جورا تاللاشتا ) ئورۇنداش ئىنتايىن قىيىن ۋە خەتەرلىك شەرتلەرنى ئوتتۇ-

رىغا قويىدۇ . نۇرغۇن يىگىتلەر بۇ شەرتلەرنى ئورۇندىيالماي جانلىرى-
دىن ئايرىلىدۇ . چۆچەك قەھرىمانى مەلۇم سېھىرلىك كۈچنىڭ ،
ھايۋانلارنىڭ ياكى غەيرىي ئىقتىدارغا ئىگە دوستلىرىنىڭ ياردىمى
بىلەن بۇ شەرتلەرنى ئورۇنداپ ، مەلىكىگە ئېرىشىدۇ .

**(21) ئۈچ ئاچا ـ سىڭىل مەلىكىنىڭ لايىق تاللىشى**

ئۈچ ئاچا ـ سىڭىل مەلىكە راۋاق ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ، يىگىت-
لەرنى ئالدىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتكۈزۈپ ، ئۆزلىرىگە لايىق تاللايدۇ .
چوڭ مەلىكىلەر شاھزادىلەر ۋە بايۋەچچىلەرنى تاللايدۇ . كىچىك مەلى-
كە بولسا چۆچەك قەھرىمانى بولغان پادىچى ، دېۋانە ياكى ھېچنېمىسى
يوق مۇساپىر يىگىتنى تاللايدۇ . شۇنىڭ بىلەن كىچىك مەلىكە تۇغقان-
لىرى تەرىپىدىن كەمسىتىلىشكە ئۇچرايدۇ . ئەمما ، كېيىن كىچىك
كۈيئوغۇل ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى ۋە ئەقىللىقلىقى بىلەن ھەممىنى قايىل
قىلىپ ، يۈكسەك مەرتىۋىگە ئېرىشىدۇ .

**(22) ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا شاھزادىنىڭ لايىق تاللىشى**

ئۈچ شاھزادە ئوقيا ئېتىش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە لايىق تاللايدۇ .
چوڭ ئوغۇلنىڭ ئاتقان ئوقى ۋەزىرنىڭ ئۆگزىسىگە چۈشكەنلىكى ئۈ-
چۈن ، ئۇ ۋەزىرنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىدۇ . ئوتتۇرانچى ئوغۇلنىڭ ئوقى
سودىگەرنىڭ ھويلىسىغا چۈشكەچكە ، ئۇ سودىگەرنىڭ قىزىغا ئۆيلىنى-
دۇ . كەنجى شاھزادىنىڭ ئوقى بولسا بىر پاقىنىڭ يېنىغا ياكى بىر
مايمۇننىڭ يېنىغا چۈشكەنلىكى ئۈچۈن ئاشۇ ھايۋانلارغا ئۆيلىنىشكە
مەجبۇر بولىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچراي-
دۇ . ئەمما ، بۇ كېلىن ھايۋان سۈپىتىدىكى پەرىزات بولۇپ چىقىدۇ ،
شۇڭلاشقا كەنجى شاھزادە ھەممىدىن بەختلىك بولىدۇ .

**(23) پادىشاھنىڭ ساھىبجامال ئايالنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنۇشى**

چۆچەكنىڭ قەھرىمانى بىر ساھىبجامال قىزغا ئېرىشكەندىن كې-
يىن ، پادىشاھنىڭ بۇ قىزغا كۆزى چۈشۈپ ، ئۇنى ئېرىدىن تارتىۋې-
لىش ئۈچۈن ھەر خىل سۈيىقەستلەرنى قىلىدۇ ، قەھرىماننى خەتەر-
لىك ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا ئەۋەتىپ ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولىدۇ ياكى
ئورۇندىغىلى بولمايدىغان قىيىن شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ئايالى-

www.uyghurkitap.com

دىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلماقچى بولىدۇ . بىراق قەھرىماننىڭ ئايالى ئۆزىنىڭ سېھىرلىك قابىلىيىتى بىلەن ئېرىگە ياردەم بېرىپ ، ھەممە قىيىن ۋەزىپىلەرنى ئورۇندايدۇ ۋە ئېرىنى خەتەردىن قۇتۇلدۇ- رۇپ قالىدۇ . شۇنداق قىلىپ پادىشاھ يېڭىلىدۇ .

### (24) ھۇما قۇشنىڭ پادىشاھ تاللىشى

بىر پادىشاھنىڭ ئوغلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن كىشىلەر ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە بۇركۇتكە پادىشاھ تاللىغۇزى- دۇ . شەھەردىكى ھەممە ئەرلەر باشلىرىغا قىپقىزىل گۆشلەرنى ئار- تىپ ، مەيدانغا توپلىشىپ ، بۇركۇتنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا قونۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ . بىراق ، بۇركۇت پەقەت مۇشۇ شەھەرگە ئايلىنىپ كېلىپ قالغان مۇساپىر يىگىتنىڭ بېشىغا قونىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ پادىشاھ بولىدۇ .

### (25) خاتا تونۇلغان يىگىتنىڭ مەلىكىگە ئېرىشىشى

ھېچنېمىسى يوق بىر بىچارە مۇساپىر يىگىت باغنىڭ كەينىدە ياكى ئېگىز بىنانىڭ تەكتىدە تۇنەيدۇ . ئەسلىدە بۇ شەھەرنىڭ مەلىكى- سى سۆيگۈنى بىلەن قاچماقچى بولۇپ ، كېچىدە مۇشۇ جايدا ئۇچرى- شىشنى مەسلىھەت قىلىشقان ئىكەن . بىراق ، مەلىكىنىڭ سۆيگۈنى بۇ يەرگە كېلىپ ساقلاپ تۇرۇپ بېقىپ ، مەلىكە چىقمىغاندىن كېيىن ، تاقەت قىلالماي كېتىپ قالغانىكەن . كېيىن مەلىكە چىقىپ بۇ يەردە ئۇخلاۋاتقان ھېلىقى مۇساپىر يىگىتنى سۆيگۈنۈم دەپ ئويلاپ ، ئۇنى ئاتقا مىندۈرۈپ ئېلىپ ماڭىدۇ . ئۇلار باشقا شەھەرگە يېقىنلىشىپ كەلگەندە تاڭ ئاتىدۇ . شۇ چاغدا يىگىتنى كۆرۈپ ، ئەھۋالنى بىلگەن مەلىكە ئۆزىنىڭ تەقدىرىگە تەن بېرىپ ، ئۇنىڭغا تېگىدۇ .

### (26) يالغان خوتۇننىڭ راست خوتۇنغا زىيانكەشلىك قىلىشى

شاھزادە بىر گۈزەل قىزغا ئۆيلەنگەندىن كېيىن ، بۇ قىزنىڭ ئۆگەي ئانىسى ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ ، ئۆز قىزىنى ئۇنىڭ ئورنىدا شاھزادىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىدۇ ياكى قىزنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بىر جادۇ- گەر ئايال قىزغا ئوخشاش ياسىنىپ ، شاھزادىنىڭ ئالدىغا بارىدۇ . شاھزادە بۇ يالغان خوتۇننى سەزمەستىن يۈرۈۋېرىدۇ ، ھەتتا ئۇنىڭدىن

بالىلىق بولىدۇ . راست خوتۇن بولسا دەرەخ ، قۇش ، ئات قاتارلىق نەرسىلەرگە ئايلىنىپ شاھزادىنىڭ ھويلىسىدا پەيدا بولىدۇ . بۇنى سەزگەن يالغان خوتۇن شاھزادىنى ئالداپ ئۇ نەرسىلەرنى يوقاتقۇزىدۇ . بىراق ، ئاخىرىدا راست خوتۇن تىرىلىپ ھەممە ئىش ئاشكارا بولىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن يالغان خوتۇن جازالىنىدۇ .

### (27) ئۈچ ئاكا ـ ئۇكىنىڭ دانىشمەنلىكى

ئۇزاق سەپەر قىلىپ باشقا شەھەرگە بېرىپ قالغان ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدا مېھمان بولىدۇ . چوڭ ئوغۇل ئالدىدىكى گۆشنى تېتىپ بېقىپ «بۇ ئىتنى ئېمىپ چوڭ بولغان قوزىنىڭ گۆشى ئىكەن» دەيدۇ . ئوتتۇرانچى ئوغۇل ئۈزۈمنى يەپ بېقىپ «بۇ ئۈزۈمگە ئادەم قېنى ئارىلاشقان ئىكەن» دەيدۇ . كەنجى ئوغۇل بولسا «بىزنى مېھمان قىلغان بۇ پادىشاھ ئەسلى ناۋاينىڭ ئوغلى ئىكەن» دەيدۇ . ئىشىك تۈۋىدە ماراپ تۇرۇپ بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ يىگىتلەرنىڭ دانىشمەنلىكىگە قول قويۇپ ، ئۇلارنى مۇكاپاتلايدۇ .

### (28) 40 ئوغلى بار ئادەمنىڭ 40 قىزى بار ئادەم بىلەن قۇدا بولۇشى

40 ئوغلى بار بىر ئادەم (بەزى چۆچەكلەردە توققۇز ئوغلى بار ئادەم) يەنە شۇنچىلىك قىزى بار ئادەم بىلەن قۇدا بولۇشنى ئويلايدۇ ۋە شۇنداق ئائىلىنى ئاخىر تاپىدۇ . قىزلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى جادۇگەر بولغانلىقى (ياكى ئۇلارنىڭ ئۆتەر يولىدا جادۇگەر بولغانلىقى) ئۈچۈن يىگىتلەر كۆپ قىيىنچىلىققا ئۇچرايدۇ . كەنجى ئوغۇل قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ ئىلاھىي مەخلۇقلارنى ئاخىر يوقىتىدۇ .

### (29) ئىككى سېھىرگەرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئېلىشىشى

چۆچەكنىڭ باش پېرسوناژى سېھىرگەرلىكنى ئۆگىنىۋېلىپ ، ۋەھشىي جادۇگەر بىلەن ئېلىشىدۇ . ئۇلار بىر ـ بىرىدىن ماھارەتلىك بولۇپ ، ئارقا ـ ئارقىدىن ھەر خىل ھايۋان ، ئۇچار قۇش ، گۈل ـ گىياھ ۋە باشقا نەرسىلەرگە ئۆزگىرىپ ، ئۆزئارا قاتتىق كۈرەش قىلىدۇ . ئاخىر باش پېرسوناژ غەلىبە قىلىدۇ .

**(30) قوغلاپ كەلگەن يىرتقۇچ مەخلۇقلارغا توسقۇنلۇق پەيدا قىلىش**

قېچىپ ماڭغان قەھرىماننى يىرتقۇچ مەخلۇقلار (دىۋە، يالماۋۇز) قوغلاپ تۇتۇۋېلىشقا ئاز قالىدۇ. مانا شۇ ھالقىلىق پەيتتە ئۇ ئارقىسىغا كەينى ـ كەينىدىن تاغاق، سۈزگۈچ ۋە ئەينەكنى تاشلايدۇ. بۇ نەرسىلەردىن تاغ، ئورمان ۋە دەريا ھاسىل بولۇپ، يىرتقۇچ مەخلۇقنىڭ يولىنى توسۇپ قىيىنلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قەھرىمان ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلىدۇ.

**(31) پەرىزاتنىڭ دىۋىلەر ماكانىدا ھايات كەچۈرۈشى**

كەپتەرگە ئايلىنىپ ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرىدىغان پەرىزاتلارنىڭ كۆپىنچىسى دىۋىلەر بىلەن بىللە تىلسىملىق ماكاندا ھايات كەچۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى دىۋىنىڭ قىزى، بەزىلىرى دىۋىنىڭ سىڭلىسى، بەزىلىرى دىۋىنىڭ ئايالى سالاھىيىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ھەتتا بۇ پەرىزاتلارنىڭ بەزىلىرى دىۋىلەر شەھىرىنىڭ پادىشاھى بولۇپ، قول ئاستىدا نەچچە مىڭ نۆكەر دىۋە ياكى مۇلازىم دىۋىلەر بولىدۇ. چۆچەكنىڭ باش پېرسوناژى بولغان يىگىت بىرەر قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇچۈن ئۇلارنىڭ ماكانىغا بارىدۇ. پەرىزات بۇ يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ دىۋە تۇغقانلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ، ئەمما ئاخىر دىۋىلەرنى يىگىتكە ياردەم بېرىشكە كۆندۈرىدۇ. بەزى چۆچەكلەردە دىۋىلەر ماكانىدىكى ئاچا ـ سىڭىل پەرىزاتنىڭ ھەر ئىككىسى يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئۆزئارا جەڭگى ـ جېدەل قىلىشىدۇ.

**(32) شاھزادىنىڭ يۇرتىغا قايتىپ، پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇشى**

نۇرغۇن چۆچەكلەرنىڭ باش پېرسوناژى شاھزادە بولۇپ، ئۇ بىرەر ئېھتىياج تۈپەيلىدىن ئۆز شەھىرىدىن ئايرىلىپ، ياقا يۇرتقا سەپەر قىلىدۇ. ئۇ ئاخىر باشقا شەھەردە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، چىرايلىق قىزغا ئۆيلىنىپ ياكى باي بولۇپ قايتىپ كېلىدۇ ۋە دادىسىنىڭ پادىشاھلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، تەختكە ئولتۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

**(33) سىرلىق كىتابقا تايىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش**

چۆچەكنىڭ باش پېرسوناژى تىلسىملىق ماكاندىكى خاسىيەتلىك كىتابنى قولغا چۈشۈرىدۇ، بەزى چۆچەكلەردە بۇ كىتاب ئاتا ـ بوۋىسىدىن بالا ـ نەۋرىلىرىگە مىراس قالىدۇ. باش پېرسوناژ بۇ كىتابقا پۈتۈلگەن سېھىرگەرلىك ئۇسۇللىرىنى ياكى تېبابەتچىلىك بىلىملىرىنى ۋە ياكى مەلۇمات ـ بېشارەتلەرنى بىلىۋېلىپ، ئەنە شۇلارغا تايىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ: دۈشمەنلىرىنى يوقىتىدۇ، ساھىبجامالنى قولغا چۈشۈرىدۇ، بايلىق ياكى مەرتىۋىگە ئېرىشىدۇ.

**(34) چۈشىدە كۆرگەن ساھىبجامالنى ئىزدەش**

ئورغۇن چۆچەكلەردە باش پېرسوناژ يىگىت چۈشىدە ساھىبجامال قىزنى كۆرۈپ، ئوڭىدا ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ توسۇشىغا قارىماي، ئاشۇ قىزنى ئىزدەپ يولغا چىقىدۇ ۋە ئاخىر ئۇنى تېپىپ، مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىدۇ.

**(35) دادىسىغا خاسىيەتلىك قۇش ئەكېلىپ بېرىش**

پادىشاھ، سودىگەر ياكى باي چۈشىدە بىر خاسىيەتلىك قۇشنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بولىدۇ. بۇ قۇش «بۇلبۇلگويا»، «گۇلقەقە»... دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ. ئۇ دىۋە ـ پەرىزاتلار ماكانىدا بولغاچقا، ئاشىق بولغۇچى ئۇنى قولغا چۈشۈرەلمەي ئىزتىراپتىن كېسەللىك ھالىتىگە يېتىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇنىڭ ئوغۇللىرى دادىسىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يىراق سەپەرگە ئاتلىنىدۇ ۋە ئورغۇن خېيىم-خەتەرلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، قۇشنى قولغا چۈشۈرۈپ، دادىسىغا ئەكېلىپ بېرىدۇ.

**(36) تاجاۋۇزچىلارنى يوقىتىپ، شەھەرنى قوغداپ قېلىش**

مەلۇم بىر شەھەرگە باشقا دۆلەتنىڭ لەشكەرلىرى ھۇجۇم قوزغايدۇ. تاجاۋۇزچىلار سان جەھەتتىن كۆپ، قورال ـ ياراغ جەھەتتىن قۇدرەتلىك بولغاچقا، پادىشاھ ئۆز شەھىرىنى قوغداپ قېلىشتىن ئۈمىدنى ئۈزىدۇ. مانا مۇشۇ چاغدا چۆچەكنىڭ باش پېرسوناژى ئوتتۇرىغا

چىقىپ ، قەھرىمانلىقى ياكى ھىيلە ـ نەيرىڭى ئارقىلىق ئۆزى يالغۇز لەكمىلىك دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىپ ، شان ـ شەرەپ قازىنىدۇ .

(37) سېھىرلىك قۇشقا يولۇقۇپ ، مەرتىۋىگە ئېرىشىش

نۇرغۇن چۆچەكلەردە نامرات دېھقان ياكى ئوتۇنچى بىر خىل سېھىرلىك قۇشقا يولۇقۇپ قېلىپ ، ئۇنىڭ كارامىتى بىلەن بايلىق ۋە مەرتىۋىگە ئېرىشىدۇ . بەزى چۆچەكتە بۇ ئادەم ئۆز جىگدىسىنى يەۋالغان قاغىنى تۇتۇۋالىدۇ ، قاغا ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قويۇۋېتىشنى ئۆتۈنىدۇ ، ھېلىقى ئادەم قاغىنى قويۇۋېتىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بۇ قاغا ئۇنىڭغا خاسىيەتلىك نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىپ ، ئۇنى باي قىلىۋېتىدۇ . يەنە بەزى چۆچەكتە بۇ ئادەم توخۇ ، قىرغاۋۇل ، كەكلىك قاتارلىق قۇشلارنىڭ ئۇۋىسىنى كۆرۈپ قالىدۇ . بۇ قۇشلار ھېلىقى ئادەمگە گۆھەر تۇغۇپ بېرىدۇ ياكى بۇ ئادەمنىڭ باللىرى ئاشۇ قۇشنىڭ گۆشىنى يەپ ، ئۇنىڭ سېھىرلىك خۇسۇسىيىتى بىلەن پادىشاھ ۋە ۋەزىرلىك ئورنىغا ئولتۇرىدۇ .

(38) دېۋىنى يوقىتىپ ، مەلىكىنى قۇتقۇزۇش

مەلۇم شەھەرنىڭ مەلىكىسىنى دېۋە ئېلىپ قېچىپ ، ئۆز ماكانىغا بەند قىلىۋالىدۇ . بۇنى ئاڭلىغان باش پېرسوناژ دېۋىلەر ماكانىغا بېرىپ ، قەھرىمانلىقى ۋە ئەقىل ـ پاراسىتىگە تايىنىپ ، دېۋىنى يوقىتىپ ، مەلىكىنى قۇتقۇزۇپ كېلىدۇ . بەزىدە ئۇنىڭ دېۋىنى يوقىتىشىغا مەلىكە ياردەم بېرىدۇ ، يەنى ئۇنىڭ غەلىبە قىلىشىدا مەلىكە ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ .

(39) خوتۇنىنى دوستىدىن كۈنلەش

باش پېرسوناژ ئۆزى ياخشى كۆرگەن مەلىكىنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئاتلىنىدۇ . دوستى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ مەلىكىگە ئېرىشىشىگە چوڭ ياردەم قىلىدۇ . بىر كۈنى باش پېرسوناژ بىلەن مەلىكە سىرتتا ئۇخلاۋاتقاندا ، بىر يىلان مەلىكىنىڭ ئاغزىغا زەھەر سالىدۇ . باش پېرسوناژنىڭ دوستى مەلىكىنىڭ ئاغزىدىكى زەھەرنى سۈمۈرۈپ ئۇنى قۇتقۇزىدۇ . دەل مۇشۇ چاغدا باش پېرسوناژ ئويغىنىپ ، بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ، خوتۇنىنى دوستىدىن كۈنلەپ ، ئۇلارنى

www.uyghurkitap.com

ئەيىبلەيدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئىككى دوست ئوتتۇرىسىدا ئارازچىلىق پەيدا بولىدۇ . كېيىن باش پېرسوناژ ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىپ، دوستىدىن كەچۈرۈم سورايدۇ .

(40) كەنجى ئوغۇلنىڭ ئاكىلىرىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشى

بىر ئادەمنىڭ چوڭ ئىككى ئوغلى بىر ھۈنەرۋەنگە شاگىرتلىققا كىرىپ ، ھۈنەرۋەننىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرايدۇ . ئەسلىدە بۇ ھۈنەرۋەن جادۇگەر ئىكەن . ئاخىر كەنجى ئوغۇلمۇ جادۇگەرگە شاگىرتلىققا كىرىپ ، جادۇگەرنىڭ قىزىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇنىڭ سىرىنى بىلىۋالىدۇ ۋە ئۇنى جازالاپ ئاكىلىرى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىدۇ .

(41) ئاتىنىڭ ئۆزىنى قۇربان قىلىپ مەلىكىگە ھاياتلىق ماكانى يارىتىپ بېرىشى

ئات تۆھمەتكە ئۇچرىغان مەلىكە ۋە ئۇنىڭ ئىككى بالىسىنى ئېلىپ چۆللۈككە بارىدۇ . كېيىن مەلىكە ئاتنىڭ قاتتىق تەلەپ قىلىشى بىلەن ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ، تۆت پۇتىنى تۆۋرۈك قىلىپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتنىڭ تېرىسىنى يېپىپ ، تېرىنىڭ ئاستىغا كىرىپ ، ئاتنىڭ بېشىنى ياستۇق قىلىپ ئۇخلايدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئويغانغاندا ئۆزىنى بىر باغۇبوستانلىق زېمىندا كۆرىدۇ . مەلىكە بىلەن ئۇنىڭ باللىرى مۇشۇ جايدا ياشاپ ، خېيىمخەتەردىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ .

(42) بۈرگىنىڭ تېرىسىنى تونۇتۇش

پادىشاھ بىر تال بۈرگىنى تۇجۇپىلەپ باققاچقا ، ئۇ كالىدەك يوغىناپ كېتىدۇ . پادىشاھ ئۇنى سويغۇزۇپ ، تېرىسىنى ئوردا دەرۋازىسىنىڭ بېشىغا ئېسىپ قويىدۇ ۋە كىم بۇنىڭ نېمىنىڭ تېرىسى ئىكەنلىكىنى بىلەلىسە ، شۇنىڭغا قىزىنى بېرىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ . ھېچكىم ئۇنى بىلەلمەي ، ئاخىر بىر دىۋە (بەزى چۆچەكلەردە يالماۋۇز ) بۈرگىنىڭ تېرىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپ ، مەلىكىنى ئىگىلەش ھوقۇقىغا ئېرىشىۋالىدۇ .

(43) ئاسمانغا ساراي سېلىش

پادىشاھ قىزىنىڭ ئېپىپىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ، پەرىزاتنىڭ

ياردىمى بىلەن ئاسمانغا ساراي سېلىپ ، قىزنى ئاشۇ سارايغا ئەكىرىپ قويىدۇ . بۇ ساراي «ئاسماندىن تارتمىسى يوق ، يەردىن تۈۋرۈكى يوق» مۇئەللەقتە ئېسىلىپ تۇرىدىغان ساراي ئىكەن . بىر شاھزادە ياغاچ ئات (بەزى چۆچەكلەردە بۇركۇت ، يەنە بەزى چۆچەكلەردە سۇمۇرغ ) نىڭ ياردىمى بىلەن بۇ سارايغا چىقىپ مەلىكە بىلەن مۇھەببەتلىشىدۇ .

(44 ) تىللا چېچىپ قېچىپ كېتىش

مەلىكىنى دادىسى مەجبۇرىي ياتلىق قىلماقچى بولىدۇ . مەلىكە دادىسىغا يالغان ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ ، سەيلىگە رۇخسەت ئالىدۇ . ئۇ 40 كېنىزەكنىڭ ھەمراھلىقىدا سەيلىگە چىقىپ ، تۇيۇقسىز نۇرغۇن تىللانى كېنىزەكلەرگە قارىتىپ چېچىۋېتىدۇ . كېنىزەكلەر مەلىكە بىلەن كارى بولماي ، يەردىن باش كۆتۈرمەي تىللا تېرىشكە باشلايدۇ . پۇرسەتتىن پايدىلانغان مەلىكە باشقا شەھەرگە قاراپ قېچىپ كېتىدۇ . بەزى چۆچەكتە مەلىكە مەلۇم كىشىگە مەجبۇرىي نىكاھلىنىپ ، توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقاندا ، ئۇنىڭ يىگىتى كېلىپ ، توي ئىشتىراكچىلىرىنىڭ ئارىسىغا تىللا چېچىپ ، ئۇلارنى پاتىپاراق قىلىۋېتىدۇ ۋە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، مەلىكىنى ئېلىپ قاچىدۇ .

(45 ) نازارەت ئاستىدىكى ئاياللارنىڭ ئاشنا ئوينىشى

مەلۇم ئەر كىشى ئۆز ئايالىنىڭ يات ئەرلەر بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ، ئۇنى خۇرجۇنغا سولاپ ، مۇرىسىگە ئارتىپ كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ . ئەمما ، بۇ خوتۇن ئاشنىسىنى قۇتىغا قاچىلاپ ، يانچۇقىغا سېلىۋالىدۇ ۋە خۇرجۇننىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ بىلەن بىمالال كۆڭلىنى ئېچىپ يۈرۈۋېرىدۇ . بەزى چۆچەكلەردە بايان قىلىنىشىچە ، بىر كىشى ئۆز ئايالىنى ساندۇققا قاچىلاپ ، كۆتۈرۈپ يۈرىدىكەن . ئەمما ، ئۇنىڭ ئايالى ئاشنىسىنى يىڭنىگە ئايلاندۇرۇپ ، چاپىنىنىڭ ياقىسىغا سانجىپ قويىدىكەن . ئېرى ساندۇقنى يۈدۈپ ماڭغاندا ، ئۇ ساندۇقنىڭ ئىچىدە ئاشنىسى بىلەن خاتىرجەم ئوينايدىكەن .

(46 ) دۆت دىۋىنى قورقۇتۇۋېتىش

بىر بەڭگى ئادەم دىۋىگە يولۇقۇپ قېلىپ ، ئۇنىڭ بىلەن «كۈچ سىنىشىپ» ئۇنى يېڭىۋالىدۇ ، يەنى ئۇ ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىنى مىنىڭ

www.uyghurkitap.com

تۇكۇم دەپ ، قېتىقنى چاچرىتىپ ، يەرنىڭ مېگىسىنى چۇۋۇۋېتىم دەپ ، پاقىنى مېنىڭ بەدىنىمدىكى پىت دەپ ، نەشىنىڭ چىلىمىنى تارتىپ ئوت پەيدا قىلىپ ، مەن ئوت يەۋاتىمەن ، دەپ دىۋنىنى قاتتىق قورقۇتۇۋېتىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش ئۇندۇرۇۋالىدۇ .

**(47) خۇدا (ياكى دانىشمەن) دىن قىيىن مەسىلىلەرنى سوراپ كېلىش**

بىر شەھەردە تۇيۇقسىز قۇرغاقچىلىق پەيدا بولىدۇ . كىشىلەر بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي تىت ـ تىت بولىدۇ . چۆچەكنىڭ باش پېرسوناژى خۇدانىڭ دەرگاھىغا بېرىپ (ياكى يىراقتىكى دانىشمەن بوۋاينىڭ يېنىغا بېرىپ) ، ئۇنىڭدىن قۇرغاقچىلىقنىڭ سەۋەبىنى سوراپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىقىدۇ . ئۇ سەپەر جەريانىدا كىشىلەر ھەل قىلالمايۋاتقان يەنە نۇرغۇن قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىدۇ . مەسىلەن ، بىر يېزىدا نېمە ئۈچۈن ۋابا كېسىلى تارقىلىدۇ ؟ بىر قارىغۇ قىزنىڭ كۆزىنى قانداق ساقايتقىلى بولىدۇ ؟ بىر تۈپ ئۈجمە دەرىخى نېمە ئۈچۈن تۇيۇقسىز قۇرۇپ كېتىدۇ ؟ بىر ئىت نېمە ئۈچۈن قوتۇر كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ ؟ بىر كېمىچى قانداق قىلغاندا كېمە ھەيدەشتىن قۇتۇلىدۇ ؟… ۋەھاكازا . كىشىلەر ئۇنىڭدىن مۇشۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى خۇدادىن سوراپ كېلىشنى ئۆتۈنىدۇ . باش پېرسوناژ ماڭغانسېرى قىيىن مەسىلىلەر كۆپىيىۋېرىدۇ . ئاخىر ئۇ خۇدادىن بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى بىلىۋېلىپ ، ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ ھەل قىلىدۇ .

**(48) باش پېرسوناژنىڭ غەيرىي تەبىئىي تۇغۇلۇشى**

بالىسى يوق بىر ئادەم يىغلاپ تۇرۇپ خۇدادىن بالا تىلەيدۇ . ئۇنىڭ كۆزىدىن چۈشكەن بىر تامچە ياش قۇرتقا ، قۇرت بوۋاققا ئايلىنىدۇ . بىر ئادەم «مېنىڭ چىگىتچىلىك بولسىمۇ بالام بولسا بولاتتى» دەيدۇ ، شۇنىڭ بىلەن چىگىتچىلىك بالا پەيدا بولىدۇ . بالىسى يوق بىر ئايال خېمىر يۇغۇرۇۋېتىپ ، خېمىردىن بىر ئوغۇل بالىنىڭ قورچىقىنى ياسايدۇ ، شۇنىڭ بىلەن تەڭداشسىز خېمىر باتۇر پەيدا بولىدۇ… ۋەھاكازا .

(49) دىۋىنىڭ ئۆز سۆيگۈنىنى باشقىلارغا باھالىتىشى

يەر ئاستى دىۋىلەر ماكانىدا ئالتۇن ـ كۈمۈش بار ئىكەن . بىراق ئۇ يەردە بىر دىۋە (ۋەھشىي يىلان ياكى ئۆزى بىر غىرىچ ، قۇيرۇقى 40 غىرىچ مەخلۇق) بىر تەرىپىدە ئايدەك گۈزەل قىزنى ، يەنە بىر تەرىپىدە قاپقارا پاقىغا ئوخشاش سەت قىزنى تۇرغۇزۇۋېلىپ ، يەر ئاستىغا چۈشكەنلىكى ئادەمدىن «بۇ قىزلارنىڭ قايسىسى چىرايلىق ؟» دەپ سورايدىكەن ، كىشىلەر چىرايلىق قىزنى كۆرسىتىدىكەن . شۇنىڭ بىلەن دىۋە ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدىكەن . بۇنىڭ سەۋەبى دىۋە ھېلىقى سەت قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولۇپ ، باشقىلارنىڭمۇ ئاشۇ قىزنى چىرايلىق دېيىشىنى خالايدىكەن . چۆچەكنىڭ باش پېرسوناژى يەر ئاستىغا چۈشۈپ ، بايلىق ئېلىپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ . دىۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئاشۇنداق سوئال سورايدۇ . باش پېرسوناژ «ھەر كىمنىڭ سۆيگىنى ئۆزىگە چىرايلىق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ . دىۋە بۇ جاۋابتىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش بېرىدۇ .

(50) زەنجىرسىمان سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەش

بىر ئادەم چۆچەكنىڭ باش پېرسوناژىغا «پالانى شەھەردىكى پوستانى موزدوز نېمە ئۈچۈن بىگىزنى ئاياغقا سانجىغاندا يىغلاپ ، يېپنى تارتقاندا كۈلىدۇ ؟ شۇنى بىلىپ كەل» دەيدۇ . ئۇ موزدوزنىڭ يېنىغا بېرىپ سورىسا ، موزدوز «پالانى شەھەردە بىر مەزىن بار . ئۇ ھەر قېتىم مەسچىتنىڭ پەشتىقىدا ئەرزان توۋلاۋېتىپ يىقىلىپ چۈشىدۇ . بۇ نېمە ئۈچۈن ؟ شۇنى بىلىپ كەل» دەيدۇ . ئۇ مەزىننىڭ يېنىغا بېرىپ سورىسا ، مەزىن «پالانى شەھەردىكى پوستانى ئادەم ھەر كۈنى بىر كالىنى تىرىلدۈرىدۇ . بۇ نېمە ئۈچۈن ؟ شۇنى بىلىپ كەل» دەيدۇ... شۇنداق قىلىپ بۇنداق سوئاللار كۆپىيىۋېرىدۇ . باش پېرسوناژ ئاخىر بىرسىنىڭ جاۋابىنى بىلىۋېلىپ ، بۇ جاۋاب ئارقىلىق كەينى ـ كەينىدىن باشقا سوئاللارنىڭمۇ جاۋابىنى بىلىۋالىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 4 . ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ تىپلىرى

## (1) باتۇرلۇق ھەققىدىكى چۆچەكلەر

1 ـ تىپ : ئاكا ـ ئۇكا باتۇرلار . ئاكا ـ ئۇكا باتۇرلار ھەققىدىكى چۆچەكلەرنى يەنە تۆۋەندىكىدەك بەش كىچىك تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ .

1A ـ تىپ : «ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا باتۇرلار» . بۇ چۆچەكتە مۇنداق ۋەقە بايان قىلىنىدۇ : ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا قېرىنداش بەخت ئىزدەپ سەپەرگە چىقىدۇ . ئۇلار دالىدا قونغاندا نۆۋەت بىلەن كۆزەتتە تۇرىدۇ . چوڭ ئوغۇل كۆزەتتە تۇرغاندا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن شىرنى ، ئوتتۇرانچى ئوغۇل ئەجدىھانى ئۆلتۈرىدۇ . كىچىك ئوغۇل بولسا 20 قاراقچىغا ئەگىشىپ مېڭىپ ، ئۇلار پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا ئوغرىلىققا كىرگەندە ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ . ئاندىن ئۇخلاۋاتقان ئۈچ مەلىكىنىڭ ئۈزۈك ۋە ھالقىلىرىنى ئېلىۋېلىپ چىقىپ كېتىدۇ . ئەتىسى ئۈچ ئوغۇل شەھەرگە كىرگەندە ، پادىشاھ ئۇلاردىن گۇمانلىنىپ ، ئوردىغا چاقىرىپ ئەكېلىدۇ ۋە مېھمان قىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن «ئۈچ ئاكا ـ ئۇكىنىڭ دانىشمەنلىكى» موتىفى (27 ـ موتىف ) يۈز بېرىدۇ . پادىشاھ بۇ ئوغۇللارنىڭ قەھرىمانلىقى ۋە دانىشمەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ، ئۈچ قىزىنى ئۇلارغا نىكاھلاپ بېرىدۇ .

ياۋروپادا كەڭ تارقالغان «مەرگەن» (AT304 ) ناملىق چۆچەكنىڭ كىچىك بىر ئېپىزوتى 1A ـ تىپنىڭ ۋەقەلىكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ . «مەرگەن» دە بىر مەرگەن پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا ئوغرىلىققا كىرگەن بىر توپ گىگانت ئادەمنىڭ بېشىنى كېسىپ تاشلايدۇ ۋە بەلگە ئۈچۈن ئۇخلاۋاتقان مەلىكىنىڭ ياغلىقىنى ئېلىپ كېتىدۇ . بۇ ۋەقەلىك يۇقىرىقى چۆچەكتىكى كەنجى ئوغۇلنىڭ 20 قاراقچىنى ئۆلتۈرگەنلىكى ۋە مەلىكىلەرنىڭ ئۈزۈك ـ ھالقىلىرىنى ئېلىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى ۋەقە بىلەن ئوخشايدۇ . بىراق ، بۇ پەقەت چۆچەكتىكى كىچىككىنە ئېپىزوتتىنلا ئىبارەت بولۇپ ، ئۇنىڭ باشقا ۋەقەلىكلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ .

1B ـ تىپ : «كەنجى باتۇر» ، «ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا باتۇرلار»

چۆچەكلىرى مۇشۇ تىپقا تەۋە . ئۇنىڭدا مۇنداق ۋەقە بايان قىلىنىدۇ : ئۈچ ئاكا ـ ئۇكىنىڭ چوڭى يۇلتۇز سانار ، ئوتتۇرانچىسى دەريا باغلار ، كەنجىسى قىلىچ باتۇر ، دەپ ئاتىلىدۇ . سەپەر ئۈستىدە يۇلتۇز سانار يىرتقۇچ قۇشنى ، دەريا باغلار يالماۋۇزنى ، قىلىچ باتۇر قاراقچىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ، پادىشاھ ئۆزىنىڭ يالغۇز مەلىكىسىنى ئۇلارغا سوۋغا قىلىدۇ ، يۇلتۇز سانار ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ . دەريا باغلار بىلەن قىلىچ باتۇر سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، باشقا شەھەرگە بارىدۇ . بۇ يەردە «ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىن مەلىكىنى قۇتقۇزۇش» موتىفى (4ـ موتىف ) يۈز بېرىپ ، قىلىچ باتۇر مەلىكىنى قۇتقۇزۇپ ، ئۇنى دەريا باغلارغا نىكاھلاپ بېرىدۇ . قىلىچ باتۇر يەنە سەپەر قىلىپ ، بىر شەھەردە ساھىبجامال قىزغا ئۆيلىنىدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن «جادۇگەر موماينىڭ قەھرىمانغا سۇيىقەست قىلىشى» موتىفى (6 ـ موتىف ) پەيدا بولۇپ ، ئۇنىڭ قىلىچى جادۇگەر تەرىپىدىن دەرياغا تاشلىنىدۇ ، قىلىچ باتۇر ئۆلىدۇ . يۇلتۇز سانار يۇلتۇزغا قاراپ ، قىلىچ باتۇرغا خەۋپ يەتكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە دەريا باغلارنى ئېلىپ ، قىلىچ باتۇرنىڭ يېنىغا كېلىدۇ . دەريا باغلار دەريانىڭ سۈيىنى توختىتىپ ، قىلىچنى تېپىپ ، ئىنىسىنى تىرىلدۈرىدۇ . ئۇلار پادىشاھ ۋە جادۇگەرنى يوقىتىپ ، ساھىبجامالنى قۇتقۇزىدۇ .

بۇ تىپتا كۆرۈلىدىغان باتۇر يىگىتنىڭ ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىن مەلىكىنى قۇتقۇلدۇرۇش ۋەقەسىنى بىز ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا مۇستەقىل بىر چۆچەك ئەمەس ، بەلكى موتىف دەپ قارايمىز . چۈنكى ، ئۇ نۇرغۇن ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ئىچىدە تەكرارلىنىپ كېلىدۇ . ئەمما ، تومپسوننىڭ كۆرسىتىشىچە ، مەزكۇر ۋەقەلىك دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەر ئارىسىدا مۇستەقىل بىر چۆچەك بولۇپ ، ئۇ «ئەجدىھانى ئۆلتۈرگەن باتۇر» (AT300 ) دەپ ئاتىلىدۇ . تومپسوننىڭ ئېيتىشىچە ، رانك (Ranke ) دېگەن ئالىم بۇ چۆچەكنىڭ 368 پارچە ۋارىيانتىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغان . تومپسوننىڭ ئۆزى بولسا بۇ چۆچەكنىڭ ھازىرغىچە مەلۇم بولغان 1100 پارچىسىنىڭ تارقىلىش رايونلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن . بۇ چۆچەك ياۋروپادىكى پۈتكۈل مىللەتلەر ئارىسىدا ، شۇنداقلا تۈركىيە ، ئىران ، ھىندىستان ، مالايسىيا ، ياپونىيە ، ئافرىقىدىكى بىر قىسىم دۆلەتلەر ، ماداغاسقار ۋە

شىمالىي ئامېرىكا ئىندىئانلىرى ئىچىدە كەڭ تارقالغان (15 ـ ماتېرىيال 27 — 33 ـ بەتلەر).

تومپسون «ئىككى ئاكا ـ ئۇكا» (AT303) ناملىق يەنە بىر چۆچەكنىڭ كۆپ ھاللاردا «ئەجدىھانى ئۆلتۈرگەن باتۇر» چۆچىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. «ئىككى ئاكا ـ ئۇكا» چۆچىكىدە ئاكىسى باشقا شەھەرگە بېرىپ ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىن مەلىكىنى قۇتقۇزۇپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ. ئەمما، بىر جادۇگەر ئۇنى تاشقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئۆيىدىكى دەرەخ قۇرۇپ كېتىدۇ. ئىنىسى بۇنى كۆرۈپ، ئاكىسىنىڭ خەتەرگە يولۇققانلىقىنى بىلىدۇ ۋە بېرىپ ئاكىسىنى قۇتۇلدۇرىدۇ. قارىماققا بۇ چۆچەك 1B ـ تىپتىكى قىلىچ باتۇر، يۇلتۇز سانار ۋە دەريا باغلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمما، بىز چۆچەكنىڭ ئومۇمىي ۋەقەلىكىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، بۇلار ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرقنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدۇق. شۇڭا، بىز بۇ ئىككى چۆچەكنى بىر تىپقا تەۋە ئەمەس دەپ قارايمىز.

1C ـ تىپ: «زېرەك» ناملىق چۆچەك مۇشۇ تىپقا ۋەكىل بولالايدۇ. ئۇنىڭدا بايان قىلىنىشىچە، ئۈچ ئوغۇل كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان دادىسىنى ساقايتىش ئۈچۈن، يىراق ماكانغا بېرىپ، سىرلىق سۇنى ئېلىپ كەلمەكچى بولىدۇ. چوڭى ۋە ئوتتۇرانچىسى كەينى ـ كەينىدىن بېرىپ، يالماۋۇزغا تۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئاخىر زېرەك ئىسىملىك كەنجى ئوغۇل يالماۋۇزنى ئۆلتۈرۈپ، ئاكىلىرىنى قۇتقۇزۇپ، سىرلىق سۇنى ئېلىپ قايتىپ كېلىدۇ. كېيىن كەنجى ئوغۇل چۈشىدە بىر مەلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئىزدەپ يولغا چىقىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن «ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىن مەلىكىنى قۇتقۇزۇش» ۋەقەسى (4 ـ موتىف) يۈز بېرىپ، مەلىكىنى قۇتقۇزۇپ ئېلىپ ماڭىدۇ. يولدا ئۇلار قاراقچىلارغا تۇتۇلىدۇ. ئىككى ئاكىسى ئىنىسى ئۆيدە قالدۇرۇپ قويغان زىخچە ئالتۇندىن قان چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ (ياكى قېتىقتىن يىرىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ)، ئىنىسىگە خەۋپ يەتكەنلىكىنى بىلىدۇ ـ دە، دەرھال بېرىپ زېرەك ۋە مەلىكىنى قاراقچىلاردىن قۇتۇلدۇرىدۇ.

1D ـ تىپ: «ئەڭگۈشتەر» ناملىق چۆچەك مۇشۇ تىپقا تەۋە

چۆچەكتۇر . ئۇنىڭدا مۇنداق ۋەقە بايان قىلىنىدۇ : ئۈچ ئوغۇل پادى-
شاھنىڭ دۆۋە ئېلىپ قاچقان ئەڭگۈشتەرنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن
ئاتلىنىدۇ . يولدا ئىككى ئاكىسى سىرلىق ئالمىنى يەپ قويۇپ تاشقا
ئايلىنىپ كېتىدۇ . كەنجى ئوغۇل سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇپ ، ئىت ،
مۈشۈك ۋە ھەرىلەرنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ ، ئۇلار بىلەن دوست بولۇپ
دۆۋىلەر ماكانىغا بارىدۇ . ھەرە ئەڭگۈشتەرنىڭ دۆۋىنىڭ بۇرنىنىڭ
ئىچىدە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن «مۈشۈك
بىلەن ئىتنىڭ ئەڭگۈشتەرنى قايتۇرۇپ كېلىشى» موتىفى (7 - مو-
تىف ) بايان قىلىنىدۇ . ئاندىن ئەڭگۈشتەر ئارقىلىق ئاكىلىرىنى ئەس-
لىگە كەلتۈرىدۇ ، شۇنداقلا ئىت ، مۈشۈك ۋە ھەرىلەرنى سېھرىي
بەندتىن قۇتۇلدۇرۇپ ، ئەسلىدىكى مەلىكە شەكلىگە قايتۇرىدۇ (بۇلار
ئۈچ ئاچا - سىڭىل مەلىكىلەر بولۇپ ، دۆۋىلەر ئۇلارنى ئاشۇنداق
ھايۋانغا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىكەن ) . شۇنداق قىلىپ ، ئۈچ ئوغۇل
ئۈچ مەلىكە بىلەن توي قىلىدۇ .

1E - تىپ : «قىلىچ» ۋە «قىلىچ ئۆمەر» نامىلىق ئىككى چۆچەك-
تە 1A - تىپقا ئوخشاپ كېتىدىغان ۋەقەلىك بايان قىلىنىدۇ . ئەمما ،
ئۇلاردىكى ئۈچ باتۇر ئاكا - ئۇكا ئەمەس ، بەلكى دوستلاردۇر . چۆ-
چەكنىڭ ئاخىرىدا بوران باتۇر بىلەن دەريا باغلار دوستى قىلىچ باتۇرنى
قۇتقۇزۇپ قالىدۇ . بەلكىم بۇ چۆچەك «ئۈچ ئاكا - ئۇكا» چۆچىكى-
نىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولۇشى مۇمكىن .

بىز يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن چۆچەكلەرنىڭ ۋەقەلىكىدە گەرچە
پەرقلەر بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئۈچ ئاكا - ئۇكىنىڭ
قەھرىمانلىق پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان . بۇ چوڭ ئىككى ئاكىنىڭ
كىچىك ئىنىغا سۇيىقەست قىلىش ۋەقەلىكى بايان قىلىنىدىغان چۆ-
چەكلەرگە (32 - تىپقا ) زادى ئوخشىمايدۇ . چۈنكى ، بۇنىڭدىكى
ئاكا- ئۇكىلار بىر - بىرىگە دۈشمەن ئەمەس ، بەلكى مېھرىبان قېرىن-
داشلاردۇر ، پەقەت كىچىك ئوغۇل ئاكىلىرىغا قارىغاندا باتۇر ۋە ئەقىل-
لىق بولۇپ گەۋدىلىنىدۇ .

2 - تىپ : ئېيىق باتۇر . بۇ تىپقا تەۋە چۆچەكلەر «ئېيىق باتۇر» ،
«ئېيىق چىمچىلاق» ، «ئېيىق ئىسلام باتۇر» ، «ئېيىق ئوغلى ئەر
قۇربان» ، «ئېيىق سۇلتان» ، «ئەمەر پالۋان» قاتارلىقلاردۇر . بۇ

تىپتىكى چۆچەكلەرنىڭ ۋەقەلىكىنى ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈپ بايان قىلىش مۇمكىن.

2A ـ تىپ : بۇ تىپقا «ئېيىق باتۇر» ۋە «ئېيىق چىمچىلاق» چۆچەكلىرى تەۋە بولۇپ، ئۇلاردا بايان قىلىنىشىچە، بىر بوۋاق بالىنى ئېيىق ئېلىپ قېچىپ، بىر مەزگىل ئېمىتىپ باقىدۇ. كېيىن ئۇنى كىشىلەر قايتۇرۇپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «قەھرىماننىڭ غەيرىي تەبىئىي چوڭ بولۇشى» ۋەقەسى يۈز بېرىدۇ (11 ـ موتىف). بۇ بالا تەگتۇش دوستلىرىنى، مولللامنى ۋە قازىنى ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇپ، ھەتتا ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ، يىرتقۇچ ھايۋانلارنى شەھەرگە ھەيدەپ كىرىپ، ھەممە ئادەمنى پاراكەندە قىلىۋېتىدۇ. ئاخىر پادىشاھ بۇ كۈچتۈگۈر باتۇرنى لەشكەر بېشى قىلىپ، تاجاۋۇزچىلارغا قارشى ئۇرۇشقا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن توغرا ئۇسۇلدا پايدىلىنىدۇ. بۇ چۆچەكنىڭ بەزى ۋارىيانتلىرىدا ئېيىق باتۇر يۇرتتىن چىقىپ كېتىپ ئورمانلىقتا غەيرىي ئىقتىدارغا ئىگە دۆپالۋان ۋە ھۆپالۋان دېگەنلەر بىلەن ئۇۋچىلىق قىلىپ ياشايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن «ئۈچ باتۇرنىڭ يىرتقۇچ مەخلۇقنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىشى» (16 ـ موتىف) ۋەقەسى پەيدا بولىدۇ. ئېيىق باتۇر يالماۋۇزنىڭ يەتتىنچى بېشىغا ئەگىشىپ يەر ئاستىغا چۈشۈپ، ئۇنى يوقىتىدۇ ۋە ئۇ يەردە قەپەسكە سولانغان مەلىكىنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ. چۆچەك مۇشۇ يەرگە كەلگەندە «قەھرىماننىڭ ھەمراھلىرى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى» (17 ـ موتىف) ۋەقەسى بايان قىلىنىدۇ.

بۇ چۆچەكنىڭ يەنە بەزى ۋارىيانتلىرىدا بايان قىلىنىشىچە، ئېيىق باتۇر يەر يۈزىگە قايتىپ چىققاندىن كېيىن دوستلىرىنى كەچۈرىدۇ. ئۇلار مەلىكىنى ئېلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. بۇ چاغدا «قىيىن شەرت ئارقىلىق كۈيئوغۇل تاللاش» (20 ـ موتىف) ۋەقەسى پەيدا بولىدۇ. ئۇ دوستلىرىنىڭ ياردىمىدە بۇ شەرتلەرنى ئورۇنداپ، مەلىكە بىلەن توي قىلىدۇ.

بۇ چۆچەك دەل تومپسون كۆرسىتىپ ئۆتكەن «ئېيىق ئوغلى جون» (ياكى «ئوغرىلانغان ئۈچ مەلىكە» AT301) چۆچىكىنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتىدۇر. تومپسون بۇ چۆچەكنى پۈتكۈل ياۋروپاغا، شەرقىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقىغا، شۇنداقلا ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ

ئارىسىغا، كانادا ۋە ئامېرىكىنىڭ مىسسۇرى شتاتىغا كەڭ تارقالغان دەپ كۆرسىتىدۇ (15 ـ ماتېرىيال 39 — 41 ـ بەتلەر).

2B ـ تىپ: بۇ تىپتا قەھرىمان ئىنسان بىلەن ئېيىقنىڭ بالىسى قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. «ئېيىق ئىسلام باتۇر» چۆچىكىدە سۇغا چۆمۈلۈۋاتقان ئاچا ـ سىڭىللارنىڭ ئەڭ كىچىكىنى بىر ئېيىق ئېلىپ قېچىپ، ئۆڭكۈرگە سولاپ خوتۇن قىلىدۇ. «ئېيىق ئوغلى ئەرقۇربان» چۆچىكىدىكى ئېيىق بولسا ئېرى تەرىپىدىن جاڭگالغا تاشلىۋېتىلگەن بىر خوتۇننى ئېلىپ قاچىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئايال ئېيىقتىن بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرىدۇ. بۇ ئوغۇل 15 ياشقا كىرگەندە دادىسىنى (ئېيىقنى) ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئانىسىنى ئېلىپ، ئىنسانلار ئارىسىغا قايتىپ كېلىدۇ، يالماۋۇز ۋە ئەجدىھالارنى ئۆلتۈرۈپ كىشىلەرنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ، ئاخىر مەلىكىگە ئۆيلىنىپ، پادشاھ بولىدۇ.

2C ـ تىپ: بۇ تىپقا تەۋە چۆچەك «ئېيىق سۇلتان» ناملىق چۆچەكتۇر. مەزكۇر چۆچەكتە بايان قىلىنىشىچە، تاغقا ئوتۇن تەرگىلى بارغان بىر توپ قىزنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چىرايلىق قىزنى ئېيىق ئېلىپ قاچىدۇ. بۇ قىز ئېيىق بىلەن ئىناق ئۆتۈپ، ئۇنىڭدىن ئىككى پەرزەنت كۆرىدۇ. ئۇ بىر كۈنى باللىرىنى ئېلىپ ئاتا ـ ئانىسىنى يوقلاپ بارىدۇ. دادىسى بۇ ئىشتىن قاتتىق نومۇس قىلىپ، كېچىدە تاغقا چىقىپ، ئېيىقنى چاناپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. قىز قاتتىق ھەسرەت چېكىپ، كاككۇكقا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئوغلى تۆمۈر تۇمشۇققا، قىزى قارلىغاچقا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

3 ـ تىپ: چىمچىلاق باتۇر. ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە «چىمچىلاق باتۇر»، «چۆچۈرە قولاق باتۇر»، «دىڭ قولاق باتۇر»، «چىگىت باتۇر»، «خېمىر باتۇر» دېگەنگە ئوخشاش ناملار بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بىر يۈرۈش چۆچەكلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە چوڭلۇقى پەقەت بارماقچىلىكلا كېلىدىغان بىر بالىنىڭ ئاجايىپ كارامەتلىرى ھېكايە قىلىنىدۇ. تۆۋەندە بىز ئۇلاردىن تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىككى چۆچەكنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

3A ـ تىپ: «خېمىر باتۇر». بۇ چۆچەكتە مۇنداق ۋەقە بايان قىلىنىدۇ: پەرزەنتى يوق بىر موماي خېمىر يۇغۇرۇۋېتىپ، خېمىر-

دىن كىچىككىنە قورچاق ياساپ قويىدۇ . كېيىن بۇ قورچاققا جان كىرىپ ، «قەھرىماننىڭ غەيرىي تەبىئىي چوڭ بولۇشى» ۋەقەلىكى (11 ـ موتىف ) پەيدا بولىدۇ . خېمىر باتۇر دەپ ئاتىلىدىغان بۇ بالا بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن سەپەرگە ئاتلىنىپ تاغ باتۇر ۋە كۆل باتۇرلار بىلەن تونۇشىدۇ . ئۇلار ئۈچ ئۇۋلاپ ھايات كەچۈرىدۇ . چۆچەكنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىنكى قىسمى بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان «ئېيىق چىمچىلاق» دېگەن چۆچەكنىڭ ۋەقەلىكىگە ئوخشايدۇ . ئالدى بىلەن ئۈچ باتۇر ئۆزى بىر غېرىچ ، ساقىلى 40 غېرىچ مەخلۇقنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ (16 ـ موتىف ) . ئاندىن كېيىن خېمىر باتۇر ھەمراھلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ، قۇدۇق ئاستىدا قالدۇرۇلىدۇ (17 ـ موتىف ) . شۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەقەلىك «ئېيىق چىمچىلاق» چۆچىكىدىكىگە ئوخشىمىغان يۆنىلىشتە قانات يايىدۇ . خېمىر باتۇر يەر ئاستى دۇنيادا سەپەر قىلىدۇ . ۋەھشىي يىرتقۇچ مەخلۇقلارنى ساپانغا قوشۇپ ، بىر دېھقاننىڭ نۇرغۇن يەرلىرىنى ھەيدەپ بېرىدۇ . چۆچەكنىڭ كېيىنكى قىسمىدا «سۇمۇرغنىڭ باللىرىنى قۇتقۇزۇپ ، ئۇنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش» ۋەقەسى (2 ـ موتىف ) بايان قىلىنىدۇ . خېمىر باتۇر سۇمۇرغقا مىنىپ يەر يۈزىگە قايتىپ چىقىپ ، ۋاپاسىز ھەمراھلىرىدىن مەلىكىنى قايتۇرۇۋېلىپ يۇرتىغا كېتىدۇ .

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ، بۇ چۆچەك بىلەن «ئېيىق باتۇر» تىپىدىكى چۆچەكلەرنىڭ ۋەقەلىكى بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن . ئەگەر يۇقىرىقى چۆچەك 2 ـ تىپتىكى چۆچەكلەر بىلەن كۆپ پەرقلەنمەيدىكەن دېيىلسە ، ئۇنداقتا بىز تۆۋەندە بايان قىلىدىغان چۆچەك 3 ـ تىپنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى ئەڭ روشەن كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ .

3B ـ تىپ : «چىگىت باتۇر» . بۇ چۆچەكتە بىر ئەر ـ خوتۇن خۇداغا «بىزگە چىگىتچىلىك بولسىمۇ بىر بالا بەرسەڭچۇ» دەپ يېلىنغان ئىكەن ، خۇدا راستتىنلا ئۇلارغا چىگىتچىلىك كېلىدىغان بىر بالا بېرىپتۇ . بۇ بالىنى پالتىنىڭ سېپىغا قىستۇرۇپ قويسا ئوتۇن يارىدىكەن ، تاماق قاچىسىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويسا ، ئۇنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ ، ئېتىزلىقتا ئىشلەۋاتقان دادىسىغا ئاپىرىپ بېرىدىكەن ، ساپانغا قىستۇرۇپ قويسا قوش ھەيدەيدىكەن . بىر كۈنى ئۇ تۆگىنىڭ

قولىقىغا ئۇلتۇرۇپ ، تۈگمەنگە ئۇن تارتقىلى بارىدۇ . بۇ چاغدا يەرگە چۈشۈپ كېتىپ ، ئوت - چۆپ بىلەن قوشۇلۇپ تۈگمىگە يەم بولۇپ كېتىدۇ . ئۇ تۈگمەننىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ۋارقىراپ ، ئۆزىنى مەلۇم قىلىغاچقا ، دادىسى تۈگمىنى ئۆلتۈرۈپ ئۇنى ئىزدەيدۇ ، بىراق تاپالمايدۇ . ئەسلىدە ئۇ تۈگمەننىڭ بىر تال ئۇچىيىگە كىرىپ قالغان بولۇپ ، دادىسى بۇ ئۇچەيىنى يىراققا چۆرۈۋېتىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۆرىگە يەم بولۇپ ، ئۇنىڭ قورسىقىغا كىرىپ قالىدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن بۆرە كىمنىڭ قويىنى يېمەكچى بولسا ، چىكىت باتۇر ۋارقىراپ ، ئۇنى پاش قىلىپ قويىدۇ . بۆرە ئاخىر تەرەت بىلەن ئۇنى سىرتقا چىقىرىۋېتىپ قۇتۇلىدۇ . چىكىت باتۇر يەنە بىر توپ مەدىكارلار بىلەن بىرلىشىپ ، ئۇلارنى بوزەك قىلغان باينىڭ ئەدىپىنى بېرىدۇ .

مەزكۇر چۆچەك خەلقئارادىمۇ كەڭ تارقالغان . بۇ چۆچەك تومپسون تۈزگەن ئىندېكسنىڭ 700 - تىپى ، يەنى «باشمالتاق توم» چۆچىكىنىڭ بىر ۋارىيانتىدۇر . تومپسوننىڭ ئېيتىشىچە ، بۇ چۆچەك ئاۋۋال ياۋروپادا پەيدا بولۇپ ، يېقىن شەرققە ، يەنى غەربىي ئاسىياغا ، ئۇ يەردىن ئافرىقىغا تارقالغان ، ئاندىن كېيىن يامايكا ئارىلى ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ غەربىي شتاتلىرىدىكى نېگىرلار ئارىسىغا ۋە بىر ئىندىئان قەبىلىسىگە تارقالغان (15 - ماتېرىيال 107 - بەت ) . بىراق ، بىز تومپسوننىڭ بۇ چۆچەك ئاۋۋال ياۋروپادا پەيدا بولۇپ ، ئاندىن باشقا رايونلارغا تارقالغان دېگەن ھۆكۈمىگە گۇمانىي كۆزقاراشتىمىز .

4 - تىپ : چويۈن قۇلاقنى يەڭگەن باتۇر . ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باتۇرلۇق ھەققىدىكى چۆچەكلىرى ئىچىدە ۋەقەلىكى ئەڭ ئۇزۇن ، پوئېزىيىلىك خۇسۇسىيىتى ئەڭ روشەن چۆچەكلەرنىڭ بىرى «چويۈن قۇلاقنى يەڭگەن باتۇر» چۆچىكىدۇر . بىز تەكشۈرگەن ماتېرىياللار ئىچىدە بۇ چۆچەكنىڭ ئۈچ خىل ۋارىيانتى بار بولۇپ ، ئۇلار «ئاق بوز ئايغىر» ، «قارا قۇيرۇق جەدە ئات» ۋە «شىرزات» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

«ئاق بوز ئايغىر» بىلەن «شىرزات» نىڭ ۋەقەلىكىنى بىرلەشتۈرۈپ قىسقىچە بايان قىلغاندا مۇنداق بولىدۇ : بىر باينىڭ توققۇز ئوغلى بار ئىكەن ، ئۇ توققۇز قىزى بار ئادەم بىلەن قۇدا بولۇپ ، ئوغۇللىرىنى ئۆيلەپتۇ . تويدىن كېيىن باي كېلىنلىرىنى ئېلىپ قايتىپ كېتىد-

www.uyghurkitap.com

ۋاقاندا ، يولدا جادۇگەرنىڭ ئىككى ئوغلى (ياكى جادۇگەرنىڭ ئۆزى) ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ، كىچىك ئوغلىنى ئۆزىگە بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ ، قورقۇپ كەتكەن باي جادۇگەرنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپ ، ئوغلىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ئۇنىڭ ساقىسىنى جادۇگەرگە تاپشۇرىدۇ . كېيىن كەنجى باتۇر بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ ، ساقىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن جادۇگەرنىڭ ئالدىغا بارىدۇ . جادۇگەر ئۇنىڭغا بىرمۇنچە قىيىن ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرىدۇ . كەنجى باتۇر بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئورۇندايدۇ . ئاندىن جادۇگەرنىڭ قولىدىن ساقىسىنى ئېلىپ قاچىدۇ . جادۇگەر ئۇنى قوغلايدۇ . چۆچەك مۇشۇ يەرگە كەلگەندە «قوغلاپ كەلگەن يىرتقۇچ مەخلۇقلارغا توسقۇنلۇق پەيدا قىلىش» ۋەقەلىكى (30 - موتىف) بايان قىلىنىدۇ . ئاندىن بىردىنلا يەر يېرىلىپ ، ئۇ ئات بىلەن يەر ئاستىغا چۈشۈپ كېتىدۇ . يەر ئاستى يىلان پادىشاھلىقى بولۇپ ، پادىشاھ ئۇنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ . بۇ پادىشاھ قوشنا ئەلنىڭ مەلىكىسىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ، بىراق ئۇنىڭ توي قىلىش تەلىپى رەت قىلىنغان ئىكەن . كەنجى باتۇر ئاشۇ مەلىكىنى پادىشاھقا ئەكېلىپ بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقىدۇ . يولدا ئۇ بىر توپ غەيرىي ئىقتىدارلىق كىشىلەرگە ئۇچراپ ، ئۇلار بىلەن دوست بولىدۇ (9 - موتىف) . نىشانلىغان شەھەرگە بارغاندىن كېيىن ، پادىشاھ (مەلىكىنىڭ دادىسى) ئۇلارغا قىيىن شەرتلەرنى قويىدۇ (20 - موتىف) . كەنجى ئوغۇل دوستلىرىنىڭ ياردىمىدە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئورۇنداپ مەلىكىنى ئېلىپ يېنىپ كېلىدۇ ۋە ئۇنى يىلان پادىشاھقا تاپشۇرىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن سۇمۇرغنىڭ بالىلىرىنى قۇتۇلدۇرۇۋالىدۇ (2 - موتىف) . سۇمۇرغ ئۇنى يەر ئۈستىگە ئېلىپ چىقىدۇ . بۇ ئارىلىقتا جادۇگەر چويۇن قولاق دېگەن بىر مەخلۇققا كەنجى ئوغۇلنى تېپىپ ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇغان ئىكەن . كەنجى ئوغۇل يەر ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن چويۇن قولاق ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ . كېيىن سۇمۇرغ يىراقتىن ئابىھايات سۈيىنى ئەكېلىپ كەنجى ئوغۇلنى تىرىلدۈرىدۇ . كەنجى ئوغۇل چويۇن قولاقنىڭ يېنىدىكى دېدەك قىز ئارقىلىق چويۇن قولاقنىڭ جېنىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىپ (5 - موتىف) ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ . شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇ يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ ئائىلى ۋە تۇغقانلىرى بىلەن جەم بولىدۇ .

ئەمما، «قارا قۇيرۇق جەدە ئات» ناملىق چۆچەكنىڭ ۋەقەلىكى بۇنچىۋالا ئۇزۇن ئەمەس، ئۇنىڭدا قەھرىماننىڭ يەر ئاستى دۇنيادىكى سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنمىغان. ئۇنىڭدا قەھرىماننىڭ جادۇگەرنىڭ قىزى بىلەن بىرلىشىپ، چويۇن قۇلاقنى ئۆلتۈرگەنلىكى ۋە ئۇ قىزنى نىكاھىغا ئېلىپ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

بۇ يەردە بىر ئەھۋال بىزنىڭ ئالاھىدە دىققىتىمىزنى قوزغايدۇ، يەنى مۇشۇ تىپتا ۋە باشقا بىر قىسىم تىپتا بالىلارنىڭ دادىسى دىۋە ـ يالماۋۇزلاردىن قورقۇپ (ياكى ئۇلارغا قەرزدار بولۇپ قېلىپ) ئوغلى ياكى قىزىنى ئۇلارغا بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. مەسىلەن، يۇقىرىقى چۆچەكلەردىن باشقا يەنە «ئالتۇن شەمشەر»، «پىش ـ پىش شاپتۇل» قاتارلىق چۆچەكلەردە دادا ئۆز قىزىنى دىۋىلەرگە خوتۇنلۇققا، «پادىچى بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى» ناملىق چۆچەكتە ئوغلىنى جادۇگەرگە كۈيئوغۇللۇققا بېرىۋېتىدۇ. ئەمما، دىۋە ـ جادۇگەرلەرگە بېرىۋېتىلگەن بۇ بالىلار ھەرگىزمۇ بەختسىزلىككە يولۇقمايدۇ، ئەكسىچە ئۇلار ئەنە شۇ دىۋە ـ جادۇگەرلەردىن بولغان ئەر ۋە خوتۇنلىرى بىلەن ئىنتايىن ئىناق ياشايدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ سىرلىق قابىلىيىتى بىلەن چەكسىز بەختكە ئېرىشىدۇ.

ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىدىكى بۇ ۋەقەلەر ياۋروپادا تارقالغان «ھايۋان بىلەن توي قىلغان قىزلار» (AT552) ناملىق چۆچەكنى ئېسىمىزگە سالىدۇ. بۇ چۆچەكتە بىر بەختسىزلىككە ئۇچرىغان ئادەم ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە پۇل ئۈچۈن قىزلىرىنى ھايۋانغا ياتلىق قىلىشقا رازى بولىدۇ. بۇ قىزلار ئۆزلىرىنىڭ ھايۋان ئەرلىرى بىلەن ئىنتايىن خۇشال ئۆتىدۇ. ھايۋانلار بولسا قىزلارنىڭ تۇغقانلىرىغا ئالاھىدە ياردەم قىلىدۇ. بىراق، بۇ مەزمۇندىكى چۆچەك «چويۇن قۇلاقنى يەڭگەن باتۇر» ناملىق چۆچەكنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى بىلەن ھېچقانداق يېقىن باغلىنىشقا ئىگە ئەمەس.

مۇشۇ تىپتىكى غەيرىي ئىقتىدارغا ئىگە بىر توپ باتۇرلارنىڭ پائالىيەتلىرى ياۋروپادا تارقالغان «يەتتە سىمون» ناملىق چۆچەككە ئوخشاپ كېتىدۇ (68 ـ ماتېرىيال). ئەمما، يەتتە باتۇرنىڭ پائالىيەتلىرى ياۋروپادا مۇستەقىل چۆچەك ھېسابلانسا، ئۇ ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىر ئېپىزوت بولۇپ، نۇرغۇن چۆچەكلەردە

تەكرارلىنىپ كېلىدۇ. شۇڭا، بىز ئۇنى ئۇيغۇر چۆچەكلىرىنىڭ بىر موتىفى دەپ قارىدۇق (9 ـ موتىف).

5 ـ تىپ: ئەڭگۈشتەر ئېلىپ كەلگەن باتۇر. قەھرىمانلىق ـ باتۇرلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ يەنە بىرى يىراقتىكى قورقۇنچلۇق دىۋىلەر ماكانىغا بېرىپ ئەڭگۈشتەر، خاسىيەتلىك تاش، سېھىرلىك گۈل، ئېسىل دورا قاتارلىقلارنى ئېلىپ كېلىشتىن ئىبارەت. بۇنداق چۆچەكلەرنىڭ بىرى «خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەر» چۆچىكىدۇر. ئۇنىڭدا ھېكايە قىلىنىشىچە، بىر شەھەردىكى كىشىلەر قىشنى يوقىتىپ، يازنى مەڭگۈ ساقلاپ قالىدىغان ئەڭگۈشتەرنى يوقىتىپ قويىدۇ. پەرمانقۇل دېگەن باتۇر ئۇنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن دىۋىلەر ماكانىغا ئاتلىنىدۇ. ئۇ سەپىدىشى مىرزا گالۋاڭدىن پەرقلىق ھالدا بارلىق پەرھىزلەرنى تولۇق ئادا قىلىپ ئوڭۇشلۇق ھالدا ئەڭگۈشتەرنى قولغا چۈشۈرىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ «مەلىكىنىڭ لايىق تاللىشى» ۋەقەسىگە (12 ـ موتىف) دۇچ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ.

«جۇدالىق ۋە خۇشاللىق» ناملىق چۆچەكتە بىر يىگىت زالىم پادىشاھنىڭ تەلىپى بويىچە ئارقا ـ ئارقىدىن دىۋىلەر ماكانىغا بېرىپ، گۆھەر تاش ۋە سېھىرلىك گۈلنى تېپىپ كېلىدۇ، ئاخىرقى قېتىم ئۇ دىۋە تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان قىزنىڭ ياردىمىدە دىۋىنىڭ جېنىنى تېپىپ (5 ـ موتىف)، بۇ يىرتقۇچ مەخلۇقنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ ۋە قىزنى قۇتقۇزۇپ كېلىپ، زالىم پادىشاھنى يوقىتىپ، ئۆزى پادىشاھ بولىدۇ. «شىپالىق ئوت» ناملىق چۆچەكتە بىر يىگىت دىۋىلەر ماكانىغا بېرىپ، شىپالىق دورىنى ئېلىپ كېلىپ دادىسىنىڭ كۆزىنى ساقايتىدۇ.

6 ـ تىپ: يىرتقۇچ مەخلۇقنى يوقاتقان باتۇر. بۇ تىپتىكى چۆچەكلەرنى كۆرسەتكەندە بىز پەقەت ئەجدىھا، دىۋە قاتارلىق ياۋۇز ھايۋانلارنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدا پەيدا قىلغان غايەت زور ۋەھىمىسى ۋە بىرەر قەھرىماننىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ، بۇ خىل مەخلۇقلارنى يوقىتىپ، كىشىلەرنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ۋەقەسىنى نۇقتىلىق ھالدا بايان قىلىدىغان چۆچەكلەرنى كۆزدە تۇتىمىز. «تاش باتۇر» ناملىق چۆچەكتە «ماخچا» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يىرتقۇچ مەخلۇق شەھەر خەلقىگە كۈندە بىر ئادەم يېيىش تەلىپىنى قويىدۇ، كىشىلەر ئىلاجسىز ماقۇل

بولىدۇ . نۆۋەت گۈزەلنۇر ئىسىملىك بىر ساھىبجامال قىزغا كەلگەندە
ئۇنىڭ سۆيگۈنى تاشپولات ماخچا بىلەن ئېلىشىپ ، ئۇنى يوقىتىپ
ئاپەتنى تۈگىتىدۇ .

بۇ تومپسوننىڭ ئىندېكسىدىكى «ئەجدىھانى ئۆلتۈرگەن باتۇر»
(AT300)غا ئوخشايدۇ ، شۇنداقلا بىز بۇ ۋەقەنى نۇرغۇن ئۇيغۇر
چۆچەكلىرىنىڭ بىر موتىفى شەكلىدە ئۇچراتقان ئىدۇق (4 - موتىف) .
پەقەت بۇ يەردە ئەجدىھانىڭ ئورنىغا «ماخچا» دەپ ئاتىلىدىغان (ھازىر-
چە بىزگە نامەلۇم تۇرغان ) بىر مەخلۇق دەسسىتىلگەن .

«خۇرشىد مەرگەن» ناملىق يەنە بىر چۆچەكتە بايان قىلىنىشى-
چە ، بىر ۋەھشىي دىۋە مەلۇم شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ ، جان -
جانىۋارلارنى ۋەيران قىلىشقا باشلايدۇ . ئۇنىڭغا ھېچكىم تەڭ كېلەل-
مەي ، ئاخىر خۇرشىد مەرگەن دېگەن يىگىت پەقەت بىر تال ئوق
بىلەنلا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ .

«سۇمۇرغ بىلەن ئادەم» ناملىق يەنە بىر چۆچەكنى رۇس تۈرك-
شۇناسى س • ئې • مالوف 1914 - يىلى قۇمۇلدىن توپلىغان بولۇپ ،
ئۇنىڭدا بىر قەھرىماننىڭ ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ ، سۇمۇرغنىڭ بالىلى-
رىنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايە بايان قىلىنغان .
بۇمۇ بىزنىڭ ئۇشبۇ ئەمگىكىمىزدە بىر مۇستەقىل چۆچەك سۈپىتىدە
ئەمەس ، بەلكى نۇرغۇن چۆچەكلەردە ئۇچرايدىغان موتىف سۈپىتىدە
قارىلىدۇ .

يۇقىرىدا بىز باتۇرلۇق ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ بىر قىسىم
تىپلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق . چۆچەكلەردىكى باتۇرلۇق پائالىيەتلى-
رى ئەمەلىيەتتە بىز كۆرسىتىپ ئۆتكەن باشقا تۈرلەردىمۇ روشەن
ئىپادە قىلىنىدۇ . مەسىلەن ، تۆۋەندە بايان قىلىنىدىغان ئۆيلىنىش
توغرىسىدىكى چۆچەكلەرنىڭ نۇرغۇنلىرىدا باش قەھرىمان يىرتقۇچلار
تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەن مەلىكىنى قۇتقۇزۇش ئۇچۇن ئاجايىپ
باتۇرلۇقلارنى كۆرسىتىدۇ . يالماۋۇز توغرىسىدىكى چۆچەكلەردە باتۇر-
لۇق - پالۋانلىق پائالىيەتلىرى تېخىمۇ كۆپ ۋە يارقىن ئەكس ئەتتۈ-
رۈلگەن . شۇڭا ، بىز چۆچەكلەردىكى باتۇرلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ مۇشۇ
ماۋزۇ ئاستىدىلا تۈگەپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتىد-
مىز .

## (2) ئۆيلىنىش ھەققىدىكى چۆچەكلەر

بۇ خىل چۆچەكلەردە چۆچەك قەھرىمانى بولغان يىگىتنىڭ سا-
ھىبجامال قىزلارغا ئۆيلىنىشى مۇھىم مەزمۇن قىلىنىدۇ . بۇ يىگىت-
لەرنىڭ بەزىلىرى پادىشاھنىڭ قىيىن شەرتلىرىنى ئورۇنداپ ، مەلى-
كىگە ئۆيلىنىدۇ ، بەزىلىرى دىۋە ئېلىپ قاچقان ساھىبجامالنى قۇتقۇ-
زۇپ ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ ، يەنە بەزىلىرى مەلىكىلەرنىڭ تاسا-
دىپىي تاللىشىغا ئېرىشىدۇ ياكى مەلىكە بىلەن ئېلىشىپ ، ئۇنى يېڭىش
ئارقىلىق نىكاھىغا ئالىدۇ . بىز تۆۋەندە بۇ مەزمۇندىكى چۆچەكلەرنىڭ
بىرنەچچە تىپىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز .

7 ـ تىپ : قىيىن شەرت . بۇ تىپتىكى چۆچەكلەردە پادىشاھ ۋە
مەلىكىلەرنىڭ قىيىن شەرت ئارقىلىق كۈيئوغۇل تاللاش پائالىيەتلىرى
بايان قىلىنىدۇ . بىز بۇنداق چۆچەكلەرنى قويۇلغان شەرتلىرىنىڭ
خاراكتېرىغا ئاساسەن بىرنەچچە تۈرگە بۆلۈپ تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز .

7A ـ تىپ : قىيىن شەرت . بۇ تىپتىكى چۆچەكلەردە قەھرىمان-
نىڭ ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشىمايدىغان غەيرىي ئىقتىدارى سىنى-
لىدۇ . «موزدۇز» ، «تۆت ھەمراھ» ، «كۇنگۇ سۇلۇ» قاتارلىق چۆ-
چەكلەر ئەنە شۇنداق چۆچەكلەردۇر . بىرەر شاھزادە ياكى ئاددىي
يىگىت ئۆز بەختىنى ئىزدەپ يىراقلارغا سەپەر قىلىدۇ . يولدا غەيرىي
ئىقتىدارلىق كىشىلەرگە ئۇچراپ ، ئۇلار بىلەن دوست بولىدۇ (9 ـ
موتىف ) . ئۇلار بىر شەھەرگە كېلىپ ، پادىشاھنىڭ قىيىن شەرت
ئارقىلىق كۈيئوغۇل تاللاش پائالىيىتىگە دۇچ كېلىدۇ . قەھرىمان
دوستلىرىنىڭ ياردىمىدە ئات بەيگىسى ھەمدە يۈگۈرۈش ۋە چېلىشىش
مۇسابىقىلىرىدە ئۇتۇپ چىقىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن ئوت بىلەن قىزى-
تىلغان تۆمۈر ئۆيدە بىر كېچە يېتىش ، بىر كۆلچەك تاماقنى يەپ
بولۇش قاتارلىق شەرتلەرنى ئورۇندايدۇ . پادىشاھ ئامالسىز مەلىكىنى
قەھرىمانغا بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ .

بۇ چۆچەكنىڭ ۋەقەلىكى بەزىدە بىر موتىف سۈپىتىدە (9 ـ
موتىف ) باشقا چۆچەكلەردە مۇھىم رول ئوينايدۇ . مەسىلەن ، «ئۈچ
ۋەزىپە» ، «چويۇن قۇلاقنى يەڭگەن باتۇر» قاتارلىق چۆچەكلەرنىڭ
ئىچىدە مەزكۇر ۋەقەلىك ئورۇن ئالغان

بۇ چۆچەك خەلقئارادىكى «ئالتەيلەننىڭ دۇنياغا سايـاھىتـى» (AT513A) ناملىق چۆچەكنىڭ ۋارىيانتى . گەرچە چۆچەكنىڭ باشـ
لىنىشى ، قەھرىمانلارنىڭ قابىلىيىتى ۋە قىيىن شەرتلەر ئوخشىمىسىـ
مۇ ، لېكىن ئومۇمىي سۇژىتىنىڭ جەريانى ئوخشايدۇ . تومپسون بۇ
چۆچەكنىڭ ئەڭ دەسلەپ قەدىمىي ھىندىستاندا پەيدا بولۇپ ، ئاندىن
غەربىي ئاسىيا ئارقىلىق شەرقىي ياۋروپاغا تارقالغانلىقىنى ، ئۇنىڭ
جۇڭگو ، ھىندونېزىيە ، ئافرىقا ۋە ئامېرىكا قىتئەلىرىدىمۇ مەۋجۇت
ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ (15 ـ ماتېرىيال 67 ـ بەت) .

7B ـ تىپ : قىيىن شەرت . بۇ تىپتىكى چۆچەكلەردە پادىشاھ
كۈيئوغۇل بولغۇچىنى ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان ياكى ئۆزۈندىن بۇيان
تەشنا بولۇۋاتقان نەرسىنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ . «بېلىقچىنىڭ
ئوغلى» ناملىق چۆچەكتە مەلىكە بېلىقچى يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ
قالىدۇ . پادىشاھ بۇ يىگىتنى ياراتماي ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن
يىراق دېڭىزلار ماكانىدىن ئابىھايات سۈيى ۋە 72 خىل سايرايدىغان
قۇشنى ئېلىپ كېلىش شەرتىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ . «ئۈچ ۋەزىپە»
ناملىق چۆچەكنىڭ بىرىنچى بۆلىكىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ . ئۇنىڭدىـ
كى يىگىت خىزىرنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ شەرتلەرنى ئورۇنداپ ، مەلىكە
بىلەن توي قىلىدۇ .

7C ـ تىپ : قىيىن شەرت . بۇ تىپتىكى چۆچەكلەردە پادىشاھ
كۈيئوغۇل بولغۇچىنى كەمبەغەل كۆرۈپ ، قەستەن ئۇنىڭدىن بايلىق
تەلەپ قىلىدۇ . «ئالتۇن شەمشەر» ، «مەھمۇد بىلەن مەلىكە مەھلىيا»
چۆچەكلىرى مۇشۇ تىپقا كىرىدۇ . ئۇنىڭدا بىر كەمبەغەل تۇل خوتۇنـ
نىڭ ئوغلى مەلىكىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ ، ئانىسىنى ئەلچىلىككە
ئەۋەتىدۇ . پادىشاھ بۇ مومايىنى مەسخىرە قىلىپ ، ئۇنىڭغا ئىككى
كۆلنى ئالتۇن ـ گۆھەر بىلەن توشقۇزۇش ، ئالتۇندىن ساراي سېلىش
ياكى چۆلگە باغ بىنا قىلىش شەرتلىرىنى قويىدۇ . كەمبەغەل يىگىت
خىزىر بەرگەن (ياكى دادىسىدىن مىراس قالغان) خاسىيەتلىك نەرسىـ
دىن پايدىلىنىپ ، بۇ شەرتلەرنى ئورۇنداپ ، مەلىكىگە ئېرىشىدۇ .

7D ـ تىپ : قىيىن شەرت . بۇ تىپتىكى چۆچەكلەردە مەلىكە
ئۆزىگە تەلەپ قويغۇچىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە ھۈنەر ـ قابىلىيىتىـ
نى سىنايدۇ . «ھۈنەرۋەن بالا» ، «قانخور مەلىكە» چۆچەكلىرىدىكى

مەلىكىگە تەلەپ قويغۇچىلار ئۇنىڭ قىيىن سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەل-
مەي ، كەينى ـ كەينىدىن جېنىدىن ئايرىلىدۇ . ئاخىر بىر ئەقىللىق
يىگىت ئۇنىڭغا توغرا جاۋاب بېرىدۇ . «ھۇنەرۋەن بالا» چۆچىكىدىكى
مەلىكە يىگىتكە يەنە 41 تۈرلۈك ھۈنەر ئۆگىنىپ كېلىش شەرتىنى
ئوتتۇرىغا قويىدۇ . يىگىت بىرنەچچە يىل سەرپ قىلىپ ، بۇ ۋەزىپىنى-
مۇ ئورۇندايدۇ ۋە مەلىكە بىلەن توي قىلىدۇ .

7E ـ تىپ : قىيىن شەرت . بۇ تىپتىكى چۆچەكلەردە يىگىتلەرگە
مەلىكە تاپالمايدىغان جايغا يوشۇرۇنۇۋېلىش شەرتى قويۇلىدۇ . «ياخ-
شىلىققا ياخشىلىق» (يەنە بىر ئاتىلىشى «ئاق كۆكۈل شاۋدۇن» )
ئەنە شۇنداق چۆچەكتۇر . ئۇنىڭدا بايان قىلىنىشىچە ، مەلىكىنىڭ بىر
جاھاننەما ئەينىكى بولۇپ ، ئۇ دۇنيانىڭ ھەرقانداق بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلى-
رىدىكى ئىشلارنىمۇ كۆرسىتىپ بېرەلەيدىكەن . مەلىكە «ئەگەر كىم
مەن تاپالمايدىغان جايغا يوشۇرۇنسا ، شۇنىڭغا تېگىمەن» دەپ جاكارلاي-
دۇ . چۆچەكنىڭ باش قەھرىمانى بولغان شاۋدۇن ئىسىملىك يىگىت
بۇنى ئاڭلاپ مۆكۈنۈشكە باشلايدۇ . ئۇ بىرىنچى قېتىم بۈركۈتنىڭ
ياردىمىدە ئاسمانغا چىقىۋالىدۇ ، ئىككىنچى قېتىمدا بېلىقنىڭ ياردىمى-
دە دېڭىزغا كىرىۋالىدۇ . بىراق ، مەلىكە ھەر ئىككى قېتىمدا تېپىۋا-
لىدۇ . ئۈچىنچى قېتىمدا تۈلكىنىڭ ياردىمىدە يەر ئاستىدىن يول
كولاپ ، مەلىكە ئولتۇرغان يەرنىڭ ئاستىغا كىرىۋالىدۇ ، شۇنىڭ بى-
لەن مەلىكە تاپالمايدۇ . ئەمما ، مەلىكە يەنە ئۇنىڭغا دېرىزىسى يېپىل-
غان 41 مەپىنىڭ ئىچىدىن ئۆزى ئولتۇرغان مەپىنى تېپىش شەرتىنى
قويىدۇ . شاۋدۇن ھەرىنىڭ ياردىمىدە ئۇنىمۇ تېپىۋالىدۇ . بەزى ۋارى-
يانتلاردا بىر ـ بىرىگە ئوخشايدىغان 41 قىزنىڭ ئىچىدىن مەلىكىنى
تونۇۋېلىش شەرتىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ . ھەرە مەلىكىنىڭ بېشىغا قو-
نۇپ ، شاۋدۇنغا ئۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، شاۋدۇن
بارلىق شەرتلەرنى ئورۇنداپ مەلىكە بىلەن توي قىلىدۇ .

بىز بايان قىلىۋاتقان بۇ تىپ دەل خەلقئارادىكى «مىننەتدار
ھايۋانلار» (AT554) بىلەن «دېڭىز توشقىنى» (AT329) چۆچەك-
لىرىنىڭ ۋارىيانتىدۇر . تومپسوننىڭ بايان قىلىشىچە ، «مىننەتدار
ھايۋانلار» چۆچىكى ياۋروپاغا ھىندىستاندىن ، ھىندونېزىيىدىن ، سىرى-
لانكىدىن ، تۈركىيىدىن ۋە تاتارىستاندىن كەلگەن . ئافرىقىدا ماداغاس-

قار ئاراللىرىدىن گۆئىنىيە دېگىنز ساھىللىرىغىچە تارقالغان . فرانسۇز-
لار بۇ چۆچەكنى ئامېرىكىنىڭ مىسسۇرى شتاتىغا ئېلىپ بارغان . بىز
بۇ چۆچەكنى يەنە 14 ـ ئەسىردە تۈزۈلگەن پارسلارنىڭ «تۇتىنامە»
ناملىق چۆچەكلەر توپلىمىدا ئۇچرىتىمىز (15 ـ ماتېرىيال 70 ـ
بەت ) .

7F ـ تىپ : قىيىن شەرت . بۇ تىپتىكى چۆچەكلەردە مەلىكە
يىگىتلەرگە ئۈچ قېتىم گەپ قىلدۇرۇش ياكى ئۈچ قېتىم كۈلدۈرۈش
ۋە ياكى ئۈچ قېتىم «يالغان» ئېيتقۇزۇش شەرتىنى قويىدۇ . «تەدبىر-
لىك پادىشاھ» ناملىق چۆچەك ئەنە شۇنداق چۆچەكتۇر . بىر مەلىكە
توي قىلىش تەلىپىنى قويغان شاھزادىگە ئۆزىنى ئۈچ قېتىم گەپ
قىلدۇرۇش (ياكى ئويغىتىش ) شەرتىنى قويىدۇ . شاھزادە ئۇخلىغان
بولۇپ يېتىۋالغان مەلىكىگە «قىز كىمگە تەئەللۇق بولۇشى كېرەك؟» ،
«ئايال ئۆز ئېرىنى قانداق تونۇۋېلىشى كېرەك؟» ، «ئايال قايسى
يىگىتنى ئۆز ئېرى قىلىشى كېرەك؟» دېگەن ئۈچ تېپىشماقلىق چۆ-
چەكنى ئېيتىپ ، ھەربىر چۆچەك ئاخىرلاشقاندا سوئال قويۇپ ، سوئال-
غا يەنە ئۆزى قەستەن خاتا جاۋاب بېرىدۇ . بۇنى ئاڭلىغان مەلىكە
دەرھال كۆزىنى ئېچىپ «توغرا ئەمەس» دەيدۇ ۋە ئۇنىڭ جاۋابىنى
تۈزىتىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، شاھزادە شەرتنى ئورۇندايدۇ .

7G ـ تىپ : قىيىن شەرت . بۇ تىپتىكى چۆچەكلەردە مەلىكە
يىگىتلەرگە ئۆزى ئولتۇرغان 41 قەۋەتلىك راۋاق ئۈستىگە ئات بىلەن
چىقىش شەرتىنى قويىدۇ . «كەنجى» ئەنە شۇنداق چۆچەكتۇر . ئۇنىڭدا
مۇنداق ۋەقە بايان قىلىنىدۇ : كەنجى ئوغۇل دادىسىنىڭ تۇپراق بېشىغا
بېرىپ دۇئا ئوقۇيدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىر ئاپئاق ساقال بوۋاي پەيدا
بولۇپ ، ئۇنىڭغا ئۈچ تال يىپ بېرىپ قىيىنچىلىققا يولۇققاندا ئۇنى
كۆيدۈرۈشنى ئېيتىدۇ . كەنجى بىر شەھەرگە بېرىپ ، مەلىكىنىڭ
راۋاق ئۈستىگە چىقىش شەرتىنى ئاڭلايدۇ . ئۇ بىر ـ بىرلەپ ئۈچ
تال يىپنى كۆيدۈرىدۇ ، ئۈچ ئات پەيدا بولىدۇ ، بىرىنچى ئات 20 ـ
قەۋەتكە چىقالايدۇ ، ئىككىنچى ئات 39 ـ قەۋەتكە چىقالايدۇ ، ئۈچىنچى
ئات بولسا ئۇنى 41 ـ قەۋەتكە ئېلىپ چىقىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، ئۇ
مەلىكە بىلەن توي قىلىدۇ .

بۇ چۆچەك خەلقئارادا تارقالغان «ياردەمچى ئات» (AT532 )

نامىلىق چۆچەكنىڭ ئۆزگەرگەن ۋارىيانتىدۇر . «ياردەمچى ئات» ياۋ-روپادا ، بولۇپمۇ شەرقىي ۋە شىمالىي ياۋروپادا مەشھۇر . ئۇ يەنە كانادا ۋە يېقىن شەرقتىمۇ تارقالغان (15 ـ ماتېرىيال 77 ـ بەت) .

7H ـ تىپ : قىيىن شەرت . بۇ تىپتىكى چۆچەكلەردە يىگىتلەر-دىن ئېغىر كېسەل بولغان مەلىكىنى ساقايتىش تەلەپ قىلىنىدۇ . «خاسىيەتلىك تاش» چۆچىكىدە ئاشۇنداق ۋەقە بار . بەختى ئىسىملىك بىر يىگىت بېلىقنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ، بېلىق ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ ، ھەرقانداق كېسەلنى ساقايتىدىغان تاشنى بېرى-دۇ . بەختى ئۇنىڭ بىلەن يولدا ھارۋا باسقان چاشقاننى ، ئات دەسسەن-گەن يىلاننى ۋە قامچا تەگكەن ھەرىنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ . كېيىن ئۇ يەنە شۇ تاشنىڭ خاسىيىتى ۋە ھايۋانلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئېغىر كېسەل بولغان مەلىكىنى ساقايتىدۇ . بىراق ، مەلىكە يەنە ئۇنىڭغا نۇرغۇن مەيلەرنىڭ ئىچىدىن ئۆزى ئولتۇرغان مەينى تونۇۋېلىش شەرتىنى قويىدۇ ، بەختى ھەرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇنى تونۇۋالىدۇ ، شۇنداق قىلىپ مەلىكە ئۇنىڭغا تېگىشكە مەجبۇر بولىدۇ .

بۇ چۆچەك ياۋروپادا تارقالغان «جان مېۋىسى» (AT610) نام-لىق چۆچەككە ئوخشاپ كېتىدۇ . ئۇنىڭدا باش قەھرىمان كېسەل داۋالايدىغان مېۋە ئارقىلىق مەلىكىنىڭ كېسىلىنى ساقايتىدۇ . بىراق ، پادىشاھ ۋەدىسىدە تۇرماي ئۇنى يەنە نۇرغۇن قىيىن شەرتلەر بىلەن سىنايدۇ . دېمەك ، بۇ چۆچەك بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ «خاسىيەتلىك تاش» چۆچىكى بىر چۆچەكنىڭ ئىككى خىل ۋارىيانتىدۇر . ئەمما ، تومپسون ئەپەندى ياۋروپادىن سىرتتا بۇ چۆچەكنىڭ ۋارىيانتى يوق ، دېگەن خاتا ھۆكۈمنى چىقىرىدۇ (15 ـ ماتېرىيال 98 ـ ، 99 ـ بەتلەر) .

8 ـ تىپ : دۇنيادىن ساھىبجامالنى قۇتۇلدۇرۇش . بۇ تىپتىكى چۆچەكلەرنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى مەلۇم يىگىتنىڭ دېۋە تەرىپىدىن ئېلىپ قېچىلغان قىزنى قۇتقۇزۇپ كېلىپ ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش پائالىيىتىدۇر ، بۇ تىپنىڭمۇ بىرنەچچە تۈرى بار .

8A ـ تىپ : «ئالتۇن تاجلىق بېلىق» ، «پاراسەتلىك يىگىت» نامىلىق چۆچەكلەر مۇشۇ تىپقا ۋەكىل بولالايدۇ . چۆچەك قەھرىمانى بېلىقنى قويۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ، دادىسى ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىر-

ـرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يىراق سەپىرى باشلىنىدۇ . يولدا بىر
يىگىت ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدۇ (ئەسلىدە ئۇ ھېلىقى بېلىق ئىكەن) . ئۇلار
بىر شەھەرگە كېلىپ ، مەلىكىنىڭ دىۋە تەرىپىدىن ئېلىپ قېچىلغانلىـ
قىنى ئاڭلايدۇ ۋە ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن دىۋىلەر ماكانىغا بېرىپ ،
ئۈچ دىۋىنى (قارا ، ئاق ۋە سېرىق دىۋىنى) ھالاك قىلىدۇ . مەلىكىمۇ
ئۇلارنىڭ دىۋىنى يوقىتىشىغا ياردەملىشىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، ئۇلار
مەلىكىنى قۇتۇلدۇرۇپ كېلىدۇ ، قەھرىمان ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىـ
دۇ ، ھەمراھى (بېلىق ) خوشلىشىپ كېتىپ قالىدۇ . بىراق ، بەزى
ۋارىيانتلاردا پادىشاھ قىزىنى قەھرىمانغا بېرىشكە ئۇنىمايدۇ ، شۇنىڭ
بىلەن «قىيىن شەرتنى ئورۇنداش ۋەقەسى» (20 ـ موتىف ) پەيدا
بولىدۇ . «خىزىر نىياز» ناملىق چۆچەكتە شاھزادىنىڭ خوتۇنىنى دىۋە
ئېلىپ قاچىدۇ ، شاھزادە دىۋىلەر ماكانىغا بېرىپ ، خوتۇنى بىلەن
بىرلىشىپ دىۋىنى يوقىتىدۇ .

8B ـ تىپ : «خالبانۇم» ۋە «باتۇر يىگىت» چۆچەكلىرى مۇشۇ
تىپقا تەۋە . بۇلاردىكى دىۋە ئېلىپ قاچقان قىز مەلىكە ئەمەس ، بەلكى
ئادەتتىكى قىزلاردۇر . «خالبانۇم» چۆچىكىدە خالبانۇم ئىسىملىك
قىزنى دىۋە ئېلىپ قاچقاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ سۆيگۈنى ئوغلان باتۇر
قىزنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئاتلىنىدۇ . يولدا خىزىر ئۇنىڭغا خاسىـ
يەتلىك نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىدۇ . ئوغلان باتۇر ئارقا ـ ئارقىدىن
ئون نەچچە ئەجدىھانى ئۆلتۈرىدۇ ، دىۋىنىڭ جېنى يوشۇرۇنغان جايىنى
تېپىپ ، ئۇنى ھالاك قىلىدۇ ۋە ئاخىر خالبانۇمنى سېھىرىي بەندىتىن
قۇتۇلدۇرۇپ ئېلىپ كېتىدۇ . «باتۇر يىگىت» ناملىق چۆچەكتە چىـ
رايلىق قىز زەرىپە بىلەن باتۇر يىگىت زېرەك مۇھەببەتلىشىدۇ .
لېكىن ، زەرىپەنىڭ دادىسى قىزىنى مەجبۇرلاپ ، ئالىم دېگەن يىگىتكە
ياتلىق قىلماقچى بولىدۇ . دەل توي بولىۋاتقان كۈنى دىۋە كېلىپ
قىزنى ئېلىپ قاچىدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن زېرەك بىلەن ئالىمنىڭ ھەر
ئىككىلىسى قىزنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئاتلىنىدۇ . بىراق ، ئالىم
يولنىڭ جاپاسىغا چىدىماي ۋە كېيىنكى خەتەردىن قورقۇپ ، يېرىم
يولدا قېچىپ باشقا قىزغا ئۆيلەنمەكچى بولىدۇ . نەتىجىدە خۇدانىڭ
جازاسىغا ئۇچراپ ، ئىتقا يەم بولىدۇ . زېرەك بولسا خىزىرنىڭ ياردىـ
مى بىلەن سېھىرلىك قىلىچقا ئېرىشىپ ، دىۋىلەرنى قىرىپ تاشلاپ ،

زەرپەنى قۇتۇلدۇرۇپ كېلىدۇ .

8C – تىپ : «پىش – پىش شاپتۇل» ۋە «ياخشىلىق يەردە قالماس» چۆچەكلىرى مۇشۇ تىپقا تەۋە . بۇ چۆچەكلەرنىڭ ۋەقەلىكىگە باشقا تىپتىكى چۆچەكلەرنىڭ ۋەقەلىكى ئارىلاشقان . بىرىنچى چۆچەكتە باشلىنىش بىلەنلا پادىشاھنىڭ قىيىن شەرت ئارقىلىق كۈيئوغۇل تال-لاش ۋەقەسى بايان قىلىنىدۇ . چۆچەك قەھرىمانى ھەممە شەرتلەرنى ئورۇندىسىمۇ ، پادىشاھ قىزىنى بەرمەيدۇ . مانا شۇ چاغدا مەلىكىنى دىۋە ئېلىپ قاچىدۇ ، يىگىت بېرىپ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ كېلىدۇ . بىراق ، گېپىدە تۇرمايدىغان پادىشاھ يەنىلا قىزىنى بەرمەيدۇ . غەزەپ-لەنگەن يىگىت دادىسىدىن مىراس قالغان سېھىرلىك شاپتۇلنى ئوردىغا ئېلىپ كىرىپ ، پادىشاھقا يېگۈزۈپ ، ئەدىپىنى بېرىدۇ . شۇنىڭدىن كېيىنلا پادىشاھ ئامالسىز ئۇنىڭ مەلىكە بىلەن توي قىلىشىغا قوشۇلى-دۇ . ئىككىنچى چۆچەكتە يىگىت دىۋىلەر ماكانىغا بېرىپ ، مەلىكىنى قۇتۇلدۇرۇپ كەلگۈچە سۈيىقەستچى ۋەزىر مەلىكىنىڭ دادىسىنى ئۆل-تۈرۈپ تاشلاپ ، ئۆزى پادىشاھ بولۇۋالىدۇ . يىگىت مەلىكىنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن ۋەزىر ئۇلارنى شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىدۇ . ئۇلار سۇمۇرغ ۋە سېھىرلىك توشقاننىڭ ياردىمىدە چۆلدە شەھەر بىنا قىلىدۇ ۋە كېيىن ئەسكەر باشلاپ بېرىپ ، ۋەزىرنى يوقىتىپ ، يۇرتنى قايتۇ-رۇۋالىدۇ .

ئەگەر بىز 8 – تىپنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى «دىۋىدىن ساھىبجا-مالنى قۇتقۇزۇش» دەپ تونۇساق ، ئۇنداقتا ، بۇ تىپ دەل خەلقئارادىكى «دىۋىنىڭ جېنى» (AT302 ) بىلەن ئوخشاش چۆچەكتۇر . بۇ چۆچەك ياۋروپادىن تارتىپ ئاسىياغىچە ، كونكرېتراق ئېيتساق ، ئىرلاندىيەدىن ھىندىستانغىچە بولغان رايونلارنىڭ ھەممىسىدە كەڭ ئومۇملاشقان . بولۇپمۇ ھىندىستاندا ئەڭ كۆپ تارقالغان . بىراق ، ئاسىيا نۇسخىلىرى-دا دىۋىنىڭ جېنى قۇش ياكى ھاشاراتقا يوشۇرۇنغان بولسا ، ياۋروپا نۇسخىسىدا تۇخۇمنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان (15 – ماتېرىيال 42 – ، 43 – بەتلەر ) .

9 – تىپ : كىچىك كۈيئوغۇلنىڭ كارامىتى . بۇ تىپقا ۋەكىللىك قىلالايدىغان چۆچەكلەر «پادىشاھنىڭ ئۈچ قىزى» ، «ئۈچ مەلىكە» ، «ئىلمۇلىپ» قاتارلىقلاردۇر . بۇلارغا ئورتاق بولغان سۇژېت مۇنداق :

بىر پادىچى يىگىت خىزىرغا ئۇچراپ، خاسىيەتلىك بۇلاقنىڭ سۈيىدە يۇيۇندۇرۇلۇپ، كۈچتۈڭگۈر پالۋانغا ئايلىنىدۇ. كېيىن ئۇ قوتازغا مىنىپ شەھەرگە كىرگەندە «ئۈچ ئاچا ـ سىڭىل مەلىكىنىڭ لايىق تاللىشى» ۋەقەسىگە يولۇقىدۇ (21 ـ موتىف). شۇنداق قىلىپ، ئۇ كىچىك مەلىكىگە ئۆيلىنىدۇ. پادىشاھ بۇنىڭغا غەزەپلىنىپ، چوڭ كۈيئوغۇللارنى ئەتىۋارلاپ، كىچىك كۈيئوغۇلنى كۆزگە ئىلمايدۇ. كېيىن، پادىشاھ كۈيئوغۇللىرىنى سىناش ئۈچۈن تاغقا چىقىپ ئوۋ ئوۋلاپ كېلىشنى تاپشۇرىدۇ. كىچىك كۈيئوغۇل نۇرغۇن ھايۋانلارنى تىرىك تۇتۇۋالىدۇ. چوڭ كۈيئوغۇللار ھېچنېمە تۇتالماي ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلىدۇ. كىچىك كۈيئوغۇل ئۇلارنىڭ كاسىسىغا ئۆزىنىڭ تامغىسىنى بېسىش شەرتى بىلەن بىر قىسىم ئۆلۈك ھايۋانلارنى بېرىدۇ. ئۇلار شەھەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پادىشاھ كىچىك كۈيئوغۇلنىڭ ئولجىلىرىدىن رازى بولۇپ، ئۇنى ماختايدۇ. چوڭ كۈيئوغۇللار كىچىك كۈيئوغۇلغا ئۆچلۈك قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈش قەستىدە بولىدۇ. بىراق، كەنجى مەلىكە ئۇلارنىڭ سۈيىقەستىنى بىتچىت قىلىدۇ. كېيىن شەھەرگە يات ئەلنىڭ دۈشمەنلىرى ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ. چوڭ كۈيئوغۇللار پادىشاھنىڭ ئارمىيىسىگە باشلامچىلىق قىلىپ، جەڭگە چىقىپ مەغلۇپ بولىدۇ. كىچىك كۈيئوغۇل ئۆزى يالغۇز دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇپ غەلىبە قىلىدۇ. پادىشاھ ۋە شەھەر خەلقى ئۇنى ھۆرمەت بىلەن قارشى ئالىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ چوڭ كۈيئوغۇللارنىڭ سۈيىقەستىنى ئېچىپ تاشلايدۇ، پادىشاھ ئۇلارنى جازالايدۇ.

«تاي بىلەن بالا»، «شاھزادە» چۆچەكلىرىنىڭ باش قىسمى سېھىرلىك ئات توغرىسىدىكى چۆچەككە (15 ـ تىپ) ئوخشاش بولۇپ، ئاخىرى مۇشۇ تىپنىڭ ۋەقەلىكىدۇر.

بۇ تىپ خەلقئارادا كەڭ تارقالغان «ئالتۇن باش يىگىت» (AT314) ناملىق چۆچەكنىڭ ئاخىرىغا ئوخشاپ قالىدۇ. «ئالتۇن باش يىگىت» نىڭ باش قىسمىدا بىر يىگىتنىڭ دىۋىلەر ماكانىدىكى سىرلىق پائالىيەتلىرى بايان قىلىنىدۇ. كېيىنكى قىسمىدا بۇ يىگىت بىر شەھەرگە بېرىپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىدا خىزمەتچى بولۇپ ئىشلەيدۇ. كەنجى مەلىكە تاسادىپىي ئۇنىڭ ئالتۇن چاچلىرىنى كۆرۈپ

قېلىپ ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ كىچىك
كۈيئوغۇلنى ياراتمايدۇ ، چوڭ كۈيئوغۇللار ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك قىلىـ
دۇ . گەرچە بۇ ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتى ئوخشىمىسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ
خاراكتېرى يۇقىرىقى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى بىلەن ئوخشاش .
تومپسوننىڭ ئېيتىشىچە ، بۇ چۆچەك گېرمانىيە ، سكاندىناۋىيە ۋە
بالتىق دېڭىزى بويىدىكى دۆلەتلەردە كەڭ تارقالغان . ئىرلاندىيە ،
فرانسىيە ، ئامېرىكا ، پولشا ، كافكاز ئەتراپى ، جەنۇبىي سىبىرىيە ۋە
يېقىن شەرقتىمۇ تارقالغان . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھىندىستان ،
ھىندونېزىيە ۋە ئافرىقىنىڭ بىر قىسىم رايونلىـرىدىمـۇ ئـۇچرايـدۇ
(15 ـ ماتېرىيال 74 ـ بەت ) . «كىچىك كۈيئوغۇلنىڭ كارامىتى»
ناملىق بۇ تىپنىڭ ۋەقەلىكى يەنە خەلقئارادا تارقالغان «ياۋايى ئادەم»
(AT502 ) چۆچىكىگە ئوخشاپ قالىدۇ .

**10 ـ تىپ : 40 ئاكا ـ ئۇكىنىڭ 40 ئاچا ـ سىڭىلغا ئۆيلىنىشى .**
40 ئوغلى (بەزى چۆچەكلەردە توققۇز ، يەنە بەزىلىرىدە 70 ئوغۇل )
بار ئادەم ئۆزىگە چوقۇم 40 قىزى بار ئادەم بىلەن قۇدا بولۇشنى
ئىزدەيدۇ . شۇنىڭ بىلەن 40 ئاچا ـ سىڭىلنى ئىزدەش ۋە ئۇلارنى
ئېلىپ كېلىشنى مەقسەت قىلغان بىر قاتار ۋەقەلىك مەيدانغا كېلىدۇ .
بىز مۇشۇ ۋەقەلىكنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن بۇنداق چۆچەكلەرنى ئۈچ
تۈرگە بۆلەلەيمىز .

10A ـ تىپ : بۇ تىپقا «دادا ۋە قىرىق ئوغۇل» چۆچىكى ۋەكىلـ
لىك قىلالايدۇ . 40 ئوغۇل دادىسىدىن ئۆزلىرىنى ئۆيلەپ قويۇشنى
تەلەپ قىلىدۇ . دادىسى ئەڭ ئەقىللىق ۋە باتۇر بولغان كەنجى ئوغلىنى
40 قىزى بار ئادەمنى تېپىشقا ئەۋەتىدۇ . بۇ ئوغۇل يولدا غەيرىي
ئىقتىدارلىق باتۇرلار بىلەن تونۇشۇپ بىللە سەپەر قىلىدۇ (9 ـ
موتىف ) ، ئۇلار ئاخىر 40 قىزى بار ئادەمنى تاپىدۇ . بىراق قىزلار-
نىڭ دادىسى ئۇلارغا قىيىن شەرتلەرنى قويىدۇ . كەنجى ئوغۇل دوستـ
لىرىنىڭ ياردىمىدە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئورۇندايدۇ . قىزلارنىڭ
دادىسى ئامالسىز ماقۇل بولىدۇ . ئەمما ، تويدىن كېيىن قىزلارنىڭ
دادىسى ئۆز قىزلىرىنىڭ ئورنىغا ھايۋانلارنى ئالماشتۇرۇۋېتىدۇ ، يەنى
ئۇ مۈشۈك ، ئىت ، تەخەي ، موزاي ، پاقا ، پاتمىچۈق . . . قاتارلىقلار-
نىڭ يۈزىنى يېپىپ ، چاندۇرماي يىگىتلەرگە تۇتقۇزۇپ قويىدۇ . يەـ

گىتلەر ئۇلارنى ئېلىپ قايتىدۇ ۋە ئامالسىز ئاشۇ ھايۋانلار بىلەن ئۆي تۇتىدۇ .

10B ـ تىپ : «تىرىك ـ تىرىك ، كىم ئويغاق ؟ » . بۇ چۆچەكتە 40 ئاكا ـ ئۇكا ئۆزلىرىگە خوتۇن ئىزدەپ بىللە سەپەر قىلىدۇ . ئاخىر ئۇلار يىراق جايدىن 40 قىزى بار مومايىنى تاپىدۇ . ئەمما ، بۇ موماي يالماۋۇز ئىكەن ، كېچىدە يىگىتلەر ئۇخلىغاندا ئۇلارنى يېمەكچى بولىدۇ . بالىلارنىڭ كىچىكى بۇنى بىلىۋېلىپ ، ئاكىلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ قېچىپ كېتىدۇ .

تومپسون ئۆزىنىڭ كىتابىدا مۇشۇ تىپنىڭ ۋەقەلىكىگە ئازراق ئوخشاپ كېتىدىغان بىر چۆچەكنى تىلغا ئالىدۇ . بۇ چۆچەكنىڭ نامى «پەتەك ۋە يالماۋۇز» (AT327B ) بولۇپ ، ئۇنىڭدا پەتەك ئاكىلىرى بىلەن يالماۋۇزنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ . يالماۋۇز ئۇلارنى ئۇخلىتىپ قويۇپ ، ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ . بۇنى سېزىپ قالغان پەتەك ئۆزىنىڭ ۋە ئاكىلىرىنىڭ بۆكىنى يالماۋۇزنىڭ بالىلىرىنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈپ قويىدۇ . شۇنىڭ بىلەن يالماۋۇز ئۆزىنىڭ بالىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ . پەتەك ئاكىلىرى بىلەن قېچىپ كېتىدۇ .

گەرچە بۇ چۆچەك بىلەن «تىرىك ـ تىرىك ، كىم ئويغاق ؟ » نىڭ ۋەقەلىكى ئوخشاپ كەتسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ 40 ئاكا ـ ئۇكا بىلەن 40 ئاچا ـ سىڭىلنىڭ ئۆزئارا توي قىلىش سۇژىتى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق . شۇڭا ، تومپسون ئېنىق ھالدا «بۇ چۆچەك ياۋروپادىن باشقا قىتئەدە يوق» دەيدۇ (15 ـ ماتېرىيال 45 ـ بەت ) .

10C ـ تىپ : «كەنجى شاھزادە» . بۇ چۆچەكتە 70 ئوغلى بار پادىشاھ باشقا بىر شەھەردىن 69 قىزى بار پادىشاھنى تېپىپ ئۆزئارا توي قىلىدۇ . ئۇ كېلىنلىرى ۋە ئوغۇللىرىنى ئېلىپ كېلىۋاتقاندا يولدا دىۋىنىڭ توسۇشىغا ئۇچرايدۇ . دىۋە ئۇلارغا يىراق بىر شەھەرنىڭ مەلىكىسىنى ئۆزىگە ئەكېلىپ بېرىش شەرتىنى قويىدۇ . كەنجى شاھزادە تۇغقانلىرىنى دىۋىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن مەلىكىنىڭ شەھىرىگە بېرىپ ، قىيىن شەرتلەرنى ئورۇنداپ (20 ـ موتىف ) مەلىكە بىلەن توي قىلىدۇ ۋە قايتىپ كېلىپ دىۋىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ (5 ـ موتىف ) . شۇنداق قىلىپ ، 70 ئوغۇل 70 قىزنى ئېلىپ يۇرتىغا قايتىدۇ .

«كەنجى باتۇر» ناملىق يەنە بىر چۆچەكنىمۇ مۇشۇ تىپقا تەۋە قىلىش مۇمكىن. ئۇنىڭدا ئاكا ـ ئۇكا ئۈچ ئوغۇلنىڭ ئۈچ ئاچا ـ سىڭىلغا ئۆيلەنگەنلىكى ھېكايە قىلىنىدۇ. قىزلارنى يۆتكەپ ماڭغاندا ئەجدىھا پەيدا بولۇپ، كەنجى ئوغۇلنى ئېلىپ قاچىدۇ ۋە ئۇنىڭغا باشقا بىر شەھەر مەلىكىسىنى ئەكېلىپ بېرىش شەرتىنى قويىدۇ. كەنجى ئوغۇل ئۇ شەھەرگە بېرىپ، مەلىكە بىلەن مۇھەببەتلىشىدۇ ۋە ئەجدىھادىن قۇتۇلۇپ، مەلىكىنى ئېلىپ يۇرتىغا قايتىپ كېلىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ چۆچەك يۇقىرىقى «كەنجى شاھزادە» چۆچىكىنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى. «كەنجى شاھزادە» نىڭ ۋەقەلىكى بۇ چۆچەككە قارىغاندا كېڭەيتىلگەن، خالاس.

بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان «چويۇن قۇلاقنى يەڭگەن باتۇر» ناملىق 4 ـ تىپتا توققۇز ئوغلى بار ئادەم بىلەن توققۇز قىزى بار ئادەم قۇدا بولىدۇ. مەزكۇر چۆچەكنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى باتۇرلۇققا بېغىشلانغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئۇنى باتۇرلۇق چۆچەكلىرى ئىچىدە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق. بىراق، ئۇنىڭ ئومۇمىي مەزمۇن خاراكتېرى يەنىلا بىز ھازىر بايان قىلىۋاتقان 10 ـ تىپتىن يىراقلىشىپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭدىمۇ ئوخشاشلا توي كۆچۈرۈپ ماڭغان دادا جادۇگەرنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرايدۇ. كىچىك ئوغۇل مانا شۇ جادۇگەرنى يوقىتىش يولىدا ئاجايىپ كۆپ سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرىدۇ.

**11 ـ تىپ: تالاشتا قالغان قىز.** بۇ تىپتىكى چۆچەكتە بىر قىزنى ياخشى كۆرگەن ئۈچ كىشىنىڭ ئۇ قىزنى تىرىلدۈرۈشتە تەڭ ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. «باي ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى»، «گۇلقەقە»، «قىز كىمگە تەئەللۇق؟» قاتارلىق چۆچەكلەر ئەنە شۇنداق چۆچەكلەردۇر. «باي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى» چۆچىكىدە بايان قىلىنىشىچە، ئۈچ ئاكا ـ ئۇكىنىڭ ھەممىسى ھاممىسىنىڭ يالغۇز قىزىنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. ئوغۇللارنىڭ دادىسى باللارنى تىجارەتتە سىناپ كۆرۈپ، كىم ئەقىلدارلىق بولسا، ئاشۇ قىزنى شۇنىڭغا ئېلىپ بەرمەكچى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەربىر ئوغلىغا مىڭ تەڭگىدىن پۇل بېرىپ يولغا سالىدۇ. باللار باشقا شەھەرگە بارغاندىن كېيىن چوڭ ئوغۇل جاھاننەما ئەينىكى، ئوتتۇرانچىسى ئۇچىدىغان گىلەم، كەنجىسى ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدىغان خاسىيەتلىك چۆمۈچ سېتىۋالىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەينەككە قاراپ، ھامىمىسىنىڭ قىزى ئۆلۈپ
كەتكەنلىكىنى، كىشىلەرنىڭ ئۇنى قەبرىگە قويماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى
كۆرىدۇ. ئۈچ ئوغۇل دەرھال گىلەمگە ئولتۇرۇپ ئۇچۇپ، بىردەمدە
قەبرىستانلىققا بارىدۇ. كەنجى ئوغۇل چۆمۈچكە سۇ ئېلىپ قىزغا
چېچىپ، ئۇنى تىرىلدۈرىدۇ. توغقانلار بۇ كارامەتتىن ھەيران قالىدۇ.
بىراق بۇ قىزنى تىرىلدۈرۈشتە ئۈچ ئوغۇلنىڭ ئوخشاش ئەمگىكى
سىڭگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى كىمگە ياتلىق قىلىشنى يەنىلا بىلمەي
قالىدۇ.

«قىز كىمگە تەئەللۇق؟» ناملىق چۆچەكتىكى ئۈچ يىگىت ئاكا-
ئۇكا ئەمەس، بەلكى مەلىكىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئۈچ شاھزادە-
دۇر. پادىشاھ بۇ ئۈچ شاھزادىگە پۇل بېرىپ، قايسىسى ئەڭ ياخشى
نەرسە سېتىۋېلىپ كەلسە، شۇنىڭغا مەلىكىنى بېرىدىغانلىقىنى جاكار-
لايدۇ. بۇلارنىڭ ئۈچىنچىسى بىر ئالما سېتىۋالىدۇ، بۇ ئالمىنى
ئۆلۈكنىڭ بۇرنىغا پۇراتسا، ئۇ دەرھال تىرىلىدىكەن. باشقا جايلىرى
يۇقىرىقى چۆچەك بىلەن ئوخشاش.

«تەدبىرلىك پادىشاھ» ناملىق يەنە بىر چۆچەكتە «قىز كىمنىڭ
بولۇشى كېرەك» دەيدىغان بىر قىستۇرما ۋەقەلىك بار. ئۇنىڭدا دېيىل-
ىشىچە، بىر ياغاچچى ياغاچتىن بىر قىزنىڭ شەكلىنى ياساپتۇ،
تىككۈچى ئۇنىڭغا چىرايلىق كىيىم تىكىپ كىيدۈرۈپ قويۇپتۇ. موللام
خۇدادىن تىلىگەن ئىكەن، ئۇنىڭغا جان كىرىپ رەسمىي قىزغا ئايلى-
نىپتۇ. ئەمدى بۇ قىز كىمگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك؟ دېگەن مەسىلە
تۇغۇلۇپتۇ. بۇ چۆچەكمۇ مۇشۇ تىپنىڭ يەنە بىر تۈرىنى كۆرسىتىپ
بېرىدۇ.

12 - تىپ: مەلىكە قانخور. بىر قىسىم چۆچەكلەردە بىر ۋەھشىي
مەلىكە توغرىسىدا ھېكايە قىلىنىدۇ. بۇ مەلىكە ئەسلىدە بىر چۈش
كۆرگەن بولۇپ، چۈشىدە سۆيگۈنى بىلەن ئىككىسى ئەركەك - چىشى
كېيىككە ئايلىنىپ ئورمانلىقتا سەيلە قىلىدۇ. شۇ چاغدا چىشى كېيىك
(مەلىكە) ئوۋچىنىڭ قاپقىنىغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئەركەك كېيىك
ئۇنىڭ نالىسىگە قاراپمۇ قويماي كېتىپ قالىدۇ. مەلىكە قاتتىق ۋارقى-
راپ ئويغىنىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئەرلەرگە ئۆچ بولۇپ
كەتكەن ۋە ئەرگە تەگمەسلىككە قەسەم ئىچكەن ئىكەن. شۇڭا، ئۇ

ئۆزى خالىغان ئەر كىشى بىلەن بىر كېچە بىللە بولغاندىن كېيىنلا ، ئەتىسى ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدىكەن . كېيىن ئەسەر قەھرىمانى بۇ قانخور مەلىكىنىڭ ئەرلەرگە شەپقەتسىزلىك قىلىشىدىكى سىرىنى بىـ لىۋالغاندىن كېيىن ، ئۇستىلىق بىلەن ئۇنى ئىنىدەككە كەلتۈرۈپ ، ئەمرىگە ئالىدۇ . بۇنداق چۆچەكلەردىن «مەلىكە قانخور ھېكايىسى» ۋە «پەرىزات» قاتارلىقلارنى مىسالغا ئېلىش مۇمكىن .

13 ـ تىپ : قارا چاچ قىز . «قارا چاچ قىز» بىر سىرلىق ۋەھشىي قىز توغرىسىدىكى چۆچەكتۇر . بۇ قىزغا ئېرىشمەكچى بولغان تالاي يىگىتلەر ئۆلۈپ كەتكەن ئىكەن . ئەسلىدە بۇ قىزنىڭ بىر كېپىكى بولۇپ ، قىزنىڭ يېنىغا كەلگەن يىگىتلەرگە ئەنە شۇ كېپەك بىلەن ئېلىشىپ ، ئۇنى يېڭىش تەلىپى قويۇلىدىكەن . بىراق ھېچقانداق يىـ گىت بۇ كېپەكنى يېڭەلمەيدىكەن . شۇنىڭ بىلەن قىز بۇ يىگىتلەرنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدىكەن . بىر بوۋاينىڭ چوڭ ئىككى ئوغلىمۇ قارا چاچ قىزنى ئىزدەپ بېرىپ ، كەينى ـ كەينىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ . ئەڭ ئاخىـ رىدا كەنجى ئوغۇل ئاكىلىرىنى ئىزدەپ مېڭىپ ، يولدا خىزىردىن بىر قىلىچقا ئىگە بولىدۇ ۋە بۇ قىلىچ بىلەن كېپەكنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ . قارا چاچ قىز يېڭىلگىنىگە تەن بېرىپ ، ئۇنىڭ ئەمرىگە ئۆتىدۇ . چۆچەكنىڭ كېيىنكى قىسمىدا «جادۇگەر موماينىڭ قەھرىمانغا سۇيىـ قەست قىلىشى» ۋەقەسى (6 ـ موتىف ) ۋە «ھۇما قۇشىنىڭ پادىشاھ تاللىشى» ۋەقەسى (24 ـ موتىف ) يۈز بېرىپ ، بۇ بىر جۈپ ئەر ـ ئاياللار نۇرغۇن خەتەرلىك سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرىدۇ .

14 ـ تىپ : ئالتۇن كوكۇلىلىق يىگىت . خەلق ئارىسىدا ئالتۇن كوكۇلىسى بار ، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان بىر گۈزەل يىگىت توغرىسىدا نۇرغۇن چۆچەكلەر تارقالغان . «ئالتۇن كوكۇلىلىق بالا» ناملىق چۆچەك ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرسى . ئۇنىڭدا بايان قىلىنىشىچە ، شانىياز ئىسىملىك ئاتا ـ ئانىسى يوق بىر يېتىم بالا ئەنە شۇنداق گۈزەل ئىكەن . بىر كۈنى مەلىكە ئۆز كېنىزەكلىرى بىلەن دەرياغا سۇغا چۆمۈلگىلى كېلىپ ، شانىيازنىڭ ئالتۇن چېچىنى كۆرۈپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاشىق بولىدۇ . بىراق ، پادىشاھ ئۇلارنىڭ توي قىلىشىغا رۇخسەت قىلمايدۇ . شۇڭا ، مەلىكە شانىياز بىلەن دۇلدۇلغا مىنىپ قاچىدۇ . يولدا ئۇلار قاراقچىلارغا تۇتۇلىدۇ . مەلىكە قاراقچىلارنى

زەھەر بىلەن ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ . ئۇلار سەپەر جەريانىدا يەنە دۇلدۇل- نى يوقىتىپ قويۇپ ، ئۇنى ناھايىتى تەستە تاپىدۇ . شۇنداق كەچۈر- مىشلەردىن كېيىن ، ئۇلار باشقا بىر شەھەرگە بېرىپ بەختىيار ياشاي- دۇ .

ياۋروپادا تارقالغان چۆچەكلەر ئارىسىدىمۇ ئالتۇن چاچلىق يىگىت توغرىسىدىكى ھېكايىلەر بار (AT314,502) . بىراق ، ئۇلارنىڭ ۋە- قەلىكى تامامەن باشقا بولۇپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرىقى چۆچىكىگە ئوخشىمايدۇ .

## (3) ھايۋانلار ھەققىدىكى سېھىرلىك چۆچەكلەر

سېھىرلىك چۆچەكلەردە نۇرغۇن ھايۋانلار ئوبرازى بار ، ئۇلار چۆچەك قەھرىمانلىرىنىڭ ئاكتىپ ياردەمچىسى ۋە ھىمايىچىسى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ . تۆۋەندە ھايۋانلارنىڭ مانا شۇنداق سىرلىق ئىقتىدا- رى بايان قىلىنغان بىر قىسىم چۆچەكلەرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز .

15 ـ تىپ : **سېھىرلىك ئات** . نۇرغۇن چۆچەكتە دۇلدۇل دەپ ئاتىلىدىغان سېھىرلىك ئات ھەققىدە ھېكايە قىلىنىدۇ . مەزكۇر ئات ھەمىشە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان باش قەھرىماننى خەتەردىن قۇتۇلدۇ- رۇپ ، ئۇنىڭغا ئۆمۈرۋايەت سادىق بولۇپ ، بىللە ياشايدۇ شۇنداقلا ئۆزىنىڭ سېھىرلىك قابىلىيىتى ئارقىلىق چۆچەك قەھرىمانىنىڭ دۈشمەنلىرىنى يوقىتىپ بېرىدۇ ، ھەتتا ئۇ ئۆزىنى قۇربان قىلىپ ، باش قەھرىمانغا ھاياتلىق ماكانى يارىتىدۇ .

بۇ تىپقا ۋەكىللىك قىلالايدىغان چۆچەكلەرنى يەنە ئۈچ كىچىك تىپقا ئايرىش مۇمكىن .

15A ـ تىپ : «بوز ۋاپادار» ، «مەلىكە ئايتىللا ـ شاھزادە رەۋەيدۇللا» ، «دېيانەتلىك مەلىكە بىلەن ۋاپادار ئات» ، «قارا ياللىق قۇلان ئارغىماق» قاتارلىقلار مانا مۇشۇ تىپقا تەۋە چۆچەكلەردۇر . ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى مۇنداق : بىر پادىشاھ بىر تال بۇرگىنى بېقىپ توپاقتەك چوڭايتىدۇ . ئاندىن ئۇنى سويۇپ تېرىسىنى ئوردا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا ئېسىپ قويۇپ ، كىم بۇ تېرىنىڭ نېمىنىڭ تېرىسى ئىكەنلىكىنى بىلەلىسە ، شۇنىڭغا قىزىنى بېرىدىغانلىقىنى جا- كارلايدۇ . ھېچكىم بىلەلمەي ، پەقەت بىر دىۋە (بەزى چۆچەكلەردە

جادۇگەر ) ئۇنىڭ بۇرگىنىنىڭ تېرىسى ئىككەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ مەلىكىنى ئۇنىڭغا بەرمەكچى بولدۇ . بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان مەلىكە ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىتىغا مىنىپ قاچىدۇ ، دىۋە ئۇنى قوغلايدۇ . مەلىكە ئاتىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ، دىۋىگە توسقۇنلۇق پەيدا قىلىپ ، ئاخىر ئۇنىڭدىن قۇتۇلىدۇ (30 ـ موتىف ) . ئۇ ئات بىلەن ئورمانلىقتا ياشاۋاتقاندا ، شىكارغا چىققان ياش پادىشاھ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ ئوردىغا ئېلىپ كېلىپ توي قىلىدۇ . مەلىكە بىر ئوغۇل ، بىر قىز پەرزەنت كۆرىدۇ . كېيىن بۇ پادىشاھ دىۋىنىڭ (بەزى چۆچەكلەردە جادۇگەرنىڭ ياكى بەتنىيەت ۋەزىرنىڭ ) پىتنە ـ ئىغۋاسىغا ئىشىنىپ ، ئايالىنى ئىككى بالىسى بىلەن ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ . ئات مەلىكە ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىنى ئېلىپ جاڭگالغا كېتىدۇ . مۇشۇ چاغدا دىۋە يېتىپ كېلىپ مەلىكىگە زورلۇق قىلماقچى بولىدۇ . غەزەپلەنگەن ئات دىۋىنى (جادۇگەرنى ياكى ۋەزىرنى ) ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ . ئاندىن مەلىكە ئاتىنىڭ كۈچلۈك تەلىپى بىلەن ئاتنى ئۆلتۈرۈپ ، تۆت پۇتىنى تۈۋرۈك قىلىپ ، ئۈستىگە تېرىسىنى يېپىپ ، ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ ، ئاتىنىڭ بېشىغا بېشىنى قويۇپ ئۇخلايدۇ . مەلىكە ئويغانغاندا ئەتراپىنىڭ بىر گۈزەل باغقا ئايلانغانلىقىنى كۆرىدۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ بالىلىرى بىلەن ئاشۇ باغدا ياشاپ قالىدۇ . نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن پادىشاھ ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى چۈشىنىپ ، مەلىكىنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كېلىدۇ ۋە ئايالى ، بالىلىرى بىلەن خۇشال جەم بولىدۇ .

15B ـ تىپ : «شاھزادە» ، «تاي بىلەن بالا» ، «سودىگەرنىڭ ئوغلى» چۆچەكلىرى مۇشۇ تىپقا تەۋە بولۇپ ، ئۇنىڭدا بايان قىلىنىشىچە ، بىر باي ئايالى ئۆلۈپ كېتىپ قايتا ئۆيلەنگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئوغلى ئۆگەي ئانىنىڭ خورلىشىغا ئۇچرايدۇ . بۇ ئايال بالىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كەينى ـ كەينىدىن ئۈچ قېتىم سۇيىقەست قىلىدۇ . بىراق ، بالىنىڭ سادىق دوستى بولغان ئات ئۆگەي ئانىنىڭ ھەر قېتىملىق سۇيىقەستىنى بالىغا ئالدىنئالا ئېيتىپ قويۇپ ، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالىدۇ . غەزەپلەنگەن ئۆگەي ئانا ئاتنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ . بالا ئاتنى قۇتۇلدۇرۇپ ئېلىپ قاچىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، ئات بىلەن يىگىتنىڭ باشقا يۇرتلاردىكى كەچۈرمىشلىرى باشلىنىدۇ . يىگىت بىر

شەھەرگە كېلىپ «ئۈچ ئاچا ـ سىڭىل مەلىكىنىڭ لايىق تاللىشى» ۋەقەسىگە دۇچ كېلىدۇ (21 ـ موتىف) . يىگىت كەنجى مەلىكە بىلەن توي قىلغاندىن كېيىنكى ۋەقەلىك بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان «كىچىك كۈيئوغۇلنىڭ كارامىتى» ناملىق چۆچەك (9 ـ تىپ) بىلەن ئوخشاش .

خەلقئارادا يۇقىرىقى تىپقا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر چۆچەك بولۇپ، تومپسون بۇ چۆچەكنى «ئارچا» (AT720) نامىدا ئۆز ئىندېكسىگە كىرگۈزگەن . «ئارچا» چۆچىكىدىكى ئوغۇل سىڭلىسى مارىيەنىڭ قوغدىشى بىلەن ئۆگەي ئانىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ . بىراق، ئاخىر ئۆگەي ئانا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، گۆشىنى دادىسىغا يېگۈزۈۋېتىدۇ . كېيىن ئۇنىڭ ئۇستىخىنىدىن قۇش پەيدا بولۇپ، ئۆگەي ئانىنىڭ سۈيىقەستىنى ئېچىپ تاشلايدۇ ۋە قايتا تىرىلىپ، يىگىتلىك ھالىتىگە كېلىدۇ . كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، مەزكۇر چۆچەك بىلەن يۇقىرىقى ئۇيغۇر چۆچەكلىرى ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق بار . ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدە يىگىت ئاتنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆيدىن قېچىپ چىقىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەقەلىك سېھىرلىك ئاتنىڭ بۇ يىگىتكە قانداق ياردەم بەرگەنلىكى، ئۇنى قانداق بەختكە ئېرىشتۈرگەنلىكى قاتارلىقلارنى بايان قىلىشقا يۆتكىلىدۇ . دېمەك، ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىسى يىگىت بىلەن ئاتنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلىشتۇر . ئەمما، «ئارچا» چۆچىكىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولسا بالا بىلەن ئۆگەي ئانا ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىنلا ئىبارەت، خالاس .

يەنە بىر چۆچەك «ئاتقا ئۆزگىرىۋالغان يىگىت» (AT314) نىڭ قىسمەن ۋەقەلىكى يۇقىرىدا بىز بايان قىلغان 15A ـ تىپنىڭ ۋەقەلىكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، يەنى «ئاتقا ئۆزگىرىۋالغان يىگىت» دىكى باش قەھرىمان دېۋىلەر ماكانىدىن سېھىرلىك ئاتنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن قاچىدۇ ۋە قوغلاپ كەلگەن دېۋىگە توسقۇنلۇق پەيدا قىلىدۇ . «بوز ۋاپادار» دىكى مەلىكىمۇ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئاتنى مىنىپ، يۇقىرىقىغا ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن دېۋىدىن قېچىپ قۇتۇلىدۇ . ئەمما، بۇ ئىككى چۆچەكنىڭ باشقا جايلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ .

تومپسون ئۆزىنىڭ ئىندېكسىگە «پىت تېرىسى» (AT621) نامى

بىلەن كىرگۈزگەن يەنە بىر چۆچەكتە ، مەلىكە بىر پىتنى بېقىپ توپاقتەك چوڭايتقاندىن كېيىن ، ئۇنى سويۇپ تېرىسىدىن كىيىم تىكتۈرۈپ كىيىۋالىدۇ ۋە كىم بۇ كىيىمنىڭ نېمىدىن تىكىلگەنلىكىنى بىلىۋالسا ، ئۇنىڭغا تېگىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ . بۇ ۋەقەلىكمۇ «بوز ۋاپادار» چۆچىكىنىڭ بېشىدىكى بۇرگە تېرىسى ھەققىدىكى ۋەقەگە ئوخشاپ كېتىدۇ ، ئەمما چۆچەكنىڭ كېيىنكى ۋەقەلىكلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ .

**16 - تىپ : بېلىق شاھزادە .** نۇرغۇن چۆچەكلەردە چۆچەك قەھرىمانى بىر بېلىقنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنىڭ خاسىيىتى بىلەن بەختكە ئېرىشكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ . بۇ خىلدىكى ۋەقەلىك كۆپ تەكرارلانغاچقا ، ھەتتا بىز ئۇنى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى بىر موتىف دەپ تونۇدۇق (12 - موتىف) . بىز يۇقىرىدا بۇ موتىفنى 7E - تىپ ۋە 7H - تىپلاردىمۇ كۆرۈپ ئۆتكەن ئىدۇق . بېلىق شاھزادىنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قالغان ئادەمگە ياخشىلىق قىلىشى توغرىسىدىكى چۆچەكلەرنى ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىش مۇمكىن .

16A - تىپ : بۇ تىپقا ۋەكىل بولالايدىغانلىرى «نۇرتاي بىلەن ئىمىنتاي» ، «قىرىق كۈن بېقىپ بىر كۈن ئىشلىتىمەن» ، «ئادىلخان پادىشاھ ۋە ئۈچ دەرۋىش» چۆچىكىدىكى ئىككىنچى دەرۋىشنىڭ ھېكايىسى «شاھزادە بىلەن بېخىلنىڭ دوستلۇقى» قاتارلىقلاردۇر . بۇ تىپنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى مۇنداق : بىر بېلىقچىنىڭ ئوغلى دادىسى تۇتقان بېلىقنى دەرياغا قويۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇساپىر بولۇپ ، باشقا يۇرتقا قاراپ ماڭىدۇ . يولدا تاسادىپىي بىر يىگىت پەيدا بولۇپ ، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدۇ . بۇ يىگىت ھېلىقى قۇتقۇزۇلغان بېلىق بولۇپ ، ئۇ ئەسلىدە سۇ پادىشاھىنىڭ شاھزادىسى ئىكەن . بۇ بېلىق شاھزادە چۆچەك قەھرىمانىغا ئۆزىنىڭ بېلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ . سەپەر جەريانىدا بېلىق شاھزادە يەر ئاستىغا چۈشۈپ ، دىۋىنىڭ سوئالىغا ئۇنى رازى قىلغۇدەك جاۋاب بېرىپ ، نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش ئېلىپ چىقىدۇ . ئاندىن بىر شەھەرگە بېرىپ «قىيىن شەرت ئارقىلىق كۈيئوغۇل تاللاش» (4 - موتىف) ۋەقەسىگە دۇچ كېلىپ ، بۇ شەرتلەرنى ئورۇندايدۇ ياكى «ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىن مەلىكىنى قۇتقۇزۇش» (4 - موتىف)

ۋەقەسى پەيدا بولىدۇ . قانداقلا بولمىسۇن ، بېلىق شاھزادە ئۆزىنىڭ سېھىرلىك كۈچ - قۇدرىتى بىلەن چۆچەك قەھرىمانىغا مەلىكىنى ئېلىپ بېرىدۇ . بەزى ۋارىيانتلاردا بايان قىلىنىشىچە ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار يەنە قاراقچىلارغا ئۇچرايدۇ . بېلىق شاھزادە قاراقچىلارنى يوقىتىپ ، يىگىت بىلەن مەلىكىنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ . چۆچەكنىڭ ئاخىرىدا بېلىق شاھزادە مەلىكىنى ئوتتۇرىدىن ئىككىگە پارچىلاپ ، بۆلۈشۈۋېلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە مەلىكىنى بېشىنى تۆۋەن ، پۇتىنى ئۈستۈن قىلىپ دەرەخقە ئاسىدۇ . ئاندىن قىلىچ بىلەن ئۇنى چاپماقچى بولغاندا ، مەلىكىنىڭ ئاغزىدىن بىر يىلان چىقىدۇ ، بېلىق شاھزادە يىلاننى ئۆلتۈرىدۇ . ئەسلىدە مەلىكىنىڭ ئىچىگە يىلان سۇرەتلىك ئالۋاستى كىرىۋالغان ئىكەن . بېلىق شاھزادە مۇشۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق ئۇنى قورقۇتۇپ ، سىرتقا چىقىرىپ ئۆلتۈرگەن ئىكەن . شۇنىڭدىن كېيىن بېلىق شاھزادە ئۆزىنى ئاشكارىلاپ ، يىگىت بىلەن خوشلىشىپ دەرياغا كىرىپ كېتىدۇ .

«ئالتۇن تاجلىق بېلىق» ناملىق يەنە بىر چۆچەكنى بىز يۇقىرىدا «دېۋىدىن ساھىبجامالنى قۇتقۇزۇش» (8 - تىپ ) تا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق . بۇ چۆچەكنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكىمۇ مەزكۇر تىپ بىلەن ئوخشايدۇ . ئۇنىڭدا بېلىق شاھزادە دېۋە ئېلىپ قېچىپ كەتكەن مەلىكىنى قۇتقۇزۇپ ، ئۇنى چۆچەك قەھرىمانىغا ئېلىپ بېرىدۇ .

16B - تىپ : بۇ تىپقا «قېرىغاندا ئېچىلغان بەخت» بىلەن «بايۋەچچىنىڭ كەچۈرمىشلىرى» ناملىق ئىككى چۆچەكنى ۋەكىل قىلىشقا بولىدۇ . بۇ ئىككى چۆچەككە ئورتاق ۋەقەلىك شۇكى ، باش قەھرىمان بېلىقنى قۇتقۇزۇۋالغاندىن كېيىن ، بېلىق شاھزادە ئۇنى سۇ ئاستى پادىشاھلىقىغا — دادىسىنىڭ ئالدىغا باشلاپ بارىدۇ . سۇ ئاستى پادىشاھلىقى ئۇنىڭغا مۇكاپات بەرمەكچى بولىدۇ . قەھرىمان بېلىق شاھزادىنىڭ ئۆگىتىپ قويغىنى بويىچە پادىشاھنىڭ يېنىدىكى مۈشۈكنى (ياكى كۈچۈكنى ) تەلەپ قىلىدۇ . پادىشاھ مۈشۈكنى ئۇنىڭغا بېرىدۇ . يىگىت مۈشۈكنى ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن ، مۈشۈك بىردىنلا چىرايلىق قىزغا ئايلىنىپ ئۇنىڭغا بەخت ئاتا قىلىدۇ . بىراق ، بۇ قىزنى كۆرگەن پادىشاھ ئۇنى قولغا چۈشۈرمەكچى بولىدۇ . شۇنىڭ بىلەن «پادىشاھنىڭ ساھىبجامال ئايالنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنۇشى»

ۋەقەسى يۈز بېرىدۇ (23 ـ موتىف) . يىگىت بېلىق شاھزادە ۋە بېلىق مەلىكىنىڭ ياردىمىدە پادىشاھنى مەغلۇپ قىلىدۇ ياكى ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ، پادىشاھلىق تەختىنى تارتىۋالىدۇ .

ياۋروپادا كەڭ تارقالغان «مىننەتدار ئۆلۈك» ناملىق چۆچەكتە (AT506A, 506B) باش قەھرىمان بىر ئۆلگەن ئادەمنىڭ بارلىق قەرزلىرىنى تۆلىۋېتىپ ، ئۇنى ئوڭۇشلۇق دەپنە قىلىشقا ياردەملىشىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۆلۈك ئادەم مىننەتدارلىق يۈزىسىدىن باش قەھرىمانغا باشتىن ـ ئاخىر ھەمراھ بولۇپ ، ئۇنى قوغدايدۇ ۋە قىيىن ئىشلىرىنى ئورۇنداپ بېرىدۇ . بۇ ئۆلۈك ئادەم ئۇنىڭغا قولغا چۈشۈرگەن بارلىق نەرسىلەرنى تەڭ بۆلۈشۈۋېلىش شەرتىنى قويىدۇ . ئاخىرىدا مەلىكىگە ئېرىشكەندىن كېيىن ، باش قەھرىمان مەلىكىنى ئىككىگە پارچىلىماقچى بولغاندا ئۆلۈك يىگىت ئۇنى توسۇپ قويىدۇ . بۇ چۆچەكنىڭ مانا شۇ قىسمىدىن ۋەقەلىكى يۇقىرىقى چۆچەك (16A ـ تىپ) بىلەن ئوخشاپ قالىدۇ . ئەمما ، يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا «مىننەتدار ئۆلۈك» چۆچىكى تۆۋەندە بىز بايان قىلىدىغان «كارامەت ئۆلۈك» (64 ـ تىپ) نىڭ «ۋاپادارلار» ناملىق چۆچىكىگىمۇ ئازراق ئوخشاپ قالىدۇ . تومپسوننىڭ ئېيتىشىچە ، مەزكۇر چۆچەك ياۋروپا ، شىمالىي ئافرىقا ، شىمالىي ئامېرىكا ۋە ھىندونېزىيىلەردە تارقالغان (15 ـ ماتېرىيال 61 ـ ، 62 ـ بەتلەر) .

بىز تومپسوننىڭ ئىندېكسى ئىچىدە يەنە «ھورۇن بالا» (AT675) ناملىق چۆچەكنى ئۇچرىتىمىز . ئۇنىڭدا بېلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋالغان باش قەھرىمانغا مىننەتدارلىق يۈزىسىدىن سېھىرلىك قابىلىيەت ئاتا قىلىدۇ . باش قەھرىمان مانا شۇ سېھىرلىك قابىلىيەتكە تايىنىپ بەختكە ئېرىشىدۇ . تومپسون بۇ چۆچەكنى ياۋروپادىن شەرققە تارقالغان دەيدۇ (15 ـ ماتېرىيال 84 ـ بەت) .

مەلىكىنىڭ ئىچىدىكى يىلاننى ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى ياۋروپادا تارقالغان «ھوجرا ئۆيدىكى ئالۋاستى» (AT507B) ناملىق چۆچەكنىڭ ئاساسىي سۇژىتى قىلىنغان . باش قەھرىمان مەلىكە بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ، دوستى بىلەن بىرلىشىپ مەلىكىنى ئىككى پارچە قىلماقچى بولىدۇ . قورقۇپ كەتكەن يىلان مەلىكىنىڭ ئاغزىدىن ئېتىلىپ چىقىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ (15 ـ ماتېرىيال 63 ـ بەت) .

فرودىرىك مېكلىر رەتلىگەن «ئالتۇن باشلىق بېلىق» (68 ـ ماتېرىيال) ناملىق يەنە بىر پارچە چۆچەكنىڭ ۋەقەلىكى دەل بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان 16A ـ تىپنىڭ ۋەقەلىكىگە ئاساسەن ئوخشايدۇ. بۇ ئىككى چۆچەكنىڭ سۇژېت قۇرۇلمىسىدىكى غول لىنىيە پۈتۈنلەي بىردەك.

17 ـ تىپ: يىلان شاھزادە. ئەگەر قەھرىمان قۇتقۇلدۇرۇپ قالغان بېلىق سۇ پادىشاھىنىڭ ئوغلى بولىدىغان بولسا، ئۇ قۇتقۇلدۇرۇپ قالغان يىلان يەر ئاستى پادىشاھىنىڭ ئوغلى بولۇپ چىقىدۇ. بىز يىلان شاھزادە ھەققىدىكى چۆچەكنى ئۈچ تۈرگە بۆلۈپ تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

17A ـ تىپ: بۇ تىپنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكىنى «مالپاڭ قۇش»، «ياخشىلىق يەردە قالماس»، «ۋاپادارلىق»، «خۇش ياقمايدۇ»، «ياخشىلىققا ياخشىلىق» قاتارلىق چۆچەكلەرنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا مۇنداق قۇراشتۇرۇپ چىقالايمىز: بىر يىگىت دادىسى سودا قىلىپ كەل دەپ بەرگەن پۇلغا باللار ئۇرۇپ قىيناۋاتقان بىر يىلاننى سېتىۋېلىپ، ئۇنى قۇتقۇلدۇرۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ يىگىت ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ. يىلان يىگىتنى يەر ئاستى پادىشاھلىقىغا — دادىسىنىڭ ئالدىغا باشلاپ بارىدۇ. يىلان پادىشاھى ئۇنىڭغا ئەڭگۈشتەر (ياكى خاسىيەتلىك يىلان مۇڭگۇزى) بېرىدۇ. يىگىت مانا شۇ ئەڭگۈشتەر ئارقىلىق يارىدار بولغان ئىت بىلەن مۈشۈكنى قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە شۇ ئەڭگۈشتەر ئارقىلىق چۆلگە شەھەر بىنا قىلىپ، بىر مەلىكىگە ئۆيلىنىپ بەختلىك ياشايدۇ. ئەمما، مەلىكىگە كۆزى چۈشكەن شەھۋەتپەرەس پادىشاھ جادۇگەر موماينى مەلىكىنى بۇلاپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن «جادۇگەر مومايىنىڭ قەھرىمانغا سۇيىقەست قىلىشى» ۋەقەسى (6 ـ موتىف) يۈز بېرىپ، جادۇگەر ئەڭگۈشتەرنى ۋە ئەڭگۈشتەر ئارقىلىق شەھەرنى مەلىكە بىلەن قوشۇپ ئېلىپ كېتىدۇ. كېيىن مۈشۈك بىلەن ئىت ئەڭگۈشتەرنى قايتۇرۇپ كېلىدۇ (7 ـ موتىف)، يىگىت بولسا ئەڭگۈشتەر ئارقىلىق شەھەر ۋە مەلىكىنى قايتۇرۇۋالىدۇ.

ئارنې بۇ چۆچەكنىڭ يۈز نەچچە ۋارىيانتىنى توپلاپ، ئىنچىكە سېلىشتۇرۇپ ئانالىز قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەسلىي ئەندىزىسى

(ئەسلىي تىپى) نى قۇراشتۇرۇپ چىققان. ئارنې قۇراشتۇرۇپ چىققان ئەسلىي ئەندىزە بىلەن ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا تارقالغان ۋارىيانتى ھېچقانچە پەرقلەنمەيدۇ.

تومپسون بۇ چۆچەكنى ئۆز ئىندېكسىغا «سېھىرلىك ئۈزۈك» (AT560) نامىدا كىرگۈزگەن بولۇپ، «مىڭ بىر كېچە» ناملىق شەرق چۆچەكلىرى بىلەن ياۋروپاغا تارقالغان دەيدۇ (15 ـ ماتېرىيال 87 — 89 ـ بەتلەر).

17B ـ تىپ: «ھاياتلىق سۈيى» ناملىق چۆچەكتە بىر ئادەم يىلاننى قۇتقۇزۇۋالىدۇ. يىلان ئۇنىڭغا بىر قاپاق خاسىيەتلىك سۇ بېرىدۇ. ئۇ مانا شۇ سۇ بىلەن كېيىمكىنى، يولۋاسنى ۋە كېسەل مەلىكىنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ، شۇنداقلا كېيىك كېسىلىدىن قىرىلىپ كېتىۋاتقان يۇرت خەلقىنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. «تۇردىقارىي بىلەن پادىشاھ» ناملىق چۆچەكتە بىر يېتىم بالا پاقىنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ. پاقا ئۇنىڭغا ئەڭگۈشتەر بېرىدۇ. تۇردىقارىي بۇ ئەڭگۈشتەر ئارقىلىق ئۆلۈپ قالغان ئادەمنى تىرىلدۈرىدۇ، پادىشاھنىڭ كېسىلىنى ساقايتىدۇ، شۇنداقلا پادىشاھنىڭ قىيىن شەرتلىرىنى ئورۇندايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ مەلىكە بىلەن توي قىلىدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ چۆچەكتىكى پاقا بىلەن يۇقىرىقى چۆچەكلەردىكى يىلان شاھزادە ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق. ھەر ئىككىسى قەھرىمانغا خاسىيەتلىك نەرسە بېرىپ، ئۇنى بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن بىز بۇ چۆچەكنى يىلان شاھزادە ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ باشقا بىر ئۆزگەرگەن ۋارىيانتى دەپ قارايمىز.

17C ـ تىپ: بۇ تىپقا ۋەكىل بولالايدىغان چۆچەك «شاھزادە تۇغلۇق» بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەقەلىكى مۇنداق: تۇغلۇق ئىسىملىك بىر شاھزادە ئوردا بېغىدا قەپەستىكى نۇر چېچىپ تۇرغان يىلاننى قويۇپ بېرىدۇ. پادىشاھ غەزەپلىنىپ ئۇنى قوغلىۋېتىدۇ. شاھزادە تۇغلۇق ۋەزىرنىڭ ئوغلى ھەيدەر بىلەن سەپەر قىلىدۇ. بىراق، ھەيدەر شاھزادىنى خورلاپ، ئۆزىنىڭ خىزمەتچىسىگە ئايلاندۇرۇۋالىدۇ، ئۆزى بولسا «شاھزادە» بولۇۋالىدۇ. بىر شەھەرنىڭ پادىشاھى ھەيدەرنى شاھزادە ئىكەن دەپ بىلىپ، مەلىكىنى ئۇنىڭغا نىكاھلاپ بەرمەكچى بولىدۇ. بىراق، مەلىكە تۇغلۇقنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. غەزەپلەن-

گەن ھەيدەر تۇغلۇقنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ . مۇشۇ چاغدا يىلان
ئۆزىنىڭ سىرلىق كۈچى بىلەن تۇغلۇققا ياردەم قىلىپ ، ئۇنى قۇتۇل-
دۇرىدۇ . شاھزادە تۇغلۇق يەنە يىلاننىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ، مەلىكى-
نى بۇلاپ قاچقان قالماق پادىشاھىنى يوقىتىپ مەلىكىنى قۇتقۇزىدۇ .
ئاخىر ھەقىقىي شاھزادىنىڭ كىملىكى ئاشكارىلىنىپ ، ھەيدەر ئۆزىنى
ئۆلتۈرۈۋالىدۇ . شاھزادە خاسىيەتلىك يىلاننىڭ ياردىمىدە شۆھرەت
قازىنىپ ، مەلىكە بىلەن توي قىلىدۇ .

18 ـ تىپ : **گۆھەر توخۇ .** ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىكى بىرنەچچە
چۆچەكتە بىر توخۇنىڭ گۆھەر تۇغۇپ ئۆز خوجايىنىنى باي قىلىۋەت-
كەنلىكى ۋە سېھىرلىك قابىلىيىتى ئارقىلىق بۇ ئائىلىنىڭ ئىككى
ئوغلىنى پادىشاھ ـ ۋەزىرلەرگە ئايلاندۇرۇۋەتكەنلىكى توغرىسىدا ھې-
كايە قىلىنىدۇ . ئۇلارنىڭ بىرى «گۆھەر توخۇ» ناملىق چۆچەك
بولۇپ ، ئۇنىڭدا مۇنداق ۋەقە بايان قىلىنغان : بىر كەمبەغەل ئوتۇنچى
توساتتىن گۆھەر تۇغىدىغان توخۇغا ئېرىشىپ باي بولۇپ كېتىدۇ .
بۇ توخۇنىڭ گۆشىنى يېسە پادىشاھ بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالغان يەنە
بىر سودىگەر ئوتۇنچىنىڭ ئايالىنى ئالداپ ، ئۇنىڭ بىلەن ئاشنىدارچى-
لىق قىلىدۇ . ئوتۇنچى ھەرەمگە كەتكەن كۈنلەردە ئۇنىڭ ئايالى سودى-
گەرنىڭ تەلىپى بويىچە توخۇنى ئۆلتۈرۈپ ، گۆشىنى پىشۇرۇپ ، تەي-
يارلاپ قويىدۇ . شۇ چاغدا ئوتۇنچىنىڭ ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوق
ئىككى ئوغلى بۇ توخۇ گۆشىنى يەۋالىدۇ . غەزەپلەنگەن سودىگەر
ئوتۇنچىنىڭ ئايالىغا بېسىم ئىشلىتىپ ، بۇ بالىلارنى ئۆلتۈرۈپ ، يۈرى-
كىنى ئەكېلىپ بېرىشكە مەجبۇرلايدۇ . ئوتۇنچىنىڭ ئايالى بىر خىز-
مەتچىنى بۇ ئىشقا بۇيرۇيدۇ . شۇنىڭ بىلەن بۇ خىزمەتچى بالىلارنى
قاچۇرۇۋېتىپ ، ئۇلارنىڭ يۈرىكىنىڭ ئورنىغا ھايۋاننىڭ يۈرىكىنى
ئېلىپ كېلىدۇ (13 ـ موتىف ) . ئاكا ـ ئۇكىلار «بارسا كەلمەس»
ۋە «بارسا كېلەر» يوللىرىغا سەپەر قىلىدۇ (14 ـ موتىف ) . چوڭ
ئوغۇل بىر شەھەرگە كېلىپ ، «ھۇما قۇشنىڭ پادىشـاھ تاللىـشـى»
(24 ـ موتىف ) ۋەقەسىگە دۇچ كېلىپ ، پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇ-
رىدۇ . كىچىك ئوغۇل ئۆز سەپىرى جەريانىدا ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ
ئادەملەرنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ (3 ـ موتىف ) . ئاندىن يەنە يولدا
ئۇچرىغان ئوغرىلارنى ئالداپ ، ئۇلارنىڭ خاسىيەتلىك نەرسىلىرىنى

ئېلىۋالىدۇ (8 ـ موتىف) . ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇچار گىلەمگە ئولتۇرۇپ ئاكىسىنى ئىزدەپ تاپىدۇ . ئاكىسى ئۇنى ۋەزىرلىككە تەيىنلەيدۇ . ئۇلار ئۆز يۇرتىغا بېرىپ ، قارا كۆڭۈل ئانىسى ۋە سودىگەرنى جازالاپ ، دادىسىنى ئېلىپ كېلىپ بەختلىك ياشايدۇ .

«سادات ۋە ئادات» ناملىق چۆچەكنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى يۇقىرىقى چۆچەك بىلەن ئوخشاش . ئەمما ، ئۇنىڭدىكى كىچىك ئوغۇل ئوغرىلاردىن خاسىيەتلىك نەرسىلەرنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن مەلىكىنىڭ 40 قەۋەتلىك راۋاقتا چىقالىغان يىگىتنى تاللاش ۋەقەسىگە يولۇقىدۇ (7G ـ تىپ) . يىگىت گىلەم بىلەن ئۇچۇپ ، راۋاققا چىقىپ ، مەلىكە بىلەن مۇھەببەتلىشىدۇ . بىراق ئەتىسى مەلىكە ئۇنىڭ بارلىق خاسىيەتلىك نەرسىلىرىنى تارتىۋېلىپ ، شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىدۇ . بۇ يىگىت بىر سىرلىق باغقا بېرىپ ، ئادەمنى ھايۋانغا ئايلاندۇرالايدىغان ئالمىنى قولغا چۈشۈرۈپ ، بۇ ئالما ئارقىلىق قۇشقا ئايلىنىپ ، راۋاققا ئۇچۇپ چىقىپ ، مەلىكىنى تەخەيگە ئايلاندۇرۇپ ، يېتىلەپ ئېلىپ كېتىدۇ . كېيىنكى ۋەقەلىك يۇقىرىقى چۆچەك بىلەن ئوخشاش .

يەنە بىر چۆچەك «ھەسەن بىلەن ھۈسەن» يۇقىرىقى چۆچەكلەردىن خېلى پەرقلىنىدۇ . ئۇنىڭدا ئاكا ـ ئۇكا ئوغۇللار جاڭگالدىن بىر قۇشنى تۇتۇپ كېلىدۇ . بالىلارنىڭ تاغىسى بۇ قۇشنى يېگەن ئادەمنىڭ ياستۇقىنىڭ ئاستىدا ھەر كېچىسى ئالتۇن ـ كۈمۈش پەيدا بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلىدىكەن ، شۇڭا ئۇ قۇشنى يېمەكچى بولىدۇ . ئەمما ، بۇ قۇشنى بالىلىرى يەۋالىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بالىلارنىڭ ياستۇقىنىڭ ئاستىدىن ئالتۇن ـ كۈمۈش پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ . قارا نىيەت تاغىسى ئاكىسىغا (بالىلارنىڭ دادىسىغا) «بالىلىرىڭ ئالۋاستى ئىكەن ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ ، يۈرىكىنى يېيىش كېرەك» دەپ ئىشەندۈرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن دادىسى خىزمەتچىسىگە بالىلارنى ئۆلتۈرۈپ ، يۈرىكىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇيدۇ . خىزمەتچى بالىلارنى قاچۇرۇۋېتىپ ، ھايۋاننىڭ يۈرىكىنى ئېلىپ كېلىدۇ . بالىلار سەپەرگە ئاتلىنىپ چوڭ ئوغۇل ھۇما قۇشنىڭ تاللىشى بىلەن پادىشاھ بولىدۇ . كىچىكى بىر مەلىكىنى ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ (4 ـ موتىف) . ئەمما ، مەلىكىنى قولغا چۈشۈرەل-

مەي يۇرگەن جادۇگەر ۋەزىر يىگىتنى تاشقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ . ئاكىسى ئىنىسىنى ئىزدەپ كېلىپ ، جادۇگەرنى ئۆلتۈرۈپ ، ئىنىسىنى قۇتۇلدۇرىدۇ . ئاندىن ئۇلار يۇرتىغا قايتىپ تاغىسىنى جازالايدۇ .

تومپسون مەزكۇر تىپقا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر تىپنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ، ئۇ «سېھىرلىك قۇشنىڭ يۈرىكى» ( AT567 ) دەپ ئاتىلىدۇ . «سېھىرلىك قۇشنىڭ يۈرىكى» دىكى قىسمەن ۋەقەلىكلەر «گۆھەر توخۇ» غا ئوخشىمىسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى ئوخشاش . شۇڭا ، بىز «گۆھەر توخۇ» نى «سېھىرلىك قۇشنىڭ يۈرىكى» نىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى دەپ قارايمىز . ئارنېنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا ، بۇ چۆچەكنىڭ ئەڭ دەسلەپ پەيدا بولغان جايى ئىران بولۇشى مۇمكىن . تومپسوننىڭ كۆرسىتىشىچە ، بۇ چۆچەك غەربىي ئاسىيا ئارقىلىق ياۋروپاغا تارقالغان . بولۇپمۇ رۇسىيە ۋە بالتىق دېڭىزى بويىدىكى دۆلەتلەردە ئىنتايىن كۆپ ئۇچرايدۇ . بۇ چۆچەك يەنە شىمالىي ئافرىقا ۋە كانادالارغىمۇ تارقالغان (15 ـ ماتېرىيال 93 ـ ، 94 ـ بەتلەر ) .

19 ـ تىپ : خاسىيەتلىك قارلىغاچ . كىشىلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان چۆچەكنىڭ يەنە بىرى «قۇتلۇق بىلەن قارلىغاچ » چۆچىكىدۇر . ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە ، قۇتلۇق ئىسىملىك بالا بىر قارلىغاچ بالىسىنىڭ سۇنۇپ كەتكەن پۇتىنى تېڭىپ ساقايتىدۇ . ئانا قارلىغاچ مىننەتدارلىق يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا بىر تال تاۋۇز ئۇرۇقى بېرىدۇ . قۇتلۇق بۇ تاۋۇز ئۇرۇقىنى تېرىپ ئۆستۈرىدۇ . ئۇنىڭدىن چۈشكەن تاۋۇزلارنىڭ ئىچىدىن نۇرغۇن ئالتۇن چىقىپ ، قۇتلۇقنىڭ ئائىلىسىنى باي قىلىۋېتىدۇ . بۇنى ئاڭلىغان باقى ئىسىملىك باينىڭ چوڭ ئوغلى بىر قارلىغاچنىڭ پۇتىنى قەستەن سۇندۇرۇۋېتىپ ، يەنە تېڭىپ قويىدۇ . ئانا قارلىغاچ ئۇنىڭغىمۇ تاۋۇز ئۇرۇقى بېرىدۇ . باقى ئۇرۇقنى تېرىپ ، تاۋۇز چۈشۈرۈپ ، ئۇنى تىلغاندا تاۋۇز ئىچىدىن نۇرغۇن ھەرە چىقىپ ، ئۇنى چېقىپ ئاللا ـ تۇۋىسىنى چىقىرىۋېتىدۇ .

20 ـ تىپ : دانىشمەن قۇش . «ۋاپادار قۇش» ناملىق چۆچەك مۇشۇ تىپقا ۋەكىللىك قىلالايدۇ . پادىشاھنىڭ بىر ئەقىللىق قۇشى بولۇپ ، ئۇ «دوستۇڭ كەلدى !» ۋە «دۈشمىنىڭ كەلدى !» دەپ سايراپ ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلگەن كىشىلەرنىڭ ياخشى ـ يامانلىقى-

نى ئايرىپ بېرىدىكەن . بىر كۈنى پادىشاھ ۋەزىرلىرى بىلەن شىكارغا چىقىپ ، چۆلدە سۇسىز قالىدۇ . ئاخىر تاغنىڭ ئۈستىدىن ئاستا تامچىپ چۈشۈۋاتقان سۇنى كۆرۈپ ، ئۇنى ئىچمەكچى بولغاندا ، بۇ قۇش قانىتى بىلەن پادىشاھنىڭ قولىدىكى قاچىنى ئۇرۇپ ، سۇنى تۆكۈۋېتىدۇ . بۇ ئىش ئۈچ قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن پادىشاھ غەزەپلىنىپ قۇشنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ . ئەمما ، شۇ چاغدا مەلۇم بولىدۇكى ، تاغنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈۋاتقىنى سۇ ئەمەس ، بەلكى ئۆلۈك ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىن ئېقىپ چىقىۋاتقان زەھەر ئىكەن . پادىشاھ ئۆزدىنى قۇتقۇزۇپ قالغان بۇ قۇشنى ئۆلتۈرگىنى ئۈچۈن كۆپ پۇشمان قىلىدۇ .

21 - تىپ : گىگانت قۇش . ئۈستىگە نەچچە ئادەمنى مىندۈرۈپ ئېلىپ ماڭالايدىغان سۇمۇرغ ناھايىتى كۆپ چۆچەكلەردە ئۇچرايدۇ . بىراق ، سۇمۇرغنىڭ قەھرىمانىنى مەنزىلگە يەتكۈزۈپ قويۇشى توغرىسىدىكى بۇنداق ۋەقەلىك مۇستەقىل بىر چۆچەك بولالمايدۇ . ئۇ پەقەت چۆچەكلەرنىڭ بىر ئېپىزوتىدىنىلا ئىبارەت ، خالاس . ئەمدى «توققۇز بەڭگى» ۋە «ئىككى ھۆرۈننىڭ ئۆلۈمى» ناملىق چۆچەكلەردە خۇددى سۇمۇرغقا ئوخشاش بىر چوڭ قۇشنىڭ باشقىچە ۋەقەلىكى بايان قىلىنىدۇ . ئالدىنقى چۆچەكتە توققۇز بەڭگىنىڭ ئىچىدىكى بىرى بىر چوڭ قۇشنى تۇتىمەن دەپ بېشىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ . قالغان سەككىز بەڭگى ئاسمانغا چىقىپ كەتمەكچى بولىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قۇشنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈۋېتىپ ، يىقىلىپ چۈشۈپ ھەممىسى ئۆلىدۇ . كېيىنكى چۆچەكتىمۇ ساۋۇت قاپاق بىلەن ھاسان دۆۋلەك ئىسىملىك ئىككى ھۆرۈن كىشى قۇشنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ ئاسمانغا چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ ، يۇقىرىقى بەڭگىلەرگە ئوخشاشلا ھالاك بولىدۇ .

22 - تىپ : ھىيلىگەر تۈلكە . تۈلكە توغرىسىدىكى چۆچەكلەردە ئۇنىڭ قۇۋلۇق - شۇملۇق بىلەن چۆچەك قەھرىمانىغا بەختلىك تۇرمۇش يارىتىپ بەرگەنلىكى ھېكايە قىلىنىدۇ . «ئەمەتەك پادىشاھ» ، «تۈلكە بىلەن پوستەكچى» ئەنە شۇنداق چۆچەكتۇر . بىر تۈلكە ئەمەتەك ئىسىملىك دېھقاننىڭ ئۈرۈكىنى ئوغرىلاپ ، تۇتۇلۇپ قالىدۇ . تۈلكە ئەمەتەككە ئۆزىنى قويۇپ بەرسە ، ئۇنى پادىشاھقا ئايلاندۇرۇۋې-

تىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بېرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئەمىتەك تۈلكىنى قويۇۋېتىدۇ . تۈلكە رىم پادىشاھىنىڭ يېنىغا بېرىپ ، ئۆزىنىڭ ئەمىتەك پادىشاھ دەيدىغان شۆھرەتلىك بىر پادىشاھقا ئەلچى بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ . رىم پادىشاھى ئۇنىڭغا ئىشىنىپ مەلىكىنى ئەمىتەك پادىشاھقا بەرمەكچى بولىدۇ . ئاندىن تۈلكە بىر ئەكەلگەن تويلۇق مالنى كەلكۈن ئېقىتىپ كەتتى ، دەپ ئالدامچىلىق قىلىپ ، توي چىقىمىنى رىم پادىشاھىغا قىلغۇزىدۇ . كېيىن ئۇ يەنە يالماۋۇزنىڭ شەھىرىگە بېرىپ ، ئۇنى ئالداپ ئۆلتۈرۈپ ، ئەمىتەكنى بۇ شەھەرگە پادىشاھ قىلىدۇ ۋە ئۇنى ھېسابسىز مال ـ مۈلۈككە ئىگە قىلىۋېتىدۇ .

ھەممىگە مەلۇمكى ، خەلقئارادا «ئۆتۈك كىيگەن مۈشۈك» ناملىق بىر چۆچەك بار . بۇ چۆچەكنى تومپسون ئۆز ئىندېكسىگە 545B نومۇر بىلەن كىرگۈزگەن . مەزكۇر چۆچەكتە بىر يىگىتنىڭ ئۆزىگە مىراس قالغان مۈشۈكنىڭ ياردىمىدە مەلىكە بىلەن توي قىلغانلىقى ۋە دىۋىلەر پادىشاھىنى ئۆلتۈرۈپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولغانلىقى بايان قىلىنىدۇ . بۇ چۆچەكتىكى مۈشۈك بەزى ۋارىيانتلاردا تۈلكىگە ئۆزگىرىدۇ . دېمەك ، بۇ چۆچەك دەل بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان «ھىيلىگەر تۈلكە» ناملىق ئۇيغۇر چۆچىكىنىڭ ئۆزىدۇر . تومپسون بۇ چۆچەكنى پۈتكۈل ياۋروپادىكى ھەممە دۆلەتلەردە ، ھىندىستان ، ھىندونېزىيە ، فىلىپپىن قاتارلىق جايلاردا ، شۇنداقلا مۇشۇ جايلاردىن ئافرىقا نېگىرلىرى ۋە ئامېرىكا ئىندىئانلىرى ئارىسىغا تارقالغان دەيدۇ (15 ـ ماتېرىيال 72 ـ بەت) .

23 ـ تىپ : خىسلەتلىك كەپتەر . كەپتەر توغرىسىدا بىز «قان بەدىلىگە كەلگەن ئالتۇن» ناملىق بىر چۆچەكنى مىسال كەلتۈرەلەيمىز . چۆچەكتە ئېيتىلىشىچە ، بىر ئوتۇنچى جاڭگالدا ئۇسساپ ئۆلەر ھالەتكە كەلگەن بىر كەپتەرنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ . كەپتەر ئۇنى تاغقا باشلاپ بېرىپ ، بىر كومزەك ئالتۇن بېرىدۇ . ئوتۇنچى بۇ ئالتۇننى ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن ، شۇ مەھەللىدىكى بىر مۇشتۇمزور «مېنىڭ ئالتۇنلىرىمنى ئوغرىلاپسەن» دەپ ئالتۇنلارنى تارتىۋالىدۇ . ئون يىلدىن كېيىن ئوتۇنچى جاڭگالدا ئوتۇن كېسىۋاتسا ، ھېلىقى كەپتەر پەيدا بولۇپ ، «ئارقاڭغا قارا» دەيدۇ . ئوتۇنچى قارىغۇدەك بولسا ئۇنىڭ كەينىدە ھېلىقى مۇشتۇمزورنىڭ ئۆلۈكى ياتقۇدەك .

ئۇنىڭ ئاغزىدا بىر زىخچە ئالتۇن ، يېنىدا كومزەكتە توشقۇچە ئالتۇن تۇرغۇدەك . كەپتەر «بۇ سېنىڭ ھەققىڭ ، ئالغىن» دەپ كۆزدىن غايىب بولىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، بوۋاي ئالتۇنلىرىنى قايتۇرۇۋېلىپ ، بەختلىك ياشايدۇ .

## (4) خاسىيەتلىك نەرسىلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەر

24 ـ تىپ : ياغاچ ئات . «ياغاچ ئات» چۆچىكىدە مۇنداق ۋەقە بايان قىلىنغان : بىر ياغاچچى ئاسماندا ئۇچالايدىغان ياغاچ ئات ، بىر تۆمۈرچى دېڭىزدا ئۈزەلەيدىغان تۆمۈر بېلىق ياسايدۇ . بۇ ئىككى ھۈنەرۋەن ئۆز ئىجادىيەتلىرىنى پادىشاھقا كۆرسەتكىلى ئېلىپ بارغاندا ، شاھزادە ياغاچ ئاتنىڭ كارامىتىنى ئاڭلاپ ، سىناپ باقماقچى بولىدۇ ـ دە ، ئۇنىڭغا ئولتۇرۇپ يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتىدۇ . ئۇ باشقا بىر مەملىكەتكە بېرىپ ، پەرىزاتلار تەرىپىدىن ئاسمانغا چىقىرىپ قويۇلغان مەلىكىنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ چىقىپ ، ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلىشىدۇ ۋە نۇرغۇن توسقۇنلۇقلارنى يېڭىپ ، ئاتنىڭ ياردىمىدە مەلىكىنى ئېلىپ قايتىپ كېلىدۇ . پادىشاھ خۇشال بولۇپ ، ياغاچچىغا كۆپلەپ مۇكاپات بېرىدۇ .

بۇ چۆچەك ياۋروپادا «شاھزادىنىڭ قانىتى» (AT575) نامى بىلەن مەشھۇر . ياغاچچىنىڭ ياسىغىنى بەزى چۆچەكلەردە «قانات» ، يەنە بەزى چۆچەكلەردە «ئات» دېيىلگەن . ئەپسۇسكى ، تومپسون ئەپەندى بۇ چۆچەكنى شىمالىي ياۋروپا ۋە شەرقىي ياۋروپانىڭ سىرتىدا ئاغزاكى ھالدا تارقالمىغان دەيدۇ (15 ـ ماتېرىيال 97 ـ بەت) .

25 ـ تىپ : ئۇر توقماق . ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان چۆچەكلەرنىڭ بىرى «ئۇر توقماق» چۆچىكىدۇر . ئۇنىڭ يەنە «تاز ۋە سارايۋەن» ناملىق ۋارىيانتىمۇ بار . بۇ چۆچەكتە بايان قىلىنىشىچە ، بىر بوۋاي ئۆزىنىڭ جىگدىسىنى يەۋالغان قاغىنى تۇتۇۋالىدۇ . كېيىن قاغىنىڭ ئۆتۈنۈشى بىلەن ئۇنى قويۇۋېتىدۇ . قاغا مىننەتدارلىق يۈزىسىدىن بوۋاينى ئۆزىنىڭ ماكانىغا باشلاپ بېرىپ ، ئۆزلۈكىدىن تاماق چىقىرالايدىغان بىر داستىخان بېرىدۇ . بوۋاي يولدا كەلگۈچە كەچ بولۇپ كېتىپ ، بىر ئۆتەڭدە قونۇپ قالىدۇ . ئۆتەڭنىڭ خوجايىنى كېچىدە ئۇنىڭ داستىخىنىغا ئۆزىنىڭ داستىخىنىنى ئالماشتۇرۇۋالى-

دۇ . بوۋاي بۇ ئىشنى ئۇقماي ، ئۆيىگە قايتىپ كېلىدۇ ، ئەمما داستىد-
خان تاماق چىقارمىغاندىن كېيىن ، يەنە قاغىنىڭ ئالدىغا بارىدۇ . بۇ
قېتىم قاغا ئۇنىڭغا ئالتۇن تېزەكلەيدىغان ئېشەك بېرىدۇ . بىراق
بۇنىمۇ ئۆتەڭ خوجايىنى ئالماشتۇرۇۋالىدۇ . ئۈچىنچى قېتىم قاغا
بوۋايغا بىر توقماقنى بېرىدۇ . بۇ توقماق ئۆتەڭ خوجايىنىنى
ئۇرۇپ - دۇمبالاپ ، داستىخان ۋە ئېشەكنى قايتۇرۇپ بېرىشكە مەج-
بۇر قىلىدۇ . بوۋاي بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ
بەختلىك ياشايدۇ .

بۇ چۆچەك خەلقئارادا «ئۇستەل ، ئېشەك ۋە توقماق» نامى بىلەن
ئىنتايىن كەڭ تارقالغان (AT563 ) . ئۇ بۇرۇن ياۋروپا ۋە ئاسىيادا
تۇزۇلگەن ھەربىر چۆچەك توپلىمىغا دېگۈدەك كىرگۈزۈلگەن . ئۇ يەنە
پۈتكۈل ئافرىقا ، شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەلىرىگىمۇ كەڭ
تارقالغان . ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى يازما نۇسخىسى 6 - ئەسىردە خەنزۇ
تىلىدا خاتىرىلەنگەن بۇددا دىنىي ھېكايىلىرى ئىچىدىكى نۇسخىسى
بولسا كېرەك . ئارنې بۇ چۆچەك ھەققىدە ئىنتايىن تەپسىلىي تەتقىقات
ئېلىپ بارغان (15 - ماتېرىيال 90 - بەت ) .

«خىسلەتلىك توقماق» ناملىق يەنە بىر ئۇيغۇر چۆچىكىدىمۇ بۇ
توقماق بۆرىلەرنى ئۆلتۈرۈپ قويلارنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقى ، كەلكۈن-
نى توسۇپ يۇرت خەلقىنى ئاپەتتىن ساقلاپ قالغانلىقى ھەققىدە ھېكايە
قىلىنىدۇ .

26 - تىپ : قاينا چۆگۈن . خاسىيەتلىك چۆگۈن ھەققىدە ئىككى
چۆچەك بولۇپ ، ئۇلار «مىس چۆگۈن» ۋە «قاينا چۆگۈن» دەپ
ئاتىلىدىغان چۆچەكلەردۇر . ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى مۇنداق : قۇر-
بان ئىسىملىك بىر كەمبەغەل يىگىت مايسىخان ئىسىملىك بىر قىز
بىلەن مۇھەببەتلىشىدۇ . بىراق ، پۇلى بولمىغاچقا توي قىلالمايدۇ .
كېيىن خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بىر چۆگۈن بېرىدۇ . بۇ چۆگۈن
نېمىنى تەلەپ قىلسا شۇنى چىقىرىپ بېرىدىكەن . قۇربان چۆگۈننىڭ
ياردىمى بىلەن مال - دۇنياغا ئېرىشىپ ، مايسىخان بىلەن توي قىلى-
دۇ . بۇنى ئاڭلىغان ماموت دېگەن باي زورلۇق بىلەن ئۇنىڭ چۆگۈند-
نى تارتىۋالىدۇ . بىراق ، بۇ چۆگۈن ماموتقا ئالتۇن - كۈمۈش ئە-
مەس ، بەلكى توپا چىقىرىپ ، باينىڭ بارلىق تۇغقانلىرىنى توپىغا

كۆمۈپ تاشلاپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ .

27 ـ تىپ : خاسىيەتلىك خەنجەر . بۇ تىپنىڭ ئاساسلىق ۋەقەلىكى «پولات بىسلىق خەنجەر» ناملىق چۆچەكتە بايان قىلىنىدۇ . ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە ، بىر كەمبەغەل دېھقان ئۆزىنىڭ بىر باش قونىقىنى ئېلىپ قاچقان قاغىنى قوغلاپ ، يىرتقۇچ ھايۋانلار تۇرۇشلۇق تاغ ئۆڭكۈرىگە بېرىپ قالىدۇ . دېھقان بۇ ئۆڭكۈردىن ھەر خىل ئوزۇقلۇق پەيدا قىلالايدىغان خەنجەرنى قولغا چۈشۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن موھتاجلىق ، كەمبەغەلچىلىكتىن قۇتۇلىدۇ . بۇنى ئاڭلىغان شۇ مەھەللىدىكى مۇشتۇمزور باي خاسىيەتلىك نەرسە ئىزدەپ ئۆڭكۈرگە بارىدۇ . بىراق ، يىرتقۇچ ھايۋانلار ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ .

28 ـ تىپ : سىرلىق شاپتۇل . بۇ تىپقا تەۋە ئىككى چۆچەك بولۇپ ، ئۇلار «سىرلىق شاپتۇل» ، «نادامەت» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت . «سىرلىق شاپتۇل» چۆچىكىدە بىر تۇل خوتۇننىڭ ئىلياس ئىسىملىك ئوغلى مەلىكىنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ . ئۇنىڭ ئانىسى مەلىكىنى تەلەپ قىلىپ بارسا ، پادىشاھ ئۇنى ياراتماي ، ھاقارەت قىلىپ ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ . كېيىن ئىلياس ئادەمنى قېرىتىۋېتەلەيدىغان ، ياشارتىۋېتەلەيدىغان ۋە بوران چىقىرىۋېتەلەيدىغان ئۈچ خىل شاپتۇلغا ئېرىشىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوردىغا كېلىپ ھەممە ئادەمنى قېرىتىۋېتىدۇ ۋە كۈچلۈك بوران چىقىرىپ ، كىشىلەرنى قورقۇتۇۋېتىدۇ ، پادىشاھ ئامالسىز مەلىكىنى بېرىدۇ .

«نادامەت» ناملىق چۆچەكتە بولسا ، مەككىدىن ئېلىپ كەلگەن ، ئادەملەرنى 20 ياشلىق ھالىتىگە قايتۇرۇۋېتىدىغان مېۋە توغرىسىدا ھېكايە قىلىنىدۇ .

29 ـ تىپ : خاسىيەتلىك تاش . بىز يۇقىرىدا «7H ـ تىپ : قىيىن شەرت» نى بايان قىلغاندا «خاسىيەتلىك تاش» ناملىق بىر چۆچەكنى تونۇشتۇرغان ئىدۇق . بۇ چۆچەكتە مەلىكىنىڭ كېسىلىنى ساقايتىش ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشنىڭ شەرتى قىلىنغانلىقى ئۈچۈن بىز ئۇنى «قىيىن شەرت» تىپىغا كىرگۈزدۇق . ئەمەلىيەتتە ، بۇ چۆچەكنى يەنە ئىنچىكە كۆزەتسەك ، ئۇنىڭدا باشتىن ـ ئاخىر خاسىيەتلىك تاش مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز . باش قەھرىمان خاسىيەتلىك تاشقا ئىگە بولغاچقىلا بىرمۇنچە ھايۋانلار ۋە كېسەل

ئادەمنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ . خاسىيەتلىك تاشنى ئوغرى ئالغاندا ئۇ پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ . چاشقان ئۇنى قايتۇرۇپ كەلگەندىن كېيىنلا يەنە شۇ خاسىيەتلىك تاشنىڭ ياردىمى بىلەن مەلىكىنى ساقايتىپ ، ئۇنى نىكاھىغا ئالىدۇ . دېمەك ، بۇ چۆچەكتە تاش باش قەھرىماننىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىلغا ئايلىنىپ قالىدۇ .

«ئاق تاش ، كۆك تاش» ناملىق يەنە بىر چۆچەكتە مۇنداق ۋەقە بايان قىلىنىدۇ : باينىڭ ئۆيىدە مەدىكار ئىشلەيدىغان بىر بالا ئاق ۋە كۆك رەڭدىكى ئىككى تال تاشنى تېپىۋالىدۇ . ئۇ ئەنە شۇ تاشلارنىڭ خاسىيىتى بىلەن سۇ پادىشاھلىقىنىڭ قىزى بىلەن توي قىلىدۇ . باي بۇنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ تېشىنى تارتىۋالىدۇ . ئەمما ، بۇ تاش باينىڭ ئۆيىگە تاش ياغدۇرۇپ ، يىلان - چايان پەيدا قىلىپ ، ئۇلارنىڭ ئاللاتۇۋىسىنى چىقىرىۋېتىدۇ . شۇنىڭ بىلەن يىگىت تېشىنى قايتۇرۇۋېلىپ ، ئۇنى يۇرت خەلقىگە پايدىلىق ئىشلارغا ئىشلىتىدۇ .

## (5) ياخشى ۋە يامان تۇغقانلار ھەققىدىكى چۆچەكلەر

**30 - تىپ : دادىسى تەرىپىدىن قوغلانغان مەلىكە .** بىر قىسىم چۆچەكلەردە باشقىلار تەرىپىدىن تۆھمەتكە ئۇچراپ ياكى ھەققانىي سۆز قىلىپ پادىشاھنىڭ غەزىپىنى قوزغىغانلىقى ئۈچۈن شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىلغان مەلىكىنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرى ھېكايە قىلىنىدۇ . بۇلارنىڭ بىرى «قورايچىنىڭ قىزى» چۆچىكىدۇر . ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە ، مەلىكە تەرىپىدىن شەھۋانىي تەلىپى رەت قىلىنغان ئوردا مۇنەججىمى مەلىكىنى بۇزۇقچىلىق قىلدى ، دەپ پادىشاھقا چاقىدۇ . غەزەپلەنگەن پادىشاھ قىزىنى چۆل - جەزىرىگە قوغلىۋېتىدۇ . مەلىكە ئۇزۇن يول يۈرۈپ ، قورقۇنچلۇق تاغ ئۆڭكۈرىگە بېرىپ قالىدۇ ۋە ئۇ يەردىن بىر سىرلىق كىتابنى قولغا چۈشۈرىدۇ . بۇ كىتابتا ھەر خىل ھۈنەرلەر خاتىرىلەنگەن ئىكەن . مەلىكە بۇ كىتابنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئاجايىپ غەيرىي ئىقتىدارلىق بولۇپ يېتىشىدۇ . بۇ چاغدا قىزنىڭ دادىسى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ ، ئاكىسى تۈرمىگە سولىنىدۇ . مەلىكە يۇرتىغا بېرىپ ئاكىسىنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ ۋە باشقا شەھەرگە بېرىپ ئۆز ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ پادىشاھ بولىدۇ .

پادىشاھ تەرىپىدىن قوغلانغان مەلىكە ھەققىدىكى يەنە بىر چۆچەك

«قارا نىيەت پىرنىڭ ئاقىۋىتى» ناملىق چۆچەك بولۇپ، ئۇنىڭدىكى پادىشاھ بىر ئىشانغا قول بېرىپ، ئۇنىڭغا چوقۇنىدۇ. بىراق، بۇ ئىشان كېچىسى قاراقچىلىق قىلىپ، كىشىلەرنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلايدىكەن. مەلىكە بۇ ئىشنى سېزىپ قېلىپ دادىسىغا ئېيتىدۇ. پادىشاھ «ئىشانغا تۆھمەت قىلدىڭ» دەپ مەلىكىنى شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. بۇ مەلىكە خىزىرغا ئۇچراپ، ئۇنىڭ مەسلىھەتى بىلەن يەر ئاستى شەھىرىگە چۈشىدۇ ۋە ئۇ يەردىن نۇرغۇن ئالتۇن ئېلىپ چى- قىپ، گۈزەل ئىمارەت قۇرۇپ چىقىدۇ. كېيىن ئىشانغا قىلتاق قۇرۇپ، ئۇنى ئۆيىگە ئوغرىلىققا كىرگۈزۈپ تۇتۇۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھەممە ئىش ئايدىڭلىشىپ پادىشاھ قىزىدىن ئەپۇ سوراپ ئىشاننى جازالايدۇ.

يۇقىرىقى ئىككى چۆچەكتە پادىشاھ تەرىپىدىن ناھەق قوغلىۋېتىل- گەن مەلىكىنىڭ زور مۆۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

تومپسون ئۆزىنىڭ ئىندېكسىگە كىرگۈزگەن «قولسىز قىزچاق» (AT706) ناملىق چۆچەكتە پادىشاھ تەرىپىدىن ئىككى قېتىم ناھەق چۆلگە قوغلىۋېتىلگەن مەلىكە توغرىسىدا ھېكايە قىلىنىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ ۋەقەلىكى يۇقىرىقى ئۇيغۇر چۆچىكى بىلەن كەسكىن پەرقلىنى- دىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىككىسىنى بىر تىپتىكى چۆچەك دېيەلمەيمىز.

31 - تىپ: تاشلىۋېتىلگەن ئاكا - سىڭىل. بۇ تىپقا ئاساس بولىدىغان ۋەقەلىك چوڭ خانىشلارنىڭ كىچىك خانىشقا سۇيىقەست قىلىش ۋەقەسىدۇر. بىز «مەستان كەمپىر» ۋە «ئۈچ ئېگىچە - سىڭىل»، «تادان بىلەن گول» چۆچەكلىرىنى بۇ تىپقا ۋەكىل قىلىپ ئالالايمىز. كىچىك خانىش قوشكېزەك تۇغقاندىن كېيىن، تۇغماس ئىككى چوڭ خانىش ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىپ بوۋاقلارنى چۆلگە (ياكى ساندۇققا سېلىپ دەرياغا) تاشلىۋېتىدۇ ھەمدە پادىشاھنى كىچىك خا- نىش كوچۇك تۇغدى، دەپ ئالدايدۇ. بۇ باللارنى بىر كېيىك (ياكى بىر بېلىقچى) بېقىپ چوڭ قىلىدۇ. كېيىن خانىشلار باللارنىڭ تېخىچە ھايات ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، بىر ھىيلىگەر موماينى باللارنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە ئەۋەتىدۇ. بۇ موماي ئاكا - سىڭىل تۇرۇ- ۋاتقان يەرگە بېرىپ، سىڭىلىسىنى ئالداپ، ئۇ ئارقىلىق ئاكىسىنى خەتەرلىك دېۋىلەر ماكانىغا ۋە ۋەھشىي پەرىزاتنىڭ يېنىغا ئەۋەتىدۇ.

بىراق ، يىگىت ئۇ يەرلەردىن غەلىبە بىلەن قايتىپ كېلىدۇ . كېيىن پادىشاھ شىكارغا چىقىپ بالىلىرى بىلەن تونۇشىدۇ ۋە ھەممە ئەھۋال ئاشكارا بولغاندىن كېيىن چوڭ خانىشلار بىلەن ھىيلىگەر موماينى جازالايدۇ .

بۇ چۆچەك خەلقئارادا ئەڭ مەشھۇر چۆچەكلەرنىڭ بىرى . تومپ-سوننىڭ ئىندېكسىگە «ئۈچ ئالتۇن بالا» (AT707 ) نامىدا كىرگۈ-زۈلگەن . تومپسون ئۆزى كۆرگەن ماتېرىياللار بويىچە ئۇنىڭ 414 پارچە ۋارىيانتىنى رەتلەپ چىققان . تومپسون بۇ چۆچەك پۈتكۈل ياۋروپادا ، غەربىي ئاسىيادا ، ھىندىستاندا ، ئافرىقىنىڭ ھەممە جايلى-رىدا ، ئامېرىكا ئىندىئانلىرى ئارىسىدا ئەڭ كۆپ تارقالغان دەپ كۆر-سىتىدۇ . ئۇ مۇنداق دەيدۇ : «جۇغراپىيىلىك تارقىلىشتىن قارىغاندا ، ئۇ ياۋروپادا مەيدانغا كەلگەن چۆچەك» (15 ـ ماتېرىيال 145 ـ بەت ) .

«ئامەتلىك شاھزادە» ناملىق يەنە بىر چۆچەكنىڭ ئاساسىي ۋەقە-لىكى يۇقىرىقى بىلەن ئوخشايدۇ . ئوخشىمايدىغان يېرى ، بۇ چۆچەكتە چۆلگە تاشلىۋېتىلگەن ئاكا ـ سىڭىللارنى شىكارغا چىققان باشقا بىر پادىشاھ تېپىۋېلىپ ، بېقىپ چوڭ قىلىدۇ . يىگىت (ئاكىسى ) بۇ پادىشاھنىڭ قىزى بىلەن مۇھەببەتلىشىدۇ . پادىشاھ تويلۇق شەرتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا داۋاملىق غەلىتە ھەرىكەت قىلىدىغان ئۈچ ئادەمنىڭ سىرىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ . يىگىت بۇ كىشىلەرنىڭ مەخپىيەت-لىكىنى بىلىپلا قالماي ، يەنە ئۆزىنىڭ ئەسلىدە بىر شاھزادە ئىكەنلى-كىنىمۇ بىلىپ كېلىدۇ . بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ يىگىت بىلەن مەلىكە-نىڭ توينى قىلغاندىن كېيىن ، بالىلارنى باشلاپ دادىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىش ئېنىقلىنىپ چوڭ خانىش جازالىنىدۇ .

**32 ـ تىپ : ئاق كۆڭۈل ئۇكا بىلەن رەھىمسىز ئاكىلار .** ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئىچىدە ئىككى ئاكىسىنىڭ ئىنىسىگە زىيانكەشلىك قىلىش ۋەقەسى ئىنتايىن كۆپ بايان قىلىنىدۇ . ئالدى بىلەن بىز «رەھىمدىل ئۇكا بىلەن رەھىمسىز ئاكىلار» ، «ھەمراجان ۋە قۇش» ، «گۈلقەقە» ، «بۇلبۇلگويا» قاتارلىق تۆت چۆچەكنىڭ ۋەقەلىكىنى كۆ-رۈپ باقايلى . بۇ چۆچەكلەرگە ئورتاق بولغان ۋەقەلىك مۇنداق : بىر پادىشاھ (ياكى باي ) چۈشىدە «بۇلبۇلگويا» دەيدىغان بىر گۈزەل

قۇشنى كۆرۈپ، ئۈچ ئوغلىنى ئەنە شۇ قۇشنى تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. بەزى ۋارىيانتلاردا بۇ ئادەمنىڭ ئۆيىدىكى «ئالتۇن تاي» دەپ ئاتىلىدىغان ئاتنى (ياكى ئادەمنى ياشارتىدىغان ئالمىنى) دىۋە ئېلىپ قاچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوغۇللار ئۇنى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىقىدۇ. ئۇلار سەپەر جەريانىدا «بارسا كەلمەس» ۋە «بارسا كېلەر» يوللىرىغا دۇچ كېلىپ، ئۈچى ئۈچ تەرەپكە ماڭىدۇ (14 ـ موتىف). كەنجى ئوغۇل بىر سىرلىق باغقا كىرىپ، كۆل بويىدا پەرىزاتنىڭ كېيىمىنى ئېلىۋېلىپ، ئۇنى بويسۇندۇرىدۇ (1 ـ موتىف)، بەزى ۋارىيانتلاردا يالماۋۇز ياكى دىۋە ئېلىپ قاچقان مەلىكىلەرنى قۇتقۇزىدۇ. مانا شۇ پەرىزات (ياكى مەلىكە) ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ، دىۋىنىڭ قولىدىن بۇلبۇلگويا (ياكى ئالتۇن تاي، سېھىرلىك ئالما) نى قولغا چۈشۈرىدۇ، ئاندىن قىز بىلەن (بەزىدە ئۈچ قىز بىلەن) قايتىپ مېڭىپ، ئاشخانا ياكى ناۋايخانىدا مەدىكار ئىشلەپ جېنىنى ئاران بېقىۋاتقان ئىككى ئاكىسىنى تاپىدۇ. مانا شۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەقەلىك ھەرقايسى ۋارىيانتلاردا بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بىرىنچى چۆچەكتە، ئاكىلىرى نىيىتىنى بۇزۇپ، ئىنىسىنىڭ ئىككى پۇتىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئۇنى مەلىكە بىلەن چۆلگە تاشلىۋېتىپ، بۇلبۇلگويانى ئېلىپ كېتىپ قالىدۇ (15 ـ موتىف). ئۇنىڭدىن كېيىن «مېيىپلار-نىڭ ھەمكارلىقى» يۈز بېرىدۇ (18 ـ موتىف). ئۇنىڭغا ئۇلاپلا «ئۈچ باتۇرنىڭ يىرتقۇچ مەخلۇقنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىشى» (16 ـ موتىف) ۋەقەسى يۈز بېرىپ، كەنجى ئوغۇل يالماۋۇزنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. يالماۋۇز ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ، جېنىنى ساقلاپ قېلىش بەدىلىگە ئۇنىڭ پۇتىنى ساقايتىپ قويىدۇ. ئىككىنچى چۆچەكتە، بۇلبۇلگويا دېگەن قۇش كەنجى ئوغۇلنىڭ ئاكىلىرىنىڭ يېنىدىن قېچىپ كېلىپ، ئۆزى-نىڭ سېھىرلىك كۈچى بىلەن ئۇنىڭ پۇتىنى ساقايتىدۇ. ئۈچىنچى چۆچەكتە، ئاكىلىرى كەنجى ئوغۇلنىڭ كۆزىنى ئويۇۋېتىپ، بىر قۇدۇققا تاشلىۋېتىدۇ. كېيىن مەلىكە ئوغۇللارنىڭ دادىسىنى بۇ يەرگە باشلاپ كېلىدۇ. كەنجى ئوغۇل مەلىكىنىڭ ئۇزۇن چېچىغا ئېسىلىپ قۇدۇقتىن چىقىدۇ. ھېلىقى قۇش ئۇنىڭ كۆزىنى ساقايتىدۇ. تۆتىن-چى چۆچەكتە بولسا، قۇدۇققا تاشلانغان كەنجى ئوغۇلنى بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كارۋانلار تۇيۇپ قۇتقۇزۇۋالىدۇ. مەيلى قانداق ئۇ-

سولدا قوتۇلمىسۇن، ئىش قىلىپ كەنجى ئوغۇل قوتۇلۇپ ئۆيىگە قايتىدۇ. ھەممە ئىشنى بىلگەن دادا چوڭ ئوغۇللىرىنى جازالايدۇ.

«كەنجى باتۇر» ناملىق چۆچەكنىڭ ۋەقەلىكى يۇقىرىقى چۆچەك بىلەن ئوخشايدۇ. پەقەت ئاخىرىدا بىرئاز پەرق بار: ئۇنىڭدىكى چۆلگە تاشلانغان كەنجى ئوغۇل بىلەن مەلىكە يالماۋۇزنىڭ تۇتقۇنىغا ئايلىنىدۇ. ئاكىلىرى ئېلىپ كەتكەن ئالتۇن تاي يىراقتا تۇرۇپ كەنجى باتۇرنىڭ خەۋپتە قالغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭ قىلىچىنى ئېلىپ قېچىپ كېلىدۇ. كەنجى باتۇر يالماۋۇزنى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈپ، ئۆيىگە قايتىپ كېلىدۇ. «خاسىيەتلىك ئالما» چۆچىكىنىڭمۇ ئاساسىي ۋەقەلىكى يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش. ئوخشىمايدىغان يېرى، ئۈچ ئوغۇل دىۋە ئېلىپ قاچقان ئالمىنى ئىزدەپ بىللە بارىدۇ. دىۋە يەر ئاستىدا بولغاچقا، كەنجى ئوغۇل قودۇق ئارقىلىق يەر ئاستىغا چۈشۈپ، دىۋىلەرنى ئۆلتۈرىدۇ، شۇنداقلا ئۈچ مەلىكە ۋە ئالما دەرىخىنى ئارغامچا ئارقىلىق ئاكىلىرىغا تارتقۇزۇپ، يەر ئۈستىگە چىقىرىدۇ. ئاخىرىدا نۆۋەت ئۆزىگە كەلگەندە ئاكىلىرى ئارغامچىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئۇنى قودۇق ئاستىدا قالدۇرۇپ، غەنىيمەتلەرنى ئېلىپ كېتىپ قالىدۇ. كەنجى ئوغۇل يەر ئاستىدا سۇمۇرغنىڭ بالىلىرىنى قۇتقۇزۇپ (2 ـ موتىف)، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن يەر ئۈستىگە چىقىپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىدۇ. «ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا» چۆچىكىنىڭ باش قىسمىدا كەنجى ئوغۇل «خاتا تونۇلغان يىگىتنىڭ مەلىكىگە ئېرىشىشى» (25ـ موتىف) ۋەقەسىگە يولۇقۇپ، سېھىرلىك قابىلىيەتكە ئىگە مەلىكە بىلەن توي قىلىدۇ. شۇ چاغدا پادىشاھنىڭ بۇ مەلىكىگە كۆزى چۈشۈپ، «پادىشاھنىڭ ساھىبجامال ئايالنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنۇشى» (23 ـ موتىف) ۋەقەسى يۈز بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مەلىكىنىڭ ياردىمى بىلەن دىۋىلەر ماكانىغا بېرىپ، بۇلبۇلگويانى قولغا چۈشۈرۈپ قايتىپ كېلىپ ئاكىلىرىنى تاپىدۇ، ئاكىلىرى ئۇنىڭغا سۇيىقەست قىلىدۇ. چۆچەكنىڭ ئاخىرىدىكى ۋەقەلىك يۇقىرىقى چۆچەك بىلەن ئوخشاش.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، چۆچەكلەر ئۇزاق مۇددەت تارقىلىش جەريانىدا بىرىنىڭ ۋەقەلىكى يەنە بىرىگە ئۆتۈش، ئۆزئارا كىرىشىش ئەھۋاللىرى داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرغان. شۇ سەۋەبتىن

چۆچەكلەردىكى رەھىمسىز ئاكىلارنىڭ ئىنىسىگە زىيانكەشلىك قىلىش ۋەقەسى «غەيرىي ئىقتىدارلىق كىشىلەرنىڭ چۆچەك قەھرىمانىغا ھەمراھ بولۇشى» (9 ـ موتىف) ۋەقەسىگە ئارىلىشىپ كېتىپ، بىر قىسىم چۆچەكلەردە قەھرىمانغا زىيانكەشلىك قىلغۇچىلار ئۇنىڭ دوستلىرىغا ئايلىنىپ قالغان.

«ئەنجۇمەن باتۇر» ناملىق چۆچەك ئەنە شۇنداق چۆچەكتۇر. ئۇنىڭدىكى ئەنجۇمەن باتۇر يەر ئاستىغا چۈشۈپ، دىۋىنى ئۆلتۈرۈپ، قىزنى قۇتۇلدۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دوستلىرى قىزنى تارتىۋېلىپ، ئەنجۇمەن باتۇرنى قۇدۇق ئاستىدا قالدۇرۇپ قويىدۇ، ئەمما ئاخىر ئەنجۇمەن سۇمۇرغنىڭ ياردىمىدە يەر ئۈستىگە چىقىپ، دوستلىرىدىن ئىنتىقام ئالىدۇ.

ئاكىلارنىڭ ئىنىسىگە سۇيىقەست قىلىشى توغرىسىدىكى ۋەقەلىكنى بايان قىلىدىغان بۇ تىپتىكى چۆچەكلەر خالقئارادا تارقالغان «ئوغرىلانغان ئۈچ مەلىكە» (AT301) چۆچىكىنىڭ ئۇيغۇرچە ۋارىيانتىدۇر. ئەمما، يۇقىرىقى بايانلاردىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى ئىنتايىن باي ۋەقەلىككە ۋە خىلمۇخىل ئۆزگىرىشلەرگە ئىگە بولغان. تومپسون بۇ چۆچەك پۈتكۈل ياۋروپاغا، ئوتتۇرا شەرق ۋە شىمالىي ئافرىقىغا كەڭ تارقالغان، ھىندىستاندىمۇ ئۇنىڭ كىچىك ۋەقەلىكى بار، فرانسۇز ۋە ئىسپانلار ئۇنى يەنە ئامېرىكا قىتئەسىگىمۇ ئېلىپ بارغان، دەپ كۆرسىتىدۇ (15 ـ ماتېرىيال 41 ـ بەت).

ياۋروپادا تارقالغان يەنە بىر چۆچەك «قۇش، ئات ۋە مەلىكە» (AT550) ناملىق چۆچەكنىڭ ۋەقەلىكىمۇ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش. ئۇنىڭدا ئوغرىلانغان ئالتۇن ئالمىنى ئىزدەپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىققان كەنجى ئوغۇل بارسا كەلمەس يولغا مېڭىپ، ئالما دەرىخى، خاسىيەتلىك ئات ۋە قۇشنى ھەمدە چىرايلىق مەلىكىنى قولغا چۈشۈرۈپ قايتىپ كېلىدۇ. يولدا ئاكىلىرى ئۇنىڭ نەرسىلىرىنى بۇلىۋېلىپ، ئۆزىنى قۇدۇققا تاشلىۋېتىدۇ. كېيىن بىر بۆرە (ياكى بىر تۈلكە) ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىپ، ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدۇ. تومپسون بۇ چۆچەك «مىڭ بىر كېچە» ناملىق چۆچەكلەر توپلىمىدىن ياۋروپاغا تارقالغان بولسا كېرەك دەيدۇ (15 ـ ماتېرىيال 131 ـ بەت). تومپسوننىڭ ئىندېكسىدىكى 551 ـ تىپ «دادىسى ئۈچۈن سېھىرلىك

دورا ئىزدىگەن ئوغۇللار» ناملىق چۆچەكنىڭ ۋەقەلىكىمۇ مەزكۇر تىپتىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ.

33 ـ تىپ: **مۇكاپاتلانغان ئۇكا بىلەن جازالانغان ئاكا**. نۇرغۇن چۆچەكلەردە ئاكا بىلەن ئىنىنىڭ بىر ـ بىرىگە توپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل خاراكتېرى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلىدۇ. ئاكىسى ھورۇن، نىيىتى يامان ۋە ئاچ كۆز، ئىنىسى ئەمگەكچان، ساددا ۋە قانائەتچان. بۇلار چۆچەكلەردە ئوخشاش ئىشقا ئوخشاشمىغان پوزىتسىيە تۇتقاچقا، تامامەن ئوخشاشمىغان نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. «چىلان قوزۇق»، «ئالتۇن ئالما»، «ئاكا ـ ئۇكا» چۆچەكلىرىنى مۇشۇ تىپقا ۋەكىل قىلىپ ئالالايمىز. «چىلان قوزۇق» تا بالىلارنىڭ دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن، ئاكىسى ئىنىسىنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. ئىنىسى سېھىرلىك ئىت، سېۋەت ۋە دادۇرنىڭ خاسىيەتلىرى بىلەن نۇرغۇن بايلىققا ئېرىشىپ، راھەت تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئاكىسى بولسا ئىنىسىنىڭ مۆۋەپپەقىيەتلىرىگە كۆز قىزارتىپ، ئۇمۇ ئاشۇنداق بايلىققا ئېرىشىشكە ئۇرۇنىدۇ. بىراق، ئۇ مەغلۇپ بولۇپ، ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قالىدۇ. «ئالتۇن ئالما» چۆچىكىدىكى ئىنىسى قوغۇنلۇققا قوغۇن يېگىلى كەلگەن بوۋايغا ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ، شۇڭا بۇ بوۋاي ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئالتۇن سوۋغا قىلىدۇ. بىراق، ئاكىسى بۇ بوۋايغا يامان مۇئامىلە قىلىدۇ، بۇ بوۋاي بەرگەن نەرسىگىمۇ قانائەت قىلماي، ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئۇنى بۇلىماقچى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆلۈپ قالىدۇ. «ئاكا ـ ئۇكا» چۆچىكىدىكى ئاكا ئانىسى بىلەن كارى بولمايدۇ، ئەكسىچە ئىنىسى ئانىسىنى ياخشى كۆتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، خىزىر ئۇنىڭغا ئالتۇن بېرىدۇ. ئەمما، ئاكىسى يامان نىيەتتە بولغانلىقى ئۈچۈن كۆيۈپ كېتىپ ئۆلۈپ قالىدۇ.

34 ـ تىپ: **زالىم ئۆگەي ئانا**. بۇ تىپتىكى چۆچەكلەرنى ئۈچ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

34A ـ تىپ: «ئالتۇن كەش» چۆچىكىنى مۇشۇ تىپقا ۋەكىل قىلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدا مۇنداق ۋەقە بايان قىلىنغان: ھەجەر قىز ئىسىملىك بىر قىز ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئۆگەي ئانىنىڭ قولىغا چۈشىدۇ. ئۆگەي ئانا ئۆزىنىڭ پاتىمە ئىسىملىك قىزىنى ئەتىۋارلاپ، ھەجەر قىزنى خارلايدۇ. ئەمما، بىر سېھىرگەر موماي ئۇنىڭغا ھېس-

داشلىق قىلىپ ، ھەممە قىيىن ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ . بىر كۈنى سېھىرگەر موماي ھەجەر قىزنى ياخشى كىيىندۈرۈپ ، تويغا ئەۋەتىدۇ . تويدىن قايتىپ كېلىشتە ئۇ بىر پاي ئالتۇن كەشنى چۈشۈرۈپ قويىدۇ . شىكارغا چىققان شاھزادە بۇ كەشنى ئۇچرىتىپ ، ئۇنىڭ ئىگىسىنى سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق ھەجەر قىزنى تېپىۋېلىپ ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ . ئەمما ، ۋەھشىي ئۆگەي ئانا ھەجەر قىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆز قىزى پاتمەنى شاھزادىنىڭ يېنىغا ئەۋەتىدۇ . شۇنىڭ بىلەن «يالغان خوتۇننىڭ راست خوتۇنغا زىيانكەشلىك قىلىشى» (26 ـ موتىف ) ۋەقەسى يۈز بېرىدۇ . ئاخىرىدا ھەجەر قىز تىرىلىپ ، ھەممە سىر ئاشكارا بولىدۇ ، ئۆگەي ئانا بىلەن پاتمە جازالىنىدۇ .

خەلقئارادا ئۆگەي ئانىنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىغان قىزلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلىدىغان چۆچەكلەر ئىنتايىن كۆپ . تومپسوننىڭ ئىندېكسىگە كىرگۈزۈلگەن «رەڭسىز كېلىن» (AT403 ) ، «كۆل قىز» (AT510 ) قاتارلىق چۆچەكلەر ئەنە شۇنداق چۆچەكلەردۇر . گەرچە بۇ چۆچەكلەر بىلەن «ئالتۇن كەش» چۆچىكىنىڭ ۋەقەلىكىدە پەرقلەر بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى ئوخشايدۇ . يەنى بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ۋەقەلىكى ئۆگەي ئانىنىڭ زۇلمى ← سېھىرگەرنىڭ يېتىم قىزغا ياردەم بېرىشى ← شاھزادە بىلەن توي قىلىش ← ئانىنىڭ يېتىم قىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئۆز قىزىنى شاھزادىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىشى ← قۇشقا ئۆزگەرگەن يېتىم قىز بىلەن ئۆز قىز ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ← يېتىم قىزنىڭ تىرىلىپ ئەسلىگە كېلىشى شەكلىدە يۈز بېرىدۇ .

بۇ چۆچەكنىڭ 9 ـ ئەسىردىلا خەنزۇ تىلىدىكى نۇسخىسى خاتىرىلەنگە ئېلىنغان ، 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا فرانسۇز ۋە ئىتاليان تىللىرىدا خاتىرىلەنگەن . 1893 ـ يىلدىن باشلاپ ، دۇنيا فولكلورشۇناسلىرى تەرىپىدىن كەڭ كۆلەمدە تەتقىق قىلىنىشقا باشلىغان (15 ـ ماتېرىيال 151 ـ ، 152 ـ بەتلەر ) .

34B ـ تىپ : «ھېكمەتلىك ساندۇق» چۆچىكىنى مۇشۇ تىپقا تەۋە قىلىشقا بولىدۇ . ئۇنىڭدا بايان قىلىنىشىچە ، بىچارە دادا خوتۇنىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قىزىنى جاڭگالغا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىدۇ . بۇ قىز جاڭ-

گالدا بىر مومايىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ پاناھلىنىدۇ . كېيىن ئۆيىگە كەتمەكچى بولغاندا ، موماي ئۇنىڭغا لىق كىيىم ـ كېچەك قاچىلانغان ساندۇقنى بېرىدۇ . ئۆگەي ئانا بۇنى كۆرۈپ دەرھال ئۆز قىزىنى مومايىنىڭ يېنىغا ئەۋەتىدۇ ، بۇ قىزمۇ بىر ساندۇققا ئېرىشىدۇ . بىراق ، ئۆگەي ئانا ساندۇقنى ئاچقاندا ئۇنىڭ ئىچىدىن ئەجدىھا چىقىپ ، ئانا ـ بالا ئىككىسىنى يەپ كېتىدۇ .

چۆچەكلەردە ئۆگەي ئانىنىڭ ئوغۇل بالىلارغا قىلغان زۇلمىمۇ ئىپادە قىلىنغان . مەسىلەن ، بىز يۇقىرىدا 15 ـ تىپنى بايان قىلغاندا «شاھزادە» ۋە «باي بىلەن بالا» چۆچەكلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن ئىدۇق . ئۇلاردا زالىم ئانا بالىلارنى ئۆلتۈرۈش قەستىدە بولىدۇ ، ئەمما بالىلار سېھىرلىك ئاتنىڭ ياردىمىدە ئائىلىسىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىدۇ .

34C ـ تىپ : «يىرىل تېشىم ، يېرىل» چۆچىكى مۇشۇ تىپقا ۋەكىللىك قىلىدىغان چۆچەك بولۇپ ، ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەقەلىكى مۇنداق : ئۆگەي ئانا ئۆگەي قىزى ئاينۇرنى ئۆز ئوغلىغا ئېلىپ بەرمەكچى بولىدۇ . ئاينۇر بۇ ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ ، سېھىرلىك تاشنىڭ ياردىمىدە ئۆگەي ئانىدىن قۇتۇلىدۇ . ئۇ سىڭلىسى ئايگۈلنى ئېلىپ ئورمانلىقتا تېنەپ يۈرگەندە ، سىڭلىسى سىرلىق سۇنى ئىچىپ قويۇپ كېيىككە ئايلىنىپ قالىدۇ . بىر كۈنى شىكارغا چىققان پادىشاھ ئاينۇرنى كۆرۈپ ، ئۇنى ئوردىغا ئېلىپ كېلىپ ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ . ئاينۇر ئېغىرئاياغ بولغاندا ، ھەسەتخور چوڭ خانىش ئۇنى كۆلگە چۆكتۈرۈۋېتىدۇ ۋە پادىشاھقا ئاينۇر ماڭا زەھەر ئىچكۈزۈۋېتىپ قېچىپ كەتتى ، دەپ يالغان ئېيتىدۇ ، ئاندىن كېيىكنىڭ (ئايگۈلنىڭ ) گۆشىنى يېمەكچى بولىدۇ . مۇشۇ چاغدا كۆلنىڭ ئىچىدىن ھەسرەتلىك يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ . كىشىلەر كۆلنى ئاختۇرۇپ ، ئاينۇرنى ئىككى بالىسى بىلەن سۇنىڭ ئىچىدىن تېپىۋالىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ھەممە سىر ئاشكارا بولىدۇ . پادىشاھ چوڭ خانىشنى جازالايدۇ . ئاينۇر سىڭلىسىنى كۆلنىڭ سۈيى بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ .

34D ـ تىپ : «قوڭغۇراق توشقان» مۇشۇ تىپقا ۋەكىللىك قىلىدۇ . ئۇنىڭ بېشى 34B ـ تىپ بىلەن ئوخشاش يەنى دادا بەش بالىنى جاڭگالغا تاشلىۋېتىدۇ . بۇلاردىن تۆتى سىرلىق سۇنى ئىچىپ قويۇپ

بۆرە ، يىلپىز ، تۈلكە ۋە توشقانغا ئايلىنىپ كېتىدۇ . ئاچىسى يالماۋۇز بىلەن ئېلىشىپ ئاخىر ئىنىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەقەلىك 34C — تىپقا ئوخشايدۇ ، يەنى ئاچىسى پادىشاھ بىلەن توي قىلىدۇ ، ئۇنىڭدىن كېيىن چوڭ خانىشىنىڭ سۇيىقەستىگە ئۇچرايدۇ . . . ۋەھاكازا .

35 — تىپ : ۋاپادار ئاكا بىلەن قارا نىيەت سىڭىل . بىر قىسىم چۆچەكلەردە سىڭلىسىنىڭ ئاكىسىغا زىيانكەشلىك قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ . «قارا نىيەتلىك قېرىنداش » ، «ۋاپاسىز سىڭىل » چۆچەكلىرىگە ئورتاق سۇژېت مۇنداق : بىر بەختسىزلىكتە ئۇچرىغان قىزنى ئاكىسى قوغداپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىدۇ . بىراق ، بۇ قىز ئاكىسىنىڭ دۈشمەنلىرى (قاراقچى ياكى دىۋە ) بىلەن يوشۇرۇن مۇھەببەتلىشىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ ئاكىسىنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ . ئۇ ئاۋۋال يالغان ئاغرىپ يېتىۋېلىپ ، ئاكىسىنى دىۋىلەرنىڭ ماكانىدىكى ئابىھايات سۈيىنى ۋە يولۋاسنىڭ سۈتىنى ئېلىپ كېلىشتىن ئىبارەت خەتەرلىك ئىشقا ئەۋەتىدۇ . ئاكىسى پەرىزاتنىڭ ياردىمى بىلەن بۇلارنى ئورۇندايدۇ . سىڭلىسى ئاكىسىنى بوغۇپ ئۆلتۈرىدۇ ۋە چاناپ قىيما قىلىپ ، تاغارغا سېلىپ ئاتقا ئارتىپ ھەيدىۋېتىدۇ . ئات ئۇنى پەرىزاتنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارىدۇ . پەرىزات يىگىتنى تىرىلدۈرىدۇ . يىگىت سىڭلىسى ۋە قاراقچىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ ، پەرىزات بىلەن توي قىلىدۇ .

بۇ چۆچەك ياۋروپادا تارقالغان «ساداقەتسىز سىڭىل » ( AT315) نامىلىق چۆچەك بىلەن بىر تىپقا تەۋە . ئۇلارنىڭ ۋەقەلىكىدە ھېچقانداق پەرق يوق .

36 — تىپ : ياۋۇز ئانا بىلەن ساددا ئوغۇل . 35 — تىپتا سىڭىلنىڭ ئاكىسىغا رەھىمسىزلەرچە زىيانكەشلىك قىلىشى بايان قىلىنغان بولسا ، 36 — تىپتا ئانىنىڭ ئۆز ئوغلىغا ئەنە شۇنداق ياۋۇزلۇق قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ . «شەمشەرشاھ » ، «ۋاپادار يولداخۇن » قاتارلىق چۆچەكلەر ئەنە شۇنداق چۆچەكلەردۇر . «شەمشەرشاھ » تا بايان قىلىنىشىچە ، بىر تۇل خوتۇن ئوغلىدىن يوشۇرۇن ھالدا دىۋە بىلەن ئەر — خوتۇن بولۇپ ياشايدۇ . ئۇ دىۋە بىلەن ئاشكارا ئەر — خوتۇن بولالماي ئوغلىنى ئۆلتۈرۈش قەستىدە بولىدۇ . ئانا ئوغلىنى

ئارقا ـ ئارقىدىن بۆرىنىڭ سۈتىنى ئېلىپ كېلىش ، دېۋىنىڭ چىشىنى ئېلىپ كېلىش ، يەر ئاستى پادىشاھىنىڭ قىزىنى ئېلىپ كېلىش قاتارلىق خەتەرلىك ئىشلارغا ئەۋەتىدۇ . يىگىت بۆلارنىڭ ھەممىسىنى ئورۇندايدۇ . كېيىن ئانىسى ئۇنىڭ قىلمىچىنى ئوتقا تاشلىۋېتىپ ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ . بىراق سېھىرلىك بۆرە ئۇنى قايتا تىرىلدۈرىدۇ . ئانا سېھىرلەنگەن گۆش بىلەن مانتا ئېتىپ ئوغلىغا يېگۈزمەكچى بولىدۇ . يىگىت بۇ مانتىنى ئانىسىنىڭ ئۆزىگە يېگۈزۈپ ، ئۇنى ئېشەككە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ ۋە جاڭگالغا ھەيدىۋېتىدۇ .

«ۋاپادار يولداخۇن» چۆچىكىنىڭ باش قىسمى يۇقىرىقىغا ئوخشايدۇ . ئانىسى دېۋىدىن بىر بالا تۇغىدۇ ، بۇ بالا ئاكىسىغا ئىنتايىن ئامراق بولۇپ چوڭ بولىدۇ . كېيىن ئانىسى ئوغلىنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ ، ئۈچ قېتىم سۇيىقەست قىلىدۇ ، ئەمما ھەر قېتىمدا ھېلىقى بالا ئاكىسىنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ . تۆتىنچى قېتىمدا ئانىسى سېھىرلىك گۆشتە مانتا ئېتىپ ئوغلىغا يېگۈزمەكچى بولغاندا ، كىچىك ئوغۇل ئۇنى ئانىسىنىڭ ئۆزىگە زورلاپ يېگۈزۈۋېتىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېشەككە ئايلىنىپ قالىدۇ .

مەزكۇر تىپ خەلقئارادا تارقالغان «شاھزادە ۋە قاشتاش كەمەر» (AT590) ناملىق چۆچەك بىلەن ئوخشاشتۇر . تومپسوننىڭ ئىندېكسىدە كۆرسىتىلگەن «شاھزادە ۋە قاشتاش كەمەر» چۆچىكىنىڭ قىسمەن تەپسىلاتلىرى ، مەسىلەن ، چۆچەكنىڭ ئاخىرىدا رەھىمسىز ئانىنىڭ ئوغلىنىڭ كەمىرىنى ئوغرىلاپ ، كۆزىنى ئويۇپ تاشلاپ ، قېيىققا سېلىپ دەرياغا ئاقتۇرۇۋېتىدىغان ئىشلار ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدە يوق . يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك ، ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدە ئانا بالىسىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن زەھەر سېلىنغان مانتا بېرىدۇ . مۇشۇنداق ئايرىم تەپسىلاتلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، بۇ ئىككى چۆچەكنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكىدە كۆپ پەرق يوق . تومپسوننىڭ كۆرسىتىشىچە ، بۇ چۆچەك ئەڭ دەسلەپتە شەرقىي ياۋروپادا تارقالغان . بالتىق دېڭىزى بويىدىكى دۆلەتلەردە ، رۇسىيىدە ۋە بالقان دۆلەتلىرىدە ئىنتايىن كۆپ تارقالغان . غەربىي ياۋروپادا بولسا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ . ئامېرىكا قىتئەلىرىدىمۇ ئىندىئانلار ئارىسىدا بۇ چۆچەكنىڭ ۋارىيانتى بار (15 ـ ماتېرىيال 138 ـ بەت) .

## (6) سۇيۇق كۆڭۈل ۋە ۋاپاسىز ئاياللار ھەققىدىكى چۆچەكلەر

37 ـ تىپ : **سۇيۇق كۆڭۈل ئايال** . بىز بۇ تىپقا تەۋە بىر چۆچەكنى ئۇچراتتۇق ، ئۇنىڭ نامى «تەكەببۇر مەلىكە» بولۇپ ، بۇ چۆچەكتە مۇنداق ۋەقە بايان قىلىنغان : بىر مەلىكە ئۆزىنى جاھاندىكى بارلىق قىزلاردىن گۈزەل ھېسابلايدىكەن ، شۇڭا يەر يۈزىدىكى ئەركەكلەرنى ياراتماي ، قۇياشقا تەگمەكچى بولۇپتۇ . ئەمما ، بۇلۇتنىڭ قۇياشنى توسۇۋالالايدىغانلىقىنى كۆرۈپ ، دەرھال بۇلۇتقا ئاشىق بولۇپتۇ . ئۇ-نىڭدىن كېيىن شامالنىڭ بۇلۇتنى ھەيدىۋېتەلەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ ، شامالنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ . شۇنداق قىلىپ ، يەنە شامالدىن ئەسكى تامغا ، تامدىن چاشقانغا كۆڭلىنى يۆتكەۋېرىپ ، ئاخىر ئۆزىنىڭ قىممىتىنى تامامەن يوقىتىپتۇ .

38 ـ تىپ : **ۋاپاسىز ئايال** .ئېرىنى ئالداپ باشقا ئەرلەر بىلەن كۆڭۈل ئاچىدىغان ئاياللار توغرىسىدىكى چۆچەكلەر ئۇيغۇر چۆچەكلە-رىدە خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ . بىز بۇ تىپتىكى چۆچەكلەرنى ئۈچ تۈرگە بۆلەلەيمىز :

38A تىپ : «بىنومۇس ئاياللار ھەققىدە ھېكايە» بىلەن «شاھزا-دىنىڭ خۇلاسىسى» ناملىق ئىككى چۆچەككە ئورتاق بولغان ۋەقەلىك مۇنداق : شاھزادە ئانىسىنىڭ دادىسىدىن يوشۇرۇن ھالدا ئاشنا ئويناپ يۈرگەنلىكىنى بايقاپ قېلىپ ، ئۆمۈر بويى خوتۇن ئالماسلىقنى نىيەت قىلىدۇ . بىراق ، دادىسىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئۆيلەنمەكچى بولى-دۇ . ئۇ بىر سودىگەرنىڭ بەش ياشلىق قىزىنى ئېلىپ كېلىپ ، ئەر كىشىلەرگە كۆرسەتمەي بېقىپ چوڭ قىلىپ ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۆيلىنى-دۇ . بىراق ، بۇ قىز شاھزادىدىن يوشۇرۇن ھالدا بىر سودىگەر بىلەن ئاشنا ئوينايدۇ . بۇنى سېزىپ قالغان شاھزادە ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاي-دۇ . كېيىن بۇ شاھزادە بىر دەرۋىشنىڭ ئايالىنى سېھرىي بەند قىلىپ خۇرجۇنغا سولىۋېلىپ يۈرگەنلىكىنى ، ئەمما ئۇنىڭ ئايالىنىڭ باشقا بىر ئەر كىشىنى يانچۇقىدا ساقلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قالىدۇ . شاھزادە بۇنى پاش قىلغاندىن كېيىن ، دەرۋىش ئايالىنى ۋە ئۇنىڭ ئاشنىسىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ ، شاھزادە بىلەن باشقا يۇرتلارغا كېتىپ

قالىدۇ .

«مېھري نىقاب» ناملىق چۆچەكمۇ يۇقىرىقى چۆچەككە ئوخشاپ كېتىدۇ . ئۇنىڭدا پادىشاھ بىلەن ۋەزىر ئۆز ئاياللىرىنىڭ پادىچى ۋە دەرۋىش بىلەن ئاشنا ئويناپ يۈرگەنلىكىنى سېزىپ ، ئۇلارنى ئۆلتۈ-رۈپ تاشلاپ ، يۇقىراچە كىيىنىپ باشقا يۇرتقا سەپەر قىلىدۇ . يولدا بىر دېھقاننىڭ ئۆز ئايالىنى ساندۇققا سولاپ قويغانلىقىنى ، ئەمما ئۇنىڭ ئايالىنىڭ باشقا يىگىتنى قۇتىغا سېلىپ يېنىدا ساقلاپ يۈرگەن-لىكىنى كۆرىدۇ . دېھقان بۇنى بىلىپ ئايالىنى جازالاپ ، پادىشاھ ۋە ۋەزىرگە قوشۇلۇپ سەپەر قىلىدۇ . يول ئۈستىدە ئۇلار يەنە بىر ئوتۇن-چىنىڭ ئايالىنىڭ ئاشنىسىنى پاش قىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئوتۇنچىمۇ بۇلارغا قوشۇلىدۇ . ئۇلار ئائىلە ۋە راھەت - پاراغەتتىن ۋاز كېچىپ ، دەرۋىش بولۇپ چىقىپ كېتىدۇ .

38B - تىپ : «ۋاپاسىز خوتۇن» ناملىق چۆچەكتە بىر ئايال ئېرىنىڭ دوستى بىلەن مۇھەببەتلىشىپ قېچىپ كېتىدۇ . ئەر ئايالىنى ئىزدەپ تېپىپ ، ئۇنى كەچۈرۈپ ئۆيىگە ياندۇرۇپ كېلىدۇ . بىراق ، بۇ ئايال يەنە ئاشنىسى بىلەن بىرلىشىپ ئېرىنى باغلاپ قويۇپ ، ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرسىتىپ كۆڭۈل ئاچىدۇ . شۇ چاغدا بىر قارا يىلان پەيدا بولۇپ ، ئايال ۋە ئۇنىڭ ئاشنىسىنى چېقىپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ . يەنە بىر قىسىم چۆچەكلەردە يات ئەر كىشى بىلەن كۆڭۈل ئاچقان ئاياللار ھايۋانغا ئايلاندۇرۇۋېتىلىدۇ . مەسىلەن ، «ئىگەمبەردى» ناملىق چۆ-چەكتە ئىگەمبەردى ئىسىملىك بىر يىگىتنى ئايالى ئاشنىسى بىلەن بىرلىشىپ قاتتىق خورلىغانلىقى ، كېيىن بۇ يىگىتنىڭ سېھىرلىك ئۈزۈكنىڭ كارامىتى بىلەن ئايالى ۋە ئۇنىڭ ئاشنىسىنى كېيىككە ئايلاندۇرۇۋېتىپ ، چۆلگە ھەيدىۋەتكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ .

خانىش بۇزۇقچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن پادىشاھ ئۇنى قەپەسكە سولاپ قويغانلىقى توغرىسىدىكى چۆچەكلەر خېلى كۆپ . «ئوقۇش ئۈچۈن» ناملىق چۆچەك ئەنە شۇنداق چۆچەكتۇر . بۇنىڭدا پادىشاھ ئايالىنى باشقا كىشى بىلەن كۆڭۈل ئېچىۋاتقاندا تۇتۇۋالىدۇ . پادىشاھ ھېلىقى كىشى بىلەن ئېلىشىدۇ . خانىش پادىشاھقا ئەمەس ، بەلكى ئاشنىسىغا ھەمدەمدە بولىدۇ . پادىشاھنىڭ ئىتى بولسا پادىشاھقا ياردەم بېرىپ ، ھېلىقى ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن پادى-

شاھ خانىشنى قەپەستە، ئىتنى كارىۋاتتا ماۋۇق يوتقاننىڭ ئۈستىدە ياتقۇزىدۇ.

38C ـ تىپ: «شاتۇتنىڭ كېلىپ چىقىشى» ناملىق چۆچەكتە بىر يىگىت 40 يىل ئىبادەت قىلىپ، خۇدادىن ئۆزىنىڭ ياش ئۆلۈپ كەتكەن ئايالىنى تىرىلدۈرۈپ بېرىشنى تىلەيدۇ. خۇدا ئۇنىڭ ئىرادىسىگە قايىل بولۇپ، بۇ ئايالنى تىرىلدۈرىدۇ. ئەمما، بۇ ئايال ئېرىنىڭ قېرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، بىر شاھزادە بىلەن قېچىپ كېتىدۇ. غەزەپلەنگەن خۇدا ئۇنى شاتۇتقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

خەلقئارادىكى نۇرغۇن مىللەتلەردە ئېرىگە ۋاپاسىزلىق قىلغان ئاياللار ھەققىدىكى چۆچەكلەر ئۇچرايدۇ. تومپسوننىڭ ئىندېكسىدىكى 315B ـ، 449 ـ، 612 ـ نىپلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ ۋاپاسىز ئاياللار ھەققىدىكى چۆچەكلەردۇر. ئەمما، ئۇلارنىڭ ۋەقەلىكى بىلەن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۇيغۇر چۆچەكلىرىنىڭ ۋەقەلىكى ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق بار. پەقەت 612 ـ تىپ («ئۈچ تال يىلان تېرىسى») نىڭ ۋەقەلىكى ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى «شاتۇتنىڭ كېلىپ چىقىشى» (38C ـ تىپ) بىلەن خېلى يېقىنلىشىدۇ. ھەر ئىككى چۆچەكتە بىر يىگىتنىڭ ئايالى ئۆلۈپ قالىدۇ. ئۇ خۇداغا يالۋۇرۇپ 40 يىللىق ئىبادەتنىڭ (ياۋروپا چۆچەكلىرىدە 20 يىللىق ئۆمرىنىڭ) بەدىلىگە ئايالىنى تىرىلدۈرىدۇ. ئەمما، ئايالى تىرىلگەندىن كېيىن، باشقا ئەرلەر بىلەن قېچىپ كېتىدۇ. يىگىت ئاخىر بۇ ئايالنى جازالايدۇ. تومپسوننىڭ بايانىغا قارىغاندا، مەزكۇر چۆچەك ھىندىستان ۋە جوڭگونىڭ بۇددا ھېكايىلىرىدە ئۇچرايدىكەن. ئاياللار ئۆز ئەرلىرىنىڭ ساداقەتسىزلىك قىلغانلىقى توغرىسىدىكى چۆچەكلەر شەرق (ئاسىيا) چۆچەكلىرىگە خاس ئۇسلۇب بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرا ئەسىرلەردە «مىڭ بىر كېچە» چۆچەكلىرى بىلەن ياۋروپاغا تارقالغان (15 ـ ماتېرىيال 139 ـ بەت).

## (7) ئەقىل ـ پاراسەت ھەققىدىكى چۆچەكلەر

**39** ـ تىپ: دانىشمەن يىگىتلەر. ئۆزلىرىنىڭ ئاجايىپ ئەقىل ـ پاراسەتلىرى ئارقىلىق قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان يىگىتلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەر سېھىرلىك چۆچەكلەرگە ئەمەس، بەلكى تۇر-

مۇش چۆچەكلىرىگە تەۋە بولىدۇ . بىراق ، بۇنداق چۆچەكلەرنىڭ بەزى-
لىرىگە ئازدۇر - كۆپتۇر سېھىرلىك خۇسۇسىيەت ئارىلاشقان . بۇلار-
دىن بىرى «ئاتا ۋەسىيىتى» (يەنە بىر نامى «ئۇبۇل ھېكىم بىلەن
ئەلقۇش ۋەزىر» ) ناملىق چۆچەك بولۇپ ، ئۇنىڭدا بايان قىلىنىشىچە ،
خوجا بەختى ئىسىملىك دانىشمەن ئادەمنى قارا نىيەت ۋەزىر يوشۇرۇن
ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ . بۇ دانىشمەن ئادەمنىڭ ئوغلى دادىسىدىن قالغان
كىتابنى ئوقۇپ سىرلىق قابىلىيەتكە ئىگە بولىدۇ ۋە شەھەردىكى
نۇرغۇن قاتىللىق ، بۇلاڭچىلىق دېلولىرىنى ئارقا - ئارقىدىن پاش
قىلىپ ، كىشىلەرنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ . ئۇ ئەڭ ئاخى-
رىدا ۋەزىرنى جازالاپ ، دادىسى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىدۇ . «دانىشمەن-
نىڭ كارامىتى» ناملىق يەنە بىر چۆچەكتىمۇ بىر دانىشمەن ئادەمنىڭ
دەل ئەنە شۇنداق سىرلىق كىتابنىڭ ياردىمى بىلەن نۇرغۇن قىيىن
مەسىلىلەرنى ھەل قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ .

«ئاكا - ئۇكا» ناملىق چۆچەكنىڭ باش قىسمىدا «ئۈچ ئاكا -
ئۇكىنىڭ دانىشمەنلىكى» موتىفى بايان قىلىنىدۇ (27 - موتىف) .
ئاخىرىدا بۇ بالىلار بىر سېھىرلىك مېۋىنى ئېلىپ كېلىپ ، پۈتۈن
شەھەر خەلقىنى مەڭگۈ قېرىماس ھالەتكە كەلتۈرىدۇ .

خەلقئارادا «دانىشمەن ئاكا - ئۇكىلار» (AT655 ) نامىدا ئاتى-
لىدىغان بىر چۆچەك بولۇپ ، ئۇنىڭ ۋەقەلىكى ئۇيغۇر سېھىرلىك
چۆچەكلىرىدىكى 27 - موتىفتىن تەركىب تاپقان . دېمەك ، خەلقئارادى-
كى مۇستەقىل بىر چۆچەك ئۇيغۇرلاردا چۆچەكلەرنىڭ ۋەقەلىكىدىكى
بىر بۆلەككە ئايلانغان . بىز بۇ ۋەقەلىكنى مەزكۇر تىپتىن باشقا يەنە
1 - تىپتىمۇ كۆرۈپ ئۆتكەن ئىدۇق . تومپسوننىڭ ئېيتىشىچە ، بۇ
ۋەقەلىكتىن تەركىب تاپقان چۆچەك رۇسىيە ، نورۋېگىيە ، دانىيە ۋە
ئىستونىيىلەردىمۇ ئاغزاكى تارقالغان . سۇدان ۋە ھىندونېزىيىدىمۇ
ئۇنىڭ ۋارىيانتىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ (15 - ماتېرىيال 102 -
بەت) .

**40 - تىپ : ھېكمەتلىك سۆزلەر** . ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى
ئارىسىدا مەلۇم بىر يىگىت دادىسى سودا قىل دەپ بەرگەن پۇلغا مال
ئەمەس ، بەلكى دانىشمەن بوۋايلاردىن ھېكمەتلىك سۆز سېتىۋالغانلىقى
ھەققىدە نۇرغۇن ھېكايىلەر بار . بۇلارنىڭمۇ كۆپىنچىسى تۇرمۇش

www.uyghurkitap.com

چۆچەكلىرىگە تەۋە . ئەمما ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرىدە — «ھېكمەتلىك سۆز» دەپ ئاتىلىدىغان چۆچەكتە سېھىرلىك خۇسۇسىيەت بار. ئۇنىڭدا بايان قىلىنىشىچە ، يىگىت دادىسى بەرگەن پۇلغا ئۈچ ئېغىز ھېكمەتلىك سۆز سېتىۋالىدۇ . بۇ سۆزلەرنىڭ بىرى «ھەر كىمنىڭ سۆيگۈنى ئۆزىگە چىرايلىق» دېگەن سۆزدۇر . يىگىت ۋەھشىي يىلاننىڭ ئۇۋىسىغا بېرىپ قالغاندا ، يىلان بىر چىرايلىق ۋە بىر سەت ئىككى قىزنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ، «بۇلارنىڭ قايسىسى چىرايلىق ؟» دەپ سورايدۇ . يىگىت ھېلىقى ھېكمەتلىك سۆزنى ئويلاپ ، «ھەر كىمنىڭ سۆيگۈنى ئۆزىگە چىرايلىق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ . بۇنى ئاڭلىغان يىلان ناھايىتى خۇشال بولىدۇ ۋە يىگىتكە قىممەتلىك سوۋغات بېرىدۇ . كېيىن يىگىت «ساڭا ئىشەنچ قىلغان ئادەمگە ۋاپاسىزلىق قىلما» دېگەن سۆزنى ئەسلەپ ، ئۆز خوجايىنىنىڭ خوتۇنىنىڭ ئازدۇرۇشلىرىغا بېرىلمەيدۇ . «ئەتىگەنلىك ناشتىنى ئۇنتۇما» دېگەن سۆزنى ئەسلەش ئارقىلىق بىر قېتىملىق ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ... ۋەھاكازا .

بۇ چۆچەكنىڭ باش قىسمىدىكى يىلانغا مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلىك باشقا چۆچەكلەردىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ . بەزى چۆچەكلەردە دىۋە ، بەزى چۆچەكلەردە ئۆزى بىر غېرىچ ، ساقىلى 40 غېرىچ مەخلۇق چۆچەك قەھرىمانىدىن «قىزلارنىڭ قايسىسى گۈزەل ؟» دەپ سورايدۇ . ھەتتا ئۇلار كۆرسەتكەن كۆرۈمسىز قىزلارنىڭ بەزىلىرى پاقىغا ئوخشاش سەت بولسىمۇ ، بۇ مەخلۇقلار ئەنە شۇ قىزنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە باشقىلارنىڭ ئۇنى چىرايلىق دېيىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ .

تومپسوننىڭ ئىندېكسىگە كىرگۈزۈلگەن «دانا نەسىھەت» نامى ئاستىدىكى 910A - ، 910B - ، 910C - ، 910D - نومۇرلۇق چۆچەكلەر دەل يۇقىرىقى تىپقا تەۋە چۆچەكتۇر . تومپسون بۇ چۆچەكلەرنى قەدىمكى ھىندىستان كىتابلىرىدا خاتىرىلەنگەن بولۇپ ، پارسلار ۋە ئەرەبلەر ئارقىلىق ياۋروپاغا تارقالغان دەيدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇشۇ خىلدىكى ھېكايىلەرنىڭ يەھۇدىي دىنى ۋە خرىستىئان دىنى ھېكايىلىرىدىمۇ ئۇچرايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ (15 - ماتېرىيال 193 — 195 - بەتلەر ) . ئۇنىڭدىن باشقا بۇ چۆچەكنىڭ ياۋروپادا كەڭ تارقالغان «بەش نەسىھەت» ناملىق بىر ۋارىيانتىمۇ بار (68 - ماتېرىيال ) .

## (8) پەرىزات ھەققىدىكى چۆچەكلەر

41 ـ تىپ : قېچىپ كەتكەن پەرىزات . بۇ تىپقا تەۋە چۆچەكلەر «مايمۇنەك» ، «مايمۇن قىز» ، «شاھزادە بىلەن مايمۇن مەلىكە» ، «پاقا ئايال» ، «غايىب نىكاھ» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت . بۇ تىپقا ئورتاق ۋەقەلىك مۇنداق : دەسلەپتە «ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا شاھزادىلەرنىڭ لايىق تاللىشى» ۋەقەسى يۈز بېرىپ ، كەنجى شاھزادە ھايۋان بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ (22 ـ موتىف) . ئەمما ، بۇ ھايۋان ئەسلىدە پەرىزات بولۇپ ، ئۇ كېچىسى گۈزەل پەرىزاتقا ، كۈندۈزى ھايۋانغا ئۆزگىرىدۇ . پەرىزات ئۆزىنىڭ سىرلىق قابىلىيىتى ئارقىلىق كەنجى شاھزادىنى ئاجايىپ بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ ۋە پادىشاھنى خۇشال قىلىدۇ . بىراق ، پادىشاھ بىلەن خانىش ئۆز كېلىنىنى ھايۋان شەكلىدە كۆرۈشنى خالىماي ، ئۇنىڭ ھايۋان تېرىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ (ياكى چوڭ شاھزادە پەرىزاتقا شەھۋانىي نىيەتتە بولىدۇ) ، شۇنىڭ بىلەن ئاچچىقى كەلگەن پەرىزات شاھزادىنى تاشلاپ ، ئۆزىنىڭ سىرلىق دىۋىلەر ماكانىغا كېتىپ قالىدۇ . شاھزادە ئۇنى ئىزدەپ چىقىپ ، نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلىك سەپەردىن كېيىن ئاخىر ئۇنى تېپىپ ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېلىدۇ .

«مەلىكە پەرى» ، «ھېزىم بىلەن جادۇگەر» ، «يەتتە كەپتەر سۈرىتى» ، «پەرىزات قىز» قاتارلىق يەنە بىر تۈركۈم چۆچەكلەرنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى يۇقىرىقى چۆچەكلەر بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ . ئەمما ، بۇ چۆچەكلەرنىڭ قەھرىمانى ئوقيا ئېتىپ كېلىن تاللىمايدۇ ، بەلكى ئۇ ئالدىنىپ قېلىپ «تۇلۇمغا كىرىپ ئالتۇن تاغقا چىقىپ قالىدۇ» (10 ـ موتىف) . ئۇ تاغنىڭ ئۈستىدىن يەرگە چۈشىدىغان يول ئىزدەپ مېڭىپ بىر كۆل بويىغا كېلىپ قالىدۇ . شۇنىڭ بىلەن «پەرىزاتنىڭ كىيىمىنى ئېلىۋېلىپ ، ئۇنى بويسۇندۇرۇش» ۋەقەسى پەيدا بولىدۇ (1 ـ موتىف) . ئۇ پەرىزاتنى ئېلىپ ، سۇمۇرغنىڭ ياردىمى بىلەن يەر يۈزىگە قايتىپ چۈشىدۇ . بىراق ، پەرىزات پۇرسەت كۈتۈپ ، ئاخىر ئۆزىنىڭ كىيىمىنى تارتىۋېلىپ ، كەپتەرگە ئايلىنىپ قېچىپ كېتىدۇ . يىگىت قايتا ئالتۇن تاغقا چىقىپ ، قۇشلارنىڭ ياردىمى بىلەن پەرىزاتنىڭ ماكانىغا بېرىپ ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىدۇ ۋە

ئۇنى ئېلىپ قايتىپ كېلىدۇ. «يەتتە كەپتەر سۈرىتى» ناملىق چۆچەكنىڭ خاتىمىسى باشقىچىرەك. ئۇنىڭدا يىگىت پەرىزاتنى ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، پەرىزاتنى يىلان چېقىپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىككى بالىسى قۇشقا ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىدۇ. يىگىت بۇ دەردكە چىدىماي پەرىزاتنى قۇچاقلاپ ئۆلۈپ قالىدۇ.

ئەمما، «دۇتارچى»، «تويدىن كېيىنكى قىزىقچىلىق»، «دېدەك قىز» قاتارلىق چۆچەكلەردىكى پەرىزاتلار چۆچەك قەھرىمانى بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن قېچىپ كەتمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ بىلەن ئىناق ئائىلە ھاياتىنى كەچۈرىدۇ.

شۇنداق بىر ئەھۋال بىزنى ھەيران قالدۇرىدۇكى، بەزى چۆچەكلەردە خۇددى پەرىزاتلارغا ئوخشاش خاراكتېرگە ئىگە ئەرلەر توغرىسىدا ھېكايە قىلىنىدۇ. «تەخەي يىگىت»، «ئەجدىھا يىگىت» قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق چۆچەكلەردۇر. ئۇلاردا ئېشەك (ياكى يىلان) شەكلىدىكى بىر يىگىت مەلىكە بىلەن توي قىلىدۇ. ئۇ كېچىسى ئادەمگە، كۈندۈزى ئېشەككە (ياكى يىلانغا) ئايلىنىدۇ. مەلىكە ئېرىنىڭ ئېشەككە (ياكى يىلانغا) ئايلىنىشىنى ياقتۇرماي، ئۇنىڭ تېرىسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن يىگىت خاپا بولۇپ كېتىپ قالىدۇ. كېيىن مەلىكە ئېرىنى ئىزدەپ دېۋىلەر ماكانىغا بېرىپ، پەرىزات قىزلار ئارىسىدا يۈرگەن ئېرىنى تېپىپ، ئۇنى ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېلىدۇ.

يۇقىرىقى چۆچەكلەرنىڭ ھەممىسىدە پەرىزات ھايۋان قىياپىتىدە كۆرۈنىدۇ. ئۇ كەپتەر، مايمۇن، پاقا، توشقان ۋە قۇشقاچ شەكلىدە چۆچەك قەھرىمانىنىڭ ئەتراپىدا پەيدا بولىدۇ. چۆچەك قەھرىمانى ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھايۋان تېرىسىنى كۆيدۈرۈۋەتسە، قانداقتۇر بىر خىل سىرلىق پەرھىز بۇزۇلىدۇ ـ دە، پەرىزات ئۇنىڭ يېنىدىن كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

مەزكۇر چۆچەك تومپسون تۈزگەن ئىندېكسىتىكى «قەھرىماننىڭ قېچىشىغا ياردەم بەرگەن قىز» (AT313)، «چاشقان، مۈشۈك ۋە پاقا كېلىن» (AT402) ۋە «يوقالغان خوتۇنىنى ئىزدىگەن يىگىت» (AT400) ناملىق چۆچەكلەرنىڭ ۋەقەلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. «قەھرىماننىڭ قېچىشىغا ياردەم بەرگەن قىز» دا چۆچەك قەھرىمانى

ئاق قۇ قىزنى كۆل بويىدا ئۇچرىتىپ ، ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلىشىدۇ . كېيىن بۇ يىگىت ئاق قۇ قىزنىڭ دادىسى — دېۋىنىڭ قىيىن شەرتلىرىنى ئورۇندايدۇ ۋە ئاق قۇ قىزنى ئېلىپ ، قوغلاپ كەلگەن دېۋىگە توسالغۇ پەيدا قىلىپ ، قېچىپ كېتىدۇ . «يوقالغان خوتۇننى ئىزدىگەن يىگىت» تە بولسا ، يىگىت پەرىزات ئېيتقان پەرھىزلەرگە ئەمەل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ، پەرىزات خاپا بولۇپ كېتىپ قالىدۇ . يىگىت پەرىزاتنى ئىزدەپ مېڭىپ ، خەتەرلىك سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ ، ئاخىر ئۇنى تاپىدۇ . كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ، بۇ ئىككى چۆچەكنىڭ ۋەقەلىكى بىز بايان قىلىۋاتقان 41 ـ تىپنىڭ ۋەقەلىكى بىلەن ئوخشاشلىقى ئىگە . پەقەت «پەرىزاتنىڭ ماكانىغا بېرىپ قىيىن شەرتلەرنى ئورۇنداش» ۋە «دېۋىگە توسالغۇ پەيدا قىلىپ قېچىش» تىن ئىبارەت ئىككى ئېپىزوت 41 ـ تىپتا يوق . ئەمما ، ئۇ باشقا ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدە ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدىغان ۋەقەلىكتۇر . ھالبۇكى ، تومپسون «قەھرىماننىڭ قېچىشىغا ياردەم بەرگەن قىز» ناملىق چۆچەكنىڭ پۈتكۈل ياۋروپادا ۋە ئامېرىكىدا كەڭ تارقالغانلىقىنى بايان قىلىپ كېتىۋېتىپ «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىيا چۆچەكلىرىدە بۇ ھېكايە يوقتەك قىلىدۇ ، بىراق پۈتۈنلەي يوق دېگىلى بولماس» دەيدۇ (15 ـ ماتېرىيال 111 ـ بەت ) . بىزنىڭ پىكرىمىزچە ، تومپسوننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا چۆچەكلىرى ھەققىدە تۇزۇك مەلۇماتى بولمىسا كېرەك . ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن كىتابىدا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ چۆچەكلىرى ھەققىدە ھېچنەرسە ئېيتمىغان . ئەمما ، بۇ يەردە توساتتىنلا ھېچقانداق پاكىتسىز ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيادا بۇ چۆچەك يوق ، دەيدۇ . بۇنىسى تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىك . ئەمەلىيەتتە ، بۇ تىپتىكى چۆچەك ئۇيغۇرلاردا ئىنتايىن كۆپ بولۇپ ، يۇقىرىدا بىز ئۇنىڭ ئون نەچچە ۋارىيانتىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق .

42 ـ تىپ : زورلۇققا قارشى تۇرغان پەرىزات . بۇ تىپتىكى چۆچەكلەرنىڭ قەھرىمانى پەرىزاتقا ئاشىق بولۇپ ، ئۇنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن ، پادىشاھ ئۇنىڭدىن پەرىزاتنى تارتىۋالماقچى بولىدۇ . بۇنىڭ بىلەن قەھرىمان بىلەن پادىشاھ ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۈرەش قانات يايىدۇ . «ئوۋچى يىگىت بىلەن پەرى قىز» ، «پادىچى بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى» ، «بايۋەچچىنىڭ كەچۈرمىشلىرى» ، «گۈلى رەنا» ، «سۇ

پەرىسى دىلئارام» ، «ياخشى نىيەت بەختكە ھەمراھ» ، «نۇرلۇق شەھەر» ، «ئۆلمەي تۇرۇپ جەننەتنى كۆرۈش» ، «بېلىقچى بىلەن پادىشاھ» ، «خاسىيەتلىك رەسىم» قاتارلىق چۆچەكلەر ئەنە شۇنداق چۆچەكتۇر . بۇ چۆچەكلەرنىڭ باش قەھرىمانى بۆرە ، يىلان ، بېلىق ، مۈشۈك قاتارلىق ھايۋانلارنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ ۋە ياكى ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ . نەتىجىدە بۇ ھايۋانلار پەرىزاتقا ئايلىنىپ ، چۆچەك قەھرىمانى بىلەن توي قىلىدۇ . ئەمما ، قىزنىڭ گۈزەللىكى پۈتۈن شەھەرگە ئاڭلىنىپ ، پادىشاھ ئۇنىڭغا ئاشىق بولىدۇ . پادىشاھ پەرىزاتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ، يىگىتنى ئىنتايىن خەتەرلىك جايغا ياكى ناھايىتى قىيىن ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشقا ئەۋەتىدۇ . يىگىت پەرىزاتنىڭ سېھىرلىك قابىلىيىتى بىلەن بۇ ۋەزىپىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئورۇندايدۇ . شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ يېڭىلىدۇ . بەزى چۆچەكلەردە ، پادىشاھ ئاخىر ئۆزىنىڭ ۋەھشىيلىكىنى ئاشكارىلاپ ، يىگىتنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ ياكى پەرىزاتنى بۇلاپ كېلىش ئۈچۈن ئەسكەر ئەۋەتىدۇ . پەرىزات پادىشاھنىڭ بۇ خىل سۇيىقەست ۋە ھۇجۇملىرىنىڭ ھەممىسىنى تارمار قىلىدۇ .

بۇ تىپتىكى بەزى چۆچەكلەر باشقا تىپتىكى چۆچەكلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ، ۋەقەلىكى بارغانسېرى كېڭىيىپ كەتكەن . «ئېچىلمىغان قاپاقتىكى قىز» ، «بىر پەرىزاتنىڭ سۈرىتى» قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق چۆچەكلەردۇر . ئۇنىڭ باش قەھرىمانى يەر ئاستى شەھىرىگە چۈشۈپ ، قاپاققا بەند قىلىنغان پەرىزاتنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىدۇ . بۇ پەرىزات ئۆزىنىڭ سېھىرلىق قابىلىيىتى بىلەن چۆلگە ئىمارەت سالىدۇ . كېيىن بىر جادۇگەر پەيدا بولۇپ ، «يالغان خوتۇنىنىڭ راست خوتۇنغا زىيانكەشلىك قىلىشى» ۋەقەسى يۈز بېرىدۇ (26 ـ موتىف) . پەرىزات قايتا تىرىلىپ ، جادۇگەرنىڭ سۇيىقەستىنى ئاشكارىلايدۇ . چۆچەكنىڭ كېيىنكى قىسمىدا بۇ پەرىزات يەنە ئېرىنىڭ تاجاۋۇزچى دۈشمەنلەرنى يوقىتىشىغا ۋە پادىشاھ ئوتتۇرىغا قويغان قىيىن شەرتلەرنى ئورۇندىشىغا ياردەم بېرىدۇ .

تومپسوننىڭ ئېيتىشىچە ، بۇ چۆچەك ئاساسەن شەرقىي ياۋروپادا تارقالغان . رۇسىيىدە ، بالتىق دېڭىزى بويىدىكى دۆلەتلەردە ۋە سكاندىناۋىيىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە ھەممە ئادەم بىلىدۇ . ھىندىستان

ۋە كورىيىلەردىمۇ بىرنەچچە نۇسخىسى تېپىلغان (15 ـ ماتېرىيال 115 ـ بەت) . تومپسوننىڭ ئىندېكسىدە بۇ چۆچەك «ئايالى چىرايلىق بولغاچقا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئادەم» (AT465 ) دەپ ئاتالغان .

**43 ـ تىپ : باتۇر ۋە ئىشچان يىگىتنى سۆيىدىغان پەرىزات .** چۆچەكلەردىكى پەرىزاتلار ھەرقانداق يىگىتنى ياخشى كۆرۈۋەرمەيدۇ ، بەلكى قورقماس ، باتۇر يىگىتلەرنى ۋە ئىشچانلارنى ياخشى كۆرىدۇ . بىز «قۇندۇز بىلەن يۇلتۇز» ، «خىسلەتلىك گۈل» چۆچەكلىرىدە بۇ ھالنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز . ئالدىنقى چۆچەكتىكى شاھزادە پەرىزاتقا ئاشىق بولۇپ ، ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئاجايىپ باتۇرلۇق كۆر-ستىدۇ ، نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتىدۇ . ئۇ بۇ جەرياندا زادىلا ئۆزىنىڭ ئىرادىسىدىن بوشاشماي ، ئاخىرىغىچە كۈرەش قىلىپ پەرىزاتنى قولغا چۈشۈرىدۇ . ئىككىنچى چۆچەكتە ، بىر دېھقان يىگىت بىر دەستە گۈل تېپىۋالىدۇ . بۇ گۈل پەرىزاتقا ئايلىنىپ ، دېھقان بىلەن توي قىلىدۇ . بىراق ، كېيىنكى كۈنلەردە بۇ دېھقان يىگىت ھۇرۇنلىشىۋالىدۇ . پەرىزات ئاچچىقى كېلىپ توزغا ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىدۇ . يىگىت ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىغا پۇشمان قىلىپ ، قايتىدىن تىرىشىپ ئىشلەيدۇ ، شۇنىڭ بىلەن پەرىزات يەنە ئۇنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىدۇ .

## (9) يالماۋۇز ، ئالۋاستى ۋە شەيتان ھەققىدىكى چۆ-چەكلەر

**44 ـ تىپ : يالماۋۇز سىگىل .** بۇ تىپتىكى چۆچەكتە سىگىل قىياپىتىدىكى يالماۋۇز بىلەن ئاكىسى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بايان قىلىنىدۇ . «ئەقىللىق باتۇر» ، «ئۈچ يولۋاسلىق ئادەم ۋە يالماۋۇز» ، «تايغان بىلەن بۆركۆت» ، «چىۋىن قانداق پەيدا بولغان ؟ » قاتارلىق چۆچەكلەر بۇ تىپقا ۋەكىل بولالايدىغان چۆچەكلەردۇر . بۇ چۆچەكلەر-گە ئورتاق بولغان ۋەقەلىك مۇنداق : بىر ئەر ـ ئايالنىڭ ئوغۇل ـ قىز پەرزەنتى بولغان ئىكەن . قىزى تۇغۇلغاندىن باشلاپ ، بۇ ئۆيدە ھەر كۈنى بىر قوي يوقىلىشقا باشلاپتۇ . ئەسلىدە بۇ قىز يالماۋۇز ئىكەن . ئوغۇل سىگىلىسىدىن گۇمانلانغانلىقى ئۈچۈن ، ئاتا ـ ئانىسى تەرىپىدىن ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ . ئوغۇل ياقا يۇرتقا بېرىپ ،

ئۆيلىنىپ بالا ـ چاقىلىق بولىدۇ . ئۇ بىر كۈنى ئاتا ـ ئانىسىنى سېغىنىپ يۇرتىغا قايتىپ كېلىدۇ . بۇ چاغدا ئۇنىڭ سىڭلىسى پۈتۈن شەھەردىكى جانلىقلارنىڭ ھەممىسىنى يەۋېتىپ ، شەھەرنى خارابىلىككە ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىكەن . ئۇ ئۆز ئۆيىگە كېلىپ سىڭلىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ . سىڭلىسى بىردەمدىلا ئاكىسىنىڭ ئېتىنى يەۋېتىدۇ ۋە كېيىن ئۇنىڭ ئۆزىنى يېمەكچى بولىدۇ . ئاكىسى چاشقاننىڭ ياردىمى بىلەن قېچىپ كېتىدۇ ، سىڭلىسى ئۇنى قوغلايدۇ . مۇشۇ پەيتتە يىگىتنىڭ يېقىن ھەمراھلىرى بولغان ھايۋانلار يېتىپ كېلىپ ، يالماۋۇزنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ .

يۇقىرىقى تۆت چۆچەكنىڭ بەزى ئېپىزوتلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىسىمۇ ، لېكىن ئۇلىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى ئوخشاش . ئەمما ، «ھەسىنەم ۋە گۈلپەرى» ناملىق چۆچەكنىڭ ۋەقەلىكى يۇقىرىقىلاردىن بىر ئاز پەرق قىلىدۇ . ئۇنىڭدا ھەسىنەم دېگەن يىگىت دېۋىلەر ماكانىغا بېرىپ ، دېۋىلەرنىڭ قىيىن شەرتلىرىنى ئورۇنداپ ، پەرىزاتنى قولغا چۈشۈرۈپ ، ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىدۇ . پەرىزات ھەسىنەمنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئالۋاستى ئىكەنلىكىنى سېزىپ قېلىپ «ئۆزۈڭنى سىڭلىڭغا سۆيدۈرمە» دەپ تاپىلايدۇ . بىراق ھەسىنەم ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي سىڭلىسى بىلەن سۆيۈشۈپ كۆرۈشىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ گاچا بولۇپ قالىدۇ . ئاخىر پەرىزات بۇ يالماۋۇز سىڭىلنى قىزىتىلغان زىخ بىلەن ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ ، ھەسىنەمنى ساقايتىدۇ .

45 ـ تىپ : قان شورىغۇچى يالماۋۇز . بۇ تىپقا س • ئى • مالوف قۇمۇل ۋىلايىتىدىن 1914 ـ يىلى توپلىغان «ئارپاغان باتۇر» ۋە «چىن تۆمۈر» ناملىق ئىككى چۆچەك ۋەكىل بولالايدۇ . پەقەت بۇ ئىككى چۆچەكتىكى باش قەھرىماننىڭ ئىسمىلا ئوخشىمىغاندىن باشقا قالغان جايلارنىڭ ھەممىسى ئوخشايدۇ . ئۇنىڭدا مۇنداق ۋەقە بايان قىلىنىدۇ : بىر ئورمانلىقتا چىن تۆمۈر (ياكى ئارپاغان ) ئىسىملىك باتۇر يىگىت سىڭلىسى بىلەن ياشايدىكەن . بىر كۈنى چىن تۆمۈر ئوۋغا چىقىپ كەتكەندە سىڭلىسى مەختۇمسۇلا ئېھتىياتسىزلىقتىن ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوت ئىزدەپ چىقىپ ، يىراق بىر جايدىكى ئەسكى ئۆيدە تەنھا تۇرۇۋاتقان يالماۋۇزنىڭ يېنىغا بېرىپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئوت ئېلىپ قايتىپ كېلىدۇ . مەختۇمسۇلا قايتىپ كېلىش

جەرياندا يالماۋۇزنىڭ تاپشۇرغىنى بويىچە كۆل، مېۋە ئۇرۇقلىرى، بۇغداي قاتارلىقلارنى يولغا چېچىپ ماڭىدۇ. يالماۋۇز مانا شۇ نەرسىلەرنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ كېلىپ، مەختۇمسۇلانى تېپىۋالىدۇ ۋە ئۇنىڭ قېنىنى شوراپ ئازابلايدۇ. ئاخىر قەھرىمان بۇ يالماۋۇزنى ئۆلتۈرۈپ سىڭلىسىنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ.

بۇ مەزكۇر تىپنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ۋەقەلىكى بولۇپ، كېيىن بۇ ۋەقەلىك بارغانسېرى تەرەققىي قىلىپ، كېڭىيىپ كەتكەن. «چىن تۆمۈر باتۇر ۋە مەختۇمسۇلا» ناملىق چۆچەك ئەنە شۇنداق تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلىدۇر. بۇ چۆچەكنىڭ بېشىدا چوڭ خانىشنىڭ كىچىك خانىش تۇغقان بالىلارنى چۆلگە تاشلىۋەتكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ (13 ـ موتىف). بۇ بالىلارنى كېيىك بېقىپ چوڭ قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەقەلىك يۇقىرىقى چۆچەك بىلەن ئوخشاش. ئەمما، بۇ چۆچەكنىڭ ئاخىرىدا يەنە بىر قاتلام ۋەقەلىك بار، ئۇنىڭدا مۇنداق ۋەقە بايان قىلىنىدۇ: قالماق پادىشاھى مەختۇمسۇلانىڭ گۈزەللىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ ۋە ئەلچى ئەۋەتىدۇ. چىن تۆمۈر باتۇر ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىدۇ. غەزەپلەنگەن پادىشاھ نۇرغۇن ئەسكەر باشلاپ كېلىپ، چىن تۆمۈرنىڭ ئۆيىنى قورشىۋېلىپ، مەختۇمسۇلانى تۇتۇپ كېتىدۇ. چىن تۆمۈر سىڭلىسىنىڭ دەردىدە تولا يىغلاپ قارىغۇ بولۇپ قالىدۇ. كېيىن مەختۇمسۇلا قالماق پادىشاھىدىن تۇغۇلغان ئىككى ئوغلىنى دەرياغا تاشلىۋېتىپ، ئاكىسىنىڭ يېنىغا قېچىپ كېلىدۇ ۋە ئۇنىڭ كۆزىنى ساقايتىدۇ.

مەزكۇر چۆچەك ئۇيغۇرلار ئىچىدە كەڭ تارقالغان بولۇپ، بۇ چۆچەكنى رۇس ئالىملىرىدىن ۋ. ۋ. رادلوف 1862 ـ يىلى، ن. ن. پانتوسوف 1870 ـ يىلى، س. ئى. مالوف 1914 ـ يىلى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن يېزىۋالغان. ۋ. پ. يۇدىن، باتۇر راشىدىن، رەيھان قادىر قاتارلىق ئالىملار «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكى ھەققىدە مەخسۇس ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان. ئابدۇكېرىم راخمان، ماھىنۇر ئەلىيېۋا، ئوسمان ئىسمايىل قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر فولكلورىغا ئائىت ئىلمىي ئەسەرلىرىدە بۇ چۆچەكنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىپ ئۆتكەن.

يۇقىرىقى چۆچەكنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى بولۇپ، ئۇنىمۇ مالوف

قۇمۇلدىن توپلىغان . بۇ چۆچەكنىڭ نامى «سېھىرلىك بالا ۋە يەتتە باشلىق يالماۋۇز» دۇر . بۇ چۆچەكتە بايان قىلىنىشىچە ، پەرزەنتى يوق بىر بوۋاي بىلەن موماي خۇدادىن بالا تىلەيدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئېتى بىر ئادەم بالىسىنى تۇغىدۇ . بۇ بالا چوڭ بولغاندا دەرەختىن ۋە تاشتىن تۆرەلگەن ئىككى يىگىت بىلەن دوست بولۇپ ، ئورمانلىقتا ئۇۋچىلىق قىلىپ ھايات كەچۈرىدۇ . كېيىن ئۇلار ئۈچ قىز بىلەن ئۇچرىشىپ ئۆزئارا توي قىلىدۇ . بىر كۈنى يىگىتلەر ئوۋغا كەتكەندە ، بىر يالماۋۇز پەيدا بولۇپ ، قىزلارنى باغلاپ قويۇپ ، بىر-بىرلەپ تاپىنىغا بىگىز سانجىپ قېنىنى شورايدۇ . بۇنى ئاڭلىغان ئات ئوغلى ئەتىسى يالماۋۇز كەلگەندە ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ .

«چوكان» ناملىق يەنە بىر چۆچەكتە مۇنداق ۋەقە بايان قىلىنىغان : بىر يىگىت يولدا ئىنتايىن گۈزەل بىر چوكاننى ئۇچرىتىپ قېلىپ ، ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىدۇ . يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى خۇشال بولۇپ ، ئۇلارنىڭ تويىنى قىلىپ قويىدۇ . ئەمما ، شۇنىڭدىن كېيىن يىگىتنىڭ چىرايى بارغانسېرى سارغىيىپ ، ئايالىنىڭ چىرايى كۈندىن- كۈنگە نۇرلىنىپ كېتىدۇ . كېيىن بوۋاي بىلەن موماي ئوغلى ئۇخلاپ قالغاندا ئايالى ئۇنىڭ قېنىنى شورايدىغانلىقىنى بىلىپ قالىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھېلىقى چوكان قىياپىتىگە كىرىۋالغان يالماۋۇزنى قىزىق تونۇرغا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ .

46 ـ تىپ : ئالۋاستى . «پادىشاھ بىلەن يۇھا» ناملىق چۆچەكتە ، يۇھا ئىسمىلىك بىر چىشى ئالۋاستى ساھىبجامال قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ، پادىشاھنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالىدۇ . سېھىرلەنگەن پادىشاھ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ . بۇ ئالۋاستى ھەر كۈنى كېچىسى ئورنىدىن چىقىپ شەھەردىكى كىشىلەرنى خالىغانچە ئۆلتۈرۈپ يەيدۇ . كېيىن ۋەزىر بۇ ئىشنى سېزىپ قېلىپ ، ئالۋاستىنى ئالداپ قىزىتىلغان تۆمۈر ئۆيگە كىرگۈزۈپ كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ .

«شاھزادە بىلەن ئالۋاستى» ناملىق چۆچەكتىكى ئالۋاستىمۇ گۈزەل قىزغا ئايلىنىپ ، شاھزادىنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرىدۇ . شاھزادە بۇ ئالۋاستىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ ھەتتا ئۇ ئالۋاستىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ، ئۆزىنىڭ ئانىسىنى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى

ئالۋاستىغا ئەكېلىپ بېرىدۇ . بۇ چاغدا ئانىنىڭ يۈرىكى ئوت بولۇپ يېنىپ ئالۋاستىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ .

47 ـ تىپ : شەيتان . «شەيتاننىڭ تىجارىتى» ناملىق چۆچەكتە بىر سودىگەر يولدا شەيتان بىلەن سەپەرداش بولۇپ قالىدۇ . سودىگەر بىر شەھەرگە ئىنتايىن ئېسىل ماللارنى ئېلىپ ماڭغان ئىكەن . ئەمما ، شەيتان دەل بۇ شەھەرگە بەش تۈگىدە «تەكەببۇرلۇق» ، «ئاچ كۆزلۈك» ، «ھەسەتخورلۇق» ، «ئالدامچىلىق» ، «خىيانەتچىلىك» دەپ ئاتىلىدىغان ماللارنى ئېلىپ ماڭغان ئىكەن . سودىگەر شەيتانغا «سېنىڭ بۇنداق نامى سېسىق نەرسىلىرىڭنى ھېچكىم ئالمايدۇ» دەيدۇ . ئەمما ، ئۇلار ھېلىقى شەھەرگە بارغاندا كىشىلەر شەيتاننىڭ نەرسىلىرىنى تالاپ سېتىۋېلىپ ، بىردەمدە تۈگىتىۋېتىدۇ . شەيتان خۇشال ھالدا يەنە مۇشۇنداق مال ئەكېلىش ئۈچۈن ماڭىدۇ . سودىگەر بولسا ئۆزىنىڭ ئېسىل ماللىرىنى ساتالماي بويىنىنى قىسىپ تۇرۇپ قالىدۇ .

ئەمما ، شەيتان ھەققىدىكى يەنە بىر قىسىم چۆچەكلەردە ، ئادەمنىڭ شەيتاندىنمۇ يامان ئىكەنلىكى بايان قىلىنىغان . مەسىلەن ، «ئادەمىي شەيتان» ناملىق چۆچەكتە بىر شەيتان ھەرقانداق قىلىپمۇ ئىككى قارىغۇ كىشىنىڭ ئالدىدىكى ئاشنى تارتىۋالالمايدۇ . بۇ چاغدا بىر ئادەم پەيدا بولۇپ ، ھېلىقى ئىككى قارىغۇنى بىر ـ بىرىگە ئۆچ قىلىپ ، ئۇرۇشقا سېلىپ قويۇپ ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ئاشنى بەھۇزۇر يەپ كېتىدۇ . «قېتىقچىنىڭ كومزىكى» ناملىق يەنە بىر چۆچەكتە بازاردا قېتىقنى سېتىپ بولۇپ كېلىۋاتقان بىر بالا يامغۇردا قالىدۇ . ئۇ دەرھال كىيىملىرىنى يېشىپ كومزەككە سېلىۋېلىپ ، يامغۇر توختىغاندىن كېيىن ، ئېلىپ كىيىۋالىدۇ . ئۇنىڭغا بىر شەيتان ئۇچراپ ، كومزەكنىڭ خىسلىتىدىن ھەيران بولىدۇ ۋە كومزەكنى قىممەت باھادا سېتىۋالىدۇ . بىر كۈنى يامغۇر ياغقاندا بۇ شەيتان دەرھال كىيىملىرىنى كومزەككە سېلىپ ، قىپيالىڭاچ كوچىدا مېڭىپ كۆلكىگە قالىدۇ .

## ( 10 ) دۆت دىۋە ھەققىدىكى چۆچەكلەر

48 ـ تىپ : دىۋە بىلەن كۈچ سىنىشىش . «ئۇزۇلگەن باش» ، «ئۆشتىگەرنىڭ چارىسى» ، «ۋەلى باپكار» قاتارلىق چۆچەكلەر بۇ

www.uyghurkitap.com

تىپقا تەۋە چۆچەكلەردۇر . بۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەقەلىكى مۇنداق : بىر كەمبەغەل كىشى ئورمانلىقتا توساتتىن دىۋە بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ . دىۋە ئۇنى يېمەكچى بولىدۇ . ھېلىقى ئادەم دىۋىگە بىز ئاۋۋال كۈچ سىنىشىپ باقايلى دەيدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا «كۈچ سىنىشىش» باشلىنىدۇ . ئادەم يەرگە كۆمۈپ قويغان قېتىقنى تېپىپ چاچرىتىپ چىقىرىپ ، يەرنىڭ مېڭىسىنى چۇۋۇۋەتتىم دەپ ، ئارغامچىنى كۆرسىتىپ يەرنىڭ ئۈچەيىنى سۇغۇرۇۋالدىم ، دەپ دىۋىنى ئالدايدۇ ياكى ئۇ قۇشنىڭ بالىسىنى مېنىڭ پىتىم ، ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىنى مېنىڭ تۇكۇم دەپ ، تۇخۇمنىڭ سېرىقىنى كۆرسىتىپ توغراقنىڭ يېغىنى چىقىرىۋەتتىم دەپ ، غاڭزىدىكى تاماكىنىڭ ئوتىنى ئىچىمدىن چىققان ئوت . دەپ دىۋىنى قورقۇتۇۋېتىدۇ . ئىش قىلىپ ئالدامچىلىق بىلەن دىۋىنى يېڭىۋالىدۇ . ئاندىن خۇدا مېنى دوزاختا تۈۋرۈك ئېلىپ كەل دەپ ئەۋەتكەن ، مەن سېنى تۈۋرۈك قىلىش ئۈچۈن ئاپىرىمەن ، دەپ تۇرۇۋالىدۇ . دىۋە ئۇنىڭغا يېلىنىپ يالۋۇرۇپ ، ئۆيىگە مېھمان قىلىشقا ئاپىرىدۇ . كېچىدە دىۋە بۇ ئادەمنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا ئۇ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ خەۋپتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ . قورقۇپ كەتكەن دىۋە ئۇنىڭغا بىرمۇنچە ئالتۇن بېرىپ ئاران قۇتۇلىدۇ . ئەمما ، بۇنى ئاڭلىغان تۈلكە دىۋىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىپ بەرمەكچى بولۇپ ، دىۋىنى باشلاپ ھېلىقى ئادەمنىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ . ھېلىقى ئادەم ئۆزىنىڭ ھىيلە ـ مىكرىنى ئىشقا سېلىپ ، بۇ ئىككىسىنى تېخىمۇ قورقۇتۇۋېتىدۇ .

«كەنجى ئوغۇل» ، «ۋەيلۇن دوزاخنىڭ تۈۋرۈكى» ، «ھېلىمنىڭ ھىيلىسى» ناملىق چۆچەكلەرنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش ، بىراق ئۇنىڭ ئاخىرى پەرق قىلىدۇ . ھېلىقى ئادەم دىۋىنى ئالداپ ئالتۇنغا ئېرىشكەندىن كېيىن ، قوشنىسىنىڭ كۆزى قىزىرىپ ، ئۆزىنىمۇ دىۋىنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈنىدۇ . ئۇ ئادەم قوشنىسى بىلەن دىۋىنى ئىزدەپ كېتىۋاتقاندا دەل ئۆزىنى ئىزدەپ كېلىۋاتقان بىر توپ دىۋىگە يولۇقىدۇ ـ دە ، ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ ، ئۇلارنى قورقۇتۇپ قاچۇرۇۋېتىدۇ .

«ھىيلە ـ مىكىر» ناملىق چۆچەكتىمۇ دىۋىنىڭ ئادەم تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ . بىراق ئۇنىڭ ۋەقەلىكى يۇقىر-

رىقىلاردىن پەرق قىلىدۇ . ئۇنىڭدا ئادەملەرنىڭ ھىيلە ـ مىكرى ئىنتايىن يامان ، دېگەن گەپنى ئاڭلىغان بىر دېۋە ھىيلە ـ مىكىرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ ، بىر ئوتۇنچىنىڭ يېنىغا كېلىدۇ . ئوتۇنچى ئۇنى ئالداپ چىنار دەرىخىگە باغلايدۇ ۋە يېنىدىن كەكىسىنى چىقىرىپ «ھىيلە ـ مىكىر دېگەن مانا» دەپ دېۋىنى چېپىشقا باشلايدۇ . قورقۇپ كەتكەن دېۋە چىنارنى يىلتىزى بىلەن يۇلۇپ قېچىپ كېتىدۇ ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ «ئادەملەرنىڭ ھىيلە ـ مىكرىنى كۆردۇم ، ئۇ بەك يامان ئىكەن ، ئۇنىڭ سېپى تۇپتۇز ، ئۆزى ئەگرى بولىدىكەن» دەيدۇ .

تومپسوننىڭ ئىندېكسىدىكى 1170 ـ دىن 1199 ـ غىچە بولغان چۆچەكلەرنىڭ ھەممىسى ئەخمەق دېۋە ھەققىدىكى چۆچەكلەر بولۇپ ، ئۇنىڭدا دۆت دېۋە بىلەن ئەقىللىق قەھرىمان ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت چۆچەكنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى بولغان . بۇ خىل چۆچەكلەرنىڭ ھەممە-سى سكاندىناۋىيە ۋە بالتىق دېڭىزى بويىدىكى دۆلەتلەر ئىچىدە تارقال-غان . بىز بۇ چۆچەكلەرنى ئۇيغۇرلارنىڭ دۆت دېۋە توغرىسىدىكى چۆچەكلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى رو-شەن ئوخشىماسلىقنى بايقىدۇق ، يەنى ئۇ چۆچەكلەردىكى قەھرىمان ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدىكىدەك دېۋە بىلەن كۈچ سىناشمايدۇ بەلكى مەلۇم مەسىلە ھەققىدە باغلىشىدۇ ياكى دېۋە قەھرىمانغا قىيىن شەرتنى قويىدۇ .

## (11) سېھىر ـ جادۇگەرلىك ھەققىدىكى چۆچەكلەر

49 ـ تىپ : جادۇگەر بىلەن ئېلىشىش . «ھىلال قاسساپ» ، «كەنجى باتۇر» ، «تاز بىلەن سېھىرگەر» ، «ھۈنەرۋەن بالا» ، «كىشىلەر ئۆگەنمىگەن ھۈنەر» قاتارلىقلار مۇشۇ تىپنىڭ چۆچەكلىرىدۇر . بۇلار-دىكى ئورتاق ۋەقەلىك مۇنداق : بىر ئادەمنىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ ، چوڭ ئوغۇل بىر قاسساپقا (ياكى موزدۇزغا ) شاگىرت بولىدۇ . بىراق بۇ قاسساپ ئۇنى غەلۋىردە سۇ ئەكېلىش ، قېتىقنىڭ يۈزىنى بۇزماي ئىچىش (ياكى قومدىن يىپ ئېگىرىش ، لايدىن چەم كېسىش ) كە ئوخشاش ئورۇندىغىلى بولمايدىغان ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ ۋە ئۇنى ئورۇن-دىمىدىڭ دېگەن باھانە بىلەن ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن

ئوتتۇرانچى ئوغول كېلىپ، ئۇمۇ ئاكىسىغا ئوخشاش قىسمەتكە دۇچار بولىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا كەنجى ئوغۇل شاگىرت بولۇپ كېلىدۇ. كەنجى ئوغۇلنى قاسساپنىڭ قىزى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا دادىسىنىڭ ھىيلە ـ مىكرىنى پاش قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا، ئۇ قاسساپنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. قاسساپنىڭ قىزى ئۇنىڭغا دادىسىنىڭ بارلىق جادۇگەرلىك ھۈنەرلىرىنى ئۆگىتىدۇ. كەنجى ئوغۇل ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن كالا ۋە ئاتقا ئايلىنىپ، دادىسىغا ئۆزىنى بازاردا ساتقۇزۇپ پۇل تاپىدۇ. ئاخىرقى قېتىم تۆگىگە ئايلىنىپ بازارغا كەلگەندە، قاسساپ ئۇنى تونۇۋالىدۇ ۋە ئۇنى سېتىۋېلىپ ئۆيىگە ئېلىپ كېلىدۇ، ئاندىن ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا قىزى ئۇنى قاچۇرۇۋېتىدۇ. كەنجى ئوغۇل كەپتەرگە ئايلىنىپ قاچىدۇ، قاسساپ لاچىنغا ئايلىنىپ قوغلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن «ئىككى سېھىرگەرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئېلىشىشى» ۋەقەسى (29 ـ موتىف) يۈز بېرىدۇ. ئاخىر كەنجى ئوغۇل جادۇگەر قاسساپنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ ئۇنىڭ قىزى بىلەن توي قىلىدۇ.

يۇقىرىقى بەش چۆچەكنىڭ ئىچىدە «كەنجى باتۇر» ناملىق چۆچەكنىڭ ۋەقەلىكى ئالاھىدىرەك. ئۇنىڭدا جادۇگەر كەنجى ئوغۇلنى جاڭگالدا ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ، ئوتۇن ئەكېلىشكە بۇيرۇيدۇ. ئۆزى بولسا ئېشەككە ئايلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارىدۇ. بۇنى سېزىپ قالغان كەنجى ئوغۇل ئېشەكنىڭ نوختىسىنى قويۇپ بەرمەي، ئۇنى تازا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ.

مەزكۇر چۆچەك خەلقئارادىمۇ كەڭ تارقالغان. بۇ چۆچەك تومپسوننىڭ ئىندېكسى ئىچىدە «سېھىرگەر ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى» (AT325) دەپ ئاتالغان. تومپسوننىڭ بايانىغا قارىغاندا، بۇ چۆچەك ھىندىستاندىن ياۋروپاغا تارقالغان، يېقىن شەرق، سىبىرىيىنىڭ جەنۇبى، ھىندىچىنى، فىلىپپىن، شىمالىي ئافرىقا ۋە ئامېرىكىغىمۇ تارقالغان (15 ـ ماتېرىيال 86 ـ بەت).

**50 ـ تىپ: سېھىرلەنگەن شاھزادە.** بۇ تىپنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا مەلۇم بىر شاھزادە جادۇگەر تەرىپىدىن سېھرىي بەند قىلىنغان بولىدۇ. بۇ شاھزادىنى ياخشى كۆرگەن مەلىكە ئاخىر ئۇنى سېھرىي بەندتىن قۇتۇلدۇرىدۇ. بۇ خىلدىكى چۆچەكلەرنى ئۈچ

تۇرگە ئايرىش مۇمكىن .

50A ـ تىپ : «پاقا شاھزادە» نامىلىق چۆچەكتە بايان قىلىنىشىـ چە ، بىر مەلىكە كۆل بويىدا پاقا بىلەن گەپلىشىدۇ . شۇ كۈنى كەچتە پاقا ئۇنىڭ كارىۋىتىدا پەيدا بولىدۇ ۋە مەلىكە بىلەن بىللە يېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ . غەزەپلەنگەن مەلىكە ئۇنى تۇتۇپ تامغا ئاتىدۇ . پاقا تامغا قاتتىق ئۇرۇلغاندىن كېيىن بىردىنلا شاھزادىگە ئايلىنىدۇ . ئەسلىدە ئۇ جادۇگەر تەرىپىدىن پاقىغا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن شاھزادە ئىكەن . شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى توي قىلىدۇ .

بۇ چۆچەك ياۋروپادا «پاقا پادىشاھ» (AT440 ) نامىدا تارقالـ غان . تومپسوننىڭ پىكرىچە ئۇ ئەڭ ئاۋۋال گېرمانىيىدە پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن . تومپسون يەنە ياۋروپادىن باشقا جايدا بۇ چۆچەكتىن دېرەك يوق دەيدۇ (15 ـ ماتېرىيال 124 ـ بەت ) . ئەمما ، كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز ، ئۇيغۇرلار ئىچىدە بۇ چۆچەك بار .

50B ـ تىپ : «لەئەلشاھ بىلەن ئىپارگۈل» ، «لەھەلبانۇم ۋە شېرىنبانۇم» قاتارلىق چۆچەكلەرنىڭ ئورتاق ۋەقەلىكى مۇنداق : بىر قۇرتتىن تۆرەلگەن شاھزادە بىلەن گۈلدىن (ياكى بېلىقتىن ) تۆرەلـ گەن مەلىكە مۇھەببەتلىشىدۇ . شۇ چاغدا ۋەزىر سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىپ ، پادىشاھنى ئۆلتۈرۈپ ھوقۇق تارتىۋالىدۇ . ئامالسىز قالغان شاھزادە باشقا شەھەرگە قېچىپ كېتىدۇ . بىراق ، مەلىكىنى ياخشى كۆرىدىغان يەنە بىر شاھزادە ئۇنىڭغا سۇيىقەست قىلىپ ، جادۇگەر ئارقىلىق ئۇنى قويغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ . مەلىكە سۆيگىنىنى ئىزدەپ بېرىپ ، ئۇنىڭ قويغا ئايلاندۇرۇپ قويۇلغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىدۇ . كېيىن مۇشۇ شەھەرنىڭ مەلىكىسى بىلەن دوست بولۇپ ، بۇ مەلىكە ئارقىلىق جادۇگەرنى تۇتۇپ كېلىپ ، شاھزادىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن شاھزادە ھەر ئىككى مەلىكىنى نىكاھىغا ئالىدۇ .

50C ـ تىپ : «قىزىل گۈل» نامىلىق يەنە بىر چۆچەكتە بىر پادىشاھ ئۆز قىزىغا قىزىل گۈل ئەكېلىپ بېرىش ئۈچۈن بىر باغقا بېرىپ ، باغنىڭ ئىگىسى بولغان سەت ھايۋان بىلەن ئۇچرىشىدۇ . ھېلىقى ھايۋان پادىشاھقا مەلىكىنى ئۆزىنىڭ يېنىغا ئەۋەتىش شەرتى بىلەن قىزىل گۈلنى بېرىدۇ . بۇنى ئاڭلىغان مەلىكە ئۆز ئىختىيارى بىلەن ھايۋاننىڭ ئالدىغا بارىدۇ . بۇ ھايۋان ئەسلىدە بىر شاھزادە

بولۇپ، بىر جادۇگەر ئۇنى سېھرىي بەند قىلىپ ھايۋانغا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىكەن. مەلىكىنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ ئۆكسۈپ يىغلايدۇ. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى ھايۋاننىڭ ئۈستىگە چۈشكەندىن كېيىن بۇ ھايۋان بىردىنلا شاھزادە ھالىتىگە قايتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى توي قىلىدۇ.

بۇ چۆچەك ياۋروپادا كەڭ تارقالغان «ئېيىق شاھزادە» ياكى «ساھىبجامال بىلەن ياۋايى ھايۋان» ناملىق چۆچەكنىڭ ۋارىيانتى (68 ـ ماتېرىيال). مەزكۇر چۆچەكنىڭ ياۋروپا نۇسخىسىدا ھايۋان بىلەن توي قىلىشقا رازى بولغان قىز مەلىكە ئەمەس، بەلكى سودىگەرنىڭ قىزى دەپ بايان قىلىنغان. سودىگەرنىڭ ئۈچ قىزى بولۇپ، پەقەت كىچىك قىزىلا دادىسىنى بالا ـ قازادىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆز ئىختىيارى بىلەن ھايۋاننىڭ ئالدىغا بارىدۇ. چۆچەكنىڭ باشقا جايلىرى ئۇيغۇرچە ۋارىيانتى بىلەن ئوخشاش.

تومپسون مەزكۇر چۆچەكنى «يوقالغان ئېرىنى ئىزدەش» (AT425) دەپ ئاتىغان. چۈنكى، ئۇنىڭدا ساھىبجامال سېھرىي بەند قىلىنغان شاھزادىنىڭ ھايۋان تېرىسىنى كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇ شاھزادە يوقاپ كېتىدۇ. ساھىبجامال ناھايىتى نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتىپ، ئاخىر شاھزادىنى تاپىدۇ.

تومپسوننىڭ بايان قىلىشىچە بۇ چۆچەك ياۋروپانىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان. يالغۇز ئىتالىيىدىلا ئۇنىڭ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولغان 61 پارچە ۋارىيانتى تېپىلغان. يېقىن شەرق ۋە ھىندىستاندىمۇ بىرنەچچە نۇسخىسى بار. ئامېرىكىنىڭ يېڭى مېكسىكا شتاتىدىكى ئىندىئانلارنىڭ زونا قەبىلىسى ئىچىدىمۇ تارقالغان، مىسسۇرى شتاتىدىكى فرانسۇزلار ۋە يامايكا نېگىرلىرى ئىچىدىنىمۇ بىرنەچچە نۇسخىسى تېپىلانغان (15 ـ ماتېرىيال 121 ـ بەت).

51 ـ تىپ: سېھىرلەنگەن ساھىبجامال. «لوقماننىڭ ئوغلىغا نەسىھىتى» ناملىق چۆچەكتە مۇنداق ۋەقە بايان قىلىنغان: لوقمان ھەكىم ئۆز ئوغلىنى بىر سودىگەردىكى قەرز پۇلنى سۈيلەشكە ئەۋەتىدۇ. بۇ يىگىت سودىگەرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ ساھىبجامال قىزىغا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ. سودىگەر قىزىنى ئۇنىڭغا بېرىشكە ماقۇل بولىدۇ. ئەسلىدە بۇ قىز بىلەن نۇرغۇن يىگىتلەر توي قىلغان بولۇپ،

بۇ يىگىتلەرنى بىرىنچى كېچىسىلا يىلان چېقىپ ئۆلتۈرىدىكەن . لوقماننىڭ ئوغلى ناھايىتى ھوشيار بولىدۇ . كەچتە ساھىبجامالنىڭ ئاغزىدىن بىر يىلان چىقىپ ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىدۇ . ئۇ ئۇستىلىق بىلەن يىلاننى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ . شۇنىڭ بىلەن ساھىبجامال قىز يىلاننىڭ سېھرىي بەندىتىن قۇتۇلۇپ ، بۇ يىگىت بىلەن ئۆمۈرۋايەت بىللە بولىدۇ .

ئېچىگە يىلان كىرىۋالغان مۇنداق قىزلارنى بىز يۇقىرىدا 16 ـ تىپتىمۇ ئۇچراتقان ئىدۇق . ئەمما ، ئۇنىڭدا بايان قىلىنىدىغىنى بېلىقنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋالغان ئادەمگە ياخشىلىق قىلىش پائالىيىتى بولۇپ ، ئۇ چۆچەك مەزكۇر تىپتىن روشەن پەرق قىلىدۇ .

مەزكۇر چۆچەك ياۋروپادا تارقالغان «يىلان قىز» (AT507C) ۋە «ھۇجرا ئۆيدىكى ئالۋاستى» (AT507B) چۆچەكلىرى بىلەن ئوخشاشتۇر . تومپسون ئۇنى شەرقتە پەيدا بولۇپ ، كېيىن ياۋروپاغا تارقالغان دەيدۇ (15 ـ ماتېرىيال 63 ـ بەت) .

«سېھىرلىك قاپاق» ناملىق يەنە بىر چۆچەكتىمۇ بىر يىگىتنىڭ يىلان شاھزادە بەرگەن قاپاقنى كۆيدۈرۈپ ، ئۇنىڭ ئېچىگە بەند قىلىنغان قىزنى قۇتۇلدۇرۇۋالغانلىقى بايان قىلىنىدۇ . بۇ چۆچەكنىڭ ۋەقەلىكى 17 ـ تىپ («يىلان شاھزادە») نىڭ باش قىسمى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ .

52 ـ تىپ : سېھىرلىك سۇ . بۇ تىپقا تەۋە ئىككى چۆچەكنى مىسالغا ئالالايمىز . بىرى «قوزىچاق» ناملىق چۆچەك ، يەنە بىرى «بوۋاي ۋە ئۇنىڭ قىزلىرى» . «قوزىچاق» ناملىق چۆچەكتە ، بىر تۇل خوتۇن ئۆز ئوغلىنى ئېلىپ جاڭگالغا ئوتۇنغا بارىدۇ . بالا ئۇسساپ كېتىپ قوينىڭ سۇيدۇكىنى ئىچىپ قويۇپ قوزىغا ئايلىنىپ قالىدۇ . كېيىن بىر بۆرە ئۇنى يەپ كېتىدۇ . «بوۋاي ۋە ئۇنىڭ قىزلىرى» ناملىق چۆچەكتە بايان قىلىنىشىچە ، بىر ئادەمنىڭ بەش قىزى بولۇپ ، بۇلار ئورمانلىقتا تۇلكە ، بۆرە ، ئېشەك ۋە توشقانغا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان سۇلارغا دۇچ كېلىدۇ . ئۇلارنىڭ كىچىكى «توشقان سۇ» نى ئىچىپ قويۇپ ، توشقانغا ئايلىنىپ قالىدۇ . بۇ قىزلار كېيىن ئوردىغا كىرىپ بەختكە ئېرىشىدۇ ۋە كەنجى قىزنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ .

بىز بۇنداق سىرلىق سۇلارنى باشقا چۆچەكنىڭ ۋەقەلىكىدىمۇ

كۆرەلەيمىز . مەسىلەن ، 34C ـ تىپ «يېرىل تېشىم ، يېرىل» چۆچە-كىدىكى ئىككى ئاچا ـ سىڭىل ئادەمنى بۆرىگە ، ئېيىققا ۋە كېيىككە ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان سۇلارغا دۇچ كېلىدۇ . سىڭلىسى ئاچىسىدىن يوشۇرۇن ھالدا سىرلىق سۇنى ئىچىپ قويۇپ كېيىككە ئايلىنىپ قالىدۇ . كېيىن ئاچىسى يەنە شۇ سۇنى ئۇنىڭ بەدىنىگە چېچىش ئارقىلىق ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ . «قوڭغۇراق توشقان» ناملىق چۆچەكتىمۇ تۆت بالا سىرلىق سۇنى ئىچىپ قويۇپ ، بۆرە ، يىلپىز ، تۈلكە ۋە توشقانغا ئايلىنىپ كېتىدۇ .

53 ـ تىپ : ئەپسۇن پۈتۈلگەن كىتاب . بىرمۇنچە چۆچەكلەردە سىرلىق ماكاندا ساقلىنىۋاتقان كىتاب ھېكايە قىلىنىدۇ . چۆچەك قەھرىمانى ئاشۇ كىتابنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن كىتابتا پۈتۈل-گەن سېھىر ـ جادۇگەرلىك ئۇسۇللىرى ۋە ئەپسۇننى ئۆگىنىۋېلىپ ، ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلىرىنى يوقىتىپ ، ئۆزىگە بەخت يارىتىدۇ . «بەڭ-گى خۇشال» چۆچىكىدە بايان قىلىنىشىچە ، بىر ئادەم تىلسىملىق تاغ ئۆڭكۈرىگە بېرىپ ، غارنىڭ ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان كىتابنى ئوقۇپ چىقىدۇ . ئۇ كىتابتىن سېھىر ـ جادۇگەرلىك ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنى-ۋېلىپ ، ئۆزى بىر غېرىچ ، قۇيرۇقى 40 غېرىچ مەخلۇقنى يوقىتىدۇ ، شۇنداقلا ھەر خىل ھايۋان شەكلىگە ئۆزگىرىپ ، ئايالىغا ئۆزىنى بازاردا ساتقۇزۇپ باي بولۇپ كېتىدۇ . «يانتاقچى بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى» ناملىق چۆچەكتىكى بوۋاينىڭ ئوغلى ئەپسۇن يېزىلغان كىتاب-نى قولغا چۈشۈرىدۇ . بۇ يىگىت كىتابتىكى ئەپسۇننى ئوقۇش ئارقى-لىق پادىشاھ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن دادىسىنى تىرىلدۈرىدۇ ، شۇن-داقلا يەنە شۇ ئەپسۇن ئارقىلىق پادىشاھنىڭ قىيىن شەرتلىرىنى ئو-رۇنداپ مەلىكە بىلەن توي قىلىدۇ .

بىز يۇقىرىقى 30 ـ تىپتا بايان قىلىنغان «قورايچىنىڭ قىزى» ناملىق چۆچەكتىكى دادىسى تەرىپىدىن چۆلگە تاشلىۋېتىلگەن مەلىكىمۇ تاغ ئۆڭكۈرىگە كىرىپ ، سىرلىق كىتابنى قولغا كەلتۈرۈپ ، ئۇنىڭ خاسىيىتى ئارقىلىق ئاجايىپ ئىقتىدارلىق بولۇپ يېتىلىدۇ .

54 ـ تىپ : چاپلاشتۇرۇپ قويۇلغان ئادەملەر . «دەردمەن شاھزا-دە» ناملىق بىر چۆچەكتە ئەپسۇن ئارقىلىق ئادەملەر ، ھايۋانلار ۋە نەرسىلەرنى بىر ـ بىرىگە چاپلاپ قويۇش توغرىسىدىكى ئاجايىپ قىزى-

قارلىق ھېكايە سۆزلىنىدۇ. ئىككى شەھەر پادىشاھى قۇدا بولماقچى بولىدۇ. ئەمما، شاھزادە توي قىلىش ئۈچۈن ماڭغاندا، ئۇنىڭ خىزمەتچىسى شاھزادىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى تارتىۋالىدۇ ۋە شاھزادە قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ مەلىكە بىلەن توي قىلىۋالىدۇ. كېيىن بىر خىزىر پەيدا بولۇپ، شاھزادىگە نەرسىلەرنى بىر - بىرىگە چاپلاشتۇرۇپ قويىدىغان قابىلىيەتنى ئۆگىتىپ قويىدۇ. شاھزادە ئوردىغا كېلىپ قىپيالىڭاچ ھالدا ئەيش - ئىشرەت قىلىۋاتقان خىزمەتچى بىلەن مەلىكىنى «ياشىپ» دەپلا بىر - بىرىگە چاپلاپ قويىدۇ. كەينىدىن بۇلارنى ئاجراتماقچى بولغان كېنىزەكلەر، خىزمەتچىلەر، ئوردا ئەمەلدارلىرى، ۋەزىرلەر ۋە پادىشاھنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرىگە چاپلاپ، كاللەك قىلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن نەپسانىيەتچى موللامنى ئېشەككە، بىر ئىتنى موللامنىڭ كاسىسىغا چاپلاپ قويۇپ، كوچىدا سازايى قىلىپ ئوردىغا ئېلىپ كىرىدۇ. ئاخىر پادىشاھقا ھېلىقى خىزمەتچىنىڭ ساختا قىياپىتىنى ئاشكارىلىغاندىن كېيىن «يا خىزىر» دەپلا ھەممە ئادەمنى بىر - بىرىدىن ئاجرىتىدۇ. پادىشاھ دەرھال شاھزادە قىياپىتىگە كىرىۋالغان خىزمەتچىنىڭ بېشىنى ئېلىپ، ھەقىقىي شاھزادىگە ئىككىنچى قىزىنى توي قىلىپ بېرىدۇ.

مۇشۇ خىلدىكى چۆچەكلەر خەلقئارادىمۇ ئۇچرايدۇ. «بىر - بىرىگە چاپلىشىپ قېلىش» (AT571) ئەنە شۇنداق چۆچەكتۇر. ئۇنىڭ تەپسىلىي ۋەقەلىكى يۇقىرىقى چۆچەككە ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن باش قەھرىماننىڭ بارلىق نەرسىلەرنى بىر - بىرىگە چاپلاپ قويالايدىغان قابىلىيەتكە تايىنىپ مەلىكە بىلەن توي قىلغانلىقى ھەققىدىكى ۋەقە ھەر ئىككى چۆچەككە ئورتاقتۇر. تومپسون بۇ چۆچەك پۈتۈن ياۋروپاغا تارقالغان، بىرنەچچە ۋارىيانتى يېقىن شەرقتىن تېپىلدى، فرانسىيىلىكلەر ئۇنى كاناداغا ۋە ئامېرىكىنىڭ شەرقىدىكى تۆت ئىندىئان قەبىلىسىگە تارقاتقان دەيدۇ (15 - ماتېرىيال 183 - بەت).

55 - تىپ: مۇختەر ھەييارنىڭ كارامەتلىرى. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە پارس چۆچەكلىرىدىكى كەمەك ھەييارغا ئوخشايدىغان بىر ھەييار (جادۇگەر) ئوبرازى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى مۇختەردۇر. «كەمەك ھەييار بىلەن مۇختەر ھەييار» چۆچىكىدە، مۇختەر ھەييار ئىران پادىشاھى جەمشىتنىڭ قول ئاستىدىكى سېھىرگەرلىكنى پىش-

شىق بىلىدىغان كەمەك ھەييار بىلەن ئادەمنىڭ ئەقلى تاڭ قالغۇدەك ئاجايىپ ـ غارايىپ سېھىرگەرلىك ئۇسۇلى بىلەن ئېلىشىدۇ (29 ـ موتىف). ئاخىر مۇختەر ھەييار كەمەك ھەييارنى يېڭىپ، ئىران پادىشاھىنىڭ ئوردىسىنى پاتىپاراق قىلىۋېتىپ كېتىپ قالىدۇ.

«شاھزادىنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتى» ناملىق يەنە بىر چۆچەكتىكى مۇختەر ھەييار ئۆزىنىڭ سېھىرگەرلىك ئۇسۇلىنى ئىشقا سېلىپ ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلانغان شاھزادىگە باشتىن ـ ئاخىر ياردەم بېرىدۇ. ئۇ دېۋىلەر ماكانىغا بېرىپ، ساھىبجامال قىزنى بىھوش قىلىپ ئېلىپ قېچىپ كېلىدۇ. كېيىن يەنە دېۋىلەرنىڭ جېنى ساقلانغان قۇتىنى تېپىپ، ھەممە دېۋىلەرنى يوقىتىدۇ، قاراقچىلارنى ئۇستىلىق بىلەن ھالاك قىلىپ تۇتقۇن قىلىنغان شاھزادىنى قۇتۇلدۇرىدۇ، شاھزادىنىڭ زەھەر سېلىنغان تامىقى بىلەن پادىشاھنىڭ تامىقىنى ئالماشتۇرۇۋېتىپ، پادىشاھنىڭ سۇيىقەستىنى تارمار قىلىدۇ، ۋەھاكازالار.

مەخسۇس سېھىر ـ جادۇگەرلىك توغرىسىدا ھېكايە قىلىنىدىغان چۆچەكلەر يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت. سېھىرلىك چۆچەكلەرنىڭ باشقا تۈرلىرىدىمۇ سېھىرگەرلىك پائالىيەتلىرى بار، ئەمما ئۇنىڭدىكى سېھىرگەرلىك پائالىيەتلىرى چۆچەكنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى ئەمەس. مەسىلەن، بىر قىسىم چۆچەكلەردە سېھىرگەرلىك ئۇسۇلى بىلەن ئادەمنى نەرسىگە، ھايۋاننى ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان ئىشلار، كۆزگە كۆرۈنمەس ئادەملەرنىڭ كارامەتلىرى، پەرھىزنى بۇزۇپ قويۇپ بالا ـ قازاغا قېلىش قاتارلىق ۋەقەلەر كۆپ بايان قىلىنغان. ئەمما، ئۇلار پەقەت ئاشۇ چۆچەكلەردىكى ۋەقەلەرنىڭ ئايرىم بىر قىسمى، يەنى مەلۇم ئېپىزوتىدىنلا ئىبارەت بولغاچقا، بىز ئۇلارنى مەخسۇس سېھىر ـ جادۇگەرلىك توغرىسىدىكى مەزكۇر تۈرگە كىرگۈزمىدۇق.

## (12) خۇدا بىلەن ئىنسانلار ھەققىدىكى چۆچەكلەر

56 ـ تىپ: قاندۇرۇلغان ئۈچ ئارزۇ. «نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك» ناملىق چۆچەك مۇشۇ تىپقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇنىڭدا بايان قىلىنىشىچە، بىر بوۋاي بىلەن موماي خۇدادىن ئۆزلىرىگە بەخت

تىلىگەن ئىكەن ، خۇدا بوۋاينىڭ ئىككى ئارزۇسىنى ، موماينىڭ بىر ئارزۇسىنى قاندۇرۇشقا ماقۇل بولىدۇ . ئالدى بىلەن خۇدا موماينىڭ تەلپى بويىچە ئۇنى 18 ياشلىق ساھىبجامال قىزغا ئايلاندۇرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن قىز شەكلىدىكى بۇ موماي بوۋاينى تاشلاپ بىر شاھزادە بىلەن كېتىپ قالىدۇ . قاتتىق غەزەپلەنگەن بوۋاي خۇدادىن تىلەپ مومايىنى چوشقىغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ . چوشقا شەكلىدىكى بۇ موماي بوۋايغا يالۋۇرۇپ يىغلايدۇ . بوۋاي يەنە ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ ، خۇدا-دىن تىلەپ ، ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، ئۇلارنىڭ ئۈچ ئارزۇسى قاندۇرۇلىدۇ ، ئەمما ئۇلار ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ .

بۇ چۆچەك ياۋروپادا مەشھۇر بولۇپ ، تومپسوننىڭ ئىندېكسىگە «ئەجابەت قىلىنغان ئارزۇ» (AT750A ) نامى بىلەن كىرگۈزۈلگەن . تومپسون بۇ چۆچەكنى پۈتكۈل ياۋروپادا تارقالغان ، شۇنداقلا ھىندونې-زىيە ۋە كورېيىدىمۇ مۇشۇنداق خاراكتېردىكى چۆچەكلەر بار دەيدۇ (15 ـ ماتېرىيال 162 ـ بەت ) .

57 ـ تىپ : قىيىن مەسىلىلەرگە جاۋاب ئېلىپ كەلگەن يىگىت .

بىر يىگىت شەھەردە قۇرغاقچىلىق بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن خۇدانىڭ دەرگاھىغا بارىدۇ . يولدا بىر موماي ئۇنىڭدىن قارىغۇ بولۇپ قالغان قىزىنىڭ كۆزىنى ساقايتىشنىڭ ئۇسۇلىنىمۇ خۇدادىن سوراپ كېلىشنى ئۆتۈنىدۇ . يىگىت خۇدانىڭ يېنىغا بارغاندىن كې-يىن ، خۇدا ئۇنىڭغا «دەريانىڭ بېشىدا غايەت چوڭ پىلنىڭ ئۆلۈكى سۇنى توسۇۋالغان ، ئۇنى ئېلىۋەتسەڭلا شەھەرگە سۇ بارىدۇ ، موماي-نىڭ قىزىنىڭ سول قولىنى ئۇنىڭ توي قىلىدىغان يىگىتى تۇتسا ، كۆزى ساقىيىدۇ » دەيدۇ . يىگىت قايتىپ مېڭىپ يول ئۈستىدە مومايغا خۇدانىڭ سۆزىنى يەتكۈزىدۇ . موماي دەرھال «بالام ، قىزىمنىڭ سول قولى قايسى ؟ » دەپ سورايدۇ . يىگىت «مانا ، ماۋۇ » دەپ قىزنىڭ سول قولىنى تۇتقان ھامان ، ئۇنىڭ كۆزى ساقىيىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى توي قىلىدۇ . ئاندىن قۇرغاقچىلىق بولغان شەھەرگە بېرىپ ، كىشىلەرنى باشلاپ پىلنىڭ ئۆلۈكىنى دەريادىن چىقىرىپ ، شەھەرگە سۇ باشلاپ كېلىدۇ . پادىشاھ ئۇنىڭغا نۇرغۇن مۇكاپات بېرىدۇ .

بۇ تىپنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى بولۇپ ، ئۇ «ھۆرۈن » ۋە «ھۆرۈن-نىڭ ئاقىۋىتى » ناملىق چۆچەكلەردە ئىپادىلىنىدۇ . بۇ ئىككى چۆچەك-

تە، بىر ھورۇن خۇدانىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزىگە بايلىق تىلەش ئۈچۈن يولغا چىقىدۇ. يولدا ئۇنىڭغا قورسىقى ئاغرىۋاتقان بۆرە، قۇرۇپ كەتكەن ئالما دەرىخى، گېلى ئاغرىۋاتقان بېلىقلار ئۇچراپ، ئۇلار ھورۇندىن ئۆزلىرىنىڭ مەسىلىلىرىنى قانداق ھەل قىلىش توغرىسىدا خۇدادىن سوراپ كېلىشنى ئۆتۈنىدۇ. ھورۇن خۇدانىڭ ئالدىغا بارغاندىن كېيىن «بېلىقنىڭ گېلىدا گۆھەر بار، چىقىرىۋەتسۇن، ئالمىنىڭ تېگىدە بىر كومزەك ئالتۇن كۆمۈلگەن، ئېلىۋەتسۇن، بۆرە ھورۇن ئادەمنى يېسۇن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ھورۇن قايتىپ مېڭىپ خۇدانىڭ جاۋابىنى بىر ـ بىرلەپ ئېيتىپ، بۆرىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، بۆرە «ئۇنداق بولسا، سېنىڭدىن ئارتۇق ھورۇننى تاپماق تەس» دەپ ئۇنى يەۋېتىدۇ.

بۇ چۆچەك خەلقئارادا كەڭ تارقالغان «ئۈچ تال دىۋە تۈكى» (AT461) نىڭ ۋارىيانتىدۇر. ئۇلارنىڭ پەرقى شۇكى، «ئۈچ تال دىۋە تۈكى» دىكى يىگىت يولدا ئۇچرىغان قىيىن مەسىلىلەرنى دىۋىدىن سوراپ بىلىدۇ. يۇقىرىقى چۆچەكتە بولسا ئۇنى خۇدادىن سوراپ بىلىدۇ. بۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىغا تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئەمما، ياۋروپادىمۇ «تەلەي ئىزدىگەن يولۇچى» (AT460B) ناملىق بىر چۆچەك بولۇپ، ئۇنىڭ باش قەھرىمانى بەخت ئىزدەپ خۇدانىڭ ئالدىغا بارىدۇ.

58 ـ تىپ: ساۋابلىق ئىشنىڭ خاسىيىتى. «يۈز شېھىت» ناملىق چۆچەكتە بايان قىلىنىشىچە، بىر ئادەم قەبرىستانلىقتا ھەر جۈمە كۈنى كېچىدە پەرىشتىلەرنىڭ 99 ئۆلۈكنى ئەتىۋارلاپ كۆتۈۋاتقانلىقى، ئەمما بىر جەسەتنى قامچا بىلەن ئۇرۇپ قىيناۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. ئەسلىدە ھېلىقى 99 ئۆلۈكنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۇلارنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلىپ، ئۆشرە ـ زاكات بېرىپ تۇرىدىكەن، شۇڭا ئۇلارنىڭ گۇناھى كۆنۈرۈۋېتىلىدىكەن. ئەمما، ھېلىقى بىر ئادەمنىڭ بالىلىرى دادىسىنى ئۇنتۇپ قالغان ۋە ساۋابلىق ئىشلارنىمۇ قىلمايدىكەن، شۇڭا ئۇ ھايات ۋاقتىدىكى گۇناھى ئۈچۈن توختىماي قامچا يەيدىكەن. چۆچەكنىڭ باش قەھرىمانى بۇنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇ ئۆلۈكنىڭ ئوغۇللىرىنى تېپىپ، ئۇلارنى ياخشىلىققا ئۈندەيدۇ. ئوغۇللار ئۆشرە ـ زاكات بېرىپ، كەمبەغەللەرگە ياردەم بېرىپ،

جامائەت ئۇچۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا باشلاپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ دادىسىمۇ 99 ئۆلۈكتە ئوخشاش كەچۈرۈمگە ئېرىشىپ ، پەرىشتىلەر تەرىپىدىن كۆتۈلىدۇ .

**59 ـ تىپ : خۇدانى رازى قىلىش .** «بايىزەك» ناملىق چۆچەكتە ئېيتىلىشىچە ، بايىزەك دېگەن ئادەم كىچىك ۋاقتىدىلا ھەرەمگە بارىمەن دەپ يالغۇز ئانىسىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن ئىكەن . ئۇ ھەرەمدە نەچچە قېتىم ھەج قىلىپ ، ئەرەبىستان زېمىنلىرىنى تاۋاپ قىلىپ ئۆمرىنى ئۆتكۈزىدۇ . 50 ياشتىن ئاشقاندا يۇرتىغا قايتىپ كېلىدۇ . بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئانىسى قىيىنچىلىق تۇپەيلىدىن تىلەمچىلىك قىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان ئىكەن . بايىزەك ئانىسىنى كۆتۈرۈپ ، نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتىپ ، ئون يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئۇنى ھەج قىلدۇرۇپ كېلىدۇ . ئاندىن ئۇ ئانىسىدىن «ئانا ، مەندىن رازى بولدىڭمۇ ؟ » دەپ سورايدۇ ، ئانىسى «خۇدا رازى بولسا ، مەن رازى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ . بايىزەك ناماز ئۇستىدە خۇدادىن سورايدۇ ، خۇدا «ئاناڭ رازى بولسا ، مەن رازى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، يا خۇدا ، يا ئانىسى رازى بولمايدۇ . ئاچچىقى كەلگەن بايىزەك 60 يىللىق ئىبادىتىنى بىر قىمارۋازغا 20 تەڭگىگە سېتىۋېتىپ ، بۇ پۇلغا مانتا سېتىۋالىدۇ . ئۇ مانتىنى يېمەكچى بولۇپ تۇرغاندا تۇساتتىن ئالتە بالىسى بىلەن ئاچ قالغان ئىتنى كۆرۈپ قالىدۇ ـ دە ، ئىتقا ئىچى ئاغرىپ ، مانتىنى بېرىۋېتىدۇ . شۇ زامان خۇدادىن سادا كېلىدۇ : «ئەي بايىزەك سەن ئىتنى قۇتقۇزدۇڭ ، مەن سەندىن رازى» .

**60 ـ تىپ : خۇدا يۆلىگەن سوپى .** «قادىر ئەۋلىيا» ناملىق چۆچەك مۇشۇ تىپقا ۋەكىل بولالايدۇ . ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە ، قادىر ئىسىملىك بىر سوپى مازارلارنى ماكان تۇتۇپ ياشايدىكەن . ئۇ مەلىكىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارغان ئىكەن ، پادىشاھ ئۇنى ياراتماي ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ ، ئەكسىچە قىزىنى باشقا بىر شەھەرنىڭ شاھزادىسىگە بېرىپتۇ . ئۇلارنىڭ تويى بولغان كۈنى قادىر سوپىنىڭ يالۋۇرۇشى بىلەن خۇدا مەلىكىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ . كېيىن مەلىكىنى مازارغا دەپنە قىلغاندىن كېيىن ، قادىر ئۇنى گۆردىن قېزىۋېلىپ ، بىر گۇمبەزگە ئەكىرىۋاپتۇ ۋە خۇدادىن تىلەپ مەلىكىنى تىرىلدۈرۈپتۇ . پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ ، قىلغانلىرىغا

پۇشايمان قىلىپ ، ئەۋلىيادىن كەچۈرۈم سوراپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ تويىنى قىلىپ قويۇپتۇ .

61 ـ تىپ : **ئالتۇن بوۋاق .** «ئالتۇن بوۋاق» ناملىق چۆچەكتە بايان قىلىنىشىچە ، بىر ئايال بۆشۈكتىكى بالىنى تەۋرىتىپ «ئالتۇن بالام ، خۇدا سىنىڭ تېنىڭنى ئالتۇن قىلىپ قويسىچۇ بالام» دېگەن ئىكەن ، خۇدا بوۋاقنىڭ تېنىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ . شۇنىڭ-دىن كېيىن بۇ ئايالنىڭ خاتىرجەمسىز كۈنلىرى باشلىنىپتۇ . چۈنكى ، پادىشاھتىن تارتىپ قاراقچىلارغىچە ھەممىلا كىشى بۇ ئالتۇن بوۋاقنى قولغا چۈشۈرۈۋېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدىكەن . قورقۇپ كەتكەن بۇ ئايال يەنە خۇدادىن تىلەپ بالىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپتۇ .

62 ـ تىپ : **ئۆز رىزقىنى تارتقۇزۇپ قويغان ئادەم .** «گول ئادەم» ناملىق چۆچەكتە ، خۇدا بايلارنىڭ قويىنى بېقىپ كۈن ئالىدىغان بىر بىچارە پادىچى يىگىتكە پەرىشتە ئارقىلىق ئۈچ قېتىم بايلىق بېرىدۇ . ئەمما ، بۇ يىگىت دۆت بولغاچقا ، ھەر قېتىم بايلىقنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، ئۇ خۇدا ئۆزىگە بەرگەن رىزقى-نىمۇ يېيەلمەيدۇ .

## (13) ئەجداد ۋە ئەرۋاھ ھەققىدىكى چۆچەكلەر

63 ـ تىپ : **ئەجداد روھى .** «ئاكا ـ ئۇكا» ۋە «قەبرە ئىچىدىكى كىتاب» ، «پادىشاھ بولغان پادىچى» قاتارلىقلار مۇشۇ تىپقا تەۋە چۆچەكلەردۇر . «ئاكا ـ ئۇكا» چۆچىكىدە ، دادا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئاكىسى ئۆيدىكى مال ـ مۈلۈكنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى يالغۇز ئىگىلىۋېلىپ ، ئۇكىسىنى بوزەك قىلىدۇ . كېيىن ئۇكىسى دادىسى-نىڭ روھىنىڭ يۆلىشى بىلەن بەختلىك بولىدۇ ، يەنى ئۇ چۈشىدە كۆرگەن دادىسىنىڭ تاپشۇرۇقىغا ئاساسەن ، بۇلاقنىڭ كۆزىنى ئېچىپ سۇ چىقىرىپ ، بىر گۈزەل باغ بىنا قىلىدۇ ۋە باغنى كۆرگىلى كەلگەن مەلىكە بىلەن مۇھەببەتلىشىپ توي قىلىدۇ . «پادىشاھ بولغان پادىچى» ناملىق چۆچەكنىڭ ۋەقەلىكىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدۇ . «قەبرە ئىچىدىكى كىتاب» تا ، بىر ئۆلگەن ئادەم ئۆزىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاش ئۈچۈن كەلگەن ئوغلىغا بىر خاسىيەتلىك كىتاب سوۋغا قىلىدۇ . بۇ كىتابتىكى قايسى سۆزنى بارماق بىلەن باسسا ، دەرھال شۇ نەرسە پەيدا

بولىدىكەن . ئوغۇل «ئۆكۈز» ، «ئايال» ۋە «ئالتۇن» دېگەن ئۈچ سۆزنى بېسىپ ، ئۆزىگە كېرەكلىك بۇ نەرسىلەرنى پەيدا قىلىپ خاتىرجەم ياشايدۇ .

«ئاكا ـ ئۇكا» ناملىق يەنە بىر چۆچەكتىمۇ ئانىسى ھايات ۋاقتىدا ئۇنى ياخشى باققان ئىنىسىنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈشكە ئېرىشىپ بېيىپ كەتكەنلىكى ، ئاپىسى بىلەن كارى بولمىغان ئاكىسىنىڭ بالا ـ قازاغا ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ .

**64 ـ تىپ : كارامەت ئۆلۈك .** «ئالتۇنبېلىق» ، «قىساس مۇئەككىلى» ، «بېلىق كۆلدى» قاتارلىق چۆچەكلەر مۇشۇ تىپقا تەۋە چۆچەكلەردۇر . بۇلارنىڭ ئورتاق ۋەقەلىكى مۇنداق : بىر سودىگەر كىشى يولدا ئادەم بېشىنىڭ سۆڭىكىنى ئۇچرىتىپ ، ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بۇ كاللا سودىگەرنىڭ قىزىنى ھامىلىدار قىلىپ قويىدۇ . غەزەپلەنگەن سودىگەر ئۇنى دەرياغا تاشلىۋېتىدۇ . كاللا ئالتۇنبېلىققا ئايلىنىدۇ ـ دە ، «تىرىكىم مىڭغا ، ئۆلۈكۈم يەنە مىڭغا تېتىيدۇ» دەيدۇ . كېيىن بۇ ئالتۇنبېلىقنى بىر بېلىقچى تۇتۇۋېلىپ ، پادىشاھقا سوۋغا قىلىدۇ . بىر كۈنى پادىشاھنىڭ خوتۇنلىرى بۇ بېلىقنى تاماشا قىلىۋاتقاندا ، كەنجى خانىشىنىڭ نېنى تىترەپ كېتىدۇ ـ دە ، يۈزىنى يېپىۋالىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بېلىق ئۆلۈپ قالىدۇ . سودىگەرنىڭ قىزىغا كەلسەك ، ئۇ بىر ئوغۇل تۇغىدۇ . بۇ بالا غايىبتىن تۆرەلگەچكە «غايىب قارىي» دەپ ئاتىلىدۇ . مانا شۇ غايىب قارىي چوڭ بولغاندا ئۆزىنىڭ دادىسىنىڭ (يەنى كاللىنىڭ) سىرىنى باشقىلارغا ئېيتىپ بېرىدۇ .

«ئىرادىلىك شاھزادە» ناملىق يەنە بىر چۆچەكتە بايان قىلىنىشىچە ، بىر شاھزادىنىڭ ئايالىنى دېۋىلەر ئېلىپ قېچىپ كېتىدۇ . شاھزادە ئۇنى قۇتقۇزۇپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىققاندا ئۇنىڭغا بىر باشنىڭ سۆڭىكى ئۇچراپ ، شاھزادىگە مەسلىھەت بېرىدۇ . شاھزادە مانا شۇ كاللىنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىپ ، دېۋىلەرنى ئۆلتۈرۈپ ، ئايالىنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ .

«ۋاپادارلار» ناملىق يەنە بىر چۆچەكنىڭ ۋەقەلىكى باشقىچىرەك . ئۇنىڭدا بايان قىلىنىشىچە ، بىر ئادەمنىڭ قۇلان ئېتى يوقاپ كېتىپ ، چوڭ ئىككى ئوغلى تېپىپ كېلەلمەي ، كىچىك ئوغلى تېپىپ كېلىش

ئۇچۇن سەپەرگە ئاتلىنىدۇ . ئۇ يول ئۇستىدە قەبرىستانلىقتا بىر ئۆلۈك بىلەن تونۇشۇپ ، ئۇنىڭ بىلەن دوست بولىدۇ . ئۇ ئۆلۈكنىڭ يۇرتىغا بېرىپ ، ئۇنىڭ ئېتىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ . بۇ ئۆلگەن ئات ئۆلگەن يىگىتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، بىر تىرىك ، بىر ئۆلۈك ئىككى يىگىت سەپەرگە ئاتلىنىپ ، دىۋىلەرنى يوقىتىپ ، قۇلان ئاتنى قۇتقۇزىدۇ ۋە دۆلەتكە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن بىر ئارمىيىنى مەغلۇپ قىلىپ شۆھرەت قازىنىدۇ . ئۇلار بىر ـ بىرىگە سادىق بولۇپ ياشاپ قالىدۇ .

يۇقىرىدا بىز «بىلىق شاھزادە» (16 ـ تىپ ) نى بايان قىلغاندا ياۋروپادا تارقالغان «مىننەتدار ئۆلۈك» (AT506 ) ناملىق چۆچەكنىڭ مەزكۇر چۆچەككە ئازراق ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى بايان قىلغان ئىدۇق ، شۇڭا بىز بۇ يەردە ئۇنى تەكرارلاپ ئولتۇرمايمىز .

## (14) تەقدىر ۋە ئامەت ھەققىدىكى چۆچەكلەر

**65 ـ تىپ : پادىشاھ بولۇش تەقدىرىگە پۈتۈلگەن يىگىت .** «خال پالۋان» ناملىق چۆچەك مۇشۇ تىپقا ۋەكىل بولالايدۇ . ئۇنىڭدا بايان قىلىنىشىچە ، بىر زالىم پادىشاھ ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە پال ئاچقۇزىدۇ . پالچى ئۇنىڭغا «مۇشۇ شەھەردە بۇ يىل تۇغۇلىدىغان بىر ئوغۇل بالا كەلگۈسىدە سىلىنىڭ تەختلىرىنى تارتىۋالغۇدەك» دەيدۇ . بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ دەرھال بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ، پۈتۈن شەھەردىكى بۇ يىل تۇغۇلغان باللارنى ۋە ئېغىرئاياغ ئاياللارنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ . بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئېغىرئاياغ ئايالىنى ئېلىپ كېچىدە قېچىپ كېتىدۇ . ئۇلار تاغقا بېرىپ گەمىدە ياشايدۇ . بۇ ئايال ئوغۇل تۇغىدۇ . ئۇنىڭغا «خال» دەپ ئىسىم قويىدۇ . خال 18 ياشقا كىرگەندە دىۋىلەر ئۇنى ئېلىپ قېچىپ ، غارغا سولايدۇ . شۇنىڭ بىلەن «قەھرىمانىنىڭ دىۋىنى ئۆلتۈرۈپ ئادەملەرنى قۇتقۇزۇشى» ۋەقەسى يۈز بېرىدۇ (3 ـ موتىف ) ، ئاندىن ئۇ قۇتۇلدۇرۇلغان ئادەملەرگە باشچىلىق قىلىپ ، شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىپ ، زالىم پادىشاھنى يوقىتىپ ، ئۆزى تەختكە ئولتۇرىدۇ .

بۇ خىل خاراكتېردىكى چۆچەكلەر خەلقئارادىمۇ نۇرغۇن تارقالغان . تومپسوننىڭ ئىندېكسىگە كىرگۈزۈلگەن 930 ـ چۆچەك دەل

مانا شۇنداق مەلىكە بىلەن توي قىلىش ۋە پادىشاھ بولۇش پېشانىسىگە پۈتۈلگەن يىگىت توغرىسىدىكى چۆچەكتۇر . تومپسون بۇ چۆچەك ئەڭ دەسلەپ ھىندىستاندا پەيدا بولۇپ ، مىلادىيە 1 ـ ئەسىردىلا خاتىرىگە ئېلىنغان ، شۇنىڭدىن كېيىن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان دەيدۇ (15 ـ ماتېرىيال 166 ـ بەت ) .

66 ـ تىپ : خانىش بولۇش تەقدىرىگە پۈتۈلگەن قىز . «باياۋان قىزى » ناملىق چۆچەكنىڭ قىسقىچە ۋەقەلىكى مۇنداق : پادىشاھ شىكار ئۈستىدە نىكاھ مۇئەككىلى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ . نىكاھ مۇئەككىلى ئۇنىڭ ئالتە ياشلىق ئوغلىنىڭ ھازىر تۇغۇلۇش ئالدىدا تۇرغان بىر تۇل خوتۇننىڭ قىزى بىلەن كەلگۈسىدە توي قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ . غەزەپلەنگەن پادىشاھ ھېلىقى ئېغىرئاياغ تۇل خوتۇننى تاپتۇرۇپ كېلىپ ، جاللاتلارغا ئۇنى جاڭگالغا ئاپىرىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشنى بۇيرۇيدۇ . جاللاتلار ئۇنى جاڭگالغا ئاپارغىچە بۇ ئايال بىر قىز بوۋاق تۇغىدۇ . ئۇلار ئايالنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ، بوۋاقنى جاڭگالغا تاشلىۋېتىپ كېلىدۇ . بۇ قىز بوۋاقنى بىر كېيىك بېقىپ چوڭ قىلىدۇ . شاھزادە بالاغەتكە يەتكەندە شىكارغا چىقىپ ، بۇ قىزنى ئۇچرىتىپ ئۇنى ئوردىغا ئېلىپ كېلىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ . كېيىن پادىشاھ ئۆز كېلىنىنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئانىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكىنىگە كۆپ پۇشايمان قىلىدۇ .

67 ـ تىپ : ئۆلۈك يىگىتنىڭ خوتۇنى . بۇ تىپتىكى چۆچەكلەر ئۇيغۇرلار ئىچىدە كۆپ تارقالغان بولۇپ ، «يېتىم قىز » ، «ئۆلۈك يىگىتنىڭ خوتۇنى » ، «ساڭگاسىۋىتاش » قاتارلىقلار ئەنە شۇ تىپقا تەۋە چۆچەكلەردۇر . بۇ چۆچەكلەرنىڭ ئورتاق سۇژېتى مۇنداق : بىر موللام ئۆزىدە ئوقۇۋاتقان بىر قىزنىڭ ئۆلۈك يىگىت بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ . دېگەندەك ، بىر كۈنى بۇ قىز سۇ ئىزدەپ كىرگەن بىر ئۆيگە سولىنىپ قېلىپ ، ئۇ يەردىكى بىر ئۆلۈك يىگىتكە ھەمراھ بولۇشقا مەجبۇر بولىدۇ . بۇ يىگىتنىڭ يېنىدىكى «ئەگەر بىر قىز 41 كۈن يەلپۈسە ، بۇ يىگىت تىرىلىدۇ ۋە ئۇ قىزنى نىكاھىغا ئالىدۇ » دېگەن خەتنى كۆرۈپ ، ئۇنى يەلپۈشكە باشلايدۇ . 41 كۈن توشقاندا ، بۇ قىز يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يەنە بىر قىزنى چاقىرىپ ، يىگىتنى يەلپۈپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ ، ئۆزى يۇيۇنغىلى كىرىپ كېتىدۇ . شۇ

ئارىلىقتا يىگىت تىرىلىپ ، ھېلىقى بىردەم يەلپۈگەن قىزنى نىكاھىغا ئالىدۇ . 41 كۈن يەلپۈگەن قىز يۇيۇنۇپ چىقىپ ، بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ ، ئامالسىز ئۇلارنىڭ دېدىكى بولۇپ ئىشلەيدۇ . كېيىن ساڭگال- سۆڭتاش دەپ ئاتىلىدىغان بىر سىرلىق تاشنىڭ ياردىمى بىلەن ھەممە سىرنى ئاشكارىلايدۇ . يىگىت ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن بىردەم يەل- پۈگەن قىزنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپ ، بۇ قىزنى نىكاھىغا ئالىدۇ

68 ـ تىپ : ئاپەت ۋە ئامەت . «ئادىلخان» ، «شەپقەتلىك پادىشاھ» نامىلىق چۆچەكلەر مەزكۇر تىپقا ۋەكىللىك قىلىدۇ . بۇلارنىڭ ئورتاق ۋەقەلىكى مۇنداق : بىر سېخىي ۋە ئادىل پادىشاھ بولۇپ ، ئۇ ئۈچ ئىنساپسىز قەلەندەرنىڭ تىلىكىنى بەجا كەلتۈرۈپ ، بىرىنچىسىگە نۇر- غۇن ئالتۇن ، ئىككىنچىسىگە ئۆزىنىڭ چوڭ خوتۇنىنى ، ئۈچىنچىسىگە ئۈچ كۈنلۈك پادىشاھلىق ھوقۇقىنى بېرىۋېتىدۇ . بىراق ، ئۈچ كۈن توشقاندا ھېلىقى قەلەندەر ھوقۇقنى قايتۇرۇپ بېرىش ئۇياقتا تۇر- سۇن ، پادىشاھنى كىچىك خوتۇنى ۋە ئۈچ بالىسى بىلەن ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىدۇ . بىردىنلا بېشىغا ئاپەت ياغقان بىچارە پادىشاھ بالىلىرىنى ئېلىپ يىراققا سەپەر قىلىدۇ . بىراق ، بالا ـ قازا كەينى ـ كەينىدىن كېلىشكە باشلايدۇ . دەريا بويىدا ئىككى سودىگەر ئۇلارنى سۇدىن ئۆتكۈزۈپ قويىمىز دەپ ئالداپ ، ئۇنىڭ بىر ئوغلى بىلەن قىزىنى ئېلىپ قاچىدۇ ، يەنە بىر ئوغلى سۇدا ئېقىپ كېتىدۇ . بىر ھىيلىگەر ئادەم خوتۇنۇمنىڭ تۇغۇتىغا ياردەملەشسە ، دەپ ئۇنىڭ ئايالىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، ئۇ ئايالى ۋە ھەممە بالىلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا يەنە ئارقا ـ ئارقىدىن ئامەت كېلىشكە باشلايدۇ : بېشىغا ھۇما قۇشى قونۇپ ، باشقا بىر شەھەرگە پادىشاھ بولىدۇ (24 ـ موتىف ) ، ئايالى قېچىپ كېلىپ ئۇنى تاپىدۇ . ئىككى ئوغلى خىزمەتچىسى سۈپىتىدە ئۇنىڭ ئوردىسىغا كېلىدۇ ، قىزىنى ئېلىپ قاچقان سودىگەر نۇتۇلىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، بىردىنلا ئۇلارنىڭ ھەممىسى جەم بولىدۇ .

69 ـ تىپ : رېئاللىقتا ئايلانغان چۈش . «خاسىيەتلىك چۈش» ، «سالىق باي» نامىلىق ئىككى چۆچەككە ئورتاق بولغان ۋەقەلىك مۇن- داق : بىر تاز چۈشىدە ئوك تەرىپىدە كۈن ، سول تەرىپىدە ئاينى قۇچاقلاپ ياتقانمىش . چۈشكە تەبىر بەرگۈچى ئۇنىڭغا كەلگۈسىدە پەرد-

نزات ۋە مەلىكە بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ . بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان مەلىكە قورقۇپ كېتىپ ، ئۆزى ياخشى كۆرگەن يىگىت بىلەن قاچماقچى بولىدۇ ، ئەمما كېچىدە ئۇ تازنى ئۆز يىگىتىگە ئوخ- شىتىپ ، ئاتقا مىندۈرۈپ ، باشقا شەھەرگە ئېلىپ قاچىدۇ (25 ـ موتىف ) . شۇنداق قىلىپ ، تاز مەلىكىنىڭ ئېرى بولۇپ قالىدۇ . كېيىن بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى مەلىكىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن تازغا قىيىن شەرت قويىدۇ . تاز مەلىكىنىڭ ياردىمىدە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئورۇندايدۇ ۋە دىۋىلەر ماكانىدىكى پەرىزاتنى قۇتۇلدۇرۇپ ، ئۇنىمۇ نىكاھىغا ئالىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، قانچىلىك توسقۇنلۇق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، بەربىر ئۇنىڭ چۈشى رېئاللىققا ئايلىنىدۇ .

**70 ـ تىپ : تەلەيسىز ئادەم .** «غوجا سېلىم» ناملىق چۆچەكتە بايان قىلىنىشىچە ، غوجا سېلىم دېگەن بىر باي ئادەم تۇيۇقسىز ئېغىر كېسەلگە دۇچار بولۇپ ، يەتتە يىلدا ئاران ساقىيىدۇ ، ئەمما كېسىلىنى ساقايتىش ئۈچۈن بارلىق مال ـ مۈلكىنى سەرپ قىلىپ تۈگىتىدۇ . كېيىن ئۇ ئۇرۇشقا قاتنىشىپ ، دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ ۋە تۈرمىگە تاشلىنىدۇ . ئون يىلدىن كېيىن تۈرمىدىن قېچىپ چى- قىپ ، رودۇپايلار يۇرتىغا بېرىپ قالىدۇ . بىر رودۇپاي ئۇنىڭغا چاپلى- شىۋېلىپ ، ئىككى يىل ئاۋارە قىلىدۇ . ئاخىر ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ مايمۇنلار شەھىرىگە بېرىپ قالىدۇ . مايمۇن پادىشاھى ئۇنى مەجبۇرىي ئۆزىگە ئەر قىلىۋالىدۇ . غوجا سېلىم پۇرسەت تېپىپ بۇ يەردىنمۇ قاچىدۇ ، بىراق دېڭىزگە تۇتۇلۇپ ، ئۆڭكۈرگە سولىنىدۇ . بىر مۇددەت- تىن كېيىن بۇ يەردىنمۇ قېچىپ ئاران تەستە يۇرتىغا كېلىۋالىدۇ . بىراق ، شۇ كۈنى كەچتە قوشنىسىنىڭ تۆھمىتى بىلەن يەنە زىندانغا تاشلىنىپ 27 يىل زىنداندا ياتىدۇ . بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئاللىقاچان 90 ياشقا يېقىنلىشىپ قالىدۇ .

«قەمەر بىلەن شەمەر» ناملىق يەنە بىر چۆچەكتىمۇ كەنجى ئوغۇل شەمەرنىڭ كەينى ـ كەينىدىن بالا ـ قازاغا ئۇچرىغانلىقى بايان قىلىنى- دۇ . دەسلەپتە ئۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ ، بىراق كارۋانلار توپىنىڭ خۇداغا يېلىنىشى بىلەن ئۇ قايتا تىرىلىدۇ ، شۇنىڭدىن كېيىن بىر ئەسكى ئادەم ئۇنىڭدىن ئەجدىھانى ئۆلتۈرگەنلىك شەرىپىنى تالىشىپ ، ئۇنى خەنجەر بىلەن ئېغىر يارىلاندۇرىدۇ . بىراق ، ئۇ بىر كوزىچى تەرىپە-

ىدىن قۇتۇلدۇرۇلىدۇ . كېيىن بىر سودىگەر شەمەرنىڭ خوتۇنىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ پۇت ـ قولىنى باغلاپ دەرياغا تاشلىۋېتىدۇ. شەمەر دەريادا چوڭ بىر بېلىققا يەم بولۇپ كېتىدۇ . بىر بېلىقچى بېلىقنى تۇتۇپ ، ئىچىنى يېرىپ شەمەرنى قۇتـۇلـدۇرۇۋالـىدۇ ، ۋەھاكازا .

## (15) خاسىيەتلىك ئادەملەر ھەققىدىكى چۆچەكلەر

71 ـ تىپ : ئايىغىدىن ئالتۇن تۆكۈلىدىغان قىز . «ئالتۇن ئاياغ-لىق قىز» ناملىق چۆچەكنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى مۇنداق : شاھزادە بىر دېھقاننىڭ قىزى بىلەن توي قىلىدۇ . بۇ قىز ماڭسا ئايىغىدىن ئالتۇن تۆكۈلۈپ تۇرىدىكەن . شاھزادە قىزنى ئېلىپ كېتىۋېتىپ ، بىر موماينىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالىدۇ . بۇ موماي يالماۋۇز ئىكەن ، ئۇ قىزنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ قىزىنى نىقابلاپ شاھ-زادىگە بېرىدۇ . شاھزادە بۇنى سەزمەي ، يالماۋۇزنىڭ قىزىنى ئېلىپ كېتىدۇ . بىر ئوتۇنچى بوۋاي ھېلىقى قىزنىڭ ئۆلۈكىنى تېپىۋېلىپ ئۇنى ئۆيىگە ئەكېلىدۇ . قىز تىرىلىپ ماڭىدۇ ۋە ئايىغىدىن تۆكۈلگەن ئالتۇن بىلەن ئۇلارنى باي قىلىۋېتىدۇ . بىراق ، بۇ قىز يەنە ئۆلۈپ كېتىدۇ . ئوتۇنچى گۈمبەز قاتۇرۇپ ئۇنى دەپنە قىلىدۇ . بۇ ئۆلگەن قىز گۈمبەزنىڭ ئىچىدە بىر ئوغۇل تۇغىدۇ ، كېيىن شاھزادە ئوۋغا چىقىپ بۇ يەرگە كېلىپ ، بالىنى كۆرۈپ قالىدۇ ۋە گۈمبەزگە كىرىپ قىزنىڭ جەسىتىنى يۆلەيدۇ . قىز تىرىلىپ ھەممە سىرنى ئاشكارىلاي-دۇ . شاھزادە يالماۋۇز ۋە ئۇنىڭ قىزىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ .

72 ـ تىپ : كۆزىدىن مەرۋايىت چېچىلىدىغان قىز . «زۇلخۇمار» ناملىق چۆچەك مۇشۇ تىپقا تەۋە بولۇپ ، ئۇنىڭدا پەرىلەرنىڭ يېنىدا چوڭ بولغان بىر خاسىيەتلىك قىز توغرىسىدا ھېكايە قىلىنىدۇ . زۇلخۇمار ئىسىملىك بۇ قىز كۈلسە ئاغزىدىن گۈل تۆكۈلىدىكەن ، يىغلىسا كۆزىدىن مەرۋايىت چېچىلىدىكەن . بىر كۈنى بۇ قىزچاقنى قوزغۇن ئېلىپ قېچىپ ، ئىككى كۆزىنى ئويۇپ تاشلاپ ، قۇدۇققا تاشلىۋېتىدۇ . بىر بوۋاي زۇلخۇمارنى قۇتقۇزۇۋېلىپ ئۆيىگە ئېلىپ بارىدۇ . ئۇنىڭ كۆزىدىن چېچىلغان مەرۋايىت بىلەن ئاغزىدىن تۆكۈل-گەن گۈلنى كۆرگەن موماينىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ ، قىزنى ئۆلتۈرۈپ ،

ئىچىدىكى ھەممە بايلىقنى ئېلىۋالماقچى بولىدۇ . ئەمما ، ئۇ مەقسىتىدە- گە يېتەلمەيدۇ . زۇلخۇمار پەرىزات قىزلار تەرىپىدىن قۇتۇلدۇرۇلى- دۇ . موماي بولسا تاشقا ئايلاندۇرۇۋېتىلىدۇ . كېيىن پادىشاھ بۇ قىزنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ .

73 ـ تىپ : ئۆتكۈر كۆز ، چوڭ كاللا ۋە ئۇزۇن قول . «ئۇچ دوست» ۋە «بەڭگىلەر» ناملىق چۆچەكتە غەيرىي قابىلىيەتلىك كىشى- لەر توغرىسىدا بايان قىلىنىدۇ . چوڭ كاللا ، ئۆتكۈر كۆز ۋە ئۇزۇن قوللار دوست بولىدۇ . تاغنىڭ باغرىغا چىقىپ قارىغان ئۆتكۈر كۆز ئىككى كۈنلۈك يىراقلىقتا كېلىۋاتقان يىلقىلارنى كۆرۈپ قالىدۇ . ئۇزۇن قول قولىنى سوزۇپ يىلقىلارنى تۇتۇپ ئەكېلىۋالىدۇ . كېيىن يىلقىلارنىڭ ئىگىلىرى ئىزدەپ كېلىپ قالىدۇ . چوڭ كاللا بېشىدىكى تۇماقنى ئېلىپ نەچچە يۈز يىلقىنى تۇماقنىڭ ئىچىگە باستۇرۇپ قويى- دۇ . يىلقىچىلار كەتكەندىن كېيىن ئۇلار يىلقىلارنى تالىشىپ قالىدۇ . بەزى ۋارىيانتلىرىدا ئۇلارغا يەنە «ئۇزۇن بۇرۇن» دەيدىغان بىرى قوشۇلىدۇ . ئۆتكۈر كۆز بىلەن ئۇزۇن قول ئۇزۇن بۇرۇننىڭ بۇرنىغا كىرىپ ئۇرۇشۇپ قالىدۇ . ئۇزۇن بۇرۇننىڭ بۇرنى قىچىشىپ كېتىپ چۈشكۈرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسى ئېتىلىپ چىقىپ ، تاشقا سوقۇلۇپ ئۆلۈپ قالىدۇ .

## (16) ياخشى ۋە يامان ھەمراھ ھەققىدىكى چۆچەكلەر

74 ـ تىپ : سادىق دوست . «كۆز پەرىخان» ، «كۆكۈلداش» ۋە «ئەقىللىق شاھزادە بىلەن گۆھەر مەلىكە» قاتارلىق چۆچەكلەرنىڭ ھەممىسىدە شاھزادە بىلەن ئۇنىڭ سادىق دوستى توغرىسىدا ھېكايە قىلىنىدۇ . شاھزادە يىراق جايدىكى مەلىكىنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ ۋە ئۇنى تېپىش ئۈچۈن دوستى بىلەن يولغا چىقىدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ دوستى ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى ۋە ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ شاھزادىنى قوغدايدۇ . ئۇلار مەلىكىنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن ، يەنە قاراقچىلار بىلەن ئېلى- شىدۇ ، مەلىكىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان پادىشاھ بىلەن ئۇرۇش قىلى- دۇ ، مەلىكىنى ئېلىپ قاچقان دىۋىنى ياكى جادۇگەرنى يوقىتىدۇ . ئىش قىلىپ ، ئۇلار نۇرغۇن خېيىمخەتەر ۋە جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە

يولۇقىدۇ . بۇ جەرياندا شاھزادىنىڭ دوستى باشتىن ـ ئاخىر شاھزادىگە بولغان سەمىمىي ساداقىتىنى ئىپادىلەيدۇ . ئەمما ، مەلىكىنى يىلان چېقىۋالغاندا ، ئۇنىڭ بەدىنىدىكى زەھەرنى شورۇۋەتمەكچى بولغان دوستىنى شاھزادە خاتا چۈشىنىپ قېلىپ ، ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىدۇ . بىراق ، ئاخىر ھەممە ئىش ئېنىق بولۇپ ، شاھزادە دوستىدىن كەچۈرۈم سورايدۇ ۋە ئۇلار ئىناق بولۇپ بەختلىك ياشايدۇ .

بۇ چۆچەكنىڭ ۋەقەلىكى بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن «بېلىق شاھزادە» (16 ـ تىپ) نىڭ ۋەقەلىكى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن .

بۇ چۆچەك خەلقئارادا كەڭ تارقالغان «سەمىمىي جون» (AT516) چۆچىكىنىڭ بىر ۋارىيانتىدۇر . گەرچە «سەمىمىي جون» چۆچىكىدىكى ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتى مەزكۇر تىپقا ئانچە ئوخشاپ كەتمىسىمۇ ، لېكىن ئومۇمىي مەزمۇنى ئوخشاش ، يەنى ئۇ چۆچەكتىمۇ شاھزادىنىڭ جون ئىسىملىك يېقىن دوستى داۋاملىق شاھزادىنى قوغداپ ، ئۇنىڭ مەلىكىنى قولغا چۈشۈرۈشىگە ياردەملىشىدۇ . چۆچەكنىڭ ئاخىرىدا خۇددى ئۇيغۇر چۆچىكىگە ئوخشاشلا ، مەلىكىنى يىلان چېقىش ۋەقەسى يۈز بېرىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا «كۆچلۈك كېلىن» (AT519) ناملىق چۆچەكمۇ مەزكۇر تىپنىڭ بىر ۋارىيانتىدۇر . تومپسون «سەمىمىي جون» ناملىق چۆچەكنى روسخ (Rosch) ۋە كارل كروخن قاتارلىق ئالىملارنىڭ تەپسىلىي تەتقىق قىلغانلىقىنى ، بۇ چۆچەكنىڭ ھىندىستاندا پەيدا بولۇپ ، ياۋروپاغا تارقالغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ .

**75 ـ تىپ : ئاق كۆكۈل بىلەن ئالا كۆكۈل .** «دانا بىلەن نادان» ، «ئىككى يولۇچى» ، «ئاق كۆكۈل بىلەن ئالا كۆكۈل» ، «نامەردنىڭ ئۆلۈمى» قاتارلىق چۆچەكلەر ئەنە شۇنداق چۆچەكلەردۇر . بۇ تۆت چۆچەكنىڭ ئورتاق ۋەقەلىكى مۇنداق : بىر ئاق كۆكۈل يىگىت بىلەن بىر ئالا كۆكۈل يىگىت بىللە سەپەر قىلىدۇ . ئالا كۆكۈل ئاق كۆكۈلنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكىنى بىللە يېيىشىپ ، تۈگەتكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئوزۇقىنى ئۇنىڭغا ئازراقمۇ بەرمەيدۇ . ئاچلىقتىن ئۆلەر ھالەتكە يەتكەن ئاق كۆكۈل ئالا كۆكۈلدىن ئايرىلىپ ، بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرىدۇ . شۇ چاغدا بىر توپ بۆرىلەر كېلىپ

دۆڭنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرۇپ سۆھبەتكە چۈشىدۇ . ئۇلار مۇشۇ دۆڭنىڭ تەكتىدە بىر كۆپ ئالتۇن بارلىقى ھەققىدە ۋە مەلىكىنىڭ كېسىلىنى ساقايتىدىغان دورا ھەققىدە سۆزلىشىدۇ . بۇلارنى ئاڭلىغان ئاق كۆڭۈل ئالتۇنلارنى ئالىدۇ ۋە شەھەرگە كىرىپ ، ئېغىر كېسەلگە يولۇققان مەلىكىنى بۆرىلەر ئېيتقان رېتسېپ بويىچە داۋالاپ ساقايتىدۇ . پادىشاھ ئۇنىڭ بىلەن مەلىكىنىڭ توينى قىلىپ قويىدۇ . كېيىن بۇنى ئاڭلىغان ھېلىقى ئالا كۆڭۈل بۆرىلەرنى ئىزدەپ بارغاندا بۆرىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ .

«ئاكا ـ ئۇكا»ناملىق يەنە بىر چۆچەكنىڭ ۋەقەلىكى خاراكتېر جەھەتتىن يۇقىرىقى تىپ بىلەن ئوخشايدۇ . ئەمما ، ئۇنىڭدىكى سەپەرداشلار ئاكا ـ ئۇكا بولۇپ ، ئۇكىسى قارىغۇ بولغاچقا ، ئاكىسىغا ئۇنى بېقىش ئېغىر كېلىپ ، ئۇنى ئەسكى تۇگمەنگە تاشلاپ قاچىدۇ . ئۇكىسى تۇگمەندە ئىككى چاشقاننىڭ سۆھبىتىنى ئاڭلاپ ، نۇرغۇن سىرلارنى بىلىۋالىدۇ . ئۇ چاشقانلارنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىپ كۆزىنى ساقايتىدۇ ۋە نۇرغۇن بايلىققا ئىگە بولىدۇ . ئاخىرىدا يەنە مەلىكىنىڭ كېسىلىنى ساقايتىپ ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدۇ ۋە پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرىدۇ .

مەزكۇر چۆچەك خەلقئارادىكى «ئىككى يولۇچى» (AT613) ناملىق چۆچەكنىڭ بىر ۋارىيانتى . تومپسوننىڭ تەكشۈرۈشىچە ، بۇ چۆچەك ئىنتايىن بۇرۇنلا (تەخمىنەن بۇنىڭدىن 1500 يىل بۇرۇن ) ھىندى يازمىلىرى ۋە جۇڭگونىڭ بۇددا دىنى كىتابلىرىدا خاتىرىلەنگەن . بۇ چۆچەك پۈتكۈل ياۋروپا ، غەربىي ئاسىيا ، جۇڭگو ، ھىندىستان ، سىرىلانكا ، ۋېيتنام ، كورىيە ، شىمالىي ۋە ئوتتۇرا ئافرىقا ، ئامېرىكا ، كانادا ، مېكسىكا ۋە ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئىندىئانلار ئارىسىغا كەڭ تارقالغان (15 ـ ماتېرىيال 99 ـ ، 100 ـ بەتلەر ) .

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# قوشۇمچە :

## 1 . ئۇيغۇر خەلق ئاغزاكى ھېكايىلىرىدىكى ھايۋانات ئوبرازلىرى

ھايۋانات — ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم ماتېرىيالى ، ئۇ كىشىلەرنىڭ يېمەك - ئىچمىكىنىڭ ، كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ مەنبەسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قورالى بولۇپ خىزمەت قىلىپ كەلگەن . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئەمگەكچى خەلق ئۆزلىرىنىڭ ئاغزاكى ئەدەبىياتىدا ئۇنى كەڭ تۈردە ئەكس ئەتتۈرگەن . ھايۋانات ئوبرازلىرى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ھېكايە خاراكتېرلىك ژانىرلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئۇچرايدۇ . ئەمما ، ئۇنىڭ ھەربىر ژانىردىكى خاراكتېرى ، ئورنى ۋە رولى ئوخشىمايدۇ . تۆۋەندە بىز بۇ ھەقتە بىر - بىرلەپ مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ ئۆتىمىز .

### (1) ئەپسانىلەردىكى ھايۋانات ئوبرازلىرى

ئەپسانىلەردىكى ھايۋانات ئوبرازى دېگەندە ئاساسەن ، ئەپسانىلەردە ھېكايە قىلىنىدىغان توتېم ھايۋانلىرىنى كۆزدە تۇتىمىز .

توتېم — ئىپتىدائىي ئېتىقادلارنىڭ بىرى . ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئانىمىزملىق كۆزقاراشقا باغلىق . ئانىمىزم ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ دۇنيا قارىشى بولۇپ ، ئۇ دىنىي ئەپسانىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئىدىيىۋى ۋە پەلسەپىۋى ئاساس . ئىپتىدائىي جەمئىيەت شارائىتىدا كىشىلەر بىلىش سەۋىيىسى ئىنتايىن تۆۋەن بولغاچقا ، ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەرنى توغرا تونۇپ يېتەلمىگەن . ئۇلار دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەر ، مەيلى ھايۋان ، ئۆسۈملۈك بولسۇن ، مەيلى باشقا جانسىز نەرسىلەر بولسۇن ، ھەممىسىدە روھ بولىدۇ ، دەپ قارىغان . ئۇلار يەنە بۇ خىل ئانىمىزملىق كۆز-

قاراش ئاساسىدا ، ئىنسان بىلەن تەبىئەت دۇنياسى ئوتتۇرىسىدا قان - قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت بار ، دەپ تونۇغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى مەلۇم ھايۋان ياكى دەرەخكە باغلاپ ، ئۇنىڭغا چوقۇنغان . مانا بۇ توتېم ئېتىقادىدۇر .

ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئاساسلىق توتېم قىلىنغان نەرسە ھايۋان ئىدى . ئىنسانلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ھايۋانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ بولغانلىقتىن ، كىشىلەر كۆرۈش قۇۋۋىتى ، پۇراش سېزىمى ، مېڭىش سۈرئىتى ، كۈچ - قۇدرىتى ۋە ھوشيارلىقى جەھەتتە ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بەزى ھايۋانلارغا چوقۇنغان ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش نەسلى ، قوغدىغۇچىسى ، باشپاناھى ۋە مەدەتكارى دەپ تونۇغان . كېيىنكى كۈنلەردە بۇ خىل توتېم ھايۋانلىرىنىڭ ئاجايىپ ئىقتىدارى ھەققىدە نۇرغۇن ئەپسانىلەرنى ئىجاد قىلغان . تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئاتا - بوۋىلىرى مانا شۇنداق ئېتىقاد قىلغان ئىلاھىي ھايۋاننىڭ بىرى بۆرىدۇر .

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۆرە ھەققىدە نۇرغۇن ئەپسانىلەر تارقالغان . ئۇنىڭ بىرىدە بىر چىشى بۆرىنىڭ ئادەمدىن ھامىلىدار بولۇپ ، ئون بالا تۇغقانلىقى ، بۇ بالىلار چوڭ بولۇپ ، كۆپىيىپ تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنى شەكىللەندۈرگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ . يەنە بىر ئەپسانىدە ھېكايە قىلىنىشىچە ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بىر ئۇرۇشتا دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ ، تاغنىڭ قاپتىلىغا قامىلىپ قالىدۇ . ئۇلار شۇنداق قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا ، ئۇشتۇمتۇت بىر بۆرىنىڭ تاغ تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىدۇ . خەۋپتە قالغان كىشىلەر بۆرىگە ئەگىشىپ مېڭىپ قاراڭغۇ غارنىڭ ئىچىدىن ئۆتۈپ ، تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى جەننەتتەك بىر يايلاققا چىقىپ قالىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ ، بۇ جايدا ياشاپ كۆپىيىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ، بۆرە ئىلاھى ھەققىدىكى ئەپسانىلەردە يەنە ھون تەڭرىقۇتىنىڭ قىزى بىلەن بۆرىنىڭ جۈپلەشكەنلىكى ، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىققانلىقى ھەققىدىمۇ بايانلار بار . يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى ، ئەپسانىلەردىكى بۆرە ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا باغلىنىپلا قالماستىن ، يەنە ئۇ ئۇيغۇر قەبىلە-

لىرىنىڭ قوغدىغۇچىسى ۋە ھىمايىچىسى سۈپىتىدىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئەپسانىلەردە بۆرىنىڭ ياراتقۇچىلىق ئىقتىدارى ۋە كىشىلەرگە باشپاناھ بولالايدىغان قۇدرىتى كونكرېت ۋەقەلەر ئىچىدە جانلىق كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يەنە ئۇرۇش تەڭرىسى ئاق ئاتقا مىنىپ يۈرىدىغانلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئەجدادلىرىدىن بولغان نىشدۇ ئىسىملىك كىشىنىڭ ئوغلىنىڭ غازغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ كالىغا ئەگىشىپ ماڭغانلىقى توغرىسىدىمۇ قىزىقارلىق ھېكايىلەر بار (69 ـ ماتېرىيال 464 — 466 ـ بەتلەر).

دېمەك، ئەپسانىلەردە ئوتتۇرىغا چىقىدىغان بۆرە، ئات، كالا، غاز قاتارلىقلار ئادەتتىكى ھايۋانلار سۈپىتىدە ئەمەس، ئىلاھىي ھايۋانلار سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئەپسانىلەردە بايان قىلىنىدىغان ھايۋانلار كىشىلەرنىڭ چوقۇنىدىغان، ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە ئۇلۇغلايدىغان ئوبيېكتىدۇر.

ئەپسانىلەردىكى ھايۋانلار ھايۋانلارنىڭ خەلق ھېكايىلىرىدە ئەڭ دەسلەپكى قەدەمدە ئىپادە قىلىنىشى بولۇپ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھايۋانلارنى ھېكايىلاشتۇرۇشنىڭ مۇقەددىمىسى ئېچىلدى.

## (2) سېھىرلىك چۆچەكلەردىكى ھايۋانات ئوبرازلىرى

سېھىرلىك چۆچەكلەر ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرلىرىدا بارلىققا كەلگەن. ئەڭ دەسلەپكى سېھىرلىك چۆچەكلەردە قەدىمكى جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئانىمىزملىق ئېتىقادلىرى ۋە سېھىرگەرلىك كۆزقاراشلىرى ئاساس قىلىنىپ، تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئىپتىدائىي تۇرمۇش ئادەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئەپسانىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى زىچ ئىدى. كېيىنكى دەۋرلەردىكى سېھىرلىك چۆچەكلەردە ئىپتىدائىي جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئېتىقادلىرى قىسمەن ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ھېكايىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدا تۈپتىن ئۆزگىرىش ھاسىل بولدى. يەنى فېئودالىزم جەمئىيىتىدىكى كىشىلەرنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرى، گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىشلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارزۇلىرى فانتازىيە ۋاستىسى

ئارقىلىق ئىپادە قىلىپ بېرىلىدىغان بولدى .
بۇ خىل چۆچەكلەرنىڭ ئاساسىي تېمىسى ۋە ئۇنىڭدىكى تەپسىلات-لارنىڭ كۆپىنچىسى روشەن ھالدا فېئودالىزم دەۋرىدىكى رېئال تۇر-مۇشنى ئىپادە قىلىدۇ . بىراق ، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ، ئۇنىڭدا يەنىلا ئىپتىدائىي كۆزقاراش ۋە ئىپتىدائىي تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ ئىزلىرى ساقلىنىپ قالغان . بۇلاردا دائىم تەبىئەتكە چوقۇنۇش ، سېھىرگەرلىك ئادەتلىرى ۋە توتېم ئېتىقادلىرىنىڭ قالدۇقلىرى ئۇچراي-دۇ . سېھىرلىك چۆچەكلەردىكى ھايۋانلار دەل ئەنە شۇ ئىپتىدائىي توتېم كۆزقارىشىدىن كېلىپ چىققان . بىراق ، بۇ خىل ھايۋانلار ئەپسانىلەردىكى قالتىس قۇدرەتلىك ئىلاھىي ھايۋان ئەمەس ، بەلكى ئىنسانلارنىڭ سادىق دوستى ۋە ياردەمچىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ . شۇبھىسىزكى ، سېھىرلىك چۆچەكلەردىكى بۇ خىل ئوبرازلار قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھايۋانلارنى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇلارغا چوقۇنۇش ئىدىيە-سى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن . ئەمما ، ئۇ ئەپسانىلەردىكى ھايۋانلار-دىن پەرقلىنىدۇ ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي پەرقى شۇكى ، ئەپسانىلەردىكى ھايۋانلار ئىلاھ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بولۇپ ، ياراتقۇچىلىق قۇدرى-تىگە ئىگە ، شۇڭا ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد ئوبيېكتى بولىدۇ . سېھىرلىك چۆچەكلەردىكى ھايۋانلار ئەپسانىلەردىكىدەك ئىلاھىي كۈچ- قۇدرەتكە ئىگە ئەمەس . ئۇ پەقەت كىشىلەرنىڭ يېقىن دوستى سۈپىتىدە ئۇنىڭغا ياردەملىشىدۇ ۋە چۆچەك قەھرىمانىنىڭ قىيىن ئىشلىرىنى ئورۇنداپ بېرىدۇ . ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۆز-ئارا ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت .

## (3) رىۋايەتلەردىكى ھايۋانات ئوبرازلىرى

بىزگە مەلۇم ، ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا كىشىلەر بىلەن ھايۋانلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ ئىدى . ئۇ چاغدا ھايۋانلار ئىنسانلارنىڭ بىردىنبىر ئوزۇقلۇق ۋە كىيىم - كېچەك مەنبەسى ئىدى . ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىپ كىشى-لەر تەبىئەت دۇنياسىنى ھەقىقىي تونۇشقا باشلىغاندىن كېيىنمۇ ھايۋانلار يەنىلا ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى بىلەن يېقىن ئالاقىدە بولۇپ كەلدى . بۇ ۋاقىتتا بەزى ھايۋانلار ئۆۋلىنىپ

ئۇزۇق قىلىندى ، بەزى ھايۋانلار ئوخشاشلا ئىنسانلارغا زىيانكەشلىك قىلىپ تۇردى . يەنە بەزى ھايۋانلار كۆندۈرۈلۈپ كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلدى . دېمەك ، ھايۋانلار باشتىن ـ ئاخىر ئىنسانلار ھاياتىنىڭ مۇھىم كاپالىتى بولۇپ خىزمەت قىلدى . مانا شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئەمگەكچى خەلق تەبىئىي يوسۇندا ھايۋانلارغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ ، ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ياشاش قانۇنىيەتلىرىنى بىلىشكە ئىنتىلدى . ئەمما ، ئىلىم ـ پەن تەرەققىي قىلمىغان ئاشۇ دەۋرلەردە كىشىلەر ھايۋانلارنىڭ ھەر خىل ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىلمىي ھالدا چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى . شۇڭلاشقا ، ئۇلار يەنىلا فانتازىيىدىن ئىبارەت بۇ ئەپچىل ۋە قىزىقارلىق بەدىئىي ئۇسۇل ئارقىلىق ھايۋانلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئىزاھلاپ بەردى . شۇنداق قىلىپ ، ھايۋانات ھەققىدىكى رىۋايەتلەر بارلىققا كەلدى .

ھايۋانات ھەققىدىكى رىۋايەتلەردە ھايۋانلارنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكلىرى ، ھەر خىل خاراكتېرلىرى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى ئاجايىپ قىزىقارلىق توقۇلما ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ بېرىلىدۇ ، ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ نەدىن ، قانداق قىلىپ پەيدا بولغانلىقىنى ئىزاھلايدۇ . مەسىلەن ، «قارلىغاچ» رىۋايىتىدە (بۇ يەردە مىسال ئېلىنغان بارلىق رىۋايەتلەر 70 ـ ماتېرىيالدىكى رىۋايەتلەردۇر) قارلىغاچنىڭ قۇيرۇقى نېمە ئۈچۈن ئاچىماق بولىدىغانلىقى ۋە پاشىنىڭ نېمىشقا غىڭشىيدىغانلىقىنى نوھ ئەلەيھىسسالامغا باغلانغان ھالدا چۈشەندۈرىدۇ . «ھۆپۈپ نېمىشقا سايرايدۇ ؟» رىۋايىتىدە بايان قىلىنىشىچە ، ھۆپۈپ ئەسلىدە سۇلايمان پادىشاھقا ۋەزىر بولغان ئىكەن . كېيىنكى پادىشاھلار ئۇنى يەكلەپ ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ . شۇڭا ، ئۇ دەرد ـ ئەلەم دەستىدە سۆگەتنىڭ كامىرىغا كىرىۋېلىپ «ھۆپۈپ ، ھۆپۈپ» دەپ نالە قىلىدىكەن . «ھۆپۈپ» دېگىنى ئۇنىڭ تىلىدا «ئاللا ، ئاللا» دېگىنى ئىكەن . ھۆپۈپنىڭ بېشىدىكى تاجى ئەنە شۇ ۋەزىرلىك مەنسىپىنىڭ يالدامىسى ئىكەن . «ئات نېمىشقا ياتمايدۇ ؟» رىۋايىتىدە ئېيتىلىشىچە ، بىر قېتىم ئات ئۇخلاۋاتقاندا تۈلكە قاتارلىق يىرتقۇچ ھايۋانلار ئۇنى يەپ كېتىشكە تاس قالغان ئىكەن ، شۇندىن كېيىن ئۇ زادىلا ياتماس بولۇپتۇ . «قاغا نېمە ئۈچۈن قارا ؟» رىۋايىتىدە بايان قىلىنىشىچە ، ئەسلىدە قاغا ئىنتايىن چىرايلىق بولۇپ ،

ئۇنىڭ بەدىنىدە رەڭگارەڭ پەيلەر جۇلالىنىپ تۇرىدىكەن . ئۇ بىر كۈنى ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ ئورمانلىقتىكى بىر پارچە ئوت يالقۇنىنى كۆرۈپ قاپتۇ . ئوت يالقۇنى قۇياش نۇرىدا رەڭگارەڭ كۆرۈنۈپ كەتكەن ئىكەن ، قاغا شۇ ھامان ھەسەت قىلىپ تۇرالماي قاپتۇ . ئۇ دەرغەزەپ بولۇپ «قايسى قۇشسەن ، مەن بىلەن گۈزەللىك تالاشماقچى بولغان ؟» دەپ ئوتقا ئۆزىنى بىر ئاتقان ئىكەن ، ئۇنىڭ پەيلىرى كۆيۈپ قاپقارا بولۇپ قاپتۇ . «پاختەك ھەققىدە رىۋايەت» تە بايان قىلىنىشىچە ، پاختەك ئەسلىدە خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ پاختىخان ئىسىملىك كېلىنى ئىكەن ، ئۇ بىر قېتىم قېيناتىسىنىڭ قولىغا سۇ بەرمەكچى بولۇپ ، قىزىق سۇنى قۇيۇۋەتكەچكە قېيناتىسىنىڭ قولى كۆيۈپ قاپتۇ . شۇنىڭ بىلەن خىزىر «خۇدايىم ، قۇش بولۇپ كەتكەيسەن» دېگەن ئىكەن ، پاختىخان شۇ ھامان قۇشقا ئايلىنىپ قاپتۇ . شۇڭا ، كىشىلەر ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمىنى سەتلەشتۈرۈپ «پاختەك» دەپ ئاتاپتۇ . پاختەك خىزىرغا سۇ قۇيۇپ بەرگەندە مۈرىسىدە لۆڭگە بار ئىكەن ، بۇ لۆڭگىمۇ شۇ پېتى قاپتۇ . پاختەكنىڭ بوينىدىكى ئاق بەلدەم ئەنە شۇ لۆڭگە ئىكەن . «يىلاننىڭ نېمە ئۈچۈن پۇتى يوق ؟» ناملىق رىۋايەتتە بايان قىلىنىشىچە ، يىلاننىڭ ئەسلىدە پۇتى بار ئىكەن ، ئۇ جەننەتكە سۇ كىرىدىغان سۇڭگۈچنىڭ يېنىدا كۈزەتتە تۇرىدىكەن . بىر كۈنى يىلان شەيتاننى سۇڭگۈچتىن جەننەتكە كىرگۈزۈۋەتكەچكە ، خۇدانىڭ ئاچچىقى كېلىپ ، ئۇنىڭ ئىچىنى تېشىغا ئۆرۈۋېتىپتۇ ۋە جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ . شۇنىڭدىن كېيىن يىلاننىڭ پۇتى يوق بولۇپ قالغانىكەن .

دېمەك ، رىۋايەتلەردە ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ خاراكتېر - خۇسۇسىيەتلىرىنى بايان قىلىش ئاساس قىلىنىدۇ ، ئەلۋەتتە ، بۇ خىل بايان ئىلمىي ئۇسۇلدىكى بايان بولماستىن ، بەلكى كۈلكىلىك فانتازىيە ئاساسىدىكى بايانىدىن ئىبارەت .

## (4) دەسلەپكى ھايۋانات ھەققىدىكى چۆچەكلەردىكى ھايۋانات ئوبرازلىرى

ھايۋانات ھەققىدىكى چۆچەكلەرمۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە پەيدا بولۇشقا باشلىغان . ئەمما ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرلىرى قويۇق ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان ھايۋانات ھەققىدىكى چۆچەكلەر

www.uyghurkitap.com

بىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن . بىزگە مەلۇم بولغان ۋە مۇشۇ كۈنگىچە خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ھايۋانات ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ مەزمۇنى ، تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى ۋە پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردىن قارىغاندا ، بۇ خىل چۆچەكلەر كېيىنرەك پەيدا بولغانلىقى مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ . ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھايۋانات ھەققىدىكى چۆچەكلىرى خاراكتېر جەھەتتىن ئىككى خىل بولۇپ ، بىر خىلىدا ھايۋانلار بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ـ توقۇنۇشلار ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ ، ئىككىنچى خىلىدا ھايۋانلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى ئىنسانلار تۇرمۇشىغا سىمۋول قىلىنىدۇ . بىرىنچى خىلدىكى چۆچەكلەرنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا ، ئۇ ئىككىنچى خىلدىكى چۆچەكلەردىن خېلىلا بۇرۇن پەيدا بولغان .

ھايۋانات ھەققىدىكى دەسلەپكى چۆچەكلەردە ئىنسانلار بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ، ھايۋانلارنى بويسۇندۇرۇش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش مەزمۇنلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . «موماي بىلەن بۆرە» ، «ئادەم قالتىسمۇ ، ھايۋانمۇ ؟» ، «قازان تۇۋۇى» ، «بالا بىلەن يولۋاس» . . . قاتارلىق چۆچەكلەر ئەنە شۇنداق چۆچەكلەردۇر . بۇنداق چۆچەكلەردە ئىنسان بىلەن ھايۋان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت كۈرەش تۈسىنى ئالغان بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئادەم بىلەن ھايۋاندىن قايسىسىنىڭ كۈچلۈك ۋە ئەقىللىق ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ . مەسىلەن ، «ئادەم قالتىسمۇ ، ھايۋانمۇ ؟» ناملىق چۆچەكتە ھايۋانلار ئارىسىدا ئادەم بىلەن ھايۋاندىن قايسىسىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ھەققىدە بەس ـ مۇنازىرە بولىدۇ . ئاخىر ھايۋان كۈچلۈك ، دەپ قارىغان شىر بىلەن تۈلكە بىر ئادەم بىلەن ئېلىشىپ مەغلۇپ بولۇپ رەسۋاسى چىققان ھالدا قايتىپ كېتىدۇ . «موماي بىلەن بۆرە» ناملىق چۆچەكتە بولسا ، موماي ئۆز بالىسىنى يەپ كەتكەن بۆرىنى ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ . بۇنداق چۆچەكلەردە شىر ، يولۋاس ،بۆرە ، تۈلكە قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن ئاجىز ۋە ئەخمەق قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ . چۆچەكلەردىكى ئادەملەر ئۇلارنى ئاسانلا يېڭىدۇ ۋە ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ . ئۇنىڭدا ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھايۋانات دۇنياسىنى بويسۇندۇرۇش ئارزۇسى ئىپادە قىلىنىدۇ .

ھايۋانات ھەققىدىكى سېھىرلىك چۆچەكلەردىكىدەك ئىجابىي يو-

سۇندا ئىپادە قىلىنىشتىن ھايۋانات ھەققىدىكى چۆچەكلەردىكدەك سەلبىي يوسۇندا ئىپادە قىلىنىشقا ئۆزگىرىشى ئىنسانىيەت جەمئىيە-تىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . توتېم ئېتىقادى ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرلەردە ھايۋانلارغا سەلبىي كۆزقاراشتا بولۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندە ، تەبىئەت دۇنياسىغا بولغان ئىلگىرىكى كۆز-قاراش ئۆزگەردى ، يەنى كىشىلەر تەبىئەت دۇنياسىغا چوقۇنۇش ۋە يېڭىلىشتىن ئۇنى بويسۇندۇرۇشقا ئۆتتى . مانا بۇ خىل ئۆزگىرىش ھادىسىسى ھايۋانات ھەققىدىكى چۆچەكلەردە روشەن ئىپادە قىلىندى .

## (5) كېيىنكى ۋاقىتلاردا پەيدا بولغان ھايۋانات ھەققىدە-كى چۆچەكلەردىكى ھايۋانات ئوبرازلىرى

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ، ئىنسانلار بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تەدرىجىي يىراقلاشتى شۇنداقلا كىشىلەر-نىڭ دىققەت مەركىزى تەبىئەت دۇنياسىدىن ئىنسانىيەت دۇنياسىغا يۆتكەلدى . بۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ نەتىجىسىدە ، ھايۋانات ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ مەزمۇنى رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن زىچ باغلان-دى . يەنى ئۇنىڭدا ھايۋانلارنىڭ تۇرمۇشى بىئولوگىيىلىك يوسۇندا بايان قىلىنمايدىغان ، بەلكى ئۇنىڭغا ئىدېئولوگىيىلىك تۈس بېرىلىد-غان بولدى .

بۇنداق ھايۋانات ئوبرازلىرىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى كىشىلەر-نىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرى بىلەن ھايۋانلارنىڭ تەبىئىي ئالاھىدىلىكى-نىڭ ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ . چۆچەك ئاپ-تورلىرى ھايۋانلارنىڭ ئەسلىي قىلىق ـ ئادەتلىرىنى ئاساس قىلىپ ، چۆچەكلەردىكى بەدىئىي پېرسوناژلارنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ، بۇ خىل ئالاھى-دىلىكلەرنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى مەلۇم كىشىلەرنىڭ خاراكتېرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ، ئادەملەشتۈرۈلگەن ھايۋانات ئوبرازلىرىنى ئىجاد قىلدى . ئۇلار يەنە بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماي ، ھايۋانات ئوبرازلى-رىغا ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى قوشۇپ ، ئاجىز ۋە ياۋاش ھايۋانلارغا ئىتتىپاقلىق ۋە ئەقىل ـ پاراسەت ، ۋەھشىي ھايۋانلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدىغان قۇدرەت بېغىشلىغان . مۇشۇ مەنىدىن

www.uyghurkitap.com

ئېتىقادىدا، چۆچەكلەردىكى ھايۋانات ئوبرازلىرى يەنىلا رېئاللىق بىلەن خىيالنى بىرلەشتۈرگەن ھالدا ئىجاد قىلىنغان ئوبراز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇ خىل چۆچەكلەر ھەم ھايۋانلارنىڭ مىجەز- خۇلقى ئومۇملاشتۇرۇلغان، ھەم كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى، ئارزۇسى سىڭدۈرۈلگەن بىر خىل بەدىئىي ئىجادىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئادەم بىلەن ھايۋانىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى، رېئاللىق بىلەن فانتازىيەنىڭ بىرلىكىدۇر. بۇ خىل ھايۋانات ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ ئاساسلىق تېمىسى كىشىلەر ئارىسىدىكى زالىملىق ۋە ئۇنىڭغا قارشى كۆرەشتىن ئىبارەت. مەسىلەن، «قورققاق» ناملىق چۆچەكتە ۋەھشىي بۆرىنىڭ تىنچ ۋە خۇشال ـ خۇرام ياشاۋاتقان ياۋاش ھايۋانلارنىڭ ماكانىغا بېسىپ كىرىپ، ئۇلارنى خانىۋەيران قىلغانلىقى، بۇنىڭغا غەزەپ ـ نەپرەتتە تاشقان ھايۋانلارنىڭ قوزغىلىپ كۈرەش قىلىپ، بۆرىلەرنى قوغلاپ چىقىرىپ، قايتا تىنچ ـ ئامانلىققا ئېرىشكەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ. «ئىت بىلەن ھەييار تۈلكە» چۆچىكىدە ئالدامچى تۈلكە توخۇلارنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن، ئاۋۋال مۇھاپىزەتچى ئىتنى ئالداپ ئۇنىڭغا يالغان دوستانىلىكىنى بىلدۈرىدۇ، كېيىن توخۇلارنى يوشۇرۇن ھالدا بۇلاپ ـ تالايدۇ. ئاخىر ئىت ، توخۇ، غاز ۋە ئۆردەكلەر ئۇنىڭ ئالدامچىلىقىنى بىلىپ قېلىپ، ئۇنى قاتتىق ئەدەپلەيدۇ.

رېئال تۇرمۇشتا قوي، ئۆچكە، تۆگە، ئات، ئېشەك، توخۇ قاتارلىق ھايۋانلار ياۋاش بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىنسانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يېقىن بولغاچقا، كىشىلەر ئۇلارغا ساددا، ئاق كۆڭۈل، ئەقىللىق خاراكتېرىنى بەخش ئېتىپ، چۆچەكلەردىكى ئادالەتپەرۋەر ئوبرازلارنى ھاسىل قىلغان. بۇ خىل ئوبرازلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، تەبىئەت دۇنياسىدىكى يىرتقۇچ ھايۋانلار داۋاملىق ئۆزلىرىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە تايىنىپ بۇ خىل ئاجىز ھايۋانلارنى بوزەك قىلىدۇ. بىراق، ئاجىز ھايۋانلار پەم ـ پاراسەتكە ۋە ئىناقلىق ـ ئۆملۈككە تايىنىپ، ھەممىشە بالايىئاپەتتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ ياكى ئۆزىدىن كۈچلۈك بولغان ۋەھشىي يىرتقۇچلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىدۇ. مەسىلەن، «ئۆچكىنىڭ يولۋاسنى بابلىشى» ناملىق چۆچەكتە ئۆچكىنىڭ ئۆز ئەقىل ـ پاراسىتىگە تايىنىپ، پۈتكۈل جاڭگالدىكى بارلىق ياۋاش ھايۋانلارغا زۇلۇم سېلىپ، ئۇلارنى بۇلاپ ـ تالىغان قانخور

يولۋاسنى ئۇستىلىق بىلەن ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ ، هايۋانلارنى ئازاد قىلـ.
غانلىقى بايان قىلىنىدۇ . «تۆت دوست» چۆچىكىدە ئېشەك ، قوچقار ،
خوراز ۋە كىرپىلەرنىڭ مۇستەهكەم ئىتتىپاقلىشىپ ، ئاچ كۆز بۆرىگە
بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇپ ، ئۇنى يەڭگەنلىكى هېكايە قىلىنىدۇ . «باتۇر
ئۆچكە» چۆچىكىدە بولسا ئۆز ئىگىلىرى تەرىپىدىن زۇلۇم چەككەن
ئۆچكە ، قوي ۋە كالىنىڭ قېچىپ چىقىپ يايلاقتا بېرىپ ، شىر ،
يولۋاس ، بۆرە قاتارلىق يىرتقۇچ هايۋانلار بىلەن كۈرەش قىلىپ غەلـ.
بە قازانغانلىقى بايان قىلىنىدۇ . ئەقىلگە تايىنىپ كۈرەش قىلىش
ئۇسۇلى ئىجابىي شەخسلەرنىڭ سىمۋولى بولۇپ كەلگەن ھەممە هايۋاذـ.
لار ئۇچۇن ئورتاق . ئەمما ، ئۇلارنىڭ خاراكتېرلىرى يەنىلا بىر ـ
بىرىدىن پەرق قىلىدۇ . ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئات قەھرىمان ۋە قەيسەر ،
تۆگە بىلەن كالا ئىشچان ، كۈچلۈك ، ئەمما نادان ، قوي ، ئۆچكە
قاتارلىقلار ئاجىز ۋە ياۋاش ، توشقان قورقۇنچاق قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ . بۇ خىل چۆچەكلەردە شىر ، يولۋاس ، بۆرە ، تۈلكە قاتارلىقلار
سەلبىي شەخسلەرنىڭ سىمۋولى بولۇپ كېلىدۇ . تەبىئەت دۇنياسىدا
شىر ، يولۋاس ، بۆرە قاتارلىقلار ۋەھشىي بولغاچقا ، چۆچەك ئاپتورلىـ.
رى ئۇلارغا ياۋۇز كىشىلەرنىڭ زالىم خاراكتېرىنى بېرىپ ، سەلبىي
ئوبرازلار گۇرۇپپىسىنى هاسىل قىلغان . چۆچەكلەردە بۇ خىل هايۋاذـ.
لار هېچقانداق ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايلا ئاجىز هايۋانلارغا هۇجۇم
قىلىدۇ . ئەمما ، بۇلارنىڭ ئەجەللىك بىر ئاجىزلىقى دۆتلىكتىن ئىبا.
رەت . ئۇلار ھەرقانچە كۈچلۈك بولسىمۇ ، ئەقىل ـ پاراسەت جەھەتتە
ئاجىز هايۋانلارغا يەتمەيدۇ ، شۇ سەۋەبتىن داۋاملىق مەغلۇپ بولىدۇ .

چۆچەكلەردىكى هايۋانلارنى ئادەملەشتۈرۈش جەريانى هايۋانلارنىڭ
تەبىئىي ئالاھىدىلىكىنىڭ مەلۇم تەرىپىنى تاللىۋېلىپ ، ئۇنى ئىنسانلار
ئالاھىدىلىكىنىڭ مەلۇم قىسمى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ، بەدىئىي ئوبراز
يارىتىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ . هايۋانلارنىڭ تەبىئىي ئالاھىدـ.
لىكى ئۇنىڭ قىياپىتى ، ئادەت ـ قىلىقلىرى ، ئۇنىڭ ئىنسانلارغا
كەلتۈرىدىغان پايدا ـ زىيىنى قاتارلىق كۆپ تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ . ئوخشاش بىر هايۋان كىشىلەرنىڭ كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنۈـ.
شىمۇ ، سەت كۆرۈنۈشىمۇ مۇمكىن . ئۇنىڭ مەلۇم ئالاھىدىلىكلىرى
كىشىلەرگە يېقىشى ، مەلۇم ئالاھىدىلىكلىرى ياقماسلىقى مۇمكىن .

www.uyghurkitap.com

بۇ ھايۋان مەلۇم شارائىتتا ئىنسانلارغا پايدا كەلتۈرۈشى، مەلۇم ئەھۋال ئاستىدا زىيان سېلىشىمۇ مۇمكىن . مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ، كىشىلەر مەلۇم بىر ھايۋاننى مودېل قىلغاندا ، ئوخشاشمىغان نۇقتىدىن ئۇنىڭ مەلۇم بىر ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ ، ئىنسانلارنىڭ ئىدىيىۋى خاراكتېرىدىكى مەلۇم تەرەپلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن . شۇنىڭ بىلەن تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھايۋانلارغا ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشىمايدىغان ، ئەمما شەكىل جەھەتتىن ئوخشايدىغان چۆچەك ئوبرازلىرى بارلىققا كەلگەن . لېكىن ، قانداقلا بولمىسۇن ، چۆچەكلەردىكى ھايۋانلار يەنىلا خاراكتېر جەھەتتىن بىرقەدەر مۇقىملىقنى ساقلىغان ، ئۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزى مەنبە قىلغان مەلۇم ھايۋاننىڭ تەبىئىي ئالاھىدىلىكىدىن يىراقلىشىپ كەتمىگەن .

## (6) مەسەللەردىكى ھايۋانات ئوبرازلىرى

ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىپ خېلى يۇقىرى باسقۇچقا يەتكەندە ، كىشىلەر ئىشلەپچىقىرىش كۈرەشى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ھاسىل قىلدى . كىشىلەر بۇ خىل تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئەستە چىڭ ساقلاش ، تارقىتىش ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇش مەقسىتىدە ئۇنى ئوبرازلىق ۋە تەسىرلىك بايان قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى توغرىسىدا ئىزدەندى . بۇنداق ئىزدىنىش نەتىجىسىدە ، ئۇلار مۇقەررەر يوسۇندا ھايۋانات ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ ئۇسلۇبىنى ، بولۇپمۇ ئۇنىڭدىكى جانلاندۇرۇش ۋە ئادەملەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلىشقا ئالدى . شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر خىل نەرسىلەرنى باش قەھرىمان قىلىپ ، ئۇلار ھەققىدە قىسقا ھېكايىلەرنى توقۇپ چىقىپ ، بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرى ئىگىلىگەن چوڭقۇر ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلىملىرىنى ئىپادە قىلدى ۋە تارقاتتى ، شۇنداق قىلىپ مەسەللەر پەيدا بولدى .

مەسەللەردە ئۇزۇن مۇددەتلىك تۇرمۇش ئاساسىدا قايتا ـ قايتا ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن ھەقىقەت ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ . ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويىماقچى بولغان شۇ پىكرىگە ئاساسەن ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى خالىغان نەرسىلەر (ھايۋانات ، دەل ـ دەرەخ ، ئوت ـ گىياھ ، تاغ ـ دەريا ۋە ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرى ) تاللىۋېلىنىپ ، ھېكايە

توقۇلۇۋېرىدۇ . ئۇنىڭ ئاساسلىق كۆڭۈل بۆلىدىغىنى مەسىلىدە ئىپادە قىلماقچى بولغان بىرەر پەلسەپىۋى پىكىردىن ئىبارەت . شۇڭا ، هايۋان- لارنىڭ ئەسلىي خاراكتېرى مەسەللەردە ئانچە مۇھىم ئەهمىيەتكە ئىگە ئەمەس . هايۋانات ھەققىدىكى چۆچەكلەردىكى بىرقەدەر مۇقىملاشقان سەلبىي خاراكتېرلىك ئوبرازلار مەسەللەردە ئىجابىي خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ قېلىشى ، ھەتتا مەسەللەرنىڭ ئۆزىدىمۇ بىر مەسىلدە ئىجابىي ئوبراز بولغان هايۋان يەنە بىر مەسىلدە سەلبىي ئوبراز بولۇپ تەسۋىر- لىنىشى مۇمكىن . مەسىلەن ، «تۈلكە بىلەن ئېشەك» (بۇ يەردە مىسال ئېلىنغان مەسەللەر 71 ـ ، 72 ـ ماتېرىيالدىكى مەسەللەردۇر ) ۋە «هاماقەت ئېشەك » ناملىق ئىككى مەسىلىنىڭ بىرىنچىسىدىكى ئېشەك پەم ـ پاراسەتلىك ، ئىككىنچىسىدىكى ئېشەك دۆت ۋە هاماقەت قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ .

ئۇنىڭدىن باشقا ، مەسەللەردىكى ئىجابىي هايۋانلار هايۋانات ھەق- قىدىكى چۆچەكلەردىكىدىن پەرقلەندۇرۇلۇپ ، كۆپىنچە سەلبىي هايۋان- لار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىدۇ ، يەنى مەغلۇبىيەتلىك يېشىم ئارقى- لىق ئىدىيىۋى ئۇنۇم هاسىل قىلىنىدۇ . مەسىلەن ، «كۆكنى ئالما- سەن ، يىلتىزنىمۇ ؟» ناملىق مەسىلدە تۈلكە بىلەن ئېيىق بىرلى- شىپ ، بىرىنچى يىلى ياڭيۇ تېرىيدۇ . ئۇنى تەقسىم قىلىشقاندا ، ئېيىق ياڭيۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىلمەي كۆكىنى ئېلىپ زىيان تارتى- دۇ . ئىككىنچى يىلى ئۇلار بۇغداي تېرىيدۇ . ئېيىق يەنە زىيان تارتىپ قالماي دەپ ، بۇ نۆۋەت بۇغداينىڭ يىلتىزىنى ئالىدۇ . نەتىجىدە ئۇ ئوخشاشلا زىيان تارتىدۇ . دېمەك ، بۇ مەسىلدە ھەرقانداق شەيئىگە مۇئامىلە قىلغاندا ، ئۇنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئاساسلىنىش كېرەكلى- كى ئىپادە قىلىنغان بولۇپ ، بۇ پىكىر مەسىلىنىڭ ئاخىرىدىكى مەغلۇ- بىيەتلىك يېشىم ئارقىلىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن . «شىر بىلەن چاش- قان » ، «ئىنساپسىز ئېشەك » ،«تۈلكىنىڭ تەقسىماتى » قاتارلىق مەسەللەرنىڭ ھەممىسىدە ئىجابىي قەھرىمان سەلبىي قەھرىمان تەرىپى- دىن بوزەك قىلىنىدۇ . بۇ دەل مەسەللەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ ئېھتىياجى بولۇپ ، ئۇنىڭدا كىشىلەرگە مەغلۇبىيەتلىك ساۋاق ئىچى- دىن ئاكتىپ تەربىيىنى قوبۇل قىلدۇرۇش مەقسەت قىلىنغان .

دېمەك ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر خىل هايۋانلار مەسەللەردىكى

بىرەر ھېكمەتلىك پىكىرنى ئىپادە قىلىشنىڭ بىر خىل ماتېرىيالى بولۇپ خىزمەت قىلغان. بۇ خىل ھايۋانلار مەلۇم پىكىرنىڭ ئىپتىدا-ئىي ئاساسەن مەسىلىلەرگە تاللاپ ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىي شەكلىنى يوقىتىپ، بىر خىل بەدىئىي ئوبرازغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

يۇقىرىدا بىز ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەر خىل ھېكايە ژانىرلىرىدىكى ھايۋانلار ئوبرازلىرى ھەققىدە قىسقىچە مۇھاكىمە يۈ-گۈزۈپ ئۆتتۇق. خۇلاسە قىلغاندا، ھايۋانلار ئەپسانىلەردە ئىلاھلاشتۇ-رۇلغان، سېھىرلىك چۆچەكلەردە ئىنسانلارنىڭ سادىق دوستىغا ئايلان-غان، رىۋايەتلەردە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئىپادە قىلىنغان، ھايۋانات ھەققىدىكى دەسلەپكى چۆچەكلەردە مەسخىرە ۋە ھەجۋىي قىلىنغان. ھايۋانات ھەققىدىكى چۆچەكلەردە ھايۋانلار ئادەملەشتۈرۈلۈپ، ئۇلار ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، مەسىلىلەردە بولسا ئۇ پۈتۈنلەي بىر خىل بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىسىگە ئايلىنىپ كەتكەن. ھايۋانلارنى ئىلاھلاشتۇرۇشتىن ئىنسانلارنىڭ دوستىغا ئايلاند-ۇرۇش، دوستتىن دۈشمەنگە ئۆزگەرتىش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئادەم-لەشتۈرۈش، ئادەملەشتۈرۈشتىن نوقۇل بەدىئىي ئىپادىلەش ماتېرىيا-لىغا ئايلاندۇرۇش قاتارلىق جەريانلار ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەد-رىجىي تەرەققىيات جەريانىنى، ئۇلارنىڭ تەبىئەت ۋە ھايۋانلارغا بولغان كۆزقارىشىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش تارىخىنى ئىپادە قىلىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەلق ھېكايىلىرىدىكى ھايۋا-نات ئوبرازىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئۇنىڭ مۇرەككەپ ئۆزگىرىش جەريانلى-رىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەدەبىياتشۇناسلىقتىلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى تارىخىنى ۋە ئىدىيە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ بەلگىلىك ئەھمىيىتى بار.

## 2. «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىنىڭ مەنبەسى

«چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان چۆچەكلەرنىڭ بىرى. بۇ چۆچەكنى ئەڭ دەسلەپ رۇس ئالىملىرى

خاتىرىلىگەن : ۋ • پ • يۇدىن ۋە ب • راشىدىن قاتارلىق ئالىملارنىڭ كۆرسىتىشىچە ، بۇ چۆچەكنى ۋ • ۋ • رادلوف 1862 ـ يىلى ، ن • ن • پانتوسوف 1870 ـ يىللىرى ، س • ئې • مالوۋ 1914 ـ يىلى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن يېزىۋالغان . ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە بۇ چۆچەك ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى توپلاملىرىغا ۋە دەرسلىك كىتابلارغا كىرگۈزۈلدى ، شۇنداقلا رۇس ، ئىنگلىز ، خەنزۇ ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەر تىللىرىغا تەرجىمە قىلىندى . ۋ • پ • يۇدىن ، ب • راشىدىن ، رەيھان قادىر قاتارلىق ئالىملار «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكى ھەققىدە مەخسۇس ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى . ماھىنۇر ئەلىيېۋا ، مۇھەممەتجان سادىق ، ئابدۇكېرىم راخمان ، ئوسمان ئىسمايىل قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىغا ئائىت ئىلمىي ئەسەرلىرىدە بۇ چۆچەكنى ئەتراپلىق شەرھلەپ ئۆتتى . «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكى ھەققىدىكى يۇقىرىقى ئەمگەكلەر مەزكۇر چۆچەكنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يۈكسەك ئورنىنى نامايان قىلىپ بەردى .

«چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىنىڭ ھازىرقى بېكىتىلگەن نۇسخىسى ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، بىرىنچى قىسمى چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ قان شورىغۇچى يالماۋۇز بىلەن ئېلىشىپ ، ئۇنى يوقاتقانلىقى ھەققىدىكى ۋەقەلىك ؛ ئىككىنچى قىسمى چىن تۆمۈر بىلەن سىڭلىسى مەختۇمسۇلانىڭ موڭغۇل ـ قالماق خانىغا قارشى كۆرەشلىرى ھەققىدىكى ۋەقەلىكتىن ئىبارەت . بىز چۆچەكنىڭ بۇ ئىككى قىسىم ۋەقەلىكى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەھلىل قىلىش ۋە «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىنىڭ ھەر خىل ۋارىيانتلىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش ئارقىلىق شۇنداق خۇلاسىگە كەلدۇقكى ، چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ يالماۋۇز بىلەن ئېلىشقانلىقى توغرىسىدىكى ۋەقەلىك بۇ چۆچەكنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكلىدۇر . موڭغۇل ـ قالماق خانىغا قارشى كۆرەش تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلىك بولسا كېيىن قوشۇلغان . ئېنىقراق ئېيتقاندا ، مەزكۇر چۆچەكنىڭ ئىككىنچى قىسمىدىكى ۋەقەلىك پەقەت ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە پەيدا بولغان . ھەتتا بىز بۇ چۆچەكنىڭ كېيىنكى ۋەقەلىكى شائىر موللا بىلالنىڭ قەلىمىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن ، دېگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز .

بىزنىڭ بۇنداق يەكۈنگە كېلىشىمىزدىكى ئاساسىي سەۋەبلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

1. مەزكۇر چۆچەكنىڭ ئالدىنقى قىسمى بىلەن كېيىنكى قىسمى ئوتتۇرىسىدا زىچ باغلىنىش يوق. چۆچەكنىڭ دەسلەپكى قىسمىدىكى بايانلاردىن شۇنى كۆرىمىزكى، چىن تۆمۈر باتۇر بىلەن مەختۇمسۇلانى ئېيىق بېقىپ چوڭ قىلىدۇ. ئۇلار ئۇۋچىلىق ئارقىلىق ھايات كەچۈرىدۇ. ئۇلار ھەتتا ئوتنى تولۇق ئىگىلەپ بولالمىغان، ئەكسىچە ئوتقا نىسبەتەن بىر خىل سىرلىق كۆزقاراشتا بولۇپ، ئۇنى يالماۋۇزدىن ئىبارەت بىر ئىلاھىي مەخلۇق باشقۇرۇپ تۇرىدۇ، دەپ قارىغان. مەختۇمسۇلا يالماۋۇزدىن ئوت ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن جاپا چېكىدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ قېنىنى بەدەل قىلىدۇ. شۇڭا، چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ يالماۋۇزغا قارشى كۈرىشى، مەلۇم نۇقتىدىن ئالغاندا، ئۇنىڭدىن ئوتنى تارتىۋېلىش كۈرىشىدىن ئىبارەت. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ ۋەقەلەر ئىپتىدائىي جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى، توتېمىزملىق ۋە ئانىمىزملىق كۆزقاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەمدى چۆچەكنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا بولسا، ئوردا ھاياتى، شاھزادە ئۆزمۇخىنىڭ تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشلىرى ۋە ئۇنىڭغا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك كۈرەشلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا روشەن ھالدا فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ رېئاللىقى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ بېرىلگەن. بۇ ھال مەزكۇر چۆچەكنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردە زور ئۆزگىرىشلەرگە ئىگە بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

2. قان شورىغۇچى يالماۋۇز بىلەن كۈرەش قىلىش توغرىسىدىكى ۋەقەلىك ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدىكى قەدىمكى ئەنئەنىۋى ۋەقەلىكتۇر. بىز بۇ ۋەقەلىكنى «رەھىمدىل ئۇكا بىلەن رەھىمسىز ئاكىلار»، «كەنجى باتۇر»، «سېھىرلىك يىگىت ۋە يەتتە باشلىق يالماۋۇز» قاتارلىق چۆچەكلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇچرىتالايمىز. بۇ چۆچەكلەرنىڭ باش قەھرىمانى ئىككى دوستى بىلەن ئورمانلىقتا ئۇۋچىلىق قىلىپ ياشايدۇ. شۇ چاغدا تاماق ئېتىپ بېرىۋاتقان قىز يالماۋۇزنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرايدۇ، يەنى قەھرىمانلار ئۇۋغا چىقىپ كەتكەندە، يالماۋۇز كېلىپ بۇ قىزنىڭ تاپىنىغا بىگىز سانجىپ، قېنىنى شورايدۇ. چۆچەكنىڭ باش قەھرىمانى بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، يالماۋۇز بىلەن

ئېلىشىپ ئۇنىڭ ئالتە بېشىنى چېپىپ تاشلىغاندا ، يەتتىنچى بېشى دومىلاپ قېچىپ يەر ئاستىغا چۈشۈپ كېتىدۇ . قەھرىمان ئۇنى قوغلاپ يەر ئاستىغا چۈشۈپ ، ھالاك قىلىدۇ . دېمەك ، بۇ ۋەقەلىك ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدىغان ئەنئەنىۋى ۋەقەلىك بولۇپ ، ئۇ يەنە «ئېيىق چىمچىلاق» ۋە «خېمىر باتۇر» چۆچەكلىرىنىڭ بەزى ۋارىيانتلىرىغىمۇ ئارىلىشىپ كەتكەن .

3 . قان شورىغۇچى يالماۋۇز بىلەن كۈرەش قىلىش توغرىسىدىكى ۋەقەلىك تۈركىي تىللىق مىللەتلەر فولكلورىغا ئورتاق بولغان ۋەقەلىكتۇر . جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى رەيھان قادىر « ‹چىن تۆمۈر باتۇر › تۈركۈمىدىكى چۆچەكلەرنىڭ سېلىشتۇرۇلمىسى » (29 ـ ماتېرىيال ) ناملىق ماقالىسىدە «چىن تۆمۈر باتۇر » چۆچىكى بىلەن ئوخشاش مەزمۇندىكى چۆچەكلەر ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى نۇرغۇن مىللەتلەر ئىچىدە كەڭ تارقالغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ . ئۇ سالا مىللىتىنىڭ «ئاتنىڭ ئوغلى» ، يۇغۇرلارنىڭ «ئۈچ باشلىق يالماۋۇز ۋە پالۋان يىگىت» ، ئۆزبېكلەرنىڭ «بەدەل باتۇر» ، موڭغۇللارنىڭ «قارلىغاچ شاھزادە» ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىپ ، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئورتاق بىر ۋەقەنىڭ بايان قىلىنغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى . بۇ ئورتاق ۋەقەلىك مۇنداق : ئوۋچىلىق قىلىپ ھايات كەچۈرۈۋاتقان قەھرىماننىڭ سىڭلىسى ياكى ئايالى ئېھتىياتسىزلىقتىن ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوت ئىزدەپ چىقىپ ، ئىنس- جىن يوق بىر جايدىكى ئەسكى ئۆيدە تەنھا تۇرۇۋاتقان يالماۋۇزنىڭ يېنىغا بېرىپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئوت ئېلىپ يېنىپ كېلىدۇ . ئۇ قايتاشىدا يالماۋۇزنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە كۈل ، مېۋە ئۇرۇقلىرى ، بۇغداي قاتارلىقلارنى يولغا چېچىپ ماڭىدۇ . يالماۋۇز مانا شۇ نەرسىلەرنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ كېلىپ قىزنى تېپىۋالىدۇ ۋە ئۇنىڭ قېنىنى شوراپ ئازابلايدۇ . ئاخىر قەھرىمان بۇ يالماۋۇزنى ئۆلتۈرۈپ قىزنى قۇتقۇزىدۇ .

ئامېرىكىلىق ئالىم ئېساببىللا خۇرۋارت «ۋېنگر ۋە تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ چۆچىكى ‹ئاق ئات ئوغلى › نىڭ سۇژېت قۇرۇلمىسىنى سېلىشتۇرۇش» (26 ـ ماتېرىيال ) ناملىق ماقالىسىدە ۋېنگر

چۆچىكى «ئاق ئات ئوغلى» بىلەن تۈركلەرنىڭ «بىتەلەي يىگىت» ، ئۇيغۇرلارنىڭ «باتۇر ئەلى قۇربان» («ئېيىق ئوغلى ئەرقۇربان») ، يۇغۇرلارنىڭ «ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا» ، قازاقلارنىڭ «ئېرتۆستىك» ، قىرغىزلارنىڭ «يەتتە خان ھېكايىسى» قاتارلىقلارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ ، بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەيران قالارلىق ئوخشاشلىقلارنى بايقىغان . بولۇپمۇ ، بۇ چۆچەكنىڭ ۋېنگىر ، تۈرك ، ئۇيغۇر ۋە يۇغۇر ۋارىيانتلىرى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇپ ، قازاق ۋە قىرغىز ۋارىيانتى ئۇلاردىن روشەن پەرقلەنگەن . ئالدىنقى تۆت مىللەتنىڭ چۆچەكلىرىنىڭ ھەممىسىدە يالماۋۇزنى ئۆلتۈرۈپ ، قىزنى قۇتقۇزۇش ئېپىزوتى بار . ئاپتور مۇنداق دەيدۇ : «مەن تۈرك ۋە ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئىچىدىن ۋېنگىر چۆچىكى ‹ئاق ئات ئوغلى› نىڭ موتىفىنى تېپىپلا قالماستىن ، بەلكى ئۇنىڭ پۈتۈن قۇرۇلمىسىنى تاپتىم» ، «ۋېنگىرلارنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى ئەنئەنىسى بىلەن تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات ئەنئەنىسى ئوتتۇرىسىدا روشەن ئوخشاشلىقلار بار» . «ئىرقىي جەھەتتىن قارىغاندا ، ۋېنگىرلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىرقلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە . ئۇلارنىڭ سەنئىتىمۇ تۈركلەر ، جورجانالار ۋە ھونلارنىڭ سەنئىتى بىلەن كۆرۈنەرلىك بىردەكلىككە ئىگە» (26 ـ ماتېرىيال) .

دېمەك ، قان شورىغۇچى يالماۋۇز بىلەن كۈرەش قىلىش توغرىسىدىكى چۆچەك تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ، ھەتتا ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ زور كۆپچىلىكىدە بار .

4 . ئەسئەت سۇلايمان «يالماۋۇز» دېگەن سۆزنى قەدىمكى ئورتاق ئالتاي تىلىغا تەۋە سۆز دەپ قارايدۇ . ئۇ بارلىق ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ چۆچەكلىرىدىكى يالماۋۇز ئوبرازىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ، يالماۋۇز ئاتالغۇسىنى مۇنداق ئۈچ خىل شەكىلدە ئۇچرايدۇ ، دەپ كۆرسىتىدۇ :

(1) تۈركىي تىللىق مىللەتلەردە «يالماۋۇز» (ئۇيغۇر) ، «يالماغىز» (ئۆزبېك) ، «جالماۋىز» (قازاق) ، «جىلماغۇز» (قىرغىز) شەكلىدە ئۇچرايدۇ .

(2) موڭغۇل ۋە مانجۇ ـ تونگۇس تىل تۈركۈمىدىكى مىللەتلەردە «ماڭگۇس» (موڭغۇل) ، «ماڭگاي» (داغۇر) ، «ماڭماۋ» (ئې-

ۋېنكې ) ، «ماڭىسخار» (سالا ) شەكلىدە ئۇچرايدۇ .
(3 ) قەدىمكى هون ۋە ۋېنگر تىللىرىدا «مۇمۇس» ياكى «بو-
بۇس» شەكلىدە كۆرۈلىدۇ . ئەسئەت سۇلايمان «يالماۋۇز» دېگەن سۆز
«يەل» ۋە «مۇڭگۇز» دېگەن ئىككى سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن پەيدا
بولغان دەيدۇ (30 ـ ماتېرىيال ) . بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولى-
دۇكى ، يالماۋۇز ھەققىدىكى ھېكايىلەر تۈركىي ۋە موڭغۇل تىللىق
مىللەتلەر چۆچەكلىرىدىكى ئەڭ قەدىمكى ئوبراز بولۇپ ، ئۇنىڭ تارىخى
ئىنتايىن ئۇزاق .

5 . رۇس ئالىمى يۇدىن ئۆز ماقالىسىدە «قەشقەر تارىخى» ناملىق
كىتابتىكى مەلۇماتلارغا ئاساسەن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان
موڭغۇل خانلىرىدىن شىرئەلى خاننىڭ ئوغلى ۋە بىر قىزى بولغانلى-
قى ، ئوغلىنىڭ ئىسمى سۇلتان ئۇۋەيس ، قىزىنىڭ ئىسمى مەختۇمخان
بولۇپ ، ئۇنىڭ «مەختۇمسۇلا» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئىكەنلىكىنى
ئېيتىدۇ . شۇنداقلا ، شۇ مەلۇماتقا ئاساسەن «چىن تۆمۈر باتۇر»
چۆچىكىدىكى مەختۇمسۇلانى مەختۇمخانغا ، چىن تۆمۈر باتۇرنى ئۇۋە-
يىسخانغا تەققاسلايدۇ (27 ـ ماتېرىيال ) . ھەقىقەتەن بىز موللا مىر-
سالىھ كاشغەرىنىڭ «چىڭگىزنامە» ناملىق كىتابىدىمۇ سۇلتان ئۇۋەي-
سخان ۋە ئۇنىڭ سىڭلىسى «مەختۇمسۇلا» ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى
ئۇچرىتىمىز (73 ـ ماتېرىيال 78 — 80 ـ بەتلەر ) . يۇدىن ئۇيغۇر-
لار ئىچىدە بىر قەدىمكى موتىف بولۇپ ، كېيىن ئۇ موڭغۇللارنىڭ
ئۇۋەيسخان ۋە ئۇنىڭ سىڭلىسى مەختۇمسۇلا ھەققىدىكى رىۋايەتلىرى
بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن ، دېگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا
قويىدۇ .

بۇ يەردە بىز يۇدىننىڭ «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكى موڭغۇل
رىۋايەتلىرىدىن كەلگەن ، چىن تۆمۈر بىلەن مەختۇمسۇلا ئوبرازى
ئۇۋەيسخان بىلەن مەختۇمخاننى كۆرسىتىدۇ ، دېگەن كۆزقارىشىنى
كەسكىن ئىنكار قىلىمىز . چۈنكى ، يۇدىن بۇ كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا
قويغاندا ، پەقەت ئۇۋەيسخاننىڭ سىڭلىسىنىڭ ئىسمى «مەختۇمخان»
ئىكەنلىكى ۋە ئۇنى «مەختۇمسۇلا» دەپمۇ ئاتايدىغانلىقىدىن ئىبارەت
مۇشۇ خىل ئەھۋالغىلا ئاساسلانغان . ئۇنداق بولسا ، بىرىنچىدىن ،
«ئۇۋەيسخان» دېگەن ئىسىم قانداق قىلىپ «چىن تۆمۈر» دېگەن

www.uyghurkitap.com

ئىسمىغا ئۆزگىرىپ قالىدۇ؟ ئىككىنچىدىن ، قاچان ، قەيەردە موڭغۇللار ئارىسىدا چىن تۆمۈر باتۇر بىلەن مەختۇمسۇلانىڭ يات قوۋمغا قارشى كۈرەشلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان مۇنداق ھېكايە بولغانكەن؟ ئۈچىنچىدىن ، ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن ئۇۋۆيىسخاننى موڭغۇللارنىڭ خانى دېگىلى بولامدۇ (خۇددى يەكەن خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇرېشىتخاننى موڭغۇل خانى دېگىلى بولمىغاندەك)؟ تۆتىنچىدىن ، چىن تۆمۈر بىلەن مەختۇمسۇلا ئەگەر موڭغۇل مىللىتىدىن بولسا ، ئۇلار يەنە نېمە ئۈچۈن موڭغۇللارغا قارشى كۈرەش قىلىدۇ؟ يەنە كېلىپ نېمە ئۈچۈن موڭغۇل خەلقى بۇ ئىككىسىنى مەدھىيىلەپ رىۋايەت - ھېكايە توقۇيدۇ؟ ناھايىتى ئېنىقكى ، يۇدىن بۇ مەسىلىلەرگە ھەرگىز جاۋاب بېرەلمەيدۇ . ئەمدى «مەختۇمسۇلا» دېگەن ئىسىمغا كەلسەك ، ئۇنىڭدىكى «مەختۇم» ئەرەبچە ئىسىم بولۇپ ، ئۇ موڭغۇللارغا قارىغاندا ئۇيغۇرلارغا يېقىن كېلىدۇ . مۇسۇلمانلىشىپ ۋە ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن ئۇۋۆيىسخان جەمەتىدە «مەختۇم» دېگەن ئەرەبچە ئىسىمنىڭ ئۇچرىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس . «سۇلۇ» دېگەن سۆز قەدىمكى ۋە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «گۈزەل ، چىرايلىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ۋە كەڭ ئىستېمال قىلىنغان سۆزدۇر . ھەممىدىن ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى ، «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىدىكى مەختۇمسۇلادىن ئىبارەت بىر ئەدەبىي پېرسوناژنىڭ ئىسمى تارىختا ئۆتكەن مەختۇمخان ئىسىملىك بىر كىشىگە ئوخشاپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا ، يۇدىن ئەپەندى بۇ ئىككىسىنى بىر شەخس دەپ قارىغان ۋە «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكى ئاشۇ تارىختا ئۆتكەن مەختۇمخان ۋە ئۇنىڭ ئاكىسىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ ، دېگەن كۈلكىلىك خۇلاسىنى چىقارغان . ئارقىدىنلا ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ بۇ كۈلكىلىك خۇلاسىسىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ، بۇ ھېكايە ئەسلى موڭغۇللار ئىچىدە پەيدا بولغان (چۈنكى مەختۇمسۇلانىڭ ئەجدادى موڭغۇل) ، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنى ئۇيغۇرلار قوبۇل قىلغان ، دېگەنگە ئوخشاش بىمەنە كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان .

يۇدىنىنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى مۇنداق : «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىدىكى مەختۇمسۇلانىڭ ئىسمى تارىخىي شەخس مەختۇمخانغا ئوخشاش (پاكىت) ، شۇڭا بۇ چۆچەك مەختۇمخانىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن

كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان چۆچەكتۇر (ھۆكۈم) . مەختۇمخانىنىڭ ئەجدادى موڭغۇل (پاكىت) ، شۇڭا بۇ چۆچەكمۇ موڭ- غۇل خەلقىگە مەنسۇپ (ھۆكۈم) . كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ، يۇدىنىنىڭ بۇ خىل كۆزقارىشى ئەقىلگە سىغمايدىغان كۆزقاراش بولۇپ ، ئۇنى ھەرگىز قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ . ئەمما ، يۇدىنىنىڭ «ئۇيغۇرلار ئىچىدە بۇ چۆچەككە مۇناسىۋەتلىك بىر قەدىمىي موتىف بولۇشى مۇم- كىن» دېگەن كۆزقارىشىغا قوشۇلىمىز . ھەقىقەتەن ئۇيغۇرلاردا «چىن تۆمۈر باتۇر» ھېكايىسىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە بىر موتىفى بولغان . كېيىن بۇ موتىف موڭغۇل ـ قالماق خانىغا قارشى كۈرەش بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن . «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىگە كېيىن قوشۇلغان بۇ مەزمۇن بىزگە چىڭگىزخانىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرىش تارىخىنى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى جۇڭغارلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇ- رۇش ۋەقەلىرىنى ئەسلىتىدۇ .

6 . بىز «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكىنىڭ رادلوف توپلىغان نۇسخىسىنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىدۇق . ئەمما ، پانتوسوف بىلەن مالوف توپلىغان نۇسخىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش ئارقىلىق ئۇلار ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرقنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدۇق . مالوف- نىڭ كىتابىدا بۇ چۆچەكنىڭ «چىن تۆمۈر» ۋە «ئارپاغان باتۇر» نامىدىكى ئىككى ۋارىيانتى بولۇپ ، بۇلار ئاساسەن بىر ـ بىرىدىن كۆپ پەرقلەنمەيدۇ . ھەر ئىككى چۆچەكتە بىر باتۇرنىڭ سىڭلىسىنىڭ قېنىد- نى شورىغان «يەتتە باشلىق يەل مۇڭگۇز» دېگەن مەخلۇقنى يوقاتقانلى- قى بايان قىلىنىدۇ . ئۇنىڭدا بۇ باتۇرنىڭ قالماق خانى بىلەن جەڭ قىلغانلىقى توغرىسىدىكى سۇژىت يوق ، شۇنداقلا ھەر ئىككىسىدە «مەختۇمسۇلا» دېگەن ئىسىم ئۇچرىمايدۇ ، بەلكى ئۇنىڭ ئورنىغا «سىڭلىسى» دېيىلگەن . بىر نۇسخىدا چۆچەكنىڭ باش قەھرىمانى «چىن تۆمۈر» ئەمەس ، بەلكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئارپاغان» (بىر خىل زىرائەت) دېگەن سۆز بىلەن ئاتالغان . بەلكىم بۇ ئەڭ بۇرۇنقى نۇسخىسى بولۇشى مۇمكىن . ئەمدى پانتوسوف توپلىغان نۇس- خىغا كەلسەك ، ئۇنىڭدا چىن تۆمۈر ۋە مەختۇمسۇلانىڭ يالماۋۇز ۋە قالماق خانى بىلەن قىلغان كۈرەشلىرى بايان قىلىنغان ، يەنى بىز يۇقىرىدا ئېيتقان چۆچەكنىڭ ئىككى قىسىم ۋەقەلىكىنىڭ ھەممىسى

www.uyghurkitap.com

بايان قىلىنغان . «چىن تۆمۈر باتۇر» نىڭ بۇ نۇسخىسى ھەققىدە ساۋۇت موللا ئاۋۇتوف تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان . ئۇنىڭ ئېيتىشىچە : قازاقىستان مەركىزىي ئارخىپخانىسىدا پانتوسوفنىڭ «تارانچى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئۈلگىلىرى» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن ماتېرىياللارنىڭ ئەسلىدىكى قولىيازما نۇسخىلىرى ساقلانغان . مانا شۇلار ئارىسىدا موللا بىلالنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن بىللە «چىن تۆمۈر باتۇر» ، «تىبىب پادىشاھ بىلەن زوھراخان» قاتارلىقلارمۇ بار ئىكەن . ساۋۇت موللا ئاۋۇتوف موللا بىلالنىڭ باشقا ئەسەرلىرى بىلەن بۇ چۆچەكلەرنى ئىنچىكە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى پەقەت بىرلا ئادەم ، يەنى موللا بىلالنىڭ ئۆزى يازغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان (74 ــ ماتېرىيال) . شۇڭا ، بۇ ئىككى پارچە قىسسە شەكىللىك چۆچەكنى موللا بىلالنىڭ شېئىرلار توپلىمى بولغان «ۋەتەن ئىشقىدا» ناملىق كىتابقا كىرگۈزگەن (75 ــ ماتېرىيال) . ب • راشىدىنمۇ چۆچەكنىڭ «بۇ ۋارىيانتىنى بىلال نازىم ئۆزىنىڭ قولىيازمىلىرى قاتارىدا ن • ن • پانتوسوفقا تاپشۇرغان .» (76 ــ ماتېرىيال) دەيدۇ . يۇدىن ھەم چۆچەكنىڭ پانتوسوف نۇسخىسىنى «موللا بىلال يېزىپ بەرگەن دېيىشىمىزگە ئاساسىمىز بار» (27 ــ ماتېرىيال) دەيدۇ . شۇنى ئېيتىش كېرەككى ، بۇ نۇسخا چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ قالماق خانىغا قارشى كۈرىشى تەسۋىرلەنگەن ئەڭ دەسلەپكى نۇسخا . بۇ چۆچەكنىڭ ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي ، موڭغۇل تىللىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى ۋارىيانتلىرىنىڭ ھېچقايسىسىدا ئۇنداق ۋەقەلىك يوق . ب • راشىدىن بۇ چۆچەكنىڭ موللا بىلال نۇسخىسى «ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ يەتتىنچى سىنىپى ئۈچۈن دەرسلىك كىتابىغا كىرگۈزۈلدى ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ كەڭ دائىرىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا مەلۇم بولدى» (76 ــ ماتېرىيال) دەيدۇ . بۇ ئەھۋاللاردىن بىز شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشىمىز مۇمكىنكى ، بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەڭ تارقالغان «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكى موللا بىلالنىڭ پانتوسوفقا يېزىپ بەرگەن نۇسخىسىغا ئاساسلانغان . بۇ نۇسخا غۇلجىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ ، 20 ــ ئەسىرلەرگىچە تېخى باشقا ئۇيغۇر رايونلىرىغا تارقىلالمىغان . چۈنكى ، مالوف 1914 ــ يىلى قۇمۇلدىن توپلىغان ھەر ئىككى ۋارىيانتىدا چىن تۆمۈرنىڭ قالماق

خانىغا قارشى كۆرەشلىرى بايان قىلىنمىغان .

دېمەك ، «چىن تۆمۈر باتۇر» چۆچىكى ئۇزاق بىر تارىخىي جەر-يانىنى باشتىن كەچۈرگەن . ئۇنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى (قان شورىغۇ-چى يالماۋۇز بىلەن ئېلىشىپ ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان قىزنى قۇتقۇ-زۇش سۇژىتى ) ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر ئىچىدە پەيدا بولۇپ ، مۇشۇ مىللەتلەر ئىچىدە كەڭ تارقالغان . ئۇ ئۇزاق ئەسىرلىك تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن ، تەخمىنەن 18 ـ ، 19 ـ ئەسىرلەردە غۇلجا ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا تېخىمۇ بېيىپ كەتكەن ، يەنى ئۇنىڭغا موڭغۇل ـ قالماق خانىغا قارشى كۆرەش مەزمۇنى قوشۇلغان . مانا بۇ ھەقىقەتكە ئۇيغۇن خۇلاسە .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئاخىرقى سۆز

بۇ كىتاب ئەسلى 2002 ـ يىلى قازاقىستان دۆلەتلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى مۇختار ئەۋەزوف نامىدىكى سەنئەت ۋە ئەدەبىيات ئىنس-تىتۇتىدا ياقلانغان دىسسېرتاتسىيە ئىدى . ئۆز ۋاقتىدا ئۇ قازاقىستان-دىكى فولكلورشۇناسلار تەرىپىدىن يۇقىرى باھاغا ئېرىشكەن بولسىمۇ ، لېكىن مەن يەنىلا ئۇنى كۆڭلۈمدىكىدەك بولمىدى ، دەپ قارىغانىدىم . چۈنكى ، قازاقىستاندىكى كۈنلىرىم ئىنتايىن ئالدىراش ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن ، دىسسېرتاتسىيىنى ئەستايىدىل تۈزىتىپ پۇختىلاشقا ۋاقىت چىقىرالمىغانىدىم . شۇ سەۋەبتىن دىسسېرتاتسىيە ياقلاش ئىشى ئاياغ-لاشقاندىن كېيىن ، ئۇنى نەشر قىلدۇرۇشقا ئالدىرىمىدىم . ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خىزمەتنىڭ ئالدىراشچىلىقىدا ئۇنى قولۇمغا ئېلىشقا پۇرسەت بولمىدى . مانا ھازىر ھەش ـ پەش دېگۈچە تۆت يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ . بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلو-لوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ رەھبەرلىرى مەزكۇر ئەسەرنى نەشر قىلدۇ-رۇش ھەققىدە كۆرسەتمە بەردى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرى-دىغانلىقىنى بىلدۈردى . مۇشۇنداق قوللاش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش ئاسا-سىدا ، بۇ يىل يىل بېشىدا تارتمامدا غېرىبسىنىپ تۇرغان بۇ قوليازمى-نى قايتىدىن قولۇمغا ئالدىم ۋە ئىككى ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ ، ئۇنىڭغا ئومۇمىيۈزلۈك تۈزىتىش ئېلىپ باردىم . ئاخىر ئۇشبۇ ئەسەر ھازىرقى ھالەتكە كەلدى .

ئۇيغۇر سىھىرلىك چۆچەكلىرى — ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇ-ھىم بىر تەركىبىي قىسمى . ئۇ ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىغا ھەمراھ بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئېستېتىك ئېھتىياجىنى قاندۇ-رۇپ كەلدى . ئۇ خەلقىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقادى ، ئۆرپ ـ ئادىتى ، قائىدە ـ تۈزۈمى ، ئىشلەپچىقىرىش ھاياتى ، جۇغراپىيىلىك شارائىتى ، مىللىي پسىخىكىسى ۋە ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ . شۇڭا ، ئۇنى ئۆگىنىش ، تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمى-

يىتى ناھايىتى زور . ئۇ بىزنىڭ پۈتكۈل ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ خا-
راكتېرىنى ئېنىق تونۇۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ،
مەن بۇ شەرەپلىك خىزمەتنى ئېپتىخارلىق ئىچىدە زىممەمگە ئالغان
ۋە ئۇنى ئورۇنداشقا كىرىشكەنىدىم . ئەمما ، ئىش يۈزىدە شۇنى چوڭقۇر
ھېس قىلدىمكى ، ئىنتايىن مول ۋە رەڭگارەڭ سېھىرلىك چۆچەكلىرى-
مىزنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ سىرىنى تولۇق ئېچىش
ئۇنچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەس ئىكەن . شۇنداق بولسىمۇ تىرىشىپ -
تىرمىشىپ ، چامىمىنىڭ يېتىشىچە ئىشلەپ ، ئاخىر مۇشۇنچىلىك بىر
ئەمگەكنى يورۇقلۇققا چىقاردىم . ھازىر بۇ ئەسەرگە قايتا نەزەر سال-
سام ، ئۇنىڭدا يەنە نۇرغۇن يېتەرسىزلىكلەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىل-
دىم . بولۇپمۇ سېھىرلىك چۆچەكلەردە ئىپادىلەنگەن ئۇيغۇر مەدەنىيى-
تىنى تولۇق قازالماپتىمەن ، ئۇنىڭدىكى سىمۋوللۇق مەنىلەرگە ، مىل-
لىتىمىزنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىغا ئىچكىرىلەپ كىرەلمەپتىمەن ، چۆچەك-
لەرنىڭ يىلتىزىنى ئېنىقلاش ئىشىنى ئورۇندىيالماپتىمەن ، ئۇنى ئە-
رەب ، پارس ، ھىندى ۋە باشقا ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر-
نىڭ چۆچەكلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىقالماپتىمەن... خەيرىيەت ،
بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كېيىنگە قالدۇرۇپ ، بۇ يۇمران ئەمگەكنى تە-
ۋەككۇل قىلىپ ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇم . ئۇ ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆ-
چەكلىرىنى ئۆگەنگۈچىلەرگە ئازراق ئىلھام ئېلىپ كېلەلىسە ، شۇنىڭ
ئۆزى كۇپايە .

مېنىڭچە ، ئۇشبۇ ئەمگەكنىڭ مۇھىم قىممىتى شۇكى ، ئۇنىڭدا
ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى تىپ ۋە موتىفلارغا ئاجرىتىپ بېرىل-
دى . مەن نۇرغۇن ۋاقىت ۋە زېھنىمنى سەرپ قىلىپ ، 27 كىتابتىكى
858 چۆچەكنى تەپسىلىي كۆرۈپ ، ئۇنىڭدىن 309 سېھىرلىك چۆ-
چەكنى تاللىۋالدىم ۋە ئۇلارنىڭ ۋەقەلىكىنى خاتىرىلەپ چىقتىم . ئۇ-
نىڭدىن كېيىن ، بۇ چۆچەكلەر ئۈستىدە ئەستايىدىل مۇھاكىمە ئېلىپ
بېرىپ ، ئوخشايدىغان چۆچەكلەرنى بىر يەرگە يىغدىم ۋە ھەرقايسى
ۋارىيانتلارنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا ، چۆچەكلەرنىڭ ئاساسىي گەۋ-
دىسىنى قۇراشتۇرۇپ چىقتىم . شۇنداق قىلىپ 75 تىپ مەيدانغا
كەلدى . مەن ئۇلارنى يەنە تومپسوننىڭ ئىندېكسىدىكى چۆچەكلەر
بىلەن سېلىشتۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ خەلقئارادىكى ۋارىيانتلىرىنى كۆرسەت-

تىم . شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەمگەك بۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر چۆچەكلىرىنى ئۆگەنمەكچى بولغان كىشىلەرگە ئىنتايىن قولايلىق ئېلىپ كېلىدىغان بولدى ، يەنى ئۇلارنى نەچچە ئون كىتابنى ئاختۇرۇپ ، ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت مۇشەققەتلىك ئەمگەكتىن خالاس قىلىدىغان بولدى . ئۇلار بۇ ئەمگەكتىمدىن ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان چۆچەك ماتېرىياللىرىنى خالىغانچە تاللىۋالالايدۇ . تومپسون مۇنداق دېگەنىدى : «بىلىمىنىڭ ھەربىر تارمىقىنى ئەستايىدىل ۋە پۇختا تەتقىق قىلىنىدىغان ئوبيېكتقا ئايلاندۇرۇشتىن بۇرۇن ، ئۇنى تۈرلەرگە بۆلۈپ چىقىش ئىنتايىن مۇھىم» ، «چۆچەكلەرنى تەرتىپ بويىچە رەتكە تۇرغۇزۇش ۋە ئانالىز قىلىش خىزمىتى ئۆزۈندىن بويان ياخشى ئىشلەنمەي كەلدى . شۇ سەۋەبتىن ئىنتايىن قالايمىقان مۇھاكىمىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى ، ساددا ۋە ساغلام بولمىغان نەزەرىيىلەر مەيدانغا كەلدى» ، «ئالىملار چۆچەكلەرنىڭ تۈرلىرىگە ئىنتايىن ئېھتىياجلىق ، چۈنكى بۇ ئالىملارنىڭ تەتقىقات خىزمىتى جەريانىدا ئېزىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ» (15 - ماتېرىيال 497 - بەت) . شۇنىڭ ئۈچۈن تومپسون ۋە ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭغان ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ نۇرغۇن قان - تەرىنى سەرپ قىلىپ ، چۆچەكلەرنىڭ ۋارىيانتلىرىنى كەڭ كۆلەمدە توپلاپ ۋە بۇلار ئۈستىدە ئىنچىكە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ ، ھەرقايسى مىللەت چۆچەكلىرىنىڭ تىپ ۋە موتىفلار ئىندېكسىنى تۈزۈپ چىقتى . مەنمۇ ئاشۇلارنى دوراپ ، ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرى ئۈستىدە رەتلەش ئېلىپ باردىم (گەرچە مەن رەتلىگەن سېھىرلىك چۆچەكلەر پۈتكۈل ئۇيغۇر چۆچەكلىرىنىڭ پەقەت بىرلا تۈرى بولسىمۇ) ، شۇڭا ئۆزۈمنىڭ ئەھمىيەتلىك بۇ ئىشىمدىن چەكسىز سۆيۈنۈش ھېس قىلىمەن .

«ئالتۇن شاخ» ناملىق ئۆلمەس ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئەنگلىيىلىك بۈيۈك ئالىم فرازېر مۇنداق دېگەنىدى : «مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى ، بارلىق نەزەرىيىلەر ۋاقىتلىق بولىدۇ ، پەقەت پاكىتلا مەڭگۈلۈك قىممەتكە ئىگە . شۇڭا ، مېنىڭ نۇرغۇن نەزەرىيىلىرىم ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئەمەلىي قىممىتىنى يوقىتىدۇ . ئەمما ، مېنىڭ بۇ كىتابىم قەدىمكى ئۆرپ - ئادەتلەر ۋە ئېتىقادلار توپلىمى سۈپىتىدە داۋاملىق ئۆز قىممىتىنى ساقلايدۇ» (44 - ماتېرىيالنىڭ كىرىش سۆزىگە

قاراڭ ) .

خۇددى فرازېرغا ئوخشاش ، مەنمۇ شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەن-كى ، مېنىڭ بۇ ئەمگىكىمدىكى «ئۇيغۇر سېھىرلىك چۆچەكلىرىنىڭ تىپ ۋە موتىفلىرى» چۆچەكلەرنىڭ رەتلەنگەن توپلىمى سۈپىتىدە ئۇ-زۇنغىچە ئۆزىنىڭ ماتېرىياللىق قىممىتىنى يوقاتمايدۇ .

ئاخىرىدا مەن قازاقىستاندىكى دىسسېرتاتسىيە ياقلاش ئىشىمغا ئەۋزەل شارائىت يارىتىپ بەرگەن پروفېسسور ئازاد سۇلتان ۋە پرو-فېسسور ئارسلان ئابدۇللا ئەپەندىلەرگە ، قازاقىستاندىكى ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشۇمغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ ھەمدەمدە بولغان قازاقىستان دۆلەتلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ چوڭ ئىلمىي خادىمى ساۋۇت موللا ئاۋۇتوف ۋە ئالمۇتا پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ، ئاكادېمىك مەھمۇد ئابدۇراخمانوف ئەپەندىلەرگە ، شۇنداقلا ئۇشبۇ كى-تابنىڭ نەشردىن چىقىشىغا ياردەم بەرگەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى رەھبەرلىرىگە ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىغا ۋە قەدىرلىك ئىنىمىز ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىنگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن . ئەڭ ئاخىرىدا يەنە ئۆزىنىڭ قىممەت-لىك ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ ، بۇ كىتابنى كۆرۈپ ، كىرىش سۆز يېزىپ بەرگەن ھۆرمەتلىك ئابلىمىت سادىق ئاكىغا چوڭقۇر تەشەككۈ-رۇمنى بىلدۈرىمەن .

**ئوسمان ئىسمايىل تارىم**
**2006 - يىل 22 - مارت**

www.uyghurkitap.com

# پايدىلانغان ماتېرىياللار

(تۆۋەندىكىلەر كىتابتا تىلغا ئېلىنغان ماتېرىياللار بولۇپ ، تىلغا ئېلىنىشتىكى ئىلگىرى ـ كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە رەتكە تىزىلدى )


1. 刘守华、巫瑞:《民间文学导论》,长江文艺出版社 1997 年 5 月版。
2. 张紫晨:《民间文学基本知识》,上海文艺出版社 1979 年 7 月版。
3. 朱宜初、李子贤:《少数民族民间文学概论》,云南人民出版社 1983 年 12 月版。
4. 陶立璠:《民族民间文学理论基础》,中央民族学院出版社 1990 年版。
5. 李惠芳:《中国民间文学》,武汉大学出版社 1996 年 6 月版。
6. 钟敬文:《民间文学概论》,上海文艺出版社 1980 年 7 月版。
7. 乌丙安:《民间文学概论》,春风文艺出版社 1980 年 11 月版。
8. 汪玢玲:《民间文学概论》,中央广播电视大学出版社 1994 年 10 月版。
9. 段宝林:《中国民间文学概要》,北京大学出版社 2002 年 7 月版。

10 . مۇھەممەت زۇنۇن ، ئابدۇكېرىم راخمان : «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1981 ـ يىل 8 ـ ئاي نەشرى .

11 . ئابدۇكېرىم راخمان : «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيەسى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي بۇلۇمى 1983 ـ يىل 5 ـ ئايدا باستۇرغان .

12 . ئوسمان ئىسمايىل : «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ژانىرلار» ، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ، 1994 ـ يىل 5 ـ ئاي نەشرى .

13 . مۇھەممەتجان سادىق : «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل 4 ـ ئاي نەشرى .

14 . «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2005 ـ يىل 9 ـ ئاي

نەشرى .

15. 斯蒂·汤普森:《世界民间故事分类学》,上海文艺出版社 1991 年 2 月版。

16 . موللا سەنجار ئىبراھىم قەشقىرى تۈزگەن : «جامىئۇل ھېكايەت» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1981 - يىل 12 - ئاي نەشرى .

17 . موللا ئابدۇراخمان ئاقسۇيى تۈزگەن : «جامئىي ھېكايە» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1998 - يىل 8 - ئاي نەشرى .

18 . غەيرەتجان ئوسمان قاتارلىقلار تۈزگەن : «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (1 - ، 2 - قىسىم ) ، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى ، 2002 - يىل 8 - ئاي نەشرى .

19 . «چاھار دەرۋىش» ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، 1981- يىل 12 - ئاي نەشرى .

20 . «تۇتىنامە» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1992 - يىل 5 - ئاي نەشرى .

21 . «باھار دانىش» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1999 - يىل 12 - ئاي نەشرى .

22. 《Уйгур хәлик егиз ижадийити》, Уйгуршунаслик маркизи, Казакстан 《Наука》 нашрияти, алмута, 1983

23 . «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى» ، گۇننار ياررىڭ توپلىغان ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1997 - يىل 7 - ئاي نەشرى .

24. Алиева. М 《Уйгурская сказка》, КазССР, Алма-Ата, 1975

25. Алиева. М 《Жанры уйгурского фольклора》, 《Наука》 Казахской ССР, Алма-Ата, 1989

26. 伊莎贝拉·霍尔瓦特:《匈牙利和突厥语诸民族民间故事<马白之子>的情节结构比较》,《民族文学研究》1993 年第 3 期。

27. Юдин. В. П 《Исторические корни уйгурской сказки о Чинтемюр Батуре и Махтум-суле》, 《Вопросы уйгурской филологии》, Алма- Ата, 1961

28. 刘守华:《比较故事学》,上海文艺出版社 1995 年 9 月版。

29. 热依罕:《<轻·铁木尔英雄>类型神奇故事的比较》,见《阿尔

泰语系民族叙事文学与萨满文化》,内蒙古大学出版社 1990 年 8 月版。

30 . ئەسئەت سۇلايمان : «ئالتاي مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىكى يالماۋۇز ئوبرازى» ، «مىراس» ژۇرنىلى 1994 ـ يىل 1 ـ سان .

31 . غەيرەتجان ئوسمان : «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى كەمەك ھەييار ئوبرازىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە» ، «مىراس» ژۇرنىلى 2000 ـ يىل 4 ـ سان .

32 . تۇرسۇن قۇربان : « ‹جامىئۇل ھېكايەت › توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە» ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1985 ـ يىل 3 ـ سان .

33 . قاھار ھامۇت : «ئۇيغۇر ۋە گرىم چۆچەكلىرىدىكى بەزى ئورتاقلىق ھەققىدە قىسقىچە سېلىشتۇرما» ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1987 ـ يىل 2 ـ سان .

34 . مۇھەممەت تۇرسۇن : « ‹ئالتۇن كەش › ۋە ‹كۆل قىز › چۆچەكلىرىنىڭ ئورتاقلىقى ھەققىدە» ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1990 ـ يىل 12 ـ سان .

35 . ئابدۇلھەمىت مۇھەممەت : «خەلق چۆچەكلىرىنىڭ سېھرىي كۈچى» ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1993 ـ يىل 2 ـ سان .

36 . مۇھەممەت تۇرسۇن تۇردى : « ‹بەشنامە › ۋە ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1994 ـ يىل 3 ـ سان .

37 . ئەخمەت ناسىر : «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى ‹خىزىر ئوبرازى › توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1999 ـ يىل 2 ـ سان .

38 . گۈلسۇمئاي داۋۇت : « ‹مىڭ بىر كېچە › ، بىلەن ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ئورتاقلىقى ۋە پەرقى توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2002 ـ يىل 4 ـ سان .

39 . خۇرشىدە جۇمەخۇن : «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى ‹يالماۋۇز › ئوبرازى» ، «بۇلاق» ژۇرنىلى 2002 ـ يىل 3 ـ سان .

40. 刘魁立:《欧洲民间文学研究中的第一个流派——神话学派》,《民间文艺集刊》第 3 集。

41 . لېۋىس ھېنرى مورگان : «قەدىمكى جەمئىيەت» (1 ـ ، 2 ـ كىتاب ) ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1992 ـ يىل 12 ـ ئاي نەشرى .

42. 爱德华·泰勒:《原始文化》,广西师范大学出版社 2005 年 1 月版。

43. 爱德华·泰勒:《人类学—人及其文化研究》,广西师范大学出版社 2004 年 5 月版。

44. 弗雷泽:《金枝》,中国民间文艺出版社 1987 年版。

45. 西格蒙德·弗洛伊德:《论文学与艺术》,国际文化出版公司 2001 年 5 月版。

46. 李扬:《中国民间故事形态研究》,汕头大学出版社 1996 年 6 月版。

47. 《ЕРТЕГИЛЕР》(ушинши том), Алматы 《жазушы》, 1988

48. 《ЕРТЕГИЛЕР》(тортинши том), Алматы 《жазушы》, 1988

49. Садулла. Ш 《Узбек халк артаклари》, Тошкент, 1948

50. Б. Рашидин 《халик дастанлиринин жанрлик асаслири》,《Уйгур адабияти ва фольклоридики жанрлар》, Алмута, 1980

51. Каскабасов. С. А 《Казактын халык прозасы》, Алматы 1984

52 . ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن : «يادىكارلىقلاردىن مەدەنىيەت مىزگە نەزەر» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2005 ـ يىل 8 ـ ئاي نەشرى .

53 . مەھمۇت قەشقىرى : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1984 ـ يىل 1 ـ ئاي نەشرى .

54. 热依罕:《维吾尔族的熊图腾崇拜觅踪》,见《阿尔泰语系民族叙事文学与萨满文化》,内蒙古大学出版社 1990 年 8 月版。

55 . ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن : «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1998 ـ يىل 8 ـ ئاي نەشرى .

56 . غەيرەتجان ئوسمان قاتارلىقلار تۈزگەن : «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى» (1 ـ قىسىم ) ، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى ، 2004 ـ يىل 7 ـ ئاي نەشرى .

57 . غەيرەتجان ئوسمان : «ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى» (3) ، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ، 1998 ـ يىل 3 ـ ئاي نەشرى .
58 . «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى — ئوغۇزنامە» ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1980 ـ يىل نەشرى .
59 . ئوسمان ئىسمايىل : «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1998 ـ يىل 1 ـ ئاي نەشرى .
60. Каскабасов. С. А 《Казактын халык прозасы》, Алматы, 1984
61 . «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (قىسقارتىلمىسى) ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى تۈزگەن ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1999 ـ يىل نەشرى .
62 . مۇھەممەد ئەھمەد زەئىدموللا (سۇرىيە) : «قۇرئاندىكى قىسسىلەر» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1989 ـ يىل 1 ـ ئاي نەشرى .
63. 刘魁立:《世界各国民间故事类型索引述评》,《民间文学论坛》1982 年创刊号。
64. Андреев. Н. А 《Указатель сказочных сюжетов по системе Аарне》, ленинград, 1929
65. 江帆:《民间口承叙事论》,黑龙江人民出版社 2003 年 5 月版。
66. 丁乃通:《中国民间故事类型索引》,中国民间文艺出版社 1986 年版。
67. 贾芝:《中国民间故事类型索引・序》,中国民间文艺出版社 1986 年版。
68 . «دۇنيادىكى مەشھۇر چۆچەكلەر» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1998 ـ يىل 11 ـ ئاي نەشرى .
69 . ئابدۇكېرىم راخمان : «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1989 ـ يىل 7 ـ ئاي نەشرى .
70 . ئابدۇكېرىم راخمان : «يىپەك يۇرتىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1985 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى .
71 . ئەخەت ھاشىم توپلاپ رەتلىگەن : «ئۇيغۇر خەلق مەسەللى-

رى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1980 ـ يىلى 11 ـ ئاي نەشرى .
72 . مۇھەممەت سىدىق تۆمۈرى قاتارلىقلار توپلاپ رەتلىگەن : «ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1982 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى .
73 . موللا مىرسالىھ كاشغەرى : «چىڭگىزنامە» ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، 1985 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى .
74 . ساۋۇت موللا ئاۋۇتوف : «ئارخىپ خەزىنىسىنى ئىزدىگەندە» ، ئاپتورنىڭ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى داۋانلىرى» ناملىق ماقالىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن . ئالمۇتا ، 2002 ـ يىل نەشرى .
75 . بىلال نازىم : «ۋەتەن ئىشقىدا» ، ئالمۇتا ، «مەكتەپ» نەشرىياتى ، 1987 ـ يىل نەشرى .
76 . ب • راشىدىن : «چىن تۆمۈر باتۇر ئېپوسى» ، «ئۇيغۇرشۇناسلىق بويىچە تەتقىقاتلار» مەجمۇئەسى ، ئالمۇتا ، 2000 ـ يىل 1 ـ سان .

[General Information]
书名=维吾尔魔法故事研究　维吾尔文
SS号=40296189